شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

# ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇقادىر جالالىدىن

# The Works of Abduqadir Jalaliddin



www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر جالالىددىن

# ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى

(ماقالىلەر)



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

通往人文价值之路：维吾尔文/阿不都卡德尔•加拉里丁著．—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012．4
(新疆名家名著丛书)
ISBN 978-7-5466-1293-5

Ⅰ．①通…Ⅱ．①阿…Ⅲ．①社会科学—文集—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ．①C53

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第049197号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇنمەمەت قاسىموف
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: رەنا ئەمەتجان

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شېڭتۇڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 14
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978 - 7 - 5466 - 1293 - 5
باھاسى: 49.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

通往人文价值之路：维吾尔文/阿不都卡德尔•加拉里丁著. —乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012. 4
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1293-5

I. ①通…II. ①阿…III. ①社会科学—文集—维吾尔语（中国少数民族语言）IV. ① C53

中国版本图书馆CIP数据核字（2012）第049197号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇنمەمەت قاسىموف
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت لايىھەلىگۈچى: رەنا ئەمەتجان

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى

*　　*　　*

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 14
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978 - 7 - 5466 - 1293 - 5
باھاسى: 49.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

بىر چاغلاردا يۈرىكىم شېئىر ئۈچۈن جۇش ئۇراتتى. قاملاشقان بىرەر مىسرانىڭ يېنىدا ھەپتىلەپ تۈنەپ چىقاتتىم. بۇ مىسرا مېنى مەنىۋىيەت ھەققىدىكى يېڭى بىر بايقاشقا، يېڭى بىر ئېراغا باشلايتتى. بۇنداق ۋاقىتتا، رامكىلاشقان ياكى پۈتۈنلەي قائىدىلەشكەن جەمئىيەتتىن ناھايىتى يىراققا ھالقىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم.

شېئىرنى ئېلان قىلىش ئاشكارا ئىش بولسىمۇ، لېكىن شېئىر يېزىش ياكى شېئىر ئوقۇش مەخپىي بىر ئىستىقامەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىستىقامەتنىڭ خۇلاسىسى «سەن تولىمۇ يېگانە، سېنى چۈشىنىدىغان، قەلب يارىلىرىڭنى داۋالايدىغان خۇدادىن باشقا بىرەر زات يوق» دېگەندىن ئىبارەت بولاتتى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، سەن بۇ ئويلىرىڭنى كىشىلەرگە ئورتاق بولغان كۆنۈكمە ئىبارىلەر بىلەن ئىزھارلاشقا قادىر بولالمايسەن، گويا مىراج كېچىسى پەيغەمبەرگە بېرىلگەن تىلغا ھاجەتمەن بولىسەن. بىراق، شائىر مەنە ئىزدەش سەپىرىدە ئەبەدىي مەغلۇپ بولغۇچى. شائىر بۇ مەغلۇبىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا رازى.

قايسى شائىر خىلۋەت تەسەۋۋۇر خانىسىدىن چىقىپ ئاشخانىغا بارمىغان؟! بۈگۈن ئاشخانىغا بارىدىغان ئاشۇ يولدا شائىرنى شەيئىلەرنىڭ پىكىر جۇلاسىدىن جۇدا قىلىدىغان شەيتانلار بار، بوسۇغىلاردا شائىرنى تىرىكچىلىك غوۋغاسىغا گىرىپتار قىلىدىغان قورساق مۇئەككەللىرى، پۇل ھۈنەرۋەنلىرى بار. دېمەك، بۈگۈن شائىرنى ئۇنىڭ ئۆزى ياقتۇرۇپ كېتەلمەيدىغان رېئاللىققا — ھەر خىل تىرىكچىلىك ھۈنىرىگە مۇرەسسە قىلدۇرىدىغان ئامىللار ئاشۇ قەدەر كۆپكى، نەۋايى ئۆز دەۋرىدىكى ھىراتتا بولماي، بۈگۈنكى ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رومچىدە ياكى قەشقەردە بولغان بولسا كىملەرگە ئايلىنىپ قالار بولغىيتتى، دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى.

تاماق قاچىسى يەمچۈك ئىلىنغان قارماق.

شېئىرىيەت قەسرىدىن ئاشخانىغا بارىدىغان يولدا شائىرلارنىڭ تەپەككۇرى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقتىسادىي گۆرۈگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بىر دەۋردە، مېنى بۇ يولدىكى ئاشۇ مەسىلىلەر ئويلان-دۇرۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئاستا - ئاستا ساماۋى پى-كىرلەرگە زامىن بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدىكى تەلقىنلەرگە مايىل بولۇپ قالدىم. ئاخىر، پىچقىم گال بولسىمۇ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوپېراتسىيەسىگە تۇتۇندۇم.

ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق نادامەت بىلەن شۇنى بايقايمىزكى، بىزدە ھەرقايسى ساھە بويىچە سىجىل تەتقىق قىلىپ، ئۆز ساھەسىنىڭ مۇپەسسەل ئەھلىگە ئايلىنىپ، ئىجتىمائىيىتىمىز ۋە ئادەمىيىتىمىز ھەققىدىكى بىلىشلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان خادىملىرىمىز يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ساھەدە تۈزۈك ئادەم يوق. بۇ ھال مەنىۋىيىتىمىزنىڭ زۇ-رۇر ساھەلىرىدە ئاز - تولا پىكىر يۈرگۈزۈپ قويۇشنىڭ تەخىر-سىزلىكىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇنداق تاقەتسىزلىك مەندە ئۆز كە-سىپ يۆنىلىشىمدىن ھالقىپ گەپ قىلىش تەۋەككۇلچىلىكىنى پەيدا قىلدى.

قانداق دېيىشىمنى بىلمەيمەن، لېكىن دېيىشىم كېرەك. قانداق ئاڭلاشنى بىلىدىغانلار ھامان چىقىدۇ، قانداق كەچۈرۈشنى بىلىدىغانلاردىنمۇ نائۈمىد ئەمەسمەن.

مەن دېدىم، ژۇرناللار قوبۇل قىلدى. دېگەنلىرىمنىڭ خېرىدار-لىقىنى قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرمۇ يىللارسېرى كۆپىيىپ باردى. قارىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل مەۋجۇ-دىيىتىگە ئەقلىي نۇقتىدىن سوغۇققان نەزەر سېلىشنىڭ زۆرۈر-يىتىنى ھېس قىلغان كىشىلەر توپى ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ

بولغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا، ئىجتىمائىي تەنقىدچىلىك كارۋىنى يولغا چىقىپ بوپتۇ.

كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام، سوتسىيال، كۇلتۇرەل تەنقىدچىلىك بوسۇغىسىدا قەلەم تۇتۇپ يۈرگىنىمگە ئون بەش يىلدىن ئېشىپتۇ. جەمئىيەت مەسىلىلىرى، مائارىپ، كۇلتۇر (ھەزارەت)، ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەر بويىچە بەزىبىر نەرسىلەرنى يېزىپ، نەشر ئەپكارلىرىمىزنىڭ شۇ سەھىپىدىكى تۈگمىنىگە سۇ قۇيۇپ كەپتىمەن. تارازا باسىدىغان يازمىلىرىمنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى كۆرۈپ، مەيۈسلىنىپ كەتتىم. پاكىت شۇنى ئۇقتۇردىكى، پىلانلىرىم پىلان پېتى قاپتۇ، ئۆزۈمنى تۇزۇك قازماپتىمەن، داۋانلاردىن ئاشقۇدەك سالماق ئەسەرلەرنى يازماپتىمەن، پەقەت دەۋر كىشىلىرىمىزنىڭ تېز تاماق تۇسىدىكى ھاجەتلىرىنى بويلاپ، ئاقارتىش تۇسىدىكى ئاۋامچىل ئەسەرلەرنىڭ ساھىبى بولۇپ قاپتىمەن. مېنى كۆلىمى ھەم ۋەزنى بار ئەقلىي ئەمگەكلەرنى قىلىشقا دالالەت قىلغان ناھايىتى ئاز ساندىكى مەسئۇلىيەتچان دوستلىرىمنىڭ قىممەتلىك تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلىماپتىمەن.

قىسقىسى، ھاياتتىن تەپەككۇر ئوۋلاش دەرد ـ ئىسسىت بىلەن تولغان بولىدىكەن. پىكىر قىلىسەنۇ، جاھان شۇ پېتى. نۆۋەتتىكى دەرگاھلاردا ھېسابقا ئۆتىدىغان ئەمەللەرنى دەۋرىمىز ۋە ئىقتىدار ۋەزنىمىزگە لايىق ھالدا قىلىش مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ئىكەن. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مۇناسىپ يىراقنى كۆرەرلىك، سەۋر ۋە چىدام تەلەپ قىلىدىكەن.

ئىمام غەززالىي ھەزرەتلىرىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، خەلىل ئىبنى ئەھمەد مۇنداق دېگەنىكەن:

«ئىنسانلار مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ: بىرى، بىلۇر ھەم بىلگىنىنى بىلۇر؛ ئۇنىڭغا يېپىشىڭلار. يەنە بىرى، بىلۇر، لېكىن بىلگىنىنى بىلمەس؛ ئۇ ئۇيقۇدىكى ئادەم بولۇپ، ئۇنى ئويغىتىڭلار. ئۈچىنچى بىرى، بىلمەس، لېكىن بىلمىگەنلىكىنى بىلۇر؛ ئۇنى

توغرا يولغا باشلاڭلار. تۆتىنچى بىرى، بىلمەس ھەم بىلمەسلىكىنى بىلمەس؛ ئۇ جاھىل ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار.»

ھازىر تۆتىنچى تۈركۈمدىكى ئىنسانلار تارازا تۇتۇپ، چوكىدىكى چېكىتلەرنى ئۆزى خالىغانچە بېكىتىدىغان بولدى ۋە شۇ خىلدىكى ئادەملەر ئاۋۇپ كەتتى. دىل، تىل ۋە قىلمىقلارنىڭ ئايرىلىقىدا ھالاك پەيدا بولدى. سەممىي بىر ئىلىم ئەھلى بولۇش ۋە بۇ خىل ئىلىم ئەھلىنى سۆيۈشمۇ بەسى مۇشكۇل.

مەن ئازابلىق پىكىر ئىسكەنجىسىدە، ئارىسالدى بارماقلىرىم بىلەن يازغان ۋە ئېلان قىلغان نەرسىلىرىمنى رەتلىدىم ھەم ئۇنى جامائەتنىڭ مۇلاھىزىسىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدىم. بىر پارچە كىتاب ئەۋلادلارنىڭ ئىجادىي ۋە سەلبىي ئىبرەتلىرىگە قالدۇرغان يوچۇقتۇركى، تاكامۇللۇقتىن ئۈمىد كۈتۈش ھەددىم ئەمەس. ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كۆزىتىشىگە قولايلىق بولسۇن دەپ، يازمىلارنى «ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى» ۋە «يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز» دېگەن ئىككى تومغا بۆلۈپ «ئەبجەش خاتىرىلەر»، «مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر»، «سۆھبەتلەر»، «نۇتۇقلاردىن تەرمىلەر» قاتارلىق سەھىپىلەرگە تەركىبلىدىم. بەلكىم، ھازىرغىچە ئىككى يۈز مەيداندىن ئارتۇق لېكسىيە ۋە نۇتۇق سۆزلىگەندىمەن. ئۇلار يېزىقلاندۇرۇلماي قالدى.

بۇ ئۆمۈرنىڭ پايانىنى ياراتقۇچى بىلىدۇ، ھاياتىمنىڭ ئۆتمۈشى قىسىملىرىدا روياپقا چىقمىغان ئارمانلار مېنى سوراق قىلماقتا، ھاياتىمنىڭ نامەلۇم قالدۇقلىرى مېنى ئىزدىمەكتە، مەنمۇ ئۇنى ئىزدىشىم كېرەك.

تاڭ سەھەردە بىراۋ ئىشىكنى قاققاندەك بولدى ۋە «ئىنسان، ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ۋاقتىڭنى چىڭ تۇت!» دېگىنىچە يوقاپ كەتتى. ئۇ كىم، ئەزرائىلمۇ، شامالمۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن

2011- يىلى 26 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## نەشرىياتتىن

ئابدۇقادىر جالالىددىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ۋە بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتى يۆنىلىشىدە ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن 1964 - يىلى مارتتا قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىدا ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دادىسىدىن ناهايىتى كىچىك قالغاچقا، ئانىسىنىڭ پەۋرىشىدە چوڭ بولغان. 1986 - يىلى ئىيۇندا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»دا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990 - يىلى ئىيۇندىن باشلاپ بۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن. 2009 - يىلى كۈزدە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، هازىرغىچە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئىشلىمەكتە.

ئابدۇقادىر جالالىددىن ئىزچىل تۈردە دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي كەلگەن بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كۆپرەك تايانغان. ئۇ 2002 - يىلى ئىيۇلدا ياپونىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئايالىنى يوقلاش پۇرسىتىدە خوكورىكو ئىلغار پەن - تېخنىكا ئالىي ئىنستىتۇتىنىڭ بىلىمشۇناسلىق بۆلۈمىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بىر يىللىق ئىلمىي زىيارەتتە بولغان. 2006- يىلى ئۆكتەبىردىن

2007 - يىلى سېنتەبىرگىچە ئەنگلىيەنىڭ كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مۇنبىرىدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئىلىم زىيارىتىدە بولغان. ئۇ بۇ ئىككى قېتىملىق ئىلىم زىيارىتىدە ئىگە بولغان تەسىراتلىرىنى مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ مەخسۇس ئەسەرلەرنى يازغان.

ئابدۇقادىر جالالىدىن شېئىر، ماقالە، تەرجىمە ۋە دەرسلىك قاتارلىق تۈرلەردىن تەشكىل تاپقان يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە تەرجىمانى. بۇ كىتابلار تېما جەھەتتىن سىياسىي، پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، مائارىپ، فولكلور قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

### شېئىرلار

«شاراب تومۇرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشرى.

«كۆيگەن دېڭىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى.

«قىشتىكى خامان»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2012 - يىلى نەشرى.

### ماقالىلەر توپلىمى

«ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 - يىلى نەشرى.

«ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشرى.

«ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2012 - يىلى نەشرى.

«يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2012 - يىلى نەشرى.

سايahهتنامىلەر

«ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

تەرجىمىلەر

«ئەپلاتون پاراڭلىرى ــ سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» (ئەر- كىن ئىبراھىم بىلەن بىللە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يى- لى نەشرى.

«زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ» (ئاپتورى: فرېدرىخ نىچشې)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشرى.

«ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (ئاپتورى: ماكىياۋىللى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

«غەربنىڭ تەپەككۇرى» (ئاپتورى: م. ئادلېر)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«قىزىل خەت» (ئاپتورى: ن. خاۋسورن)، شىنجاڭ خەلق نەش- رىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى.

«پەزىلەت گۈلىستانى» (ئاپتورى: شياۋلىڭ دىڭداڭ)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

«ھايۋانلار قورۇقى» (ئاپتورى: گ. ئورۋېل)، مىللەتلەر نەشرى- ياتى 2012 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

«غايىۋى دۆلەت» (ئاپتورى: ئەپلاتون)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

«ئۆلۈم رەزىل ئەمەس» (تەرجىمە شېئىرلار)، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2012 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزگەن كىتابلار

«تىل ـ ئەدەبىيات» (ئۇيغۇر مەكتەپلىرى تولۇقسىز 1 ـ يىللىق 2 ـ قىسىم، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«يېزىقچىلىق» (ياندىشىما مەشىق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«تىل ـ ئەدەبىيات ــ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى»، (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىقلار ئۈچۈن، يالقۇن روزى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2008 ـ يىلى نەشرى.

«ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىدىن ئاساسلار» (ئالىي مەكتەپ ئوقۇشلۇقى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى.

«قەشقەردىكى يەر شارى» (كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىن، باشلامچى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ (ئاپتور بۇ توپلامنىڭ خەنزۇچە نەشرى بولمىش «飞石»نىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنىمۇ ئۆتىگەن).

ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ بىر قىسىم ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن، بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تۆرلۈك ئامموۋى تاراتقۇلارنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە كۆپلىگەن سۆھبەت ۋە بايانغا ئىشتىراك قىلغان. ئۇ بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى سۈپىتىدە دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنجۇمەنلىرىدە، ئىلمىي ئەنجۇمەن-

لەردە، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، ئاتا ـ ئانىلار يىغىنلىرىدا، مائارىپ مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى، كادىرلار كۇرسلىرىدا ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق نۇتۇق سۆزلىگەن.

ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىدىكى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئابدۇقادىر جالالىددىن شېئىرىيەتنىڭ ئىجادىيەت، تەرجىمە، تەتقىقات ۋە تەنقىدچىلىك قاتلاملىرىدا سەمەرىلىك ئەمگەك مېۋە-لىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزگىچە تەسىر پەيدا قىلغان «گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. دەۋ-رىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تەقەززاسى ئۇنى پۇبلىستىك ماقالە-لەر ئۇچۇن كۆپرەك قەلەم تەۋرىتىشكە ئۈندىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ-نىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى نىشانغا ئالغان قىسقا ماقالىلىرى پەلسەپىۋى تېرەنلىككە ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە ئىلھامبەخش خا-ھىشلار بىلەن تويۇنغانلىقى بىلەن مەنىۋى زوقتىكى ئالاھىدە بىر قىزغىنلىقنى ياراتتى. ئوقۇرمەنلەر شائىر ئابدۇقادىر جالالىددىننى بىر ئىجتىمائىي تەنقىدچى سۈپىتىدىكى پۇبلىست سۈپىتىدە قىياس قىلىشىدىغان بولۇشتى.

ئابدۇقادىر جالالىددىن بۈگۈنكى گۇمانىتار پەنلىرىمىزنىڭ ئاكتىپ پەرۋىشكارى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مائارىپ، پەلسەپە، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ساھەلىرى بويىچە كىرىشمە ئىزدە-نىشلەردە بولدى ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم نەتىجىلىرى جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ تەپەككۇرنىڭ مەلۇم بىر قىرى بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى ئۆزگىرىشچان ھادىسىلەر دۇنياسىنى ھەرىكەتچان نەزەر بىلەن كۆزىتىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئى-لىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى مۇرەككەپ رېئاللىقنىڭ بىر تەرىپى-نى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، دۇنيانى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ چۈشىنىش ئۇچۇن ھالقىما پەنلەر نۇقتىسىدىكى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب ئۇ بىكتى
www.uyghurkitap.com

زىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلغان تۈرلۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلىرىمىزدە كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ پىشقان ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈمىدىنى تۇغدۇردى.

نەشرىياتىمىز ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يۈرۈشلۈك نەشر قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە يېڭى نەتىجىلەرنى تىلەيدۇ.

# مۇندەرىجە

**ئەبجەش خاتىرىلەر**................................1
«يېڭى ئىدىيە» جۆيلۈمىسى.........................3
يېڭى ئىدىيە....................................6
دۆيۈزلۈك ئەخلاقنىڭ كېلىپ چىقىشى..............8
مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى..........................15
سېرىق چۈمۈلە بىلەن قارا چۈمۈلە...............30
ئەدەبىياتىمىزنىڭ روچىۋىنلىرى...................35

**مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر**..........................41
تۇقۇنۇشمۇ ياكى تۇقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟...................43
مۇھەممەدجان راشىددىن شېئىرلىرىدىكى ئامبابلىق ۋە قاپىيە...79
بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقى.........92
ئاھانە بەلگىسىنىڭ كەينىدىكى خاۋسورن...................110
ماياكوۋسكىي ۋە ئۇنىڭ «ئىشتانلىق بۇلۇت» داستانى.........126
مۇھەممەد رېھىم توغرىسىدا..............................133
بىر ئاددىي ئىنسانىنىڭ قايغۇسى.........................138
مائارىپنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم...............145
ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە بىلىم....................163
يېپىق بىلىملىرىمىزنى قازايلى...........................189
مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئېنسىكلوپېدىيە....................208
تىلەمچى ئايال، مودا قىز ۋە ئىستېمال.....................225
بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك............................230
قاراماي ۋە قاراماپلىقلار...............................235
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە مەنۋىيىتىمىز............247

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«مىراس» ژۇرنىلى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى.......... 259
ئەركەك سۇنى كۆپرەك ئىچەيلى.......... 265
خۇراپاتقا بىر سوئال.......... 272
كۆلۈپ يۇرۇپ، كۆلكىگە قېلىش ئېخىمۇ كۆلكىلىك.......... 281
قەشقەردىكى قىزىق پاراڭلار.......... 286
ئۈششۈك تەگكەن باغ.......... 293
ئۇ نېمە ئىزدەيدۇ ؟.......... 299
تۇرسۇنبەگنىڭ كۆلكىسى.......... 302
ئەدەبىيات ۋە ماكان خاتىرىسى.......... 306
شائىر قەلبىدە نېفىت ۋە تۇپراق.......... 309
تەبىئەت، جەمئىيەت، شېئىرىيەت.......... 312
رەسىملەردىن ئېرىشكىنىم ئاز ئەمەس.......... 321

**سۆھبەتلەر**.......... 331
كىتاب ئوقۇش ۋىجدانە مەسئۇلىيەت.......... 333
هاياتلىق — ئەدىبنىڭ ۋەتىنىدۇر.......... 339
مەن، سەن، ئۇ.......... 346
ئىنسانىي سۆيەت مەنزىلى.......... 356
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت.......... 369

**تەرجىمە ئەسەرلەر**.......... 381
هېكايە يېزىش هەققىدە.......... 383
ئېلىتىسنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا
سۆزلىگەن نۇتقى.......... 393
لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى.......... 405
هەققانىيەت ئۆلمەيدۇ.......... 413

# ئەبجەش خاتـرىلەر

www.uyghurkitap.com

# «يېڭى ئىدىيە» جۆيلۈمىسى

— ئافغانىستان يازغۇچىسى ئۇلفەت ئىزىدىن

داۋراڭچى بىر مىنۇتلۇق داۋراڭ ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەننى نەق ئالدى ـ دە، داۋراڭ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ناخشا چولپىنى ئوبراز بەدىلى ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەننى نەق ئالدى. ۋاقتى بىر مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىن ئاز.

دەۋاگەر ئىلتىجا قىلىپ كەلدى، بوسۇغىلاردا جىنايەت شان ـ شەرەپكە، پۇرسەتكە، زىياپەتكە ئايلاندى. ھاجەتلەردىن بىنالار ئۈندى، داچىلار ئۈندى، ماشىنىلار ئۈندى...

يېڭى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئىستۇدېنت قىز ئانىسىنىڭ باشلىشىدا، خىزمەت ئىزدەپ ئىشخانىغا كىردى، تارتمىلار بايلىققا تولدى، ئىپپەت سودىسى باشلاندى. ئىشخانىلاردىكى توختام ئىشرەتخانىلاردا ئەمەلىيلەشتى.

ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇدى، ئالدىغا 50 يۈەن قويۇلدى، ئاخۇنۇم چالۋاقىدى:

— نىكاھ ئوقۇپ ھارامنى ھالال قىلدىم. ھالاللىقنىڭ بەدىلى مۇشۇمۇ؟

پاھىشە زىنا خۇددى پۇلنى نەق ئالدى، ئاندىن نازلىنىشقا باشلىدى.

دوختۇر ئىنجىقلاپ تۇرغان بىمارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئاۋۋال سۇغۇرۇۋالدى، ئاندىن دىياگنوزىنى باشلىدى.

زوردۇن سابىر ئون بەش يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ «ئانا يۇرت» تىرىلوگىيەسىنى يېزىپ چىقىپ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئارماندا ئۆلۈپ كەتتى. يازغۇچى بىلەن خوشى يوق مۇلازىملارمۇ كىتابخانىلاردا ئۇنىڭ كىتابىنى سېتىپ، تۇرمۇش راسخوتى تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەدىبلەر نەشرىيات بوسۇغىسىدا دۇگدىيىپ يۈرۈشكەن يېزىق مەدىكارلىرى. ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ باھاسىنى يېزىق سودىگەرلىرىدىن ئەيمىنىپ سورىشىدۇ.

ھەسەل ھەرىسى پۇل ئۈچۈن ھەسەل يىغمايدۇ، ئۇنىڭ ھەسەل يىغىشى بىر خىل مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە ئىگە. لېكىن ھەسەلچىلەر ھەسەلنى پۇلغا ساتىدۇ. ھېچقانداق ئىدىيەگە قىزىقمايدىغان نەشرىيات سودىگەرلىرى ئەدىبنىڭ ئىنسانىيەت روھىغا ئەمەس، بەلكى ئەدىبنىڭ بازىرىغا قىزىقىدۇ.

— يېزىقچىلىق بىر پۇلسىرات كۆۋرۈكى، ئۇ قەيەرگە ئېلىپ بارىدۇ؟

— يىقىلىپ چۈشسەڭ جەھەننەمگە، يىقىلمىساڭ قىيامەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

— قىيامەت دېگىنىڭ نېمىسى؟

— زەردابى قەلەم، گادايى ئەلەم دېگەن گەپ.

قاسساپ پۇل ئالماي تۇرۇپ گۆش بەرمەيدۇ، ئاشپەز پۇل ئالماي تۇرۇپ ئاش بەرمەيدۇ. شەھەرنىڭ قىستاڭ رەستىلىرىدە پۇل تۆلىمەي تۇرۇپ ھاجەتخانىغا كىرگىلى بولمايدۇ. ۋاھالەنكى، يازغۇچى جېنىنى خەجلەپ، نېسىگە يازىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تىن ئۇدغۇرمىشنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئىدىيەنى نېمىشقا پۇلغا ئېلىشمايدۇ؟

— چۈنكى، ئىدىيەنى يېگىلى بولمايدۇ.

— چۈشەنمىدىم.

— زاماندىشلىرىڭ قورساق كويىدا، ئۇلار ئىلمدارلىرىنى ئىدىيە ئەمەس، نان تەلەپ قىلىدۇ.

— قورسىقى توقلارچۇ؟

— ئۇلار ئىشرەت كويىدا. ئۇلار يېڭى ئىدىيەگە ئەمەس، تازىلىق قەغىزىگە موھتاج.

— مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— سەن سۆكۈت قىل. دۇنيانىڭ يۈنىلىشىنى ئاياللار بەلگىلەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپتىسى ۋە يوپكىسىدا ئەقىدىگە قىزىقمايدىغان ئادەملەرنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزىدىغان ئىدېئولوگىيە بار.

— ئۇنداقتا...

— جىم تۇر، تەپەككۇر قۇلاقلىرى پاك بولدى. جىسمانىي سەزگۈلەر دىڭ بولدى.

ئاھ، سىنا چۆلى، ئارىلىقنىڭ قانچىلىك يىراق؟!

2009 ـ يىلى، مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە:

# يېڭى ئىدىيە

ئۆلپەت (ئافغانىستان)

مەشرىقنىمۇ باردىم، مەغرىبنىمۇ باردىم، ھەممە يەرگە باردىم،
ھەممە ئادەمنى ئىزدىدىم.
ھەممە شەھەرنى كەزدىم، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئاد-
رېسى يوق ئىكەن.
مەن ئىزدىمىگەن نەرسىلەر بۇ يەردە يوق ئىدى، ئەمما يۇقىرى
مەنسەپكە يامىشىدىغان پەشتاقلارنى تاپقىلى بولىدۇ.
يېڭى ماشىنىغا ئېرىشمەكچى بولغانلار ئېرىشتى، بېيىماقچى
بولغانلارنىڭ پۇلى بانكىنى تولدۇردى.
پەقەت مېنىڭ ئارزۇيۇملا ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى مەن موھ-
تاج بولغان نەرسىلەر ناھايىتى قىس ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا
ئېرىشىشنى بەكمۇ خالايمەن.
شۇنداق، مەن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى دۇنياغا موھتاج. بۇ يەردە
يېڭى رادىيو، يېڭى كىنو، يېڭى سانائەت، يېڭى زىبۇ - زىننەتلەر
بار. لېكىن يېڭى ئىدىيە يوق.
بۇ يەردە شائىرلار تالاي شېئىر يېزىشتى، لېكىن يېڭى ئىدىيە يوق.
باھارنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرى يەنىلا بىز تالاي قېتىم كۆرگەن
ۋە پۇرىغان گۈللەر.
ئەسىرلەر ئۆتتى، «گۈل ۋە بۇلبۇل كۈيى» نى تەكرارلاپ كەل-
دۇق، يېڭىلىق يوق.
بىز كونا نەرسىلەردىن يېڭى تېما ئىزدىدۇق، خۇددى مومايلارغا
يېڭى چۈمبەل تارتقاندەك.

بۇ يەردە ئانىلار يېڭى ئىنسانلارنى تۇغدى، لېكىن ئۇلارنىڭ مې-ڭىسىدە يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى.

بۇ يەردە ئاياللارمۇ تالاغا چىقىدىغان بولدى، لېكىن يېڭى ئىدى-يە مېڭىدىن چىقالمىدى.

بۇ يەردە ئۆرپ ـ ئادەتلەر تۈپەيلىدىن قىزلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قېرى قىزغا ئايلانغاندىن كېيىن ياتلىق بولدى.

بۇ يەردە ئانىلارنىڭ سەگۈنچەكلىرىدە تەۋرىنىۋاتقىنى كونا ئۇ-قۇملار، ئېيتىلىۋاتقىنى كونا ئاھالار.

بۇ يەردە ئامانەتكە تايىنىپ ياشايدىغانلار مىليونېر بولۇپ كەت-تى، ساۋاتسىزلار باشلىق بولدى.

بۇ يەردە ئاياللارنىڭ سۆلىتى ئەرلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن بول-سىمۇ، موللىلار هاراقكەشلەر سورۇنىغا قاتنىشىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى ئىدىيە يوق.

باللار تۇغۇلۇپلا قېرىپ كېتىدۇ. ئۇلار كونا دەۋرنىڭ بۆشۈكىدە ئۇخلايدۇ. ئاڭلايدىغىنى بۇرۇنقى ئاهاڭ، ئۇلارغا قارايدىغىنى موماي-لار. ئەگەر ياشلىرىمىز ساقلىنى ئالماي قويسىلا، ئۇلارنى بوۋاي دېيىشكە بولىدۇ.

يېڭى دوپپا كىيىپ، يېڭى ئىدىيەلەرنى رەت قىلدۇق. يېڭى شە-ھەرلەردە كونا ھېكايىلەر.

قېرىلارنىڭ سورۇنىدا بۇرۇنقى ناخشىلارنى ئوقۇدۇق، بىز قې-رىلارنى دىسكو ئويناتماقچى بولدۇق.

مۇرادىم هاسىل بولمىدى. يېڭى ئىدىيەلەرنى باشقا يەردىن ئىز-دىسەم بولغۇدەك.

يېڭى ئىدىيە كوناپەرەسلەرنىڭ قېشىدا يوق.

80 ياشلىق بوۋاي يېڭىدىن ئۆيلەنسىمۇ، بەرىبىر بوۋاي، يېڭى كىيىم كىيسىمۇ بەرىبىر بوۋاي. ئۇ يېڭى ئۆيگە كۆچسىمۇ بەرىبىر كونا چابدۇقلىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ.

ئۆيلەر يېڭى، ئىدىيەلەر كونا. ئۇلار يېڭى ئۆيدە تۇرسىمۇ يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى پىكىر پەيدا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دۆيۈزلۈك ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىنسانلارنىڭ پەرۋازى زېمىن، ھاۋا ۋە سۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇردى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاسماننىڭ يىراق بۇرجىكىدىكى يۇلتۇزلار... سۇنئىي ھەمراھلار يۇلتۇزلارنىڭ سىرلىرىنى چارلاپ، يەر يۈزىنىڭ ئەلپازىنى نىشانلىدى.

ئەسۋابلار شۇ قەدەر نازۇك، يۈرەكنىڭ ئەنسىز سوقۇشلىرى، ئىچ - باغرىمىدىكى ئاينىشلار، قان تىپلىرىمىز، گېن تۈزۈلۈشىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشكارا. ھەربىر بوسۇغا، ھەربىر دوقمۇش ئارخىپىمىزغا يېڭى بىر مەزمۇننى قوشىدۇ. بارغانسېرى كارتىلارغا ئايلاندىم، كارتىلار مېنى توشۇماقتا.

تېلېفون... تېلېفونلاردا پارغا ئايلاندىم، كىملەردۇر مېنى سۆزمەكتە، لېكىن مەشۇقۇمنىڭ كارى يوق.

يالغۇزلۇق، ھېچكىمگە چۈشەندۈرەلمىگەن گەپلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن سوغۇق يالغۇزلۇق بازارغا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزۈمگە قېپقالدى.

مەنپەئەت مۇرەسسەلىرى ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇردى. يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن بىر توپ ئادەم بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشتى، ئاندىن پاي چېكى، مۇھىت كىرىزىسى، تېررورىزم ھەققىدە گەپ قىلىشتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، ئوقۇش يېشىدىكى گېزىتچى بالىلار تېررورىزمنى باش ماقالە قىلغان گېزىتنى توۋلاپ سېتىشىۋاتاتتى. دەل شۇ كۈنى بىر مايلامچى بالا قۇياشنى دوقمۇشتا كۈتۈۋېلىپ، يەنە شۇ دوقمۇشتا ئۇزىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆرۈپ يېتەلىگىنى ئاياغلاردىن ئىبارەت. ئۇ، چەملەرنىڭ ئاستىدىكى يوللارنى كۆرۈشكە

ئامالسىز ئىدى.

كىتاب كۆتۈرۈپ رەستىدە كېتىۋاتقانىدىم، رەستە بويىدىكى بىر تىلەمچى يېنىدىكى بىر تىلەمچىگە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇلار كىر چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلدى. مەن ئۇلارغا ھومايدىم.

— كەچۈرۈڭ ئەپەندىم، باج ئالمىغاندىكىن كۈلۈۋەردۇق.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئۇلارغا قاراپلا قالدىم.

— بىز ئەرزىمەس ئادەملەر، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، — ئەر-زىمەس ئادەملەرنىڭ ئالىيجانابلار ئۈستىدىن كۈلۈش ھوقۇقى بولار!؟

— ئەمىسە نېمىگە كۈلدۈڭلار؟

— كىتابمۇ كۆپىيىپ كەتتى، بىزمۇ كۆپىيىپ كەتتۇق. سىز بۇنى كىتاب ئارقىلىق داۋالىيالامسىز؟

مەن يەنىلا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم.

— كىتاب ئالغان پۇلغا بىزدەك تىلەمچىدىن نەچچىنى قۇتۇل-دۇرغىلى بولار؟ — دېدى يەنە بىرى.

ئۇلار تىلەمچى بولغاچقا مۇتەپەككۇر بولغانمۇ ياكى مۇتەپەككۇر بولغاچقا تىلەمچى بولغانمۇ، بۇنى ئايرىيالمىدىم. دەماللىققا گاڭ-گىراپلا قالدىم. قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى ئۇلارغا يېقىنلاشتۇردى.

— يۇرتىمىزدىن ئېقىپ چىقتۇق. تىلەمچىلىك قىلىپ تەقدىر-نىڭ چاقچىقىغا چاقچاق قايتۇرۇۋاتىمىز، — دېدى بىر تىلەمچى.

— ھار ئېلىۋاتقانسىلەر ھەقچان؟ — سورىدىم مەن.

— ھار ئېلىپ قانداق قىلاتتۇق. ھازىر كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى!

— ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ دېگەن گەپ بار، — دېدىم مەن.

— نومۇس!؟ — دېدى بىراقلا ئىككى تىلەمچى، — بىز نومۇس دېگەن گەپنىڭ نېمىلىكىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتۇق. بىزنىڭ نومۇسىمىز يۇرتىمىزدىن ئايرىلغاندىلا ئۆلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەندىكىپ كەتتىم. نومۇسنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەتابنامىنى تار رەستىدىكى مۇنۇ تىلەمچىلەردىن ئاڭلاپ قېلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن.

بۇ مەن ئاڭلىغان ئاچچىق، ئەمما دىلكەش بىر پاراڭ بولدى. ھەشەمەتلىك داستىخانلار سىپايە گەپلەر، ئەدەپ، تەكەللۇپ، تەۋازۇ بىلەن توشۇپ كېتىپ، نەق گەپلەرنى تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى. شېرىن تائام، شېرىن كالاملاردا نە كۆڭۈلنىڭ رىزاسى، نە قىسمەتنىڭ داۋاسى، نە ئازادىلىك ھاۋاسى!!!

كىرىزىسلىك خىياللارغا پېتىپ يۈرگىنىمگە ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى. سائەت ـ سائەت ئولتۇرۇشلاردا قەلب دېگەن نېمە يوق، پەقەتلا تەخسىدە ئىسكىلىتى كۆرۈنۈپ قالغان بېلىق. تەبەسسۇملاردا مېھىر يوق، پەقەتلا ئۇ بىر ئادەت. سەمىمىي قەلب ئىزدىگەنلەر كور، ئۇلار سېنىڭ سەمىمىي قەلبىڭنى دەسسەپ ئۆتۈپ ھارامدىن لوقما ئىزدىشىدۇ. كۆز يېشىغا باي ئاياللار ھەرگىزمۇ ئالدىدىكى دەرەخنىڭ سايىسىنى كۆزلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىقارار كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلارغا تەلمۈرۈپ جۇلاسىدىن كېتىدۇ. سۆلەتلىك يىگىتلەرنىڭ لەۋزىدە سالماق يوق، باتۇرلارنىڭ ئەرۋاھى يىراقلارغا كۆچمەكتە.

ئېرىشىش قىيىن، ئېرىشىلگەننىڭ قىممىتى يوق. زامان مۇئەككەللىرى چېكىتى يوق تارازىلارنى كۆتۈرۈپ بازار ئارىلاپ يۈرۈشىدۇ. جانانلارنىڭ بۇگۈنكى كۆلكىسى سېنىڭ ئەتىكى ئوغاڭ، مۇھەببەت خەتەرلىك ئويۇن... شائىرلىقىمغا سوئال قويۇۋىدىم، ئۇ، سۆزلەرنى سەپكە تىزدى:

شۇنچە ئاختۇرسام تۇزۇك قاپاق يوق،
باراڭ باراڭغا ئوخشىماي قالدى.
ھېچكىم لەۋزىدە ئەھدە ۋاپا يوق،
پاراڭ پاراڭغا ئوخشىماي قالدى.

تاما ئوت ياقتى كۆڭۈل كۆزىگە.
سالام سالامغا ئوخشىماي قالدى.
ئۆزگىرىپ تۇردى يارنىڭ قارارى،
جانان جانانغا ئوخشىماي قالدى.
مېھرابتىن چايان چىققىنى قىزىق،
پالان پالانغا ئوخشىماي قالدى.
دەلدۈش تۇرۇپمۇ بېرەر پەتىۋا،
سارائڭ سارائڭغا ئوخشىماي قالدى.
ئېشىكنى يەپمۇ بېشىكنى يەيدۇ،
بالائڭ بالائڭغا ئوخشىماي قالدى.

ئۆيگە يېتىپ باردىم، كېچە، ھەممە ياق جىمجىت، ئۆزۈمنى تىڭشاپ ئولتۇرىمەن. ئېسىمگە بىر جۈملە سۆز كېلىۋىدى، شۇ پېتى خاتىرىلەپ قويدۇم:

نومۇسنى بىلمەسلىك قورقۇنچلۇق، لېكىن نومۇسنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، نومۇس قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق تېخىمۇ قورقۇنچلۇق.

بۇ، تىلەمچىلەرنىڭ سۆزىدىن كېيىن مېنىڭ ئويلىنىپ تاپقان يەكۈن بولدى. ئويلاپ باقسام، كوچىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىش بىلەن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشنىڭ يىلتىزى بىر ئىكەن. قارىغاندا، نومۇسنى قايرىپ قويۇش ئەخلاقى راۋۇرۇس مودا بولۇپ قاپتۇ.

قىزىم بۇلبۇلنازنىڭ بىر سوئالى ئېسىمدىن كەچتى. ئۇ تۇرغان توختەموفنىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق تارىخىي رومانىنى ئوقۇۋېتىپ شۇنداق سورىغانىدى:

— نوزۇگۇمنى چىڭ لەشكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ ھېيتگاھ ئالدىدىن ئېلىپ ماڭسا، كىشەنلەنگەن نوزۇگۇمنى كۆرگەن ئونمىڭلىغان ئامما قاراپ تۇرىدىكەن، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش پەقەت ئۇنىڭ ئاشىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باقىنىڭلا ئىشى بولۇپ قاپتىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئەسەرلەر سېپى ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، ئىلىغا بارغۇچە داۋاملىشىدىكەن. پەقەت ئۇلارغا ئىچى ئاغرىغان نەچچە ئون دەرۋىشلەرلا ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. بىچارە نوزۇگۇمغا ياردەم قىلىدىغان تۈزۈك ئادەم چىقمايدىكەن. دادا، زادى تارىخنىڭ ئۆزى شۇنداقمۇ ياكى يازغۇچى شۇنداق يازغانمۇ؟

سوئال ساددا، لېكىن تەبىئىي ئىدى. بۇ تەبىئىيلىكتە تەپەككۇرنى ھالسىرىتىدىغان دەرىجىدە چوڭقۇرلۇق باردەك قىلاتتى. بۇ سوئالنى بىر باكىرە قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساپ ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ دۇردانىسى دېيىشكە بولاتتى. ئىنسانىيلىق بىلىمدىن ئەلا، دېگەن گەپ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

قىزىمنىڭ سوئالى نوزۇگۇمنىڭ بىر قوشىقىنى ئېسىمگە سالدى:

ئېگىز تاغدىن سۇ چۈشتى،
سۇزۇپ ئىچەر يەر بارمۇ؟
نوزۇك باشقا مۇڭ چۈشتى،
ئېلىپ كېتەر ئەر بارمۇ؟

نوزۇگۇمنىڭ سوئالى بىلەن قىزىمنىڭ سوئالى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر سوئال ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قەلەمكەش ئۆز ئالدىغا يالغۇز جاۋاب بېرەلەيدىغان سوئال ئەمەس ئىدى. نەق شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە، بىرنېمىلەرنى دەپ قىزىمنى رازى قىلدىم. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن مەن شۇ سوئالغا ئەسىر بولغىنىمچە ئىزچىل خىيال قىلدىم. ئۇشتۇمتۇت شۇ سوئالغا مۇناسىۋەتلىك قىزىقارلىق بىر تەجرىبىنى بىر ماتېرىيالدىن ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر ئادەمنىڭ ئەقلى چەكلىك، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئاقىللار بار. كۆرگىنىمنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ بېقىشنى لايىق تاپتىم.

تەجرىبە خادىملىرى بەش مايمۇننى قەپەسكە سولاپ، بىر ساپاق باناننى قەپەسنىڭ ئۈستۈنكى شادىسىغا ئېسىپتۇ. ناۋادا مايمۇن با-

ناننى ئېلىشقا ئۇرۇنسا، سۇ پۈركۈلۈپ، مايمۇنلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ھۆل بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنى ئەقىللىك ئالىملار ئەنە شۇنداق لايىھەلىگەنىكەن. دەسلەپتە بىر مايمۇن باناننى ئېلىپ يېيىشكە ئۇرۇنۇپتىكەن، نەتىجىدە بەش مايمۇننىڭ ھەممىسى بىردەك ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. مايمۇنلار نۆۋەت بىلەن ئاشۇنداق ئۇرۇنۇشتا بولۇپ، ئوخشاش ئاقىۋەتنى كۆرۈپتۇ. ئاخىرىدا مايمۇنلار ھۆل بولۇپ كېتىشتىن قورقۇپ باناننى ئېلىپ يېيىشكە ئۇرۇنمايدىغان بوپتۇ.

كېيىن، تەجرىبە خادىملىرى بىر مايمۇننى قەپەستىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر مايمۇننى سولاپتۇ. يېڭى مايمۇن بانانلارنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپتۇ. نەتىجىدە، قالغان تۆت مايمۇندىن راسا دۇمبا يەپتۇ. چۈنكى ئۇ تۆت مايمۇن ئۇ بىزنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەن. يېڭى مايمۇن ئاخىر ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

تەجرىبە خادىملىرى ئەسلىدىكى تۆت مايمۇننىڭ بىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى بىر يېڭى مايمۇننى كىرگۈزۈپتۇ. بۇ مايمۇنمۇ باناننى كۆرۈپ، ئېلىپ يېمەكچى بوپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ بىرىنچى يېڭى مايمۇنغا ئوخشاش دۇمبا يېيىش بوپتۇ. قىزىق يېرى شۇكى، بىرىنچى يېڭى مايمۇن كېيىندىكىلەردىن ھەممىدىن بەكرەك كۈچەپ ئۇرۇپتۇ. ئىككىنچى يېڭى مايمۇن قانچە قېتىم ئۇرۇنسا، ھەمراھلىرى تەرىپىدىن شۇنچە قېتىم تاياق يەپ، ئاخىر بولدى قىپتۇ.

مايمۇنلار ئەنە شۇنداق تەرتىپتە ئالمىشىپتۇ، ئاخىر ھېچكىم بانانغا چېقىلالمايدىغان بوپتۇ. ئۇلار بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن، پەقەت بانان يېيىشكە ئۇرۇنسا، باشقا مايمۇنلاردىن دۇمبا يەيدىغانلىقىنىلا ئۇقىدىكەن.

يۇقىرىقى تەجرىبە بايانىنى قىزىمغا ئوقۇپ بەرگەنىدىم، ئۇ:

— مايمۇنلارمۇ قىزىق ئىكەن، ھۆل بولۇپ كەتكەنگە نېمە بولاتتى؟ — دەپ ئىنكاس قايتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ھۆل بولۇپ كېتىشنىڭ ھېچقىسى يوقلۇقىنى پەقەت تەجرىبە خادىملىرىلا بىلىدۇ. مايمۇنلار ئۇنى بىلسە، دۇمبانىڭ ئورنىغا بانان يېگەن بولاتتى، — دېدىم مەن جاۋابەن.

مايمۇنلارنىڭ يېڭى ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك بولدى. بىراق، تەجرىبە خادىملىرىنىڭ ئەخلاقىنى چۈشىنىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئىككى خىل ئەخلاق بىردەك قىلاتتى، لېكىن بىر ئەخلاق يەنە بىر ئەخلاقنىڭ مېۋىسى ئىدى.

شېكىسپىر دادىللىق بىلەن «ئەمەلىي كۈچ ئەخلاقتۇر» دېگەنىكەن. ئۇ بۇ خىل ئەخلاقنىڭ مەنبەسىنى دېمەپتۇ. چۈنكى، دادىللىق ۋە ئەمەلىي كۈچنىڭ روھىي ۋە ئەقلىي مەنبەسىنى بولىدۇ.

كىشىلەر ھەقىقەتنى ئۆزلىرىنىڭ نەپس ـ خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇش يولىدا بىخۇدلارچە ئىلگىرىلەۋەردى. شېكىسپىر ئېيتقان ئەمەلىي كۈچ ئېھتىياجلارغا ھاكىم بولۇشنى ئىستىگەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئەخلاق خاراب بولدى.

2008 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى

ئىت كۈچۈكلەر گىرە ـ گىرە،
يۈرىدۇ بىرەر ـ بىرە.
قوي تۇغىدۇ بىر ـ بىرە،
يۈرىدۇ گىرە ـ گىرە.

ـــ ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

كىمدۇر بىرى: «نادانلىق تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە يېتىلىپ بارىدۇ» دېگەنىكەن. دەسلەپتە بۇ نېمە دېگىنىدۇ، دەپ ھەيران قالغانىدىم. بەزى ئىشلار ئادەمنى ئۇزاققىچە ھەيران قالدۇرۇپ، ھەيرانلىققا كۆندۇرۇپ قويىدۇ، شۇ چاغدا سەن ھەيران قېلىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىسەن. بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن، ھەييار بىر قوشنىمىز بولىدىغان، ئۇ كىشى ئۇشتۇمتۇتلا ئاخىرەتكە كېتىپ قالدى. ھەممىمىز: «ئۇ تېخى ئاخشام سايساقلا ئىدىغۇ» دەپ قېلىشتۇق. رەھمەتلىك كۆرگەنلىكى كىشىگە چاقچاق قىلاتتى، ھەتتا ئويناپ يۈرگەن كەپسىز بالىلارمۇ ئۇنىڭ چاقچىقىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغانىدىمۇ بىزگە چاقچاق قىلدى. ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا ساق بېرىپ، مۇردىغا ئايلانغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىشى داۋالاش ئۇسكۈنىلىرىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن كۆرەڭلەيدىغان زامانىمىز دوختۇرخانىلىرىغا نىسبەتەن بىر قارا يۇمۇر ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا تالاي ئالدانغان بولسا كېرەك، ئىدارىدىكى سۇ مېيى ياكى تۇخۇم تارقىتىش ھەققىدىكى گەپلەرگە ئېرەن قىلماي كەتمەيتتى. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالغاندا بولسا، ئۇ تۆت ئەتراپقا ئىتتىك قاراپ

قويۇپ شۇنداق دەيتتى: «خاماندىكى چۈشنى تاغارغا ئۇسسۇۋېتىپ، ئۇنى مېنىڭ ئەمەس دەپ ئويلايمەن. ئالدىمدىكى بىر قاچا ئاش مەن ئۈچۈن تارتىلغاندا، مېنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، ھەتتا ئاغزىمدىكى ئاشنىڭمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىمەن، تاكى ئاشۇ بىر قوشۇق ئاش كانىيىمدىن ئۆتۈپ بولغاندا، ‹شۈكۈر، بۇ ئاش راستتىنلا مېنىڭ ئىكەن›، دەيمەن». كىشىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشەتتى. تولا ئادەم ھاياتتىكى چاقچاقلارنى كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ـ دە، ئۇ ھەقتە ئويلانماي قويىدۇ. بەزى قاقباشلار ھەممىنى ئىچىدە ئويلاپ، ئىچىدە ھۆكۈم قىلىدۇ. نۇرغۇن ئېسىل سۈپەت كىشى جىمجىت ئويلاپ، جىمجىت ياشاشنى تۇرمۇش دەستۇرىنىڭ ئەڭ ئايانچلىق سەھىپىسىگە يوغان قىلىپ يېزىۋېلىپ، ئاخىرەتكە قايتقاندىمۇ جىمجىت قايتىشىدۇ. تىرىكلەر بۇنىڭدىن تاسادىپىلىق ھېس قىلىشىدۇ ھەم: «ئۇ تېخى بىر ئوبدان تۇراتتىغۇ!» دېيىشىدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنى بىلىپ، قەلب دۇنياسى تىلسىماتقا ئايلانغاندا، تاۋۇتقا مىنگىشىدۇ. تاۋۇتنى كۆتۈرگەن ياشلار ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ زادى مۇردىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ياكى سىرنىڭ ئېغىرلىقىمۇ» دەپ قېلىشىدۇ. بىز ئەمدى ھېلىقى قىزىقچى قوشنىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى. ئۇ مېنىڭ ئالدىراش كېتىۋاتقىنىمنى كۆرگىنىدە: «ھەممە ئىشقا ئۆزۈڭنى ئۇرۇۋەرمە، بەزى ئىشلارغا پەقەت ھەيرانلا قال!» دەپ قوياتتى. مەن: «ئۇ ئادەم ھەمىشە ھەيرانلا قالامدىغاندۇ، بۇ مۇمكىنمۇ» دەپ ھەيران قالاتتىم. ئۇ ھەممە ئىشقا ھەيران ئىدى، مەن بولسام ئۇ ئادەمگە ھەيران ئىدىم. كېيىن بىلسەم، نادانكەنمەن. ھەيران قېلىش ئۈچۈن ھەيران قالماسلىق كېرەك ئىكەن، بىر مەزگىل ھەيران قالمىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەيران قالغىلى بولىدىكەن. ھەيران قېلىش ئۈچۈن ئاز ـ تولا بىر نەرسە بىلىش كېرەك ئىكەن، يەنى ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەن بولۇش كېرەك ئىكەن.

ھەيران قېلىش ئۈچۈن كۆپ نەرسىنى بىلىش كېرەك. كۆپ

نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىزچىل ھەيران قېلىش بىلىش ساھەسى-
دىكى بىر خىل ئىنقىلاب.

قىزىقچى قوشنىمىز ھايات ۋاقتىدا ماڭا تولىمۇ ئاددىي بولۇپ
تۇيۇلاتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر مۇھىم نەرسە
مەڭگۇ يوقىلىپ كەتكەندەك خورسىنىش پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ بىر
قۇردىشنىڭ دېيىشىچە: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە ھەپ-
سىگە كىرىپ، ئون نەچچە يىل يېتىپ چىقىپتۇ، بۇنىڭغا ئۇنىڭ
دوستلىرى ھەم كەسىپداشلىرى سەۋەبچى بولغانىكەن. «ياخشى ئۆ-
لۈمدىن يامان تىرىكلىك ئەۋزەل» دېگۈچىلەرنىڭ قولىدىن نېمە
ئىشلار كەلمەيدۇ!؟ ئۇنداقلار كۈندە مىڭ قېتىم ئۆلىدۇ، شۇنداقتىمۇ
سايىدەك قىمىرلاپ يۈرگەن مۇردىسىنى ھايات دەپ يۈرۈۋېرىدۇ.
ئاھ، ھاياتتەك ئۆلۈم، ئۆلۈمدەك ھايات! پاسىلىڭدا ياتقان سان - سا-
ناقسىز تاپتىن كېلىۋاتقان بەتبۇي پۇراقلار مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ
قويار دېدى!

«نادانلىق تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە يېتىلىپ بارىدۇ» —
بۇ سۆز مۇشۇ كۈنلەردە مەن ئۇچۇن تولىمۇ جەلپكار تۇيۇلىدۇ. تەر-
بىيە كۆرمىگەن، ساددا كىشىلەرنى «نادان» دەپلا قۇتۇلماق ناھايى-
تى ئوڭاي، مەسىلەن، ئۆزلىرىنى ئەلەمدار ۋە قەلەمدار ھېسابلاي-
دىغان ئادەملەرنىڭ نادانلىقىدىكى ۋەھشىيلىكنى قىياس قىلماق-
نىڭ مۈشكۈللۈكى ۋەھشىيلىكنى قىياس قىلماقنىڭ مۈشكۈللۈ-
كى. يىراق سەھرادىكى توپا چىراي ئادەملەر مەدەنىيەتلىك شەھەر-
لىكلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەخمىقانىلىك، ساقال - بۇرۇتلىرى پا-
كىز قىرىلغان گۈلگۈن چىرايىدىكى مەينەتلىكلەرنى كۆرگەنلىرى-
دە ئىچىدە كۈلىدۇ. پاكىز چىرايىغا تېپىپ چىققان رەزىللىكمۇ
پارقىراق بولىدۇ. ئەمما بۇنداق يۈزلەر ھاياتىي كۈچ تۈپەيلىدىن
ئەمەس، بەلكى قورقۇنچ، ۋەھىمە تۈپەيلىدىنلا سالپىيىپ تەرلەيدۇ.

نومۇس قىلىشنى بىلمىگەنلەردە باتۇرلۇق بولمايدۇ. قورقۇن-
چاقلار نومۇستىن تەرلەشنى بىلمەيدۇ. ئۇلار دەل قورقۇنچاقلىقى

www.uyghurkitap.com



تۈپەيلى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا كىشىلەر ساددا ھەم باتۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقىمۇ سىدام ھەم ھەشەمەتسىز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان غەلىتە نىقابلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار زوراۋان بولغان بولسا، تارىخ سەھنىسىگە زوراۋان پېتى چىقىۋېرەتتى. بىراق ھازىر ئۇنداق ئەمەس، كىشىلەردە پاراسەت بىلەن بىلىم كۆپەيدى. زامانىۋى كىشىلەر ئۆزلىرىدىكى ۋەھشىيلىك ھەم ئاجىزلىقنى پەردازلايدىغان لوگىكىلىق سىستېمىلارنى تەسىرلىك ھالدا بايان قىلالايدۇ. بۇرۇنقىلار باتۇرلۇق ھەققىدە قوشاق توقۇغان بولسا، ھازىرقى كىشىلەر كاززاپلىقنىڭ توم ــ توم رىسالىلىرىنى كەشىپ قىلىپ، يوسۇنىمىزنىڭ زىبۇ ــ زىننەتلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئىنسانشۇناسلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، ھايۋانلار ياۋۇز بولسىمۇ، بىر ــ بىرىگە كۈللىكتىپ قەتلىئام يۈرگۈزمەيدىكەن، بىر ــ بىرى ئۈستىدىن چېقىم ۋە تۆھمەت قىلىشمايدىكەن. لېكىن ئادەملەر دىيانەت ھەققىدىكى قامۇسلارنى ئىبادەتخانا سۇپىلىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرسىمۇ، بىر ــ بىرىنى تۇپلىشىپ قىرىدىكەن ۋە ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسسىق قانلارغا پەي قەلەم، موي قەلەم، قومۇش قەلەم، پولات قەلەم، ئېلېكترون قەلەملىرىنى چىلاپ تۇرۇپ، سەتەڭلەرگە ئوخشاش ناز ــ كەرەشمىگە باي قىسسىلەرنى يېزىپ چىقىشىدىكەن. نادانلىقتىكى ياۋۇزلۇق ئىستىخىيەلىك بولىدۇ، ئاقىللىقتىكى ياۋۇزلۇق پىلانلىق ھەم سىستېمىلىق بولىدۇ. قەدىمكى رىمنىڭ داڭلىق مۇتەپەككۇرى سېنىكا قالتىس ناتىق سۈپىتىدە ھۆرمەت قازانغان، لېكىن ساخاۋەت بىلەن قانائەتنى تەرغىب قىلغان بۇ پەيلاسوپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ئەتىۋارلىق ئەرباب سۈپىتىدە ئاساسلىق پىتنىخور بولۇپ، ھەر خىل ناباب يول بىلەن بايلىق توپلىغان. خىرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ كاتتا ۋەكىلى ئاۋگۇستىن رىم پادىشاھىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي قېرىنداشلىرىنى يامان كۆرسەتكەن. 20 ــ ئەسىردىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ناما-

يەندىلىرى بولمىش ئايبېك ۋە غاپۇر غولاملار ئۆزبېك پىروزىسىنىڭ ئۇستازى ئابدۇللا قادىرىي ئۇستىدىن ئاساسسىز ھالدا «مەسىلە» تاپشۇرغان ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىلىرىغا ئايلانغان. بىزدە بۇنداق ئۆلىمايى ئەكابىرلار ئاز ئەمەس. بىزدە جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي ھالدا، قاپىيە گۈزەللىكى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن نەزمىكەشلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىزدە ئەدىبلىك شۆھرىتى ئۈچۈن باشقىلار ئۈستىدىن ئىغۋا تارقىتىشنى سەۋدايى كەسىپ قىلىۋالغان بەچچىلەرمۇ دۇنياغا كەلدى. تېخى ئۇلارنىڭ «كۈش ـ كۈش»لەپ قويسا، رەقىبلىرىنى ئېرىنچەكلەرچە قاۋاپ بېرىدىغان ئەرزان باھالىق كۈچۈكلىرىمۇ بار. بىزدە ئالدىراش تولۇق سۆرەۋاتقان ئايغىرنىڭ جەڭگىۋار يەرلىرىگە قونۇپ، ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن پىرى مۇشرىكلىرىنىڭ چىرايىغا دوكلات نەزىرىدە قاراپ ھىجىيىدىغان چىۋىن، كۈمۈتىلار ئاز ئەمەس.

شۇنداق، قوڭى شامالدا قالسىمۇ، تۇمشۇقىنى يوشۇرغىنى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرىدىغان تۆگىقۇشى ناھايىتى كۆپ. ئىككى يازغۇچىنى مۇھەررىر قىلىپ بىر تەھرىراتقا ئەكىرىپ قويسا، بىر ـ بىرى بىلەن «سىنىپىي دۈشمەن» ئوينايدىغان زىيالىيچاقلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى سۆزلەپ بولغىلى بولسۇن!

خوش، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاقىللارنىڭ روھىدىكى بىداۋا كېسەللەر. تارىخ دەل مۇشۇنداق كېسەللىك تۈپەيلى ئىلىم ۋە تەرەققىيات كىرىزىسىگە ھامىلىدار بولدى.

ئۆزىنىڭ ياشاش ۋە پىكىر قىلىش جەھەتتىكى تەبىئىي ھوقۇقىنى يۇرگۈزەلىگەن خەلقئالەم ئەخلاقىنىڭ بارلىق ماددىسىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشقا ھۆددىگەر بولالايدۇ. ئۇنىڭسىز ھەرقانداق خەلق ئاۋۋال ئۆز ـ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدۇ، ئاندىن ھۆكۈمدارنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلىنىدۇ.

تارىخ، جەمئىيەت، ھوقۇق ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرىنى ئەدىبلەرگە يۈكلەپ قويغان خەلق تولىمۇ تەلەيسىز بولىدۇ. رۇسىيە

پەيلاسوپى بېردىيايېف 19 ـ ئەسىر رۇس زىيالىيلىرى ھەققىدە
توختالغاندا، ئۇلارنىڭ مەپكۇرە ئۇستىدە رېئاللىقتىن ئايرىلغان
ھالدا مەست ـ ئەلەس بولۇپ كېتىشلىرىنى تەنقىدلەپ ئۆتكەن. ئۇ:
«ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پىكىرلەرنىڭ غو-
جايىنىغا ئايلاندى» دېگىنىدە، بۇنداق ئەھۋالدىن رازى ئەمەسلىكى
چىقىپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي ھوقۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى-
نى قايرىپ قويۇپ، ئىدىيە ئۈچۈن ھارماي ئىشلەيدىغان زىيالىيلار
كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. تۇرگېنېف رۇسىيەدىن رازى بولمىغاندا،
فىرانسىيەگە كەتكەن. تولستوي ئۆزىنىڭ قورۇقىدىكى يانچىلارنى
ئازاد قىلىپ، ئۆزى ئۇلار بىلەن بىللە يەر تېرىغان. لېكىن تولس-
توي زامانىسىدىكى رۇسىيەدە مىليونلاپ يانچى قۇللۇقتا گىرىپتار
ئىدى. تولستوي بۇلارغا سىياسىي جەھەتتىن رېئال چىقىش يولى
كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن تولستوينىڭ خەلققە بولغان
ھەمنەپەس روھى پوپ بىلەن ئەدىبنىڭ روھىغا مۇناسىپ كاتېگورد-
يەدىن بەربىرى ھالقىپ كېتەلمىگەن. 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر
ئەدىبلىرى رۇس زىيالىيلىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيەسىدە سوتسىيال ئېلېمېنتلار خېلى
روشەن. ئۇلار تولستوينىڭ سوتسىيالىزمىغا قايىل بولىدۇ ـ يۇ،
تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن يېسىنىنچە ھۆكۈمەتسىزلىكنى ئىجرا
قىلىدۇ. بىزدە پۇشكىن ۋە يېسىنىندىكى ھاراقكەشلىككە شائىرانە
سۆيۈنۈپ، تەقلىد قىلىپ ياشىغان ياش ئەدەبىياتخانلار خېلى كۆپ
ئۇچرايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۆمەر ھەييام-
چە ئاسىيلىق قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بەزىملىرى سۇ-
يۇق ھەم مەسئۇلىيەتسىز خاراكتېرگە تېخىمۇ بېيىدى. ئۆمەر ھەي-
يام بىر ماتېماتىك ھەم مۇتەپەككۇر شائىر ئىدى، بىز ئۇنى يەڭ-
گىللىك بىلەن خاتا چۈشەندۇق، ئاخىر ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى
زابوي زىيالىيلىرىمىزنىڭ يول خېتىگە ئايلاندى.

خەلق ھاياتىدا ئەدىبلەر كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار پۇت-

ـكۆل ئىجتىمائىي ناقىسلىقنىڭ شىپالىق دورىسى ئەمەس. مەسىلە، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق باھالاشتا. ئۇلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلھامى كۆپ ھالدا ئىنسانىي مەھكۇملۇقنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىلھام ئىنسان ۋۇجۇدىغا قاچىلانغان ئىلاھىي باتارېيە. ئۇنىڭ جارى بولۇشى شائىر قەلبىدە مۇناسىپ ئىنسىيانكارلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئىپادە ئۇسلۇبى ئىدىيە ھەم تىپ مۇستەقىللىقىغىچە ئېلان قىلىدىغان توسۇن جەڭ مارشى بولالايدۇ. ئەمما شۇنداق شائىرلارمۇ باركى (بۇنداقلار مۇتلەق كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ)، دەل مۇشۇلار ھەققىدە نىچشې ئېيتىدۇكى: «شائىرلارنىڭ مەدھىيەسى ئۇلارنىڭ قارشىلىقىدىنمۇ خەتەرلىك. خۇددى ھومېر ئېيتقاندەك، مەدداھلار يالغاننى كۆپ قوشىدۇ». بۇ يەردىكى مەسىلە، قانداق ئەھۋال ئاستىدا كىم ئۈچۈن ۋە نېمە ئۈچۈن «يالغان» چىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. شائىردىكى چىنلىقنىڭ يېتەكچى ئەقىدىسى توغرا بولسىلا، ئىنسانىيەت چىنلىقى شائىرلارغا يول قويىدۇ.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئۇنداقتا، خەلق ئۆزلىرىنىڭ بىلىملىك ئادەملىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۇمىدلىنىش ۋە پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمۇ؟ ئەگەر «زىيالىي» دېگەن سۆز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىدىغان سەگەك تاماشىچىلاردىن دېرەك بەرسە، خەلق ئۇلار ئۈچۈن تەجرىبە ماتېرىياللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار بۇ ماتېرىيال ئارقىلىق ئەدەبىيات ياكى پەلسەپە يارىتىدۇ، خالاس.

سالاۋات، ھەممىگە سالاۋات! ئادەمزات شۇنداق مەخلۇق. ئىنسان ئالدىدىكى دۇنيا ئىبرەت ۋە ھېكمەت ئۈچۈن تارتۇق قىلىنغان. بىز تەپەككۇرىمىز ئاساسىنى كۆز ئالدىمىزدىن ئىزدىمەي، ھەمىشە تارىخچىلار، پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر ۋە سىياسىيونلارنىڭ يازمىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەپەككۇر ھەرىكىتىمىزنىڭ تايانچىغا ئايلاندۇرۇۋالىمىز. دەل شۇ چاغدا بىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ھەقىقىتىدىن بىلىپ - بىلمەي يۈز ئۆ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



رىگەن بولىمىز. مانا بۇ ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ رەڭگارەڭ تالاسىدىن توقۇلغان زامانىۋى جەمئىيەت مۇھىتىدىكى بىزدەك زىد- يالىيلارنىڭ نادانلىقى. لېكىن بۇ، ئىلىم ھەشەملىرى بىلەن ياسان- دۇرۇلغاچقا، ئاسانلىقچە چېنىپ كەتمەيدۇ. دەل مۇشۇ چانماسلىقى بىلەن ئالىم كەسپىي كىبىر - تەمەننادىن، ئاۋام ئالدىنىشتىن خا- لىي بولالمايدۇ.

كۈتۈپخانىلار تۈرلۈك ئىدىيە ۋە ئىلمىي ئېقىمنىڭ دەستۇرلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. دوكتور ۋە پىروفېسسورلار ھەربىر ساھە بو- يىچە گويا بىر قوشۇن بولۇپ قۇرۇلدى. لېكىن مەدەنىيەتلىك پۇقرالارنىڭ ئاياغ ئىزلىرىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەخلا- قىي كىرىزىس يامراپ چىقتى. توۋا، ئەقلى بولغانلىقى تۈپەيلى مەخلۇقلار ئارا سەلتەنەتلىك بولغان ئىنسان ئەلمىساقتىن بېرى ھېسابسىز پىكرىي ئىزدىنىشتە بولدى، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە ئۆزى- نىڭ تۇنجى ئەجدادىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى، بەلكى تارىختا يۈز بەرگەن تالاي قانخورلۇقنىڭ سايىسى ئۇنىڭ بەستىنى يىگىلتىپ قويدى. ھايۋانلاردا ئەقىل بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارغا شەرىئەت ۋە تەرىقەت دېگەنلەر كەتمەيدۇ، ئۇلار ئاخىرقى سوراقنىڭ ئالدىغا يارالمىشتا قانداق بولسا، شۇ پېتى بارىدۇ. ئۇلاردىكى خۇلق بىز ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا تالاي ئىلھام ۋە يىپ ئۇچىنى تەمىن ئەت- تى. ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىجەزى بىلەن ئەدەبىياتى- مىزدا ھەر خىل تىپقا ئايلاندى.

ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ئادەتلىرى- گە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مۇقەددەس كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەملەر ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشنى قاغىدىن ئۆ- گەنگەنىكەن. ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ياسىنىش، گىرىم قىلىش ۋە سەنئەت بەرپا قىلىش جەھەتتە ھايۋانلاردىن، بولۇپمۇ قۇشلار تۈر- كۈمىدىن كۆپ بىلىم ئالغانىكەن. ئۇلار بىز ئىشلەپچىقىرىش پائا- لىيەتلىرىمىزگە كۈچ قوشۇش بىلەن بىللە، مەنىۋى تەسەررۇپى-

مىزغا ھېسابسىز خۇرۇج قوشقانىكەن. بۈگۈنكى زامان كارخانا مۇتەخەسسىسلىرى بۆرىدىكى جەڭگىۋارلىق، ئۇيۇشچانلىق ۋە تەشكىلچانلىقنى بىر ئەقىل - پاراسەت سۈپىتىدە كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىگە تەتبىقلاشقا ئۇلگۇردى. ئۇلار بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتابلارنى يېزىشتى. فىرانسىيەلىك فابۇر مەخسۇس ھاشاراتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاش بىلەن نام چىقاردى. ئۇنىڭ ھاشاراتلار ھەققىدىكى كىتابى دۇنياۋى داڭلىق ئۇقۇشلۇق. بىلگەنلەر ئۇچۇن، زامانىۋى جەمئىيىتىمىز ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە موھتاج.

ھايۋانلارنى ئاز - تولا چۈشىنىدىغان بىر دوستۇمنىڭ دېيىشىچە، ئاتلاردا شۇنداق بىر خۇي بار ئىكەن: بىر ئايغىر ئۆزى تەۋە بولغان ئۇيۇر (جەمەت توپى) نى پەداكارلىق بىلەن قوغدايدىكەن. ئەگەر ئادەملەر نەسىل ئېلىش ئۇچۇن ئايغىرنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، ئۇنىڭ توپى ئىچىدىكى بايتاللار بىلەن چېتىشتۇرسا، بۇنى بىلىپ قالغان ئايغىر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا، ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ كەتتىم. ئاتلاردىكى ئىنتىزام ئۆزىنى ئېتىقادلىق ئاتىۋالغان ئىنسانلار قوۋمىغا سېلىشتۇرغاندا نەقەدەر ماتانەتلىك! لېكىن ئات قوۋمى بۇنى بىباھا مەنىۋىيەت سۈپىتىدە قەدىرلەپ، قەسىدىلەرنى يېزىشمىغان، تىلسىز تەبىئەت ئۆزىنىڭ ساددا ھەم غالىب خۇلقىغا بىز تېخى بىلىپ بولالمىغان تالاي خەزىنىنى يوشۇرغان.

ئات، ئېشەك بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا، كۆز ئالدىمىزدا يۇمۇرلۇق بىر كۆرۈنۈش ئايان بولىدۇ. جانلىقلار بىر - بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق زەنجىرسىمان سېلىشتۇرۇلغاندا، جانلىقلارنىڭ ھەرىكەتچان جىسمىنى يېزىق قىلغان بىر مۇقەددەس كىتاب يېيىلىدۇ. بۇنى ئوقۇش ئىنساندىن ئۆزگىچە بىر ئىخلاسنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز دۇنيانىڭ كەينىدىكى چەكسىز بىر دۇنيانى ھېس قىلغاندەك بولىمىز. ئەمما، ئۇنىڭغا بىرەر ئىسىمنى قويۇشقا دەرھال پېتىنالمايمىز.

ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ئادەملەر ئۇچۇن ئىشلەيدىغانلىرىمۇ بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىكەن. ئادەملەرنىڭ بېقىشىغا كۆنۈپ، ئۇلارغا ئوزۇق بولىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇپ ئۇلارغا مۇھاپىزەتچى بولىدىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئادەملەرگە خىرىس قىلىپ ياشايدىغان ياۋايىلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز - خۇلقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن. نېمە ئۈچۈندۇر، ئادەملەرگە كۆنۈك ھايۋانلار ئىچىدىكى ئىت يېقىندىن بېرى مېنى بەكرەك ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئازراق ئاق - قارنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا قارىسام، ئىت ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدىكەن. يېقىنقى مەزگىلگىچە بۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن غەيرىي تۇيۇلىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. بىراق، يېقىندىن بېرى مەن ئىتنى كۆرسەم قىزىقىپ قارايدىغان بولۇپ قالدىم.

قارىغاندىن كېيىن ئويلايدىغان گەپ ئىكەن. قاراش كۆزىتىش دائىرىسىنى قارالغۇچىنىڭ ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ، بۇ چاغدىكى زامان تاق ھەم ئوبيېكتىپ بولىدۇ. ئويلاش بولسا، قارالغۇچىغا ئائىت خاتىرىلەر ۋە زامانلارنى دەستىلەش بولۇپ، بۇ چاغدا پىكىر بىلەن پىكىر توقۇلۇپ كېتىدۇ.

سەھرا كېچىلىرى ساپ ھەم بىپايان بولىدۇ. سامانيولىدىكى يۇلتۇزلار ئۆزىنىڭ يارقىن جىلۋىسى بىلەن ئاسمان گۈمبىزىگە يورۇق ھەم كەڭ جىيەك تارتقان. خىيالغا باي كېلىدىغان باللىق يۇلتۇزلاردىن پۈتكەن ئاشۇ سامانيولىدا تالاي رەت قاترىغان. بۇ يوللار مەندەك بىر سەبىي بالىنىڭ خىياللىرىنى يېڭى - يېڭى ئۇپۇقلارغا، تېخى ئېيتىلمىغان چۆچەكلەر دۇنياسىغا، بۇ دۇنيانىڭ سىرتىدىكى يەنە بىر دۇنياغا يېتەكلەپ ئاپارغان. يۇلتۇز زىمىستان تۈنلىرىدە تېخىمۇ جۇلالىنىپ كېتىشىدۇ. ھەي ي، ئاشۇنداق ساددا ھەم زىننەتبەخش سەھرا كېچىلىرى ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىدىن ھەرگىزمۇ خالىي ئەمەس.

كېچىلەر ئەلۋەك ھەم تىنچ، لېكىن ئەتراپنى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بىر ئالغان. ئەتراپتا ئىتلارنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغان

ياكى ئىتلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سالىدىغان بىرەر ئالامەت بولمىسىمۇ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى تۈن قاراڭغۇسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالىدۇ. ئەتراپتا ھېچ ئىش يۈز بەرمىسە، ئىتلارنىڭ قاۋىشى نېمىشقا ئەدەپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئەمدى چۈشەنسەم، بىرەر شەپىنى سېزىپ قالغان ئىت قاۋاپ تاشلىسا، باشقا ھويلىلاردىكى ئىتلار بۇنى تەھدىت دەپ بىلىپ قاۋاشقا باشلايدىكەن. ئىتلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئوخشىمايدۇ، بەزىلىرى سوزۇق، بەزىلىرى بوغۇق قاۋايدۇ، بەزىلىرىنىڭ قاۋاشلىرىدىن مىسكىن نالە ـ پەرياد بىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى شۇ قەدەر قاباھەتلىككى، قەھرىتان كېچىنىڭ سوغۇق نەشتىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. بەزى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ.

زامان تەرەققىي قىلسا، ئىتلارمۇ مەككارلىشىپ كېتىدىكەن. بۇلار چۆچۈگۈدەك ياكى قاۋىغۇدەك بىرەر ئەھۋال بولمىسىمۇ قاۋىشىدىكەن. بۇنداق قاۋاش ئىتلارنىڭ خوجايىنلىرىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، خاتىرجەم ئۇخلىتىدىكەن. ئىتلارنىڭ سەۋەبسىز قاۋاشلىرى خوجايىنلار ئۈچۈن ئەللەي ناخشىسىمىكىنتاڭ، قاۋاش قانچە ئەۋجىگە چىقسا، ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلىشقان خوجايىنلارنىڭ نېرۋىلىرى ئارامغا چىقىدۇ. بۇنى ئىتلارمۇ ياخشى بىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئىتلارنىڭ بىر كېچىلىك قاۋىشى بەدىلىگە ئەتىسى ئۇلارنىڭ يالاقلىرى ئىلتىپات بىلەن توشىدۇ. تاڭ قۇياشى ئىتلارنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈرگەندە، خوجايىنلارنىڭ تىرىكچىلىك ھەرىكىتى باشلىنىپ كېتىدۇ. تۈنبويى قاۋاپ ھالسىرىغان ئىتلار ھويلا ـ ھويلىدا تۇمشۇقلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، غىدىقلاپ ئاۋارە قىلىۋاتقان ئىت چىۋىنلىرىنى خۇشياقمىغاندەك قوروپ قويۇپ، سۇنايلىنىپ يېتىشىدۇ. ئۇلار ئۆزى ساداقەت ئىزھار قىلىۋاتقان خوجايىنلىرىنىڭ ھويلىسىغا ناتونۇش كىشىلەرنىڭ كىرىپ كېلىشىنى مۇمكىنقەدەر خالىمايدۇ. ياتلار كىرگەندە ئىتلار ئۆزلىرىنىڭ ئىت-

www.uyghurkitap.com



لىق بۇرچىنى دەرھال ئادا قىلمىسا بولمايدۇ ـ دە! ئۇلار ھېچبولمىغاندا سالپايغان قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىشى ياكى بىر ـ ئىككى مەرتەم قاۋاپ قويۇشى، ھەتتا زوْرۇر تېپىلغاندا بويىنىدىكى زەنجىرىنى سىلكىپ شاراقشىتىپ قويۇشى كېرەك. ئىت بۇ ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلغاندا، غوجايىنىنىڭ ئەلپازىنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇ، غوجايىن: «هاي!» دېگەندە توختاپ قېلىشى كېرەك.

مەن ھازىرغا قەدەر ئىت قوۋمىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ھالدا توپلىشىپ ياشىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇلار ئەزەلدىن شۇنداقمۇ ياكى ئادەملەر قوۋمى شۇنداق قىلىۋەتتىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. لېكىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئىت قوۋمىدا بىر ـ بىرىگە ئۆچەكەش تەبىئىي بولمىسا، ئادەملەرگە ئامال بولمىغان بولاتتى. قىزىق يېرى، ئىت قوۋمى كۇسۇكقا چۈشكەن قانجۇقنى كۆرگەندە جىم بولۇشىدۇ. بىر قانجۇق ئون نەچچە كۇسۇكنى غالجىرلاشتۇرالايدۇ. ئىتلارنىڭ بۇنداق كوللېكتىۋىزمى قانجۇقتىن نېسىۋە ئېلىش تاماسىدا ۋۇجۇدقا چىققان، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن بىر ـ بىرىگە ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىش يۈزىسىدىن بىر يەرگە كېلىشىدىكەن، ئۇلار غالجىرلىقىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىكەن.

ئىت ئۆزىگە سۆڭەك، نان تاشلاپ بەرگەن غوجايىنىنى كۆرسە، ئېسىلىپ ئەركىلەپ كېتىدۇ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، غىڭشىغان ھالدا ناز قىلىدۇ. لېكىن ئۆز قوۋمىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى كۆرگەندە دەرھال ھۈرپىيىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، خىرىلداشقا باشلايدۇ. كىشىلەر ئىتنىڭ بۇنداق تەبىئىتىنى ئىت تالاشتۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. غوجايىنلىرىغا لەززەت بېرىش ئۈچۈن ئىتلار بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىپ، قان بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى بوغۇپ ـ تالاپ ھاياتىدىن جۇدا قىلىدۇ، بۇنىڭ

بەدىلىگە دوغا چىققان غوجايىنلار ئەل ئىچىدە نام قازىنىدۇ.

ئىتلارنىڭ ئىچىدە ئۇۋ ئىتلىرى بىر ئاز جەڭگىۋار كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ غوجايىنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشايدۇ. مەھەللىمىزدە قوغۇنلۇقتا، ھويلا ـ ئارانلارغا قارايدىغان ئىتلار كۆپ بولسىمۇ، لالما ئىتلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار باشقا ئىتلارغا قارىغاندا مۇلايىم بولاتتى ياكى قېرىغان، كاردىن چىققان بولاتتى. ئۇلار مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ قولىدىكى پارچە نانلار بىلەن مەئىشەت تاپاتتى. لالما ئىتلار ئادەم چىشلىمىگەن بىلەن، ئاخشاملىرى ھەممىدىن بەك قاۋايدۇ. كېيىن مەن چوڭ بولۇپ باشقا يۇرتلارغىمۇ باردىم، شەھەرلەردىمۇ ياشىدىم. شەھەرلەردە ئارزۇلۇق ئىتلارنىڭ تولىلىقىنى كۆردۈم. شەھەرلەردىكى ئىتلار ئەپچىل، ئوماق، پاكىز كېلىدىكەن. ئۇلار ئەركىلەشكە ناھايىتى ئۇستا كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەركىلەشلىرى ئالدىدا مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدىكەن. ئۇلارغا باققاندا مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى قوپال، كېلەڭسىز، يېقىمسىز تۇيۇلىدىكەن. گەرچە مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى ئۆز غوجايىنلىرىغا ئۇنۇملۇك خىزمەت كۆرسەتسىمۇ، تەييارتاپ شەھەر ئىتلىرىدەك ئىززەتتىن بەھرىمەن بولالمايدىكەن. شەھەر ئىتلىرىنى پاكىز باقمىسا بولمايدىكەن. ئۇلارنى ئادەم قوۋمى يەيدىغان ئېسىل گۆشلەر بىلەن باقىدىكەن. نى ـ نى بۇدرۇق قىزلار ئۇلارنى ئېسىل، خۇش پۇراق سوپۇنلار بىلەن يۇيۇپ، تاراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار خانىملارنىڭ ئىسسىق، سېمىز كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ياتالايدىكەن، كەچلىرى چۈشكۈن، ئەمما رومانتىك ئايال غوجايىنىنىڭ بىقىنىدا بۇلۇتتەك يۇمشاق كارىۋىتىنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدىكەن. شەھەرلەردە ئاساسەن دېگۈدەك قاۋۇل، كۈچلۈك، سۈرلۈك ئىتلارنىڭ ھاجىتى يوقتەك ئىدى. نوچى ئىتلار ساقچىلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ گازارمىلىرىدا تەربىيە ئالىدىغان بولسا كېرەك. شەھەر ئىتلىرى قانچە كىچىك بولسا، خانىملارنىڭ ياقتۇرۇشىغا شۇنچە ئېرىشەلەيدىكەن. ئۇلار ياپراقتەك نېپىز، كىچىك تىللىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خانىملارنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، كۆڭلىنى ئاللايدىكەن.

كىنو ۋە تېلېۋىزىيە مېنى تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىتلارنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. غەربلىكلەر ئىتنى ئاجايىپ چوڭ بىلىدىكەن. ئېگەكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، قۇلاقلىرى كېلەڭسىز، خۇددى بوۋاي ـ مومايلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىتلار پۇل پادىشاھلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك خانىلىرىنىڭ ئەركىسى بولالايدىكەن. بەزى ئىتلار رەئىس جۇمھۇرلار بىلەن بىللە ئالىي داچىلارغا بارالايدىكەن. ئادەمزاتنىڭ شور پېشانىلىرى كۆرەلمىگەن رەئىس جۇمھۇر ئۇنداق ئىتلارنىڭ دائىملىق پاناھگاھى بولالايدىكەن. غەربتە مەخسۇس ئىتلارغا ئاتاپ ئىشلەنگەن چاتما فىلىملەر بولىدىكەن، ئۇلاردا ئادەمدىنمۇ ئەقىللىك ئىتلار رول ئالىدىكەن. مۇشۇ كۈنلەردە مەھەللىمىزنىڭ ئىتلىرى ئاشۇنداق ئىتلارنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرەمدىغاندۇ؟ قارىغاندا، غوجايىن دىۋەڭ بولسا، ھايۋانغىمۇ ئېغىرچىلىق بولىدىكەن، غوجايىن مەرىپەتلىك بولسا، ھايۋانمۇ بەھۇزۇر بولىدىكەن.

قانداقلا بولمىسۇن، ئىت قوۋمىنىڭ جەم بولۇپ ئۆتمەسلىكى ئومۇميۈزلۈك ھادىسە ئىكەن. ئۇلارنىڭمۇ نەسىللىرى ھەر خىل ئىكەن. لېكىن بىر خىل يېرى، دۇنيادىكى ئىتلارنىڭ ھەممىسى ھويلا ـ ھويلىدا، ئۆي ـ ئۆيدە تۇرلۇك غوجايىنلارغا تەقسىملەنگەنىكەن. دۇنيادا دىنازاۋۇردەك بەھەيۋەت مەخلۇقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىپتۇ. شىر ـ يولۋاسلاردەك قەيسەر جانىۋارلارنىڭمۇ سانى ئازىيىپ قاپتۇ. لېكىن ئىتلار يەنىلا ئىت پېتى ياشاۋېتىپتۇ. زادى بۇ ئىككى قىسمەتنىڭ قايسىسى ئەلادۇ؟ تەقدىرى ئەزەل ئەجەبمۇ سىرلىق بولىدىكەن. بىراق، مۇشۇ سىرلىق دۇنيا ئىنسان ئەقلىنىڭ دائىملىق خېمىر تۇرۇچى بولۇپ كەلگەن.

بىر دە ئىت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دېگەن قاراش بار. بۇ، ئىتنىڭ خۇيىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەر ئۇچۇن خوراپىي سۆز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بىراق، ھايات ئىقلىمىغا ئىنچىكە سەپسالساق، ئۇ گەپنىڭ تېگىدە بىباھا ھېكمەتنىڭ ياتقانلىقىنى بايقايمىز. ئىت بار

ئۆيگە نېمە ئۈچۈن پەرىشتە كىرمەيدۇ؟

ئىت ئۆز قوۋمى بىلەن مەڭگۇ چىقىشالمايدۇ.
ئىت باشقىلار ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنى قاۋايدۇ.
ئىت باشقىلار ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنى تالايدۇ.

2001 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سېرىق چۈمۈلە بىلەن قارا چۈمۈلە

بالىلار كەمپۈتنى تولا يېيىشىنىڭ پايدا ـ زىيىنى ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى پەقەتلا تەم. ئەمما چوڭلار بولسا ئۇلارنىڭ چىشىغا قۇرت چۈشۈشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ.

بالىلىقتىكى ئويۇنلارنى چوڭ بولغاندا ئەسلىسەڭ قالتىس مەنىلىك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا ئۇ كېيىنچە يېتىلگەن ئەقىل ـ پاراسىتىڭ ۋە پەلسەپىۋى ھۆكۈملىرىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئىچىگە تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرغان، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا بايقالمىغان كاتتا ئاسار ئەتىقىگە ئايلىنىدۇ.

مەن يېزىدا تۇغۇلۇپ، يېزىدا چوڭ بولدۇم. بالىلىق دەۋرىمدە شەھەرلىك بالىلارغا خاس ئويۇنچۇقلىرىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئورمان، ئېقىن ۋە غىلاڭ سايلار گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ گۈزەل ماكانىمدا بىز ئوينايدىغان ئويۇنلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

بىر چاغلاردا، قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ماش رەڭ فورما كىيگەن نۇرغۇن ھەربىي مەھەللىمىزدە پەيدا بولاتتى، ئۇلارنىڭ ياتىقى كەنت مەمۇرىيىتى ئىچىگە ھەمدە بۇرۇنقى بايلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان كونا، ئەمما پۇختا ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. بىز ئۇلارنىڭ ماش رەڭ ھەربىي كىيىمىنىڭ رەڭگىنى بالىلارچە رەڭ چۈشەنچىمىز بويىچە «سېرىق» دەپ چۈشىنەتتۇق. ئۇلارنىڭ رەتلىك كىيىنىشلىرى، رەتلىك سەپ تۈزۈپ مېڭىشلىرى، ھەيۋەتلىك خور ۋە مارشلىرى، نەيزىلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان مىلتىقلىرى، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك ھەربىي مەشىقلىرى بىزنى ئۆزىگە تارتاتتى. خۇددى «نۇرلۇق قىزىل يۇلتۇز» فىلىمىدىكى دېھقانلارغا ئامراق ئەسكەرلەر نەق ئالدىمىزدا تۇرغاندەك سېزىمدە بولۇپ، ھەۋەسلىنىپ كېتەتتۇق. بىز

كۆرگەن كىنولاردىكى ئەسكەرلەر بەك ئىللىق ئىدى. ئۇلار سەپ تارتىپ قايىسىدۇر بىر كەنتكە كەلگەندە ئالدىغا نۇرغۇن نامرات ئادەم قارشى ئالغىلى چىقاتتى، ئۇلار ئاپقۇرلاردا سۇ ياكى سېۋەتلەردە تۇخۇملارنى سۇنۇشاتتى. قايىسىدۇر بىر ئەسكەر بىر بالىنى كۆتۈرۈۋالاتتى، بالا بولسا ئەسكەرنىڭ ئۈشىنىسىدىكى مىلتىقنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ سىلاپ قوياتتى. بىز بۇ ھەربىيلەرنى «ئارمىيە» دەيتتۇق. ئۇلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئاجايىپ قەھرىمان كىشىلەر سۈپىتىدە، ئۆزى يالغۇزمۇ نۇرغۇن دۈشمەننى يوقىتاتتى، شۇڭا كەلگۈسىدە نوچى بولۇش ئارزۇيىمىزنى «ئارمىيە بولىمەن» دەپ ئىپادىلەيتتۇق.

بىز ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئەتەي بىزنىڭ يېزىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە چۈشەنمەيتتۇق. كېيىن ئويلاپ، يېزىمىزدا تاغلار، سايلار، باراقسان ئورمانلار ھەمدە ئۇلارنى كېسىپ ئاقىدىغان ئېقىنلارنىڭ بولۇشى ئۇلارچە تەبىئىي بىر ئىستراتېگىيىلىك يەر شەكىللىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ چۈشەندۇق. ئۇلار ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا نەگىدۇر كېتىشەتتى.

باللار نېمە قىلىقلارنى قىلمايدۇ دەيسىز! زېرىككەن چاغلىرىمىزدا «ئارمىيە» ۋە «دۈشمەن» دەپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ «ئۇرۇش» قىلاتتۇق. بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، كىيىمى ئاز ـ تولا يېڭى باللار نېمىشقىدۇر «ئارمىيە» تەرەپكە بۆلۈنەتتى، كۆرۈمسىز، قوپال، كالانپايىراق باللار «دۈشمەن» تەرەپكە بۆلۈنەتتى، شۇنىڭ بىلەن «ئۇرۇش» باشلىناتتى، بەزىدە «ئارمىيە» تەرەپ، بەزىدە «دۈشمەن» تەرەپ كۈچلۈك بولاتتى. ئەمما ھېلىقى كىنولاردىن ئالغان تەسىراتىمىز بويىچە «دۈشمەن» تەرەپ ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئەتەي يېڭىلىپ بېرەتتى، نەتىجىدە «ئۇرۇش» «ئارمىيە» تەرەپنىڭ نوقۇل غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشاتتى.

يېزا بولغاندىكىن ھاشارات ۋە جانلىقلار كۆپ بولىدۇ. ياز ئايلىرى ئۇلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تۇرمۇش ماكانى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يالتىراق قاناتلىرى بىلەن، بەزىلىرى كىچىك ۋە چاققان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۈتلىرى بىلەن، بەزىلىرى سېخىي ئاۋازى بىلەن تەبىئەت ئاتا قىلىغان ئەركىنلىككە تەنتەنە قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بىزمۇ مۇشۇنداق ئەركىنلىكنىڭ مېھمىنى ئىدۇق. بىز كۆرگەن كىنولار، بىز كۆرگەن ئەسكەرلەرنىڭ تەسىرى بىز ئارقىلىق جانلىقلارنىڭ ناتۇرال ھاياتىغىمۇ «ئىجتىمائىيلىق» ۋە «سىنىپىيلىق» ئېلىپ كەلدى.

ئادەتتە، سېرىق چۈمۈلە بىلەن قارا چۈمۈلىنى «ئۇرۇش»قا سېلىش بىزنىڭ يازدىكى ئويۇنلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. سېرىق چۈمۈلىنىڭ رەڭگى بىزنى رام قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ فورمىسىنىڭ رەڭگىگە يېقىن كەلگەچكە، ئۇنى «ئارمىيە» دەيتتۇق، قارا چۈمۈلىنى بولسا بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «دۈشمەن» دەيتتۇق. قەيەردىندۇر بىر قارا چۈمۈلە ۋە بىر سېرىق چۈمۈلىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، ئۇلارنى «ئۇرۇش» ھالىتىدە بىر - بىرىگە قارىتىپ قوياتتۇق. ئۇلار «ئۇرۇش»نى خالىمىسىمۇ، بىراق بىز ئۇلار خالىمىغان ۋەھىملىك قىسمەتنى مەجبۇرىي تاڭاتتۇق. نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىشىمىز ئارقىسىدا، ئۇلاردا بىر - بىرىگە قارشى خىرىس پەيدا بولاتتى. «ئۇرۇش» ئاخىر سېرىق چۈمۈلىنىڭ ھودۇققان ھالدا قېچىشى بىلەن توگەيتتى. قارىمامسىز، بۇ پاجىئەنى! «دۈشمەن»«ئارمىيە»نى يەڭگەن ئىش نەدە بار؟ كۆڭلىمىز بىر قىسما بولاتتى. نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتۇق. بىزدە قەساس روھى پەيدا بولاتتى، «ئارمىيە»نىڭ قىساسىنى ئالمىساق كۆڭلىمىز ئارام تاپمايتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە قەيەردىندۇر بىر «دۈشمەن»نى تۇتۇپ، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى ناكار قىلىپ، «ئارمىيە»نىڭ ئالدىغا قوياتتۇق، مىڭ ئەپسۇس، «دۈشمەن» يەنىلا غالىب كېلەتتى، بىز قانائەت تاپمىغان ھالدا «دۈشمەن»نىڭ باش قىسمىنى ياكى ئاياغ قىسمىنى مىجىپ، «ئارمىيە»گە تاشلاپ بېرەتتۇق. ۋادەرىخ، «ئۇرۇش» «ئارمىيە»نىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن تامام - ۋەسسالام بولاتتى.

كېيىن چوڭ بولدۇق، تۇرمۇشنىڭ كۆرۈنمەس مەۋھۇم قوللىرى

بىزنى ھەر تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئادەم ئىشى ئاقماي، ئوسال كەيپىيات ئىچىدە قالغاندا بىردىنلا خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قالىدۇ. مەنمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق، شەخسەن مەن ئۆزۈم ئالدىراقچان ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ بالىلىق دەۋرىدىكى ئويۇنلار ۋە دوستلارنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئادەملەر بارغانسېرى ماشىنىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن ئىنسان تەرزىدە ئىككى ئېغىز سەممىي پاراڭلاشماق تەس بولۇپ كەتتى. بالىلىق ئىنسان خۇسۇسىيىتىدىكى ئەڭ يارقىن پەسىل.

بالىلىقتا ھەل بولمىغان بەزى سوئاللار چوڭ بولغانچە تەدرىجىي ھەل بولىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا چوڭلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەرزىمەس بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بەزى ئويۇنلار ئەمەلىيەتتە ھايات ۋە جەمئىيەت ھەقىقىدىكى نازۇك ئىچكى سىرلاردىن بېشارەت بېرىدىغان دراما ياكى ئېپىزوتتەك تۇيۇلماقتا.

قارا چۈمۈلە نېمىشقا سېرىق چۈمۈلىگە قارىغاندا شۇنچە كۈچلۈك؟ ئۇنىڭ نىمجان ھالىتىمۇ نېمىشقا شۇنچە قورقۇنچلۇق؟

سېرىق چۈمۈلە ئادەتتە نەم يەرلەردە ياشايدۇ. بىز ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ بويىدىكى سۆگەت ۋە جىگدە غولىلىرىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، زەي تارتىپ كەتكەن تامنىڭ ئۇلىلىرىدا ماكان تۇتقانلىقىنى جىق كۆرگەن. قارا چۈمۈلە بولسا قۇرغاق يەرلەردە ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئۇ تولىمۇ ئەمگەكچان، ئۇ ئەڭ يۇقىرى ئالىي ئىگىسى ھېسابلىنىدىغان ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىنتىزامچان ۋە ئىناق. ئۇلار ئادەملەر ھەيران قالىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا، خېلىلا مۇرەككەپ قەسىرلەرنى قۇرۇشقا قادىر، ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان نەرسىلەرنى تەۋرىتەلەيدۇ ھەم يۆتكىيەلەيدۇ. ئۇلاردا ئىشەنچ بار، شۇڭا خورىماس قۇدرەتكە ئىگە.

قارا چۈمۈلە قۇياش سۆيگەن ھارارەتلىك يەرلەردە يۈرۈشكە خۇشتار. قۇياشنىڭ كۈچى زېمىن ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچكەن.

لېكىن بىز ــ ئادەملەر ئۇلاردىكى ھالال قۇدرەتكە توغرا قارىيال ـ

مىدۇق. بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەر بولساقمۇ، كېيىنچە ئۇنى كۆرەلەيدىغان كۆزىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ھەيھات، جەمئىيەت تولىمۇ رەزىل! جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشى بار، ئۇلار ئۆزىدىن كۈچلۈك ــ غالىب نەرسىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ. بويۇڭ ئېگىز بولسا بېشىڭغا ئۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بېشىڭنى سىلىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىسەن. باشقىلاردىن سەل ئىتتىكرەك مېڭىپ قالساڭ چاپىنىڭنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرىپىڭگە قاراپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىسەن. لۇ شۈن ئەپەندىمۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «جۇڭگو تەڭ ــ باراۋەرلىكنى بەزى چاغلاردا ناھايىتى سۆيىدىغان دۆلەت، قانداقلىكى بىرنەرسە سەل ــ پەللا ئالاھىدىرەك بولۇپ چىقسا، بەزىلەر دەرھال قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى شىلىپ يونۇپ تەكشىلىۋېتىدۇ» دەپتىكەن.

ئاق ــ قارىنى ئاز ــ تولا پەرق ئېتىدىغان بولغاندىن بېرى بۇنداق ئىشلارنى تولا كۆردۈم. ئۇنداق ئىشلار كوچا ــ كويلاردا تولۇپ يېتىپتۇ، بىز بۇنداق زەھەرلىك يىلاننىڭ چىرمىشىۋېلىشىغا كۆنۈپ كەتتۇق.

باغچىلاردىكى سېدىلەر قىرقىلىپ تەكشى قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن ئىشىك تاقاشقا لازىم بولىدىغان دەم ياكى ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان كالتەك چىقمايدۇ.

بۇ ئىقلىمدا «پېشىنى تارتىپ قويۇش» پەلسەپىسى قاچاندىن تارتىپ بار بولغان، بۇنىڭغا ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى بىزنىڭ بالىلىق دەۋرىمىزدىمۇ ئەكس ئەتكەنىكەن.

ھەي قارا چۈمۈلە!

1994 ــ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# ئەدەبىياتىمىزنىڭ روچىۋىنلىرى

كەچ كۈزنىڭ يېتىپ كېلىشى ناۋاكەش قۇشلارنى جىمىقتۇرۇپ قويىدۇ، تۆپىلىشىپ ئۇچقان قاغىلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى سۈرۈن ھاۋانى بىر ئالىدۇ. بۇنداق ئاۋازلار قويۇقلاشقانسېرى ئېگىز سۇۋادانلارنىڭ ئۇچلىرى يالىڭاچلىنىپ، بىرقانچە تال ناتىۋان يوپۇرمىقى مۇزدەك شامالدا ئاجىزغىنە تىترىشىدۇ. ئېقىن سۇلارنىڭ غوللىرى جۇدەشكە باشلاپ، ئېرىقلارنىڭ گىرۋەكلىرى ئەينەكتەك مۇز تۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قاغىلارنىڭ ئاۋازى گۈلخۇمار ھاشاراتلارنىڭ ئۇچەككە كىرىشىنىڭ غەم ـ غۇسسىلىك بېشارىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يازنىڭ ۋە باش كۈزنىڭ ئاشقان ـ تاشقان مەئىشەتلىرىدىن جانلىنىپ كېتىشكەن چىۋىنلەرنىڭ بېشىغىمۇ كۈن چۈشىدۇ. تەبىئەت جىمى جانلىققا ئەكەلگەن بۇ ئومۇمىي قىسمەت رىزقى ھەممىدىن كۆپ، تېز ئاينىيدىغان، يېپىشقاق چىۋىن قۇۋمىنىمۇ ئۆزىدىن ساقىت قىلىۋەتمەيتتى. سوغۇققا ھەممىدىن بەك چىدىمايدىغان بۇ جانىۋارلار دېرىزە تەكچىلىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا پۇت ـ قوللىرىنى تۈگۈشكەن ھالدا جان تەسلىم قىلىشىدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۆزى قىيىمامدۇ ياكى پەسىللەرنىڭ قانۇنىغا تەن بەرمەمدۇ قانداق، ئەبگار جىسمىدىكى ئاخىرقى جانلىرى بىلەن پۇت ـ قوللىرىنى سۇس مىدىرلىتىپ قويىدۇ، بەزىلىرى كەم كۆرۈلىدىغان جان ئاچچىقىدا گىژىلدىشىپ قويىدۇ، كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرى ئادەمزاتقا قىلغان ئاخىرقى چاقچىقى سۈپىتىدە روجەكلەرگە گۈلدار نەقىشلەرنى قالدۇرغاندا، كىشى پۇراق ۋە ناۋادىن ئەسەرمۇ يوق ئاشۇ «گۈلىستان»غا قاراپ باھار ئەسلىمىسىگە چۆكۈش ئۈچۈن دېرىزە ئالدىغا ئىختىيارسىز كېلىپ قالىدۇ. شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چاغدا بىر ئىش كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ: چىۋىن تائىپىـ-سىنىڭ قاناتلىرى پارقىراقلىقىنى يوقاتقان، ئادەتتىكى چىۋىندىن سەل ـ پەل چوڭ، كۆكۈچ كەلگەن بىر ئەزاسىنىڭ كۆزنەكلەرگە ئۆ-زىنى ئۇرۇپ، كېلەڭسىز ئۇچۇپ يۈرگىنى نەزىرىڭگە چۈشۈپ قالىـ-دۇ. ئۇ شۇنداق زەئىپكى، سەنمۇ ئۆزۈڭدىكى زەئىپلىكنى ئاشكارىلىـ-غان ھالدا ئاشۇنداق زەئىپ نەرسىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ قالىسەن.

— ئۇنىڭغا چېقىلماي، ئاۋايلاپ سىرتقا چىقىرىۋەت، — دەيتتى چوڭ ئانام گۆدەك چاغلىرىمدا، — ئۇنى روچىۋىن دەيمىز، ئۆلگەن-لەرنىڭ ئەرۋاھى چىۋىن بولۇپ كېلەرمىش.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ توساتتىنلا شۈركۈنۈپ كېتەتتىم. روچىۋىن ئۆزىنىڭ زەئىپلىكى بىلەن سەبىي يۈرىكىمگە ئەندىشە سالاتتى.

بۇرۇنقىلارنىڭ گېپى سىرلىق بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا كۆزىتىشلىرى بىلەن ھەممە نەرسىدىن روھنى كۆرىدۇ. روھ ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، شەيئىلەرگە ئۆزىنى سىغدۇرالماي بالقىپ تۇرىد-دۇ. ئۇلار مەيلى ئاخشىمى، مەيلى كۈندۈزلەردە بولسۇن، روھىي بالقىشلارنىڭ ئاپتاپلىرىدا ئەپسانىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرىنى تاما-شا قىلىدۇ.

تۈزۈك تەلىم كۆرمىگەن، سىدام بوۋاي ـ مومايلارنىڭ ھەشە-مەتسىز گەپلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلبىڭدە تەكرار تەلقىن بولۇپ، زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ قىممەتلىك خام ئەشياسىغا ئايلىـ-نىدۇ. چوڭ ئانامنىڭ روچىۋىن ھەققىدە ئېيتقان سۆزى ھازىرغىچە مېنى ئويغا سېلىپ كەلدى.

شۇنچە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ روھنىڭ ئىگىسى زادى كىم بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىۋىن سىياقىغا كىرىپ بۇ دۇن-ياغا كەپتۇ، ئۇنىڭ پانىي دۇنيادا چالا قالغان بىرەر ئىشى بارمىكىنە؟ بەلكىم، بىرەرسىنىڭ روھى بولماستىن، نەق چىۋىننىڭ ئۆزىدۇ. ئۇ، يازدا ياشاپ بولالمىغان ئۆمرىنىڭ ئىشرەتلىرىنى قىش بوسۇغىسىدىن ئىزدىمەكچىمۇ؟

بۇنى تەبئىيتىڭدىن كۆر، سەندە قىلچە ياشىغۇدەك خىسلەت يوق، دەپ قويىمەن خىيالىمنىڭ ئاخىرىدا.

خىيالنىڭ پۇتاقلىرى كۆپ بولىدۇ، تۇرۇپلا خىيالدىن يەنە بىر خىيالغا ئۆتۈپ كېتىمەن. روچىۋنىنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى ئەجنەبىي قىياپەتتىكى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ شالغۇت بەندىلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىگە ئىشارەت قىلدى.

ئەدىبلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە يىغىلىۋېلىشى زامانىۋىلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەن ئەدەبىيات بازىرىدىكى قىزىق نۇقتىلىق ھۆپىگەر بولمىسامىمۇ، ھۆپىگەرلەرنىڭ تېۋىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان تىۋلاشلىرى ئىچىدە ئايىنىۋاتقانلارنىڭ بىرى.

بەزىدە ئۆزۈم سەبىي ئورۇنۇش بىلەن كىرىپ قالغان زىيالىيلار تەبىقىسىنى شەلۋەرىگەن يارا ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان چىۋىنلەر تۇپىغا ئوخشىتىپ قالىمەن. ھە راست، روچىۋنىچۇ؟

ئەدەبىيات قوشۇنىمىز ئىچىدە ئاچچىق تۇز سېپىلگەن يۈرىكىنى ۋايىسماستىن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن ھالدا ھايات ھەقىقەتلىرىگە يۈزلىنىۋاتقان قەدىرلىك ياشلىرىمىز نۇرغۇن. ئۇلار جەمئىيىتىمىز ۋە ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئەدەبىياتىمىز دەل ئاشۇنداق ياشلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچاس غورۇرى ۋە دەۋر بىلەن ماس قەدەمدىكى سەممىمىي مەسئۇلىيىتى ئارقىسىدا كامال تاپىدۇ، دەپ قارايمەن. لېكىن، ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ قۇيرۇقىدا ئەدەبىياتنىڭ باھادىر تەبئىيتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان يات ئەرۋاھلارمۇ بار. ئۇلار پىتنە ئىنجاسەتلىرىنىڭ يۇقۇندىلىرىنى ئورۇق ـ ئىنچىكە پۇتلىرىغا يېپىشتۇرۇپ ئۆي ـ ئۆيگە توشۇيدۇ.

دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ياكى كەچلەردە ئۆي تېلېفونۇم ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنىڭ مەخسۇس تېلېفونىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن جىرىڭلاپ كېتىدۇ. تېلېفون بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە مەن بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆرۈشكىسى بار ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. ۋاقتىم قىس بولغاچقا، كۆپچىلىككە ئۆزرە ئېيتىمەن. لېكىن بەزىلىرى مېنى ئىزچىل دېرەكلەپ، كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالىدۇ. بازار دەۋرى ئەدەبىياتتىكى ئىخلاسمەنلەرنى شالاڭلىتىپ قويدى. ئىنسان كەيپىياتىنىڭ كۆرسەتكۈچى بولغان يۈرەك ھەققىدىكى گەپلەر بارغانسېرى يانچۇق ۋە قورساق ھەققىدىكى گەپلەرگە ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى. كىشىلەر قورساقلىرىنى سىلاشقان ھالدا جەمئىيەت خاھىشلىرىغا نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولۇپ كېتىشتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەدەبىيات ۋە مەنىۋىيەتتىن گەپ ئېچىش ھەۋىسى بارلار مايىللىق قوزغىماي قالمايدۇ. ئاخىر مەن بوسۇغامغا كەلگۈچىلەرنى تۆرگە باشلاپ، چاي ياكى تائام بىلەن مېھمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن.

مېنىڭ شۇنداق قىلىپ كەلگىنىمگە ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز سانىدىكىسى بۇرۇنقى ئىخلاسىدا تۇرۇپ، ئاز ـ تولا نەتىجە ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما قۇدۇقتا چۆشكەن تاشتەك غايىب بولۇپ كېتىشتى. غايىب بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى ئىدى، چۈنكى غايىب بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ دەرگاھىنى تېزرەك تاپقىنى ئەۋزەل. ئەپسۇسكى، ئۇلار غايىب بولۇش بىلەن بولدى قىلمايدۇ. جەمئىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھىممەت داستىخىنى يايىدىغان ھاياجان تىپلىق ئادەملەر مۇشۇ كۈنلەردىمۇ تېپىلىپ قالىدۇ. نېمىشقىدۇر ئانچە روناق تاپالمىغان بۇنداق سورۇنلار بىر قىسىم كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق جەلپكارلىق ئەدەبىياتنىڭ روھىي ئىنلىرىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئۇلار كەچ كىرىش بىلەنلا ئىلدام قەدەملىرى بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يول ئېلىشىدۇ. ئۇلار مۇلايىملىق، رايىشلىق، مىسكىنلىك، كەمتەرلىك، خۇشخۇيلۇق كەبىي چىراي سەنئىتى بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئېھتىياتچان ئىچكى دۇنياسىغا زۇكامدەك سىڭىپ كىرىدۇ. ئە-

دىبلەر كۆز ئالدىدا تەلەپچان ھەم ساددا كۆرۈنگەن «ھەۋەسكار»لارغا ئەسەر، ئاپتور، ۋەزىيەت ھەققىدە سەممىمىي سۆزلىرىنى ئېيتىدۇ. «ھەۋەسكار»لار ئەتەي قايىللىق چىقىپ تۇرغان قىياپەتلىرى بىلەن ساھىبخانىغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھالدا قايتىشىدۇ.

بىرقانچە ھەپتە ئۆتىدۇ، «ھەۋەسكار»لارغا كۆيۈپ ـ پىشىپ ئېيتقان سۆزۈڭنىڭ تامامەن ئۆزگەرگەن شەكلىنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايسەن. ئۇلار تۇپەيلى ئەدىب دوستلارنىڭ ئارىسىدا ئۇقۇشماسلىق ۋە ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ.

«ھەۋەسكار» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە ماڭا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. مېنىڭمۇ تەمتىرەش، ئارىسالدى بولۇش، قورۇنۇش، مەيۇسلىنىش بىلەن تولغان ھەۋەسكارلىق دەۋرىم بولغان. پىشقان ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئەقىدىسى ھەۋەسكارلارنىڭ ئىشتىياقىدەك سىرلىق، رومانتىك بولمايدۇ. ھەتتا ھەۋەسكارلار ئەدەبىياتنى تۇتېمغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ قۇربان بېرىشتىن يانمايدۇ. مانا بۇ، ئەدەبىيات ئىشقى ئەكەلگەن لەززەت. ئەپسۇس! ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئەدىبلەرنىڭ ئايغاقچىسى ۋە تىڭتىڭچىسى بولۇشنى كەسىپكە ئايلاندۇرۇۋالغان جان باقتىلارمۇ ئاز ئەمەس. شان ـ شەرەپ كوچىسىدا سەۋدالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىدىن ئەندىشە قىلىپ، قارا تەر بېسىپ تۇزۇك ئۇخلىيالمايدىغان بەزى ئەدىبلەر ئاللىنېمىلەرنى پەش قىلغان ھالدا ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ھەۋەسكارلارنى يالللىۋالىدۇ.

ئۆزىنى «ھەۋەسكار» دەپ ئاتىۋالغان بۇ بىر يۈرۈش روچىۋىنلەر قونغانلىكى يەردە پىتنە ـ پاساتنىڭ رەزىل قۇرتلىرى مىغىلداپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي مەيدان جەھەتتە ناجىنس كېلىدۇ، ئۇلار ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانچىلىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە چالا. بۇ خىل چالىلىق ئۇلاردىكى ئېغىر ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ چۈشكۈنلۈك ئۇلارنى ھاياتىنىڭ لىللا كوچىسىدىن، ئىپلاسلىق كۆلەڭگىسىدىن زەيلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەتكەن كونىغاپقا سۈرەپ ئاپارغان. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا پايپاسلاپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار سەسكىنىشلىك لە-چىنكىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇش بەدىلىگە جەمئىيەتتىن كۆتۈلمە-گەن نېسىۋىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇدى كېچىكىپ بايقىلىدىغان ۋىرۇسلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ.

چالىلىق كىشىنى نېمىگە باشلامايدۇ؟ ئوغۇل بالىنىڭ خورۇ-جىمۇ چالا بولۇپ قالسا، قىلمىغىنى قالمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ روچە-ۋنىلىرى دەل ئىنسانىي مەرىپەتتىكى چالىلىق تۈپەيلى كېچىگە يا-كى كوندۇزگە تەۋە بولمىغان زاۋال پەيتلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ سەھنىسى قىلىپ تاللىۋېلىشقان. بۇددا رىۋايەتلە-رىدە ئېيتىلىشىچە، بەزى روھلار يا ئادەم بەدىنىگە، يا مەخلۇقلار-نىڭ بەدىنىگە كىرەلمەي، سەرسانلىقتا لەيلەپ يۈرۈشىدىكەن. ئەدە-بىياتنىڭ روچىۋنىلىرى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىق تونۇسا ياخ-شى بولاتتى. ئۇلار يا چىۋىن بولۇشى، يا مەغپىرەت تىلەۋاتقان ئۇ-زۇل - كېسەل روھلاردىن بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ روھ چىۋىنى بولۇۋالغىنى نېمىسى؟

ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى تونۇماسلىق ئاسىيلىقنىڭ سىپايە پاكى-تى. روھ چىۋىنى ئۆزى ياشاشقا تېگىشلىك پەسلى ياكى ماكان - زامانىنى توغرا تاللىمىغان ناتىۋانلارنىڭ ئەرۋاھى.

ئاداققى دەرگاھلاردىمۇ ئۆزىنى تاپالمىغان ئەرۋاھلارنى تەبىئە-تىدىن بىراقلا يالتايتىش ئاسان ئەمەس، ئۇلارنىڭ تارىختىن ئىبا-رەت نوھ كېمىسىگە سوقۇنۇپ چىقىۋېلىشى ھەر زامان مۇمكىن. بىز پەقەت ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسەكلا، ئەخلاق رىسالىمىزنىڭ قىممىتى ئالدىراپ سۇنمايدۇ.

2001 - يىلى 10 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىزلەر

www.uyghurkitap.com

# توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟

ـــ خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز.

سەيمىل خانتىڭتون دېگەن بۇ نام ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرلۇك مەنپەئىتىگە هوشيار مۇئامىلە قىلىدىغان سىياسىي خەلقلەر ئۈچۈن بەكلا تونۇش بىر ئىسىم. لېكىن ئۇ ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىچە ياتتۇر. بىر قىسىم ئوقۇغان ياشلار خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ نامى، ئەسەرلىرى ۋە سىياسىي قاراشلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار، ئەمما ئۇلارغىمۇ خانتىڭتون تەپەككۇر دۇنياسى سىستېمىلىق تەرزدە مەلۇم ئەمەس. مانا بۇ ئۇيغۇر ئوقۇمۇشلۇقلىرىدا دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەرەققىيات بىلەن ماس قەدەمدە چۈشىنىشنىڭ تېخى باشلانمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سەيمىل خانتىڭتون زامانىمىزدىكى داڭلىق سىياسىي مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ «ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تەرتىپى» (1968)، «ئۈچىنچى دولقۇن: 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېموكراتىيەلىشىش» (1991 )، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» (1996) قاتارلىق ئەسەرلىرى دىققەتكە سازاۋەر. خانتىڭتون خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ لىدىرى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك دۆلەت خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ «دېپلوماتىيە سىياسىتى» پەسىللىك ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، 1977 ـ يىلىغا قەدەر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇ-

ھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. سەيمىل خانتىڭتون سا-
بىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئون يىل ئى-
چىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى سىياسىي پىكىر مۇنبىرىدە دائىم تىلغا
ئېلىنىپ تۇرىدىغان شەخس بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ 1993 ـ
يىلى «دىپلوماتىيە سىياسىتى» پەسىللىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىند-
غان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىمۇ؟» ناملىق ئەسىرى سەۋەبچى بولدى.
بۇ ئەسەر خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. ھەتتا خانتىڭتون
ئەپەندىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى چۇقانلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن
مەيدانغا كەلدى. جۇڭگو قاتارلىق ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە تېخىمۇ
شۇنداق بولدى. «دىپلوماتىيە سىياسىتى»دە خانتىڭتونغا رەددىيە
بېرىدىغان يەتتە پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. خانتىڭتون بۇنىڭغا
جاۋابەن يەنە شۇ ژۇرنالدا «مەدەنىيەت بولماي نېمە؟» (قوشۇمچە
ماۋزۇسى: «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئەندىزى-
سى») دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ
سىياسىي تەرتىپىدە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىل بولىدىغانلىقىنى
تېما قىلغان ئەسەرلىرى ئاساسىدا، 1996 ـ يىلى «مەدەنىيەتلەر تو-
قۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىنى
نەشر قىلدۇردى.

بۇ كىتابنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرلىرى
ھەققىدە نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئامېرىكى-
نىڭ نىكسون دەۋرىدىكى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھەم زامانىمىز-
دىكى نوپۇزلۇق سىياسىيون ھېنرىي كىسىنگېر مۇنداق دەيدۇ: «خان-
تىڭتون غەربتىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سىياسىيونلارنىڭ بىرى. ئۇ نۆ-
ۋەتتىكى يەر شارى سىياسىيىنىڭ رېئاللىقىنى چۈشىنىشتە پەۋ-
قۇلئاددە چاقىرىق خاراكتېرلىك ئانالىز رامكىسىنى تەمىن ئەت-
تى.»[①] ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر سىياسىيونى زىبگنىگ
بىرژىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىر ئەقلىي رەۋىشتىكى نادىر ئە-
سەر، ئۇنىڭ پىكرى يارقىن، تەسەۋۋۇرى مول، كىشىنى چوڭقۇر

ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ، خەلقئارادىكى ئىشلارنى چۈشىنىشىمىزدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى»[2] ھەتتا خانتىڭ-تونغا قارشى مەۋقەدە ئەسەر ئېلان قىلغان گېرمانىيەلىك سىياسىيون ھېرالدمېللېرمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ مۇھىمى ‹مەدەنىيەت توقۇنۇشى› دېگەن بۇ ئىبارە سىياسىي نۇتۇقلىرىمىز ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان سۆزگە ئايلاندى. بۇ ئەھۋال كىشىنى راستتىنلا ئەندىشىگە سالىدۇ.» ھېرالد مېللېر[3] بۇ يەردە بىر مىللەتنىڭ لۇغەت بايلىقىغا كىرگەن تېرمىن ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ھەم تۇرمۇش يوسۇنلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن. دەرۋەقە «سىنىپىي كۈرەش»، «پومېشچىك»، «دىكتاتورا»، «دېموكراتىيە»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» دېگەن ئۇقۇملار ھەرگىزمۇ تىلىمىزدىكى ئاللاقە ئىستېمالى ئەمەس، بەلكى پىكىرلىرىمىزنى ئەنئەنىمىز ئوربىتىسىدىن چىقىرىدىغان ۋە بىزنى ئۆزگىچە قىممەت قارىشىنىڭ زاپاسلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان روھىي تەپكۈلەردۇر. «بىز ئۇقۇملارنى ئىشلەتكەنسېرى شۇ ئۇقۇملارنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ قالىمىز. بىر ئۇقۇمنىڭ كەڭ تارقىلىشى شۇ ئۇقۇمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش خەۋپىنىڭ زورايغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ»[4] دەيدۇ ھېرالد مېللېر. غەربچە قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار 20 - ئەسىردىن ئېتىبارەن ئەڭ خىلۋەت شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ھەتتا غەربتىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى مۇتەپەككۇرلىرىمۇ غەربچە سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يولۇقتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىزنى ياۋروپادىن كەلگەن نەزەرىيەۋى ئەندىزىلەر بىلەن باھالاپ، ئۇلارنى سىنىپىي كۈرەش تەلىماتى ۋە ماتېرىيالىزم قاراشلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جاۋابكارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. فارابىي ئۆزىدىن ئون ئەسىر كېيىن ئاپىرىدە بولغان غەرب ئاتېئىزمچىلىرىنىڭ ئەگىلىكىدە تاسقالدى. بۇ ئەھۋاللار «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» ئۇقۇمى مودا بولۇۋاتقان ھازىرقى كۈنىمىزدە مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىمىز ئۈچۈن ئەقىللىي يىپ ئۇچلىرىنى بېرىدۇ.

20 ـ ئەسىردىكى خەلقئارا تەرتىپتە غەرب رېژىسسورلۇق ئورنىنى ئالدى. ئوسمانىيلارنى پارچىلاشتا، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى غەرب مىللەتچىلىك بىلەن دېموكراتىيەنى قورال قىلدى. ئوتتۇرا شەرقتە تارىختا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان يېڭى دۆلەتلەر بارلىققا كېلىپ، مىللەت سۆيپەتىدىكى ئەرەبلەرمۇ پارچە ـ پارچە دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىستالىنىزمنىڭ تېروررولۇقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى تارىختىن بۇيانقى ئېتنىك پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىپ، «مىللەت» گەۋدىسى سۆيپەتىدىكى رېسپوبلىكىلارغا ئايرىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1945 ـ يىلى يالتا يىغىنى ئېچىلدى. غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئىككى پۇشتى بولمىش كاپىتالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ۋەكىللىرى — روزۋېلت، چېرچېل، ئىستالىن بىر يەرگە جەم بولۇپ دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى يېڭىباشتىن سىزىشتى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ پەيدا بولۇپ، سان ـ ساناقسىز ئاددىي كىشىنىڭ تەقدىرى يالتادا تۇغۇلغان شەكىلسىز كۆلەڭگىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى. دۇنيا كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ـ چىلىق ئۇرۇشى دەۋرىگە كىردى. مانى دىنىدا تەسۋىرلەنگەن دوست ـ دۈشمەن، ياخشى ـ يامان ئۇقۇملىرى سىياسىي ساھەدىن ئورۇن ئېلىپ، ئىنسانىيەت بىر ـ بىرىنى ھەزرىتى ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرى دېيىشتىن كۆرە رەقىب ۋە «سىنىپىي دۈشمەن» قاتارىدا كۆرىدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇ خىل يۈزلىنىش بىر قىسىم سىياسىيون تە-

رىپىدىن «سىياسەت مانىزمى»[5] كەلگەندە، دۇنيا سىياسىي سەھنە-
سىنىڭ رېرىسسورلۇقى ئامېرىكىغا ئۆتتى. ئامېرىكا ئۆزىنى دې-
موكراتىيە ۋە ئادالەتنىڭ ئەلچىسى دەپ ئاتىدى. شۇنداقلا بۇ ئارقى-
لىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى يادرو قىلغان كوممۇنىزم سېپىگە ئىدې-
ئولوگىيە ئۇرۇشى يۈرگۈزدى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقايسى
قاتلىمىدىكى چىرىكلىك زور ھەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە بۇ ئىمپېرى-
يەنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ساقايغۇسىز كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ، ئا-
خىر يىمىرىلدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كاپىتالىزم زەپەر تەنتە-
نىسى ئىچىدە قەددىنى تېخىمۇ رۇسلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئامېرى-
كىلىق ياپون سىياسىيونى فىرانشىس فۇكۇياما «تارىخنىڭ ئاخىرى
ۋە ئاخىرقى ئادەم» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دۇنيا
ھەققىدىكى قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، غەرب دېموكراتى-
سىيەسى فاشىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئىككى دۈشمىنى
ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. دۇنيا دېموكراتىيە بايرىقى ئاستىدا ئو-
مۇمىيۈزلۈك تىنچلىققا يۈزلىنىپ، ئەركىن سودا تېخىمۇ راۋاجلى-
نىدۇ، غەربچە قىممەت قارىشى ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، دېدى. بۇنى
1989 ـ يىلى «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى
كىشىلەرنىڭ ئۈمىدۋار كەيپىياتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسى دې-
يىشكە بولاتتى. «تارىخنىڭ ئاخىرى»، «دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى»،
«تارىخنىڭ بۇرۇلۇشى»، «كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ
كېلىشى» دېگەن ئىبارىلەر ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە ئىلىم مەسىلى-
لىرى ساھەلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بولدى. لېكىن بۇنىڭدىن كې-
يىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي رېئاللىقى قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ ھا-
ياتلىق شارائىتىمىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ ھەر خىل
ئىجتىمائىي مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟ بۇ سوئاللار ئۇچۇن
ھەرقانداق بىر پەرەزنى نوپۇزلۇق پىكىر سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىلى
بولمايتتى. دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشى كىشىلەرنىڭ بىلىش
دائىرىسىدىن زىيادە ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۈمىدۋارلىق كۆپ ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رېئاللىقتا قويۇلغان توغرا دىياگنوزنىڭ نەتىجىسى بولماي، كىشىلەردىكى سۇبيېكتىپ ئارزۇلارنىڭ مۇبالىغە ھالىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئادالەت ۋە دېموكراتىيەنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئۈمىد باغلىغان كىشىلەر بۇ قىسقا مۇددەتلىك ئۆتكۈنچى تارىخنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرىدى. پەلەستىن ۋە چېچىنىيەدىكى قانلىق توقۇنۇشلار، كوسوۋودىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى نائىلاج سىياسىي قىياپەتلەر 21 ـ ئەسىرنىڭ ئويلىغاندەك ئىس ـ تۈتەكسىز، ئىناق، باياشات، خاتىرجەم ئەسىر بولالمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلار خامچوتىنى بەس ـ بەستە كۆپەيتىشى، تەبەسسۇمغا ئورالغان دىپلوماتىيە ئويۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھەم مۇرەككەپ تۈس ئېلىشى تىنچلىقتا بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. چۈنكى بىر ھەقىقىي تىنچلىقتا كاپالەت بېرەلەيدىغان سىياسىي، ئېتىقادىي ئاتموسفېرانىڭ ھىدىنى تېخى ھىدلىيالمىدۇق.

قان قاننى تۇغىدۇ، ئۇرۇش ئۇرۇشنى تۇغىدۇ. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ باللىياتقۇسىدا نۆۋەتتىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ ھامىلىسى يېتىلمەكتە ئىدى. قارىماققا سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قالغان يادرو تەھدىتى ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىن تېخى كەتكىنى يوق، بەلكى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ئويۇنلارنىڭ كوزىرىغا ئايلانماقتا. كۆرۈنمەس، ئەمما مۇقەررەر بولغان تۈرلۈك تەھدىت ئۆزىنىڭ بەتبەشىرە ئەلپازىنى سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا تۈزۈلۈشى» ناملىق ئەسىرىدە خېلى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. فىرانسىس فۇكۇيامانىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا تامامەن زىت بولغان بىر قىياس كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جىددىي تارتىدۇ. «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيادا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق ئاڭ فورمىسىدا، سىياسىي ياكى ئىقتى-

سادىتا بولماستىن، بەلكى ھەزارەتتە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇچ كې-لىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ توپ مەسىلىگە خەلق ۋە مىللەت جاۋاب ئىزدىشى ئۇرۇنماقتا. بۇ مەسىلە: دەل مەن كىم؟ دېگەن مەسىلىدۇر» [6] دەيدۇ خانتىڭتون ئەپەندى كىتابىنىڭ بېشىدىلا. «كىشىلەر ئەجدادى، دىنى، تىلى، تارىخى، قىممەت قارىشى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تۈزۈملىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بېكىتىدۇ» دەيدۇ. [7] ئۇ «بىز ئۆزىمىزنىڭ كىم ئەمەسلىكىمىزنى ۋە كىمگە قارشى تۇرىدى-غانلىقىمىزنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى چۈ-شەنگەن بولىمىز» [8] ئۇ ئارقىدىنلا. خانتىڭتون دەۋاتقان كىملىك مەلۇم ئورتاق ياشامغا تەۋە كونكرېت بىر شەخسنىڭ كىملىكىدۇر. شۇنداقلا بىر پۈتكۈل مىللەتنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىدۇر. كول-لېكتىپ كىملىك شەخسنىڭ ئۆز كىملىكىنى بايقىشى ۋە قۇرۇپ چىقىشى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. سابىق يۇگوسلاۋىيەدىكى مۇ-سۇلمانلار ۋە سېربلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەل ئۇلارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگىلەردىن پەرقلەندۈرۈشىدىن كەلگەن. جەڭگاھتا پارتلاۋاتقان نەرسە بومبا ئەمەس، ئىدىيە. «دۆلەتلەرنىڭ گۇرۇپپىلىنىشى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكىدەك ئۈچ گۇرۇھ بويىچە بولماستىن، دۇنيادىكى يەتتە - سەككىز ئاساسلىق مەدەنى-يەت بويىچە بولىدۇ» [9] دەيدۇ خانتىڭتون يېڭى ئەسىردىكى دىپلوما-تىيە كۆرىشى توغرۇلۇق. ئۇنداقتا، ئۇ دەۋاتقان يەتتە - سەككىز مەدەنىيەت قايسى؟

ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى غەرب خىرىستىيان مەدەنىيىتى.

سلاۋيانلارنى ئاساس قىلغان پىراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى.

ئوتتۇرا ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قىسىم رايون، فىلىپ-پىن، مالايشىيا، ھىندونېزىيەلەرنى قاپلىغان ئىسلام مەدەنىيىتى.

ھىندىلارنى ئاساس قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى.

ياپون مەدەنىيىتى.

جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى كۆڭزى مەدەنىيىتى.

ئافرىقا مەدەنىيىتى (بىرلىككە كېلىش ئىپادىلىرى ئېنىق بولمىغان تۈركۈم).

لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى.

لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتىنىڭ خاسلىقى ئانچە روشەن ئەمەس بولۇپ، يەنىلا غەرب مەدەنىيىتى لاگېرىغا كىرىدۇ. خانتىڭتون ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇپەسسەل توختىلىپ كەتمىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، يېڭى ئەسىردىكى خەلقئارا توقۇنۇشنىڭ ئوت كۆچى خىرىستىيان مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت» چۈشەنچىسىنىڭ نېگىزىدە دىن تۇراتتى.

كۆڭزى مەدەنىيىتىمۇ خىرىستىيان مەدەنىيىتىگە قارشى ھالدا ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىللە تۇرىدۇ، دېگەننى كۆڭۈل قويۇپ شەرھلەيدۇ. ئۇ يۇقىرىقى مەدەنىيەتلەر تۈركۈمىنى يادرو دۆلەت ئۇقۇمى ئاساسىدا تەركىبلەيدۇ. ئۇنىڭ يادرو دۆلەت دېگىنى نېگىزلىك قىممەت قاراش جەھەتتە ھەمشىرە دۆلەتلەر بىلەن بىردەك بولغان ھەمدە ھەربىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچ جەھەتتە ئۇلارغا يېتەكچى بولالايدىغان چوڭ دۆلەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر خىرىستىيان مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، جۇڭگو شەرقىي ئاسىيادىكى كۆڭزى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، رۇسىيە پىرورۋاوسلاۋىيە مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ياپونىيە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى. بۇ يەردە يادرو دۆلىتى بولمىغان مەدەنىيەتتىن ئافرىقا، ئىسلام مەدەنىيەتلىرى قالدى. خانتىڭتون سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، پاكىستان، ھىندونېزىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ

ھېچبىرىدە مۇسۇلمان ئۇممەتلەرگە ھەقىقىي ۋەكىل بولغۇدەك
سالاھىيەت يوق بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ بەزىسى قەبىلىچى،
بەزىسى مىللەتچى، بەزىسى نامرات، بەزىسى غەربپەرەس، بەزىسى
ئاجىز، بەزىسى مەھكۇم بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قېقىل-
غان غەرب ئىشغالىيىتىنىڭ مىخلىرى ئۇلارنى گۇمراھلىققا بەند
قىلىپ تۇراتتى. ئاپتور تۈركىيەنىڭ دۆلەت كىملىكى ھەققىدە خې-
لى كۆپ توختالغان بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ غەربچىلىك ئورۇ-
نۇشلىرىنى بىچارە قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ: بۈگۈنكى كۈندە تۈركىيە-
نىڭ دۆلەت ئاپپارات ۋە پارلامېنتى غەربچە قىممەتنى ئۈلگە قىلىپ
دۆلەتنى ئىدارە قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خەلقى ئىسلامىي ئەقىدىدە.
شۇڭا تۈركىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇشنى ئۇزۇن يىللاردىن
بېرى ئارزۇ قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرىگە دىپلوماتىيەلىك يولغا قو-
يۇش رەۋىشىدە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كوممۇنىزم لاگېرىدىن
تېخى يېقىندا دۇكان ئايرىپ چىققان شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى
ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى تۈركىيە بولسا ئاسما ھالەتتە قېلىۋەر-
دى. (Sucularism ئەلمانىيە ــ دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ ئايرى-
لىشى). ئەرەبلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان پارچە دۆ-
لەتلەرگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ خەلقلىرىنىڭ قەلبىدە ئىمان، پادى-
شاھلىرىنىڭ قەلبىدە شەيتان، تۈگىمەس تىنچسىزلىق ۋە نامراتلىق
مانا شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇنى خانتىڭتون «يادرو دۆلەتنىڭ بول-
ماسلىقى ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىچكى ـ تاشقى توقۇنۇشلارنىڭ ئا-
ساسلىق مەنبەسى ۋە ئالاھىدىلىكى»[10] دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ-
نىڭ «يادرو دۆلەت» دېگىنىنى بىز ئۆز گېپىمىز بويىچە «باشپاناھ»
دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

خانتىڭتون كىتابىدا بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى ئۈستۈن ھەر-
بىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي كۈچ يۈزىسىدىن باشقا مەدەنىيەتلەردىن
غالىبتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىچ ـ ئىچى-
دىن خوراشقا باشلىدى، دېيدۇ ۋە ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدىكى غەرب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەدەنىيىتى ئىسلامغا بەس كېلەلمەيدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلام مۇكەممەل ھاكىمىيەت سىستېمىسى، ئەخلاق سىستېمىسى ۋە بىلىش سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان روھانىيلىق ئەمەس ئىدى. بۇگۈنكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئىسلامنىڭ ئىچكىگە كىرىۋالغان بىدئەتلەرنى تازىلاپ، پەرز ۋە سۈننەتلەرنىڭ ئەينىيىتى ھەم تەتبىقى بويىچە ئىش تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى» دېيىلىۋاتقانلار ئەنە شۇلار بولۇپ، غەرب دەل مۇشۇلاردىن ئەنسىرەيتتى.

روشەنكى، شالغۇتلاشقان ئېتىقاد شۇ ئېتىقادنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن پىكرىي مۇجمەللىك، ھاياتىي سەرسانلىق ئەكېلىدۇ. بۇ دەل يات قىممەت قاراشلارنى پىلانلىق سىڭدۈرگۈچىلەرنىڭ تەنتەنىسىدۇر. پارس قولتۇقىدىكى رايونلار ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ غەربلىكلەرنىڭ زىيارەت ئۈستىلىگە ئايلىنىشى بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى مىسالدۇر. نەچچە يىل ئىلگىرى ئىنتېرنېت تورىدىن مۇنداق بىر سۆھبەتنى ئوقۇغانىدىم. سۆھبەتتە بىر مۇخبىر ئىسرائىلىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى نىتانياھودىن 1998 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا مۇنداق سورىغان:

— مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئەينى چاغدا سىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تۈگىشىدۇ، دېگەنىكەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

نىتانياھو مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

— ئۇلارنىڭ قولىدا ھالاك بولىدىغان يەھۇدىيلار بىز ئەمەس. چۈنكى بىزنى ھالاك قىلالايدىغان ئەرەب مۇسۇلمانلار بۇنداق ھالەتتىكى مۇسۇلمان ئەمەس.

نىتانياھونىڭ جاۋابىنى بۈگۈنكى ئەرەب ئەللىرى توغرىسىدىكى رېئال، ئوبيېكتىپ تەسۋىر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بۈگۈنكىدەك ئايرىلىپ كەتكەن ئەرەبلەردە ئۇيۇشۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېمەكچى ئىدى. ئۇ دەۋاتقان «يەھۇدىي» ماھىيەتتە غەرب مە-

دەنىيىتىدۇر. چۈنكى بۇگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى يەھۇدىي دىنى ۋە گىرىك پەلسەپىسىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئاساسىدىكى تەرەققىيات ئىدىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان.

خانتىڭتوننىڭ كۆرسىتىشىدە، غەيرىي غەرب ئەللىرى زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش مەسىلىسىگە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن ئىكەن:

1. ئىنكارچىلىق — غەربلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىشنى مۇتلەق رەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

2. كامالىزم — مائارىپ، قانۇن، ئىدىيەلەردە غەربلەشكەن ھالدا زامانىۋىلىشىش ۋە باي بولۇش مەقسىتىگە يېتىش.

3. ئىسلاھاتچىلىق — تۇپ قىممەت قاراش ۋە ئېتىقادنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ زامانىۋىلىشىش، لېكىن غەربلەشمەسلىك.

خانتىڭتون كامالىزمچە پوزىتسىيەنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كەسكىن رەۋىشتە ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. ئۇ بۇنداق پوزىتسىيە كىشىلەرنى يەرلىك مەدەنىيەتتىن چەتلىتىش بىلەن بىللە، ھەقىقىي غەربلىشىشكىمۇ ئېلىپ بارمايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمىسىمۇ تۈركىيەنىڭ ھازىرقى تەڭقىسلىق ۋە موھتاجلىق ھالىتى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. خانتىڭتون ياپونىيەنى ئۈچىنچى خىل پوزىتسىيەگە مىسال قىلىدۇ. بىز ئەمدى «زامانىۋىلىق» دېگەن ئاتالغۇغا دىۋچ كېلىۋاتىمىز. «زامانىۋىلىق»نىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ خانتىڭتوننىڭ ئىزاھلىشىچە: «زامانىۋىلىق سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش، مائارىپ ۋە بايلىقنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە يۇكسىلىشى، كەسىپلىشىش كۆلىمىنىڭ مۇرەككەپ قاتلامغا كېلىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىنىڭ «زامانىۋىلىق» چۈشەنچىسىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئېتىقاد ۋە پىسخىك دۇنيانىمۇ زامانىۋىلاشتۇرغاندا، ئاندىن پەن - تېخنىكىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ۋاھالەنكى، ئىنساننىڭ ياشاش ۋاستىسى تەرەققىي قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزگىرىش بولسا ياكى تەرەققىيات بولسا، ئۇنىڭ زاتى ئىنسان بولماي قالىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ بۇرۇنقى ئىنسانلارغا يات بىر تەبىئەتتە ياشىشى كېرەك بولىدۇ. لېكىن بىز ئۆز ئىنسانىيلىقىدىن خالىي ياشىغان ئىنساننى تېخى ئۇچراتمىدۇق. دېمەك، ئىنسانىيلىق ئۆزىنى ساقلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياشاش ۋاستىسىدە تەرەققىيات بولىدۇ. خانتىڭتوننىڭ «زامانىۋىلىق» چۈشەنچىسىدە ئۆلچەم تېخنىكا ۋە ماددىي بايلىققا مەركەزلىشىدۇ.

ھەربىي ۋە ئىقتىساد جەھەتتە شۇنچە قۇدرەت تاپقان، سىياسىي سەھنىنىڭ ئىگىسى بولمىش غەرب دۇنياسىنىڭ چېچىلاڭغۇ، نامرات ھالەتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىن ۋەھىمە يېيىشتى، ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىدىكى پۇختىلىقنى چۈشەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خانتىڭتوننىڭ ئېيتقانلىرى ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە كۆرۈلدى. بوسنىيە، چېچىنىيە، تاشقى كافكازىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق، سىرى لانكا قاتارلىق جايلاردىكى كۈرەشلەر، بولۇپمۇ «11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ۋەقەسى»دىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى بۇرۇلۇشلار كىشىلەرنى خانتىڭتونغا تېخىمۇ قىزىقتۇردى. ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى جىرجى. w. بۇش ئافغانىستاندىكى تالىبان ھاكىمىيىتىگە يۈرگۈزگەن ھەربىي ھەرىكىتىگە «ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى» نامىنى بېرىپ، كېيىن ئۆزگەرتىۋالدى.

كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدىكى قىسمەن جۈملىلەرمۇ كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. مېنىڭچە، بۇ كىتابنىڭ بىزگە نىسبەتەن بىر ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئاز ـ تولا پىكىرلىك ئادەملىرىمىزنى 21 ـ ئەسىردىكى مىللىي كىملىك مەسىلىسى ھەققىدە ئويغا سالىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا كوللېكتىپ سالاھىيەتنى بىلىش مۇرەككەپلەشتى. قاتناش ۋە ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆچمە نوپۇسلارنى كۆپەيتتى. بۇ ئەھۋال ئەسلىدىكى بىرلا ئېتنىك

خەلقتىن تەشكىل تاپقان بۆلگىلەرنىڭ مىللىي تەركىبىنى كۆپ خىللاشتۇردى. سودا ۋە تىرىكچىلىك ئېھتىياجى ئوخشىمىغان مىللەت ئەزالىرىنى ئوخشاش بىر مۇھىتقا كەلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. بۇنداق شارائىتتا مىللەت ئەزالىرى جۇغراپىيەلىك بىرلىكتىن كۆرە ئېتىقاد، تىل، قىممەت قاراش بىرلىكى بويىچە ئېتنىك بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلايدۇ. كىملىك ماكان ۋە زامانغا قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەزمۇن قاتلىمىنى ئاشكارىلايدۇ. بىر ئۇيغۇر بالىسى تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىدىكى خىلۋەت بىر بوستانلىقتىن مەككىگە ياكى نيۇيوركقا بېرىپ قالغىنىدا، ئۇ ئۆزىدىكى كىملىكنىڭ بۇرۇن دىققەت قىلىپ باقمىغان تەرەپلىرىنى بايقاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر مەككىدىكى بىر ئۇيغۇر مۇھاجىر ئانا ۋەتىنىگە كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، ئۆزى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ مۇھاجىر سىياسىي جۇغراپىيەنى بىرلىك قىلغاندا سەئۇدى ئەرەبىستانلىق، تارىخ ۋە ئىرقنى بىرلىك قىلغاندا ئۇيغۇر، دىنىنى بىرلىك قىلغاندا مۇسۇلمان ۋە باشقىلار. ئۇ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشى كېرەك. لېكىن ئۇ قايسى كىملىكنى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك؟ بۇنى ئۇنىڭ قىممەت قارىشى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۆزىمۇ مۇشۇ قىممەت قارىشىغا ئاساسەن ھايات يولى تاللايدۇ. بۇنداق بولغاندا، پاسپورت بەزى ھاللاردا سىياسىي كىملىككە ۋەكىللىك قىلسىمۇ مىللىي كىملىككە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. 21 ـ ئەسىر بىز ئۈچۈن كىملىك قۇرۇلۇشىدىن باشلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، تەرەققىياتنىڭ خام ئەشياسىغا ئايلىنىپ كەتمەيمىز، ئەكسىچە، تەرەققىيات بىزگە بويسۇنىدۇ. جاھان مۇنبىرىدە شەرەپلىك ئورنىمىز بار بولىدۇ.

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دۇنيا ۋە تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىشى ئوقۇرمەنلىرىمىزدە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمىلىك نەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان تۈركۈملەرنى پەيدا قىلىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلغۇ-

سى. سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە شېئىرىي قىزىققانلىق، پىكرىي يەڭگىلتەكلىك، رومانتىك مەستخۇشلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كىشىنى جىق زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ زىيان شۇ قەدەر كۆپكى، ئۇنى ئۆلچەپ بولماس. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، ئۆزى يولۇقتۇرغان ھەربىر مەسىلە بويىچە يەنە باشقا ئىلمىي مەنبەلەرگە ئۆتۈشى، ھۆكۈملەرنى ئۆزىنىڭ ئەلگىكىدە تەكرار ـ تەكرار تاسقاپ كۆرۈشى زۆرۈر. ئەسلىدە بۇ كىتاب بالدۇرراق نەشر قىلىنىشى لازىم ئىدى. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئون يىل ئۆتۈپتۇ، بۇ كىتاب ئەمدىلىكتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قولىغا چىقىپتۇ. سەۋەبى، بىزدە مۇتەپەككۇر تەرجىمانلار يوق دېيەرلىك. تەرجىمان بىر خەلقنىڭ روھىي كەمتۈكلىرىنى سېزىشى ۋە ئۇنىڭغا نېمىنىڭ داۋا بولىدىغانلىقىنى بىلىشى ھەم تېپىشى لازىم. تەرجىمانلىق يۈزەكى قارىغاندا، تىل تەرجىمىچىلىكىدۇر. قېرىندىشىمىز ئابدۇرېھىم دۆلەت مۇشۇنداق يىرىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئىرادە باغلاپ، ئۇ ئىشنى تاماملاپتۇ. تەرجىمىنىڭ قانداق چىققانلىقىنى تەرجىمە ئوبزورچىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قالدۇرىمىز. بۇ يەردە بىز ھېچبولمىغاندا ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ ئەسەر تەرجىمە قىلىشتا تېما تاللىشىدىكى ئاكادېمىكال سەزگۈرلۈكىنى بېكىتەلەيمىز. ئۇنىڭغا ئەجىرلەر نېسىپ بولغاي!

ئىنگلىز پەيلاسوپى بېرتراند رۇسسېل «غەربنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە بىر شائىرنىڭ «يىرىك بىر كىتاب بىر چوڭ ئاپەت» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. كىتاب ئوقۇغاندا نوپۇزغا ئېتىبار بېرىپ كېتىش ياكى مۇئەللىپنىڭ قەلىمىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىش تۈپەيلى پىكرىي ئادىشىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، پېقىر تۆۋەندە جانابىي سەيمىل خانتىڭتوننىڭ پىكىر تەلقىنلىرىدىكى جىددىي ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئىلغاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتى. سىستېمىلىق تەلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولال-

مىغان ئىلىم ھەۋەسكارى بولسامۇ خانتىڭتوننىڭ ئۆزىمىزگە خاس مەۋقەدە ئىنكاس بېرىشكە تىرىشىپ باقتۇق.

ماقالىمىزنىڭ بەزى قۇرلىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدەك، 21 ـ ئەسىرمۇ كىشىلەر ئۈمىد قىلغاندەك ئادىل ۋە خاتىرجەم دەۋر بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. 20 ـ ئەسىر غەرب كۈچلىرىنىڭ ئوسمانىيلارنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن باشلانغانىدى. 21 ـ ئەسىرمۇ غەرب كۈچلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەسلىيەتچىلەرگە مۇداخىلە يۈرگۈزۈشى بىلەن باشلاندى. بۇ ئىش بەئەينى خانتىڭتوننىڭ تەسەۋۋۇرىچە بولدى.

ئەگەر بىز ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى قاتلىمىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان بولساق، شۇ قەدەر تەرەققىي تاپقان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ چەكسىز ئەندىشە ۋە تەشۋىش ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ۋەھىمىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى روشەن ھېس قىلالايمىز. كىشىلەر بۇ خىل ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇپمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، ھەتتا ۋەتەن ئالماشتۇرۇپ بېقىپمۇ ئارام تاپالمىغان بۇنداق قىسمەتنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. تۇزۇم ۋە تۇزۇلمە ئالماشتۇرۇشلارمۇ كىشىلەرنىڭ غەم ـ دىشۋارلىرىغا ئارا تۇرالمىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش تىنچلىقنى ۋە ئىنسانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان خەلقئارا ئورگانلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ تۇرۇپمۇ يەر يۈزى قان ۋە كۆز ياشلاردىن قۇرۇمىدى. تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بۈگۈنكى ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارىدا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى؟ تىنچلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئىشقا ئاشامدۇ؟

يەر شارىنىڭ ھەرقايسى جايىدىكى توقۇنۇشلار، يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان رايون خاراكتېرلىك ياكى خەلقئارالىق ماجىرالار، ھەرقايسى دۆلەتنىڭ ئۆزۈكسىز ئېلىپ بېرىۋاتقان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەربىي تەييارلىقلىرى تىنچلىقتىن گۇمانلىنىشىمىزنىڭ جانلىق پاكىتى. ئېھتىمال، بەزىلەر يۇقىرىقى سوئالغا ئىلىم - پەن يەنىمۇ تەرەققىي قىلسا، ئۆزئارا ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، چۈشىنىش چوڭقۇرلاشسا، ھەر خىل دىن ۋە مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلار كۈچەيتىلسە، دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراشلار ۋەھىمىلىك رېئاللىقنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ نەزەرىيەسى سۈپىتىدە زىكىر قىلىنىپ كەلدى. ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ كۈچەيدى. بىراق، دۇنيا يەنىلا تىنچ بولمىدى. مەلۇمكى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يەر شارى تىنچلىقىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى ئەمەس.

ئامېرىكا پسىخولوگى ئېرىك فرومنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقى» دېگەن كىتابىدا بىر جەدۋەل بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قېتىمىنىڭ تەرەققىياتقا ئەگىشىپ كۆپەيگەنلىكى ئەكس ئەتكەن:[11]

| يىللار | ئۇرۇش قېتىمى |
| --- | --- |
| 1480 — 1499 | 9 |
| 1500 — 1599 | 87 |
| 1600 — 1699 | 239 |
| 1700 — 1799 | 781 |
| 1800 — 1899 | 651 |
| 1900 — 1940 | 892 |

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت ئېپتىدائىي بولغانسېرى، ئۇرۇش شۇنچە ئاز بولغان. پەن - تېخنىكا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئۇرۇشمۇ كۆپەيگەن ھەمدە ئۇرۇشنىڭ ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقان.

مەدەنىيەت نېمە ئۈچۈن تىنچسىزلىق بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ؟

بىز جاۋابنى يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيلى. چۈنكى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنمۇ ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەنمۇ ئەنە شۇ ئىنسان. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ھامان ئۆز ئەقلىدىن ھالقىپ كەتكەن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش قۇۋۋىتى تەكشى بولمىغانلىقتىن، مەسىلىلەرگە تاپقان جاۋابلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ. بۇ پىكىرىي ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىللىقىنى، شۇنداقلا نەتىجىنىڭمۇ كۆپ خىللىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئەھۋال ئوخشىمىغان قىممەت قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە سەۋەبچى بولغان. مۇتەپەككۇر ئىبن تەيمىيەنىڭ «كىشىلەرنىڭ ھەقىقانىيەتنى قوغدىشى ئۈچۈن ئاللا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، چۈنكى كىشىلەر ھەقىقانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى نۇرغۇن تەرەپتىن تونۇمايدۇ ھەم ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايدۇ»[12] دېگەن سۆزى قوۋملارنىڭ جېدەل - ماجىرالاردىن خالاس تېپىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى چىنلىققا ئۇيغۇن ئورتاق بىر نىزامنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. 20 - ئەسىردە فاشىزم، كاپىتالىزم، كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك ئويۇندا نەچچە ئون مىليون ئادەم ئۆلدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم خانىۋەيران بولدى، نەچچە ئون مىليون ئادەم تارىخنىڭ مەھكۇم مۇساپىرلىرىغا يۈزلەندى، نەچچە ئون مىليون ئادەم شۇ تۈپەيلى ئۈنگەن ئەخلاقسىزلىقنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدە ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىدىن ئايرىلدى. تېخىمۇ كومېدىيەلىك بىر تەرەپ شۇكى، كىشىلەر ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق، ھېسابسىز بەدەللەرنى تۆلىگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئىجابىي يەكۈنگە ئىگە بولالمىدى. ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەت ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن تۈندىكى رەزىل چۈش كەبى كېيىنكىلەرنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ قالدى، خالاس. بۇ رەزىل چۈش پەن - تېخنىكا گۈللىنىشىنىڭ رەڭدار لىباسلىرى ئاستىدا

www.uyghurkitap.com



قېپقالدى. قانداق بولمىسۇن شۇ نەرسە ئېنىق: ئادەملەرنى ئەشەددىي خىرىسكارلارغا ئايلاندۇرغان يۇقىرىقى ئىدېئولوگىيەلەر بەرىبىر غەربنىڭ بەچچىدانىدا يېتىلگەن. بۇ بىر تۇغقانلارنىڭ جېدەللىرى تارىخنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىگە ئەبەدىيلىك تەسىر كۆرسەتتىكى، ئىنسانىيەت ھېلىھەم ئەنە شۇ مەشئۇم يىللارنىڭ تەۋەرەملىرى ئىچىدە قىمىرلاپ يۈرۈشىدۇ. كۈنىمىزدە مەدەنىيەتنىڭ ھاكىم تىپى سۈپىتىدىكى غەرب مەدەنىيىتى «ئىنسانپەرۋەرلىك»، «ئەقىلچىلىك»، «پەن ـ تېخنىكا»، «مىللەت»، «ئەركىنلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق»، «دىن» كەبى چۈشەنچىلەر بىلەن ئەسلىدىكى جەمئىيەت مودېلىرىدىن خوشلاشقان ئاسىيا، ئافرىقىلارنى قورۇپ چىقتى. بۇ تۇپراقلارنىڭ خەلقلىرى غەربتىن ئالغان ئاشۇ ئەڭگۈشتەرلەرنى دەستە قىلىشقان ھالدا غەرب مۇئەسسەسەلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئۆز ھەققىنى دەۋا قىلىشىدىغان بولدى.

مەدەنىيەتنىڭ ھاكىم تىپلىرى ئۆز قىممەت قاراشلىرىنى مەدەنىيەتنىڭ مەھكۇم تىپلىرىغا قوبۇل قىلدۇرۇپ، ئۇنى مەھكۇم تىپلارنىڭ ھايات پىرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. ھاكىم مەدەنىيەت تىپى مۇشۇنداق يوللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ. ئۇنداقتا، خانتىڭتون ئەپەندىنىڭ «دۇنيا تەرتىپى» نېمىنى چىقىش قىلىدۇ؟

«يەر شارىلاشتۇرۇش» نۆۋەتتىكى خەلقئارا يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز بۇ گەپنى «يەر شارىلىشىش» دەپ ئالساق، ئۇنىڭ بەرىبىر مۇئەييەن ئىجرا قىلغۇچىلىرى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەشەببۇسكارلار، ماسلاشقۇچىلارمۇ بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن «يەر شارىلىشىش» دېگىنىمىزدە «يەر شارىلاشتۇرۇش» ھەم «يەرشارىلاشتۇرۇلۇش» دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. دەۋرىمىزدە «يەر شارىلاشتۇرۇش»، «بىر قۇتۇپلاشتۇرۇش» دېگەنلەر ئامېرىكا قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خاھىشىغا ئايلاندى. بۇنىڭغا قارشى ھالدىكى «كۆپ قۇتۇپلاشتۇرۇش»، «كۆپ مەنبە-

لەشتۈرۈش» شوئارلىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، سىياسىي سەھنە-دىكى ھەرقانداق غالىب كۈچ «بىر قۇتۇپلىشىش»نى تاڭغۇسى كې-لىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا غالىب سىياسىي كۈچنىڭ ئۆزلۈكى ئەمەلگە ئاشىدۇ. خانتىڭتوننىڭ كىتابىنىڭ مەزمۇنىدىن ئامېرىكىنىڭ يەر شارىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جە-ھەتلەردىكى شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن تارىخىي پۇرسەت-تە، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ مەۋ-جۇتلۇقى، بۇ خىل توقۇنۇشنىڭ نوقۇل مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى بولماستىن بەلكى، مۇرەككەپ بىر سىياسىي توقۇنۇش بولىدىغانلى-قىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. يەر شارىلاشتۇرۇشتا ئامېرىكى-نىڭ غايەت زور مەنپەئىتى بار، شۇڭلاشقا ئۇ يەر شارىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە پۈتلىشىدىغان ھەرقانداق توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىشى كېرەك. تەبىئىيكى، بىز «مەدەنىيەت» ئۇقۇملىرىنى چۈ-شىنىشكە دۇچ كەلدۇق: مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟

بىر مىللەتنىڭ تىلشۇناسلىقىدا، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇشلىرىدا سۆزلۈكلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، مەنىلىرىنى مۇستەقىل نۇتقىدا تۇرۇپ شەرھلىگەن ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ بولۇشى ئەقەللىي ئىش. بۇ لۇغەت ئىلمىي ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىشتا مۇناسىپ رول ئوي-نىيالەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بىز ئۇقۇملارنى تەھلىل قىلىش داۋامىدا باشقا تىلدىكى لۇغەتلەرگە موھتاج بو-لۇشتىن ساقىت بولالايمىز. بىزدىمۇ بىرەر ئۇقۇمنى يېشىشتە ئال-دى بىلەن ئانا تىلىمىزدىكى مەتبۇئات ـ مەنبەلەرنى ئاساس قىلى-دىغان، ئاندىن يات تىللاردىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىدىغان پوزىت-سىيە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنبەلىرىمىز تەقلىدتىن يا-كى كۆچۈرمىدىن خالىي مېھنەتنىڭ سەمەرىسى بولۇشى لازىم. بۇ بويىچە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» گە قارايدىغان بولساق «مەدەنىيەت» ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى ئۇچرىتىمىز.

«مەدەنىيەت: 1. ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى، ئا-
دەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت،
مائارىپ، ئىلىم ـ پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. 2. بىرەر ئىج-
تىمائىي گۇرۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەل-
تۈرگەن شۇنداق ئۇتۇقلىرىنىڭ دەرىجىسى: سوتسىيالىستىك مەدە-
نىيەت، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى. 3. ئوخ-
شاش بىر تارىخىي دەۋردە، تارقىلىش نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە
قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەر-
نىڭ يىغىندىسى. 4. يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمىي
ساۋات؛ تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەنلىك، زىيالىيلىق؛ مەرىپەت: مەدە-
نىيەتتە ئارقىدا قالماق، مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، مەدەنىيەت سەۋى-
يەسى.» [13]

يۇقىرىقى ئىزاھاتتىن بىز «مەدەنىيەت» ھەققىدىكى ئىزدىنىش-
لىرىمىزگە قانائەتلىنەرلىك ئېنىق جاۋاب ئالالايمىز. ئۇ ئىزاھاتلار
قايسىدۇر بىر لۇغەتتىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.
ئۇنىڭدىن شۇ ئاتالغۇنىڭ ئىستېمالدىكى تارىخىي قاتلام، ئىجتىما-
ئىي قاتلام ۋە پەلسەپىۋى قاتلامنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىنى
كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى باشقا ئۇقۇملار خۇسۇسىدى-
كى ئىزاھلاردىنمۇ بايقىغىلى بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئىستېمال-
دىكى ئۇقۇملار ئەگەر شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە،
تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق ساھەلىرى تەرىپىدىن خاس مەۋقەدە يو-
رۇتۇلمىغانىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي پىنى
بولمىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي پىنى بولمىغان مىللەتنىڭ ئىجتى-
مائىي جىنى يوق بولىدۇ.

تىلىمىزنى پەلسەپىۋى، ئىلمىي، نەزەرىيەۋى تىل دەرىجىسىدە
كامالەتكە يەتكۈزۈش ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپە. ئەگەر بىز بۇ
ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىساق ئۇچۇر ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى
لاياقەتلىك ئىنسانلاردىن بولالماي قالىمىز. تىل مەجرۇھلۇقى دىل

مەجرۇھلۇقىدىن نىشاندۇر. ئۇنىڭدىن كەلگەن پىكرىي كېكەچلىك بىزنى خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ قارا گىردابىغا ئاپىرىدۇ، نەتىجىدە، بىز ئاھانەتلىك بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە تارىخنىڭ لەنەتلىك سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىمىز. دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق تىلىمىزدىكى ۋە ئىجتىمائىي ساھەمىزدىكى ئېنىقسىزلىقلارغا خاتىمە بېرىش زۆرۈرىيىتى توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيەلىك ئىزاھات» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە توختىلىدۇ[11]. ئۇ، ماقالىسىدە ياۋروپادىكى، شۇنداقلا تۈركىيە، جۇڭگودىكى زىيالىيلارنىڭ تىلىمىزدا «مەدەنىيەت»، «مەدەنىيەتلىك» دەپ كېلىنىۋاتقان ئاتالغۇلار ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرى، تەبىر ـ تەتقىقاتلىرىنى تەكشۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن خەنزۇ تىلىدىكى 文明 (ئىنگلىزچىدا Civilization)نى «مەدەنىيەت» دەپ ئېلىۋېرىشنى، 文化 (ئىنگلىزچىدا Culture)نى تۈركچە بويىچە «كۇلتۇر» دەپ ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ مەزكۇر ماقالىسى بىزنىڭ «مەدەنىيەت» چۈشەنچىمىزدىكى خاتالىقلارنى ۋە ئۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان قايمۇقۇشلارنى تۈنجى بولۇپ سەمىمىزگە سالىدۇ.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»[15] تە خەنزۇچىدىكى 文化 غا «مەدەنىيەت» دېگەن سۆزنى، 文明 غا «مەدەنىيەتلىك، مەدەنىي، مەرىپەتلىك» دېگەن سۆزلەرنى قويىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»[16] دە «مەدەنىيەتلىك»كە «مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت ئىگىلىگەن ھالەت» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئەگەر بىز «ئىزاھلىق لۇغەت» كە دائىر بېرىلگەن ئىزاھاتلارنى سېلىشتۇرۇپ قارىساق، ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقى ھەققىدە تۈزۈك بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلالمايمىز. بېرىلگەن ئىزاھاتلاردا ئۇقۇم خاسلىقى بولمايلا قالماستىن، يەنە خەنزۇچىدىكى ۋە باشقا چەت ئەللەر تىللىرىدىكى ئىستېماللار بىلەن زىتلىشىدۇ. سەيمىل خانتىڭتوننىڭ بىز توختىلىۋاتقان ئەسىرىدە 文明 ۋە 文化 ئۇقۇملىرى ھەققىدە مەلۇماتلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېرىلىدۇ. ئۇ 19 ـ ئەسىردىكى غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەسۋىر-لىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. قەيت قىلىنىشىچە، 文明 تېخنىكا، ھۈنەر ۋە ماددىي ئامىللارنى بىلدۈرىدۇ. 文化 بولسا قىممەت قاراش، غايە ھەم جەمئىيەتتىكى يۈكسەك ئېستېتىكىلىق ۋە ئەخلا-قىيلىقنى بىلدۈرىدۇ. ژان كازېنېوۋا 文化 بىلەن 文明 نىڭ پەرق-لىرى ھەققىدە تارىخىي نۇقتىدىن بايان يۈرگۈزىدۇ. ئۇ كېڭەيتىلگەن ئوبيېكتىپ روھ ۋە سۇبيېكتىپ چۈشەنچىلىرى بويىچە يېشىم بېرىپ ئۆتىدۇ: 文化 ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 文明 بولسا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقىنى بىلدۈرى-دۇ، بۇ تىرىشچانلىق كونكرېت ماددىي ئىجادىيەتتە نامايان بولىدۇ.»[⑰]

يۇقىرىقىلاردىن ئايانكى، بىز تېخى تىلىمىزدىكى ئۇقۇملارنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە يۈرۈش قىلىپ بولالمىدۇق. بۇ ئىش زامانىمىزنىڭ تەلىپىگە لايىق يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلارنى كۈتۈپ تۇرماقتا. گېپىمىزگە كەلسەك، مەن دوكتور ئابدۇررەشىد جەلىل قارلۇقنىڭ خەنزۇچىدىكى 文明 نى ئۇيغۇرچە «مەدەنىيەت» دەپ ئې-لىش تەشەببۇسىغا قوشۇلىمەن. 文化 نى «كۇلتۇر» دەپ ئېلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇش بىلەن بىللە، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ باقماق-چىمەن. ئىنگلىزچىدىكى «Culture» ئىبارىسى تۈركچىدە «Kultur» (كۇلتۇر) دەپ قوبۇللانغان. ئۇيغۇرچىدىمۇ بۇ سۆزنى ئەينەن قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان يېرى يوق، مەسىلە كىشىلەر-نىڭ ئۇنى قامراپ ئېلىشىدا. بۇ بىر مەزگىللىك تەتقىقات ۋە ئۆز-لەشتۈرۈش جەريانىغا باغلىق. «تېلېۋىزىيە» (television)، «ئېكسپلاتاتسىيە» (Exploitation) دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن يەردە «كۇلتۇر» ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلىش تامامەن مۇمكىن. تۈركچە قوبۇللانغان «كۇلتۇر» سۆزى ياۋروپا تىللىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئەسلىسىدىكى مەنە ئاساسىدا تۈركچە ئۇقۇم

بولۇپ ئۆزلەشكەن. «كۇلتۇر»گە يانداش سۆز ئىزدەشتە تىلىمىزغا تارىختىن بېرى تەسىرى ئۆتۈپ كەلگەن تىللارغا قاراپ بېقىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك.

«مەدەنىيەت» دېگەن سۆز تىلىمىزدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىنگلىزچىدىكى «Culture»، «Civilization» (خەنزۇچىدىكى «文化»، «文明») ئۇقۇملىرىنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىلدۈرۈپ كەلدى. بۇنداق تومتاقلىق ئىجتىمائىي ئىلىم ھاياتىمىزدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇنداقلا مائارىپىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە نەزەرىيە ئەمەلدىكى سادىر قىلدى. تا ھازىرغا قەدەر خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر دوختۇرلىرى بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلار بۇ ساھەدە قول يۇرۇتمىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇقۇم جەھەتتىكى ئېنىقلىمىلار مۇجمەل ھالەتتىن قۇتۇلمىغان بىر شارائىتتا دەل شۇ خىل ماۋزۇدىكى كىتاب ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. مانا شۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن «مەدەنىيەت» ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

«مەدەنىيەت ئاتالغۇسى تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇقۇم جەھەتتىن ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا مەلۇم پەرق مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئۇقۇمىدا «مەدەنىيەت بىر خىل ئەمەلىي ئىپادە، قىممەت قاراشنىڭ نەتىجىسى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ ئوبيېكتىپ نەتىجىسى. ئەگەر بىز تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەن ھالدا ئەرەبچە لۇغەتلەرگە قارايدىغان بولساق «مەدەنىيەت» ئىبارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «ئەقىدە»، «ھەزارەت»، «سەقافەت» قاتارلىق ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئىبارىلەر بىر ـ بىرىدىن ھەم، پەرقلىق ھەم مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خۇددى ھالقىلاردەك بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن.

«ئەقىدە» ـــ ئېتىقادتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىدېئولوگىيەدۇر. ئۇنىڭ مۇئەييەن ئاخىرقى نىشانى ۋە سىياسىي

مەقسەتتى بولىدۇ. سىياسىي مەقسەتتى بولمىغان نەرسە ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى بولۇپ، ئەقىدە بولۇش شەرتىگە توشمايدۇ. «ھەزارەت» مىللەت، دۆلەت ياكى مەلۇم جۇغراپىيەلىك رايوندىكى كوللېكتىپنىڭ ئاڭ كاتېگورىيەسى بولۇپ، ئۇ ئەقىدىگە ئاساسلىنىدۇ ۋە شۇ ئاساستا قانات يايىدۇ. «مەدەنىيەت» بولسا بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان ماددىي نەرسىلەرنىڭ كونكرېت شەكىللىرى ۋە ئوبرازى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مەدەنىيەت شەكلى ۋاستىلىك ھالدا ئەقىدىنىڭ نەتىجىسى. مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان يەنە بىر شەكلى بار. ئۇ پەقەت تېخنىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مەلۇم مىللەت ياكى رايون دائىرىسىدە چەكلەنمەيدىغان، ھەرقانداق قوۋمغا ئورتاق بولغان شەكىل. «سەقافەت» نىڭ ئىستېمال مەنىسى «ئاڭ ـ سەۋىيە»، «بىلىم ـ سەۋىيە» بولۇپ، مىللەتكە خاس نەقلىي مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز كۆپ تىلغا ئالىدىغان ئىجتىمائىي پەندۇر. مەيلى تەبىئىي پەن ياكى ئىجتىمائىي پەن بولسۇن ئوخشاشلا ئەقىل ئىشلىتىش ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ تۈنجى قەدەملىرىدە پەرق بار. تەبىئىي پەندە ئىزدەنگۈچى بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە ماددا بولۇپ، ئۇ ھېچبىر كىشىنىڭ خاھىشى ۋە مەيدانىغا باقمايدۇ. تەبىئەتتىكى قانۇنىيەت جىمى مىللەتكە ئورتاق بولۇپ، ئۇ تەشۋىقات ياكى تەرغىبات ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان، ياكى ئۆزگەرتىپ تاشلىنىدىغان ساھە ئەمەس. بۇ قانۇنىيەت ئەقىل ۋە تەجرىبە ئارقىلىق بايقىلىدۇ. شۇڭا تەبىئىي پەن بەزىدە ئەقلىي پەنمۇ دېيىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئادەمدىن ئادەمگە كۆچىدۇ، يەنى ئىزدەنگۈچى بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن دۇنيا قاراشتىكى ئادەم ۋاستە بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن نەزەرىيەگە ئاساسەن خۇلاسە كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەقلىي پەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، تەبىئىي پەنگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ.

ئىجتىمائىي پەنگە مۇئەييەن مىللەت ياكى ھۆكۈمرانلار گورۇھى ئىرادىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. دۇنيادا مەلۇم مىللەتكە خاس فىزىكا يوق، ئەمما مۇئەييەن مىللەتكە خاس سىياسىي، تارىخ ۋە مائارىپ بولىدۇ. 20 ـ ئەسىردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىيوروكراتلىرىنىڭ كونترولى ئاستىدىكى ئاكادېمىيە ۋە تەجرىبىخانىلار بولغان، بۇ ئورۇنلار لېسىنكودەك بىر سىياسىي تىپنى تىكلەش ئارقىلىق كاپىتالىستىك غەربنىڭ ئىرسىيەت ئىلمىنى ئاغدۇرماقچى بولغان. تارىخ بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. گىتلېر گېرمانىيەسى «گېرمانىيە فىزىكىسى» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمما ئۇمۇ ئۆتكۈنچى ھادىسە بولۇپ قالدى.

دېمەك، «سەقافەت» دېگىنىمىز مائارىپ ياكى ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىنى، «مەدەنىيەت» دېگىنىمىز پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ھەزارەت» دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى، ئىپادىلىرى ۋە ئىدىيەۋى ئامىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ماددىي بولىدۇ. «ھەزارەت» نىڭ ئىپادىلىنىشى كوللېكتىپ ئاڭدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسى ئەقىدىدۇر. شۇنداق بولغاندا، خەنزۇچىدىكى 文化 (ئىنگلىزچە Culture) (تۈركچە Kultur) نى «ھەزارەت» دەپ ئالساق مۇۋاپىق كېلىدۇ. تىلىمىزدا ئەرەب لېكسىكىسى ۋە ئەرەب جۈملە شەكىللىرىنىڭ مىڭ يىللارچە تەسىرىي ئۇدۇمى بار. بۇ ئەھۋال خەلقىمىزنىڭ ئاتالغۇ ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئەرەبچىگە مايىل ئادىتىنى ۋە ئېڭىنى شەكىللەندۇرگەن بولغاچقا، «ھەزارەت» ئۇقۇمى ئاسان ئۆزلىشىشى مۇمكىن.

پەلسەپىۋىلىكى بار تىلدا يېزىلغان ماقالە مەنىنى ئىخچام جۈملىلەر بىلەن ئېنىق ئۇقتۇرالايدۇ. پىكىردىكى مەنتىقىي ئىزچىللىق ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئاپتورنىڭ ئويلىغىنىدەك ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بىز تىلىمىزدىكى شېئىرىي ئەۋرىشىملىكنى ساقلاپ قېلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن بىللە، تىلىمىزنى ئاتالغۇلاشقان ۋە بۇ ئاتالغۇلارنى سىستېمىلاشقان قىلىپ قۇرۇپ چىقمىساق بولمايدۇ.

مەلۇمكى، پەن ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى غايىسى ئەمەس، بەلكى ۋاستىسى، ئىنسانلارنىڭ بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئىمكانىيەت ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى، چەكسىز ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ۋە نەپسى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ غايىسى. بۇ، خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت كېڭەيتىلگەن ھەزارەتتۇر»[18] دېگىنى بىلەن بىردەك كېلىدۇ.

ئەمدى بىز نەزىرىمىزنى كىتابتىكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىغا يۆتكەپ باقايلى: بىز مەدەنىيەتلەر نېمە ئۈچۈن توقۇنۇشىدۇ؟ قانداق توقۇنۇشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ئاساسەن خىرىستىيان بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا مەركەزلىشىدۇ؟ توقۇنۇشتا قايسى خىل مەدەنىيەت غالىب بولىدۇ ۋە بۇ توقۇنۇش قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆز ـ ئۆزىمىزگە قويماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ھەرقانداق توقۇنۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى، سەۋەبكارى ۋە مەقسىتى بولىدۇ. بىز خانتىڭتوننىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندا، مۇنداق بىر تارىخىي رېئال پاكىتقا سەل قارىيالمايمىز كېرەك: دۇنيادا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان بارلىق توقۇنۇش راستتىنلا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىمۇ؟ خانتىڭتون يەر شارىنى بىرقانچە مەدەنىيەت رايونىغا ئايرىغاندا، غەربنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە غەربنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. مەدەنىيەتلەرنى تىپقا بۆلگەندە، غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. مىسالەن، خانتىڭتون يەتتە ـ سەككىز تىپقا بۆلگەن بولسا، ئارنولد تويىنبى 24 تىپقا بۆلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى كۆپ خىل بولىدۇ. ئەگەر ئىنگلىز مەدەنىيىتى، رۇس مەدەنىيىتى، ئەرەب مەدەنىيىتى، تۈرك مەدەنىيىتى، خەنزۇ مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى... دەپ تۈرلىگىلى تۇرساق جىق گەپ

بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيە بىلەن نىسبەت-لەپ قارىساق، بۈگۈنكى دۇنيا ئېنىق ھاكىمىيەت سىستېمىسى ۋە سىياسىي غايىگە ئىگە ئىككىلا ئىدېئولوگىيەگە ئۇيۇشقان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئىسلام، يەنە بىرى خىرىستىيان. ئەگەر بۇددا دىنىمۇ بارغۇ دېيىلسە، ئۇ روھنى پاكلاپ، نىرۋاناغا يېتىشنى تە-شەببۇس قىلىدىغان دىن سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ئۆزى-نى تارتىدۇ. سىياسىي مەقسىتى بولمىغان نەرسىنى ئىدېئولوگىيە دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇ بىر خىل مەدەنىيەت ئىپادىسىدۇر. سى-ياسىي نىشانى بولمىغان كىشىلىك دۇنيا قاراش ۋە ئۇنىڭ ئىپادى-سى بولغان مەدەنىيەت سىياسىي نىشانى بار بولغان ئېتىقاد ياكى ئىدېئولوگىيەگە يەم بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان ئىدېئولوگىيەنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي تۈزۈ-مىگە، ئىستراتېگىيەسىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز ئىپادىسىنى تۈرلۈك قىياپەتتە كۆرسىتىۋاتقان قىممەت قاراشنى چىقىش نۇقتىسى قىلساق، ئاندىن بىز مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدى-كى توقۇنۇشنىڭ ماھىيەتلىك توقۇنۇش ياكى شەكىلدىكى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇزاق مۇددەتلىك توقۇنۇش ياكى ئۆتكۈنچى توقۇنۇش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، بىز ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىدېئولوگىيەلىك تەۋەلىكىنى بېكىتكەندە، ئاندىن توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتەلەيمىز. بۇ مەنىدىن ئېيت-قاندا، ھاكىمىيەتكە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئۇزاق مەز-گىللىك ۋە ماھىيەتلىك توقۇنۇش بولىدۇ. خانتىڭتوننىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا جىددىي ئې-تىبار بېرىشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كوممۇنىستىك ئەقىدىدىن ۋاز كېچىپ، كاپىتالىستىك دۇنيا قاراش بويىچە ئۆز ئىجتىمائىي ھاياتىنى باشلىغان رۇسىيە ۋە شەرقىي ياۋ-روپا قىممەت سىستېمىسى دۆلەتلىرى غەربىي ياۋروپا قىممەت سىس-

تېمىسى بىلەن ئاسانلا ئورتاقلىق يارىتالىدى. 1948 ـ يىلى 14 ـ مايدا ئىسرائىلىيە زىئونىزم ئاساسىدا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغاندا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى شۇ ھامان ئېتىراپ قىلدى. ئاتېئىزمنى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئۇلى قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ھايال ئۆتمەيلا ئېتىراپ قىلدى. ئوتتۇرا شەرقتە ئىسرائىلىيەدەك بىر دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا ئوخشاش پوزىتسىيە قوزغىدى؟ خەلقىمىزدىكى «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەن تەمسىل بۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بولىدۇ.

مەسىلىنىڭ مۇنداق بىر تەرىپىمۇ بار: دۇنيادا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگۈسى توقۇنۇشلارنى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ ھۆكۈم قىلىش مەلۇم نىسپىيلىككە ئىگە. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بىر مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ يەنە ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ ئەنگلىيەگە قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئەنگلىيە ئىگىلىۋالغاندىن بۇيانقى سەككىز ئەسىرلىك سۈركىلىشنى مەدەنىيەت ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ سىلاۋىيان مەدەنىيىتىگە، شۇنداقلا خىرىستىيان دىنىنىڭ پىراۋوسلاۋىيە مەزھىپىگە تەۋە شەرقىي ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىغا، ئارقىدىنلا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇش ئارقىلىق رۇسىيەگە قارشى ھەربىي، سىياسىي ئالدىنقى سەپ ھاسىل قىلغىنىغا نېمە دېيىش كېرەك؟ كۆرۈش ئاسانكى، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى چەكسىز ئېھتىياجى ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىتىنى چەقىش قىلغان ئەقىدىنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرمىگۈچە توقۇنۇش ھەر

ۋاقىت يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھاكىم ۋە مەھكۇملىرى بولغاندەك، مەدەنىيەتنىڭمۇ ھاكىم ۋە مەھكۇم تىپلىرى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش باراۋەرلىك تۈسىدىكى ئىختىيارىي ئالماشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھەر خىل ۋاستە ئارقىلىق مەجبۇرىي ئالماشتۇرۇشتۇر. مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ تەبىئىي قانۇنىيەت ئاساسىدا يۈز بەرمەيدۇ. بەلكى قۇدرەتلىك سىياسىي، ھەربىي مېخانىزمنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پىلانلىق، باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سۇنئىي رەۋىشتە ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز توقۇنۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى، ۋاستىلىرى، غايىسى ۋە ئىپادىلىرى ھەققىدە توختالدۇق. توقۇنۇش بولغانىكەن، ئۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئاخىرلىشىش بىر تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىپ مۇتلەق تەشەببۇسكار ئورۇنغا چىقىشى، يەنە بىر تەرەپنىڭ تەشەببۇسكار ئورنىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك، ھازىرقى دۇنيادا نېگىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆپ خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىدىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ھاكىمىيەتكە تەبىقلىنىشىنى ئىزدەۋاتقان مۇستەقىل بىر مەدەنىيەت بىلەن ئۆز ئەقىدىسىگە ئاساسلانغان تۈزۈلمىگە، قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە يەنە بىر مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مەۋھۇم ھالەتتىن ئوچۇق ھالەتكە ئۆتتى. ھىندىستان ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى، يەرلىك ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئۆزلۈكى بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مۇستەقىل ئەقىدە ـ ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەمەس، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە غەرب مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىگە ئاسانلا سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكا سىياسىيونى خانتىڭتون 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيانىڭ سىياسىي يۈزلىنىشىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، 21 ـ ئەسىردە يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان توقۇنۇشنىڭ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توقۇنۇش بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر تەسىرى بولغان ئىككى خىل نېگىزلىك مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان جۇغراپىيەلىك ئورۇننىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەتتا ئوتتۇرا شەرقتىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئەمەلىيەتتە 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا كۈچەپ ئوتتۇرىغا قويغان شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى شەرققە كېڭەيتىش تەسەۋۋۇرى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. شۇنداقلا «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا بىۋاستە قەدەم باستى ۋە ھەربىي بازىلارنى قۇردى. غەرب ئەللىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىگە تەھدىت سالىدىغان ئامىلنى ئىككى دەپ قاراشقا بولىدۇ: بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى. بۇ گۇرۇھلار گەرچە بۇ رايوندا ھاكىمىيەت سۇپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ئۆز خەلقىنىڭ ئىدىيەسىدە شەكىللەنگەن. ئىدېئولوگىيەلىك ۋاكۇئۇمنى ئىسلام بىلەن تولدۇرۇشقا ئاتلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى كوممۇنىزم تۈزۈلمىسى ۋە ئېتىقادى ئاستىدا ئۇزۇن يىللار ياشىغان بولسىمۇ، ئون ئەسىر تارىخقا ئىگە ئىسلام ئەنئەنىسى خەلقنى ئىسلام چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا ئۈندىدى. ئۆز ھاكىمىيىتىدىكى چىركىن تەرەپلەردىن سۆيۈنمىگەن بۇ كىشىلەر ئۈمىدىنى باشقا ياققا بۇرىغاندى. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامېرىكا، روسىيە كەبى سىرتقى تەسىرىي كۈچلەر پەقەت ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق پۇت تىرەپ تۇرماقتا. ئامېرىكا ئۇچۇن بولغان تەھدىتنىڭ يەنە بىرى، ئوتتۇرا ئاسىياغا شىمال تەرەپتىن چېگرالىنىدىغان روسىيە ۋە شەرق تەرەپتىن چېگرالىنىدىغان روسىيە ھەم شەرق

تەرەپتىن چېگرالىنىدىغان جوڭگو. ئېلىمىز جوڭگونىڭ ئامېرىكا ئويلىغاندەك ئۇنداق قەستى بولمىسىمۇ، ئامېرىكا بۇنداق چۈشەنمەيدۇ. روسىيە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا غەرب قوشۇنلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى خالىمىسىمۇ، ئۇنى دىپلوماتىيە تەبەسسۇمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر. ئېلىمىز جوڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئېنېرگىيە ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى مەنپەئەتى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما بۇ رايوندىكى تەسىرى ۋە يىلتىزى روسىيەنىڭكىدىن چوڭقۇر ئەمەس. شۇڭا جوڭگو ئۆزىنىڭ كىلاسسىك تەمكىنلىكى بىلەن پۇختا دوستانىلىق قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ھەمكارلىق ئارقىلىق تېررورىزمنىڭ خەۋپىدىن ساقلىنىشى لازىم بولىدۇ. ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىتىدە روسىيەنىڭ بۇ رايوندىكى مەلۇم مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىش ھەم بۇ رايوندا ھەربىي بازا تۇرغۇزۇشتەك ئىككى تەرەپلىمە تاكتىكا قوللىنىۋاتىدۇ. جوڭگوغا نىسبەتەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى يادرو كىرىزىسىنى ئۇلغايتىپ، بۇ رايوندىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەر ۋە ئاخىرلاشمايدىغان كىرىزىسقا بەند قىلىش ئارقىلىق جوڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تەسىر دائىرىسىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇرەككەپ بىر سىياسىي سەھنە، بۇ سەھنە گويا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربنىڭ دىرىژورلۇق تايىقى ئاستىدا قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئېھتىمال بۇ سەھنىدىكى ئويۇن ئوتتۇرا شەرقتىكى ئويۇن بىلەن ئوخشاش تاناسىپ ئوينالسا كېرەك. بۇ ئويۇننىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ سوئال ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىدىن بولغان زىيالىيلاردىن ياكى باشقا ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى زىيالىيلاردىن سورالسا، ئۇلار غەربنىڭ تەڭداشسىز ھەربىي، ئىقتىسادىي قۇۋۋىتىنى نەزەردە تۇتۇشقان ھالدا، چوقۇم غەربنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توۋرا ئاسىيانى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنى سوغۇققان رەۋىشتە تەدقىق قىلىۋاتقان غەرب زىيالىيلىرى ئۇنچە ئالدىراقسانلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. خانتىڭتون ئەپەندى ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ بىرى. ئۇ، كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا غەرب مەدەنىيىتىدىكى چۇشكۇنلۇكلەرنى دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تېشى چىرايلىق، ئىچى سېسىق ئالەمگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن غەرب زىيالىيلىرى ئۆز غەلىبىسىگە ئالدىراپ ئىشەنچ باغلىمايدۇ. غەرب ئالىملىرى بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئەبەدىيلىك توقۇنۇش بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرۇلۇق بەرگەن بېشارەتلىرىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا چۈشۈپ ئادىل ھۆكۈمران بولۇپ، كىرېستنى چېقىپ تاشلىغان، چوشقىلارنى ئۆلتۈرگەن، جىزىيە (ئىسلام دىنى ھۆكۈمران جايلاردا غەيرىي دىندىكىلەردىن ئېلىنىدىغان مەخسۇس باج) نى ئەمەلدىن قالدۇرغان، پۇل ـ مال ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان، ھەتتا ھېچكىم قوبۇل قىلىپ ئالمايدىغان بولغان چاغدا (ئۇلار قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئالمايدۇ)، ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ». يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا ئاسماندىن چۈشۈپ سىلەرگە ئادىل ھۆكۈمران بولىدۇ، كىرېستنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزىيىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، پۇل ـ مال شۇ دەرىجىدە كۆپىيىدۇكى، ئۇنى سەدىقە قىلىپ بەرسە، ھېچكىم ئالمايدۇ، بۇ چاغدا ئاللا ئۈچۈن قىلىنغان بىر سەجدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەل بولىدۇ.»[19]

يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن روھى بىلەن تەتبىقلاپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەرنى مۇنداق شەرھلەش مۇمكىن:

كىرىستىت بۇگۈنكى غەرب دۇنياسىنىڭ نەزىرىدە ھەقىنىڭ سىمۋولى، ئۇلار يەنە بىز ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە مۇخلىسلىرى بولىمىز، ئەينى چاغدا ئەيسا پەيغەمبەر مۇشۇ كىرىستىت (چار مىخ) قا مىخلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، دېيىشىدۇ. ھەدىستىكى «كىرىستنى پاچاقلاش» دەل بۇنداق قاراشنىڭ خاتالىقىنى ۋە يەھۇدىي - ناسارالارنىڭ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چىن مۇخلىسلىرى ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئازغۇنلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمدى «چوشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ ئۇنى يېيىشنىڭ ھاراملىقىنى ئەسكەرتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، غەرب دۇنياسىنىڭ كىشىلىرى چوشقا گۆشىنى «ئىنجىل» ھارام دەپ مەنئىي قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى يەۋەردى ۋە ئۆزىنى ھەزرىتى ئىيسانىڭ ئۇممەتلىرى دەپ قارىدى. يۇقىرىقى سۆز بۇ ئىشنى پاش قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىككى جۈملە بېشارەتنى يەنە بىر قەدەر ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلغاندا، بۇ سۆزلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوخشاش بىر سۇزۇك بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكىنى، «ئىنجىل» بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر پەرۋەردىگاردىن نازىل بولغانلىقىنى، خىرىستىيانلار «ئىنجىل» دەپ كۆتۈرۈۋالغان كىتابنىڭ نەق «ئىنجىل»نىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى دەل ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى پاش قىلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلار راستتىنلا مېنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىم بولسا، تالاي يىلدىن بۇيانقى توقۇنۇش يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دەپ ئىسپات بېرىدۇ، دېگەن بېشارەتمۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى قوۋم ئوتتۇرىسىدىكى نىزانى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ قانداقتۇر ئەرەبلەرنىڭ يەھۇدىيلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەستىن، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھالقىلىق ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشى نەتىجىسىدىن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى،

ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئورتاق دىنى
ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ گۈللى-
نىشى ھەققىدىكى ئىبارىگە كەلسەك، بۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ پەۋ-
قۇلئاددە يۈكسىلىشى ئارقىسىدا ئۇنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ تەبىئەت-
تىكى بايلىق مەنبەلىرىنى تېپىپ ئېچىش ۋە پايدىلىنىشتىن كەلگەن
بايلىق جۇغلانمىسىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر قانداق تۈزۈلمىدە بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر تېخىمۇ كۆپ پۇل توپلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.
«مەن سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، يېقىن كەلگۈسىدە قايتىپ
كېلىمەن»، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىقى ھەدىس بى-
لەن بىردەكمۇ- قانداق؟ ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆزى بىرنېمە دېسۇن!

ئىسلامىي ھەزارەت روھىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، غەرب
ھەزارىتى ماددىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. دىنىنى ھاكىمىيەتتىن
ئايرىشتىن ئىبارەت قىممەت قاراش سىستېمىسى غەرب تۈزۈلمى-
سىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىسلام بۇنىڭغا قارشىدۇر. ئۆز دىنىنى ئىككى
دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ يېتەكچىسى، دەپ بىلىدىغان مۇسۇلمانلار-
نىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشىنى غەرب سىياسىيون-
لىرى دىققەتتىن خالىي قىلمايدۇ. ئېھتىمال، غەربلىكلەرمۇ مۇنۇ
ھەدىسكىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، يەھۇدىيلار تاش ۋە
دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالسا، تاش ۋە دەرەخ: ‹ئەي مۇسۇلمان!
مېنىڭ كەينىمدە بىر يەھۇدىي بار، ئۇنى ئۆلتۈر› دېمىگۈچە قىيا-
مەت بولمايدۇ.»①

بۇ ھەدىسنى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى يەر شارىلاشتۇرۇش تە-
كىتلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ يەر
شارىلاشتۇرۇش غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پاراۋۇز، قالغان مەدەنىيەت-
لەرنىڭ ۋاگون بولۇشىدىن دېرەك بېرەمدۇ - يوق؟ بۇ ھەدىس مۇ-
سۇلمانلارغا نىسبەتەن غەربنىڭ داۋاننىڭ چوققىسىغا چىقىپ قاي-

تىپ چۈشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، غەربلىكلەر ئۈچۈن خەۋپ-تىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، ھەركىمنىڭ كۆڭلىدە چوت بار. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكىدىكى ئاۋانگارت ئەترىتى بولغان يەھۇدىيلارنىڭ يوق بولۇشى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەلتۆ-كۈس بەربات بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ ئۆزئارا توقۇنۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغان بۈگۈنكى ئەرەبلەر ئۇنداق زەپەرگە قادىر بولالمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ يىمى-رىلمەس ئېتىقادنى مەركەز قىلغان مۇستەھكەم سىياسىي سىستې-مىغا كېلىشىدىن پەيدا بولىدىغان تەڭداشسىز كۈچ دەل يىراقنى كۆرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈمىدىدۇر. شۇنداقلا غەرب سىياسى-يونلىرىنىڭ ئەندىشىسىدۇر.

سەيمىل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» ناملىق كىتابىنى شۇ خىل ئەندى-شىدىن كەلمىدى دېگىلى بولارمۇ؟

**نەقىل مەنبەلىرى**

① پەن جۇڭجى: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»نى ئوقۇشقا تەكلىپ»، سەيمىل خانتىڭتوننىڭ شۇ ناملىق كى-تابىنىڭ خەنزۇچە نەشرىگە قوشۇمچە، 419 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 1999 ـ يىلى يانۋار، 2 ـ نەشرى.

② يۇقىرىقى ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، يۇقىرىقى كىتاب 419 ـ بەت.

③ ھېرالد مېللېر (گېرمانىيە)، «مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇ-قى»، 11 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 2002 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

④ يۇقىرىقى كىتاب 11 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 19 ـ بەت.

⑥ سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپ-نىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، 6 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەن-زۇچە 2 ـ نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



⑦ يۇقىرىقى كىتاب 6 ـ بەت
⑧ يۇقىرىقى كىتاب 6 ـ بەت
⑨ يۇقىرىقى كىتاب 6 ـ بەت
⑩ يۇقىرىقى كىتاب 193 ـ بەت
⑪ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 200 ـ يىلى يانۋار خەنزۇچە نەشرى، 266 ـ بەت.
⑫ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىيىلىرى»، گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى ئىيۇل نەشرى، خەنزۇچە.
⑬ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى.
⑭ ئىلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.
⑮ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ماي، 1 ـ نەشرى.
⑯ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى.
⑰ «جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى 10 چوڭ ئۇقۇم»، 29 ـ بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى يانۋار 1 ـ نەشرى.
⑱ سەيمىل خانتىڭتون: «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپ-نىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، 25 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى 1999 ـ يىلى يانۋار، 2 ـ نەشرى.
⑲ «سەمەرقەند بۇخارىي جەۋھەرلىرى ۋە چەستالانىي شەھرىي» ناملىق كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئۇيغۇرچە نەشرى، 185 ـ ، 263 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

2003 ـ يىلى ئاۋغۇت، ئۈرۈمچى

# مۇھەممەدجان راشىدىن شېئىرلىرىدىكى ئاممىبابلىق ۋە قاپىيە

شەكىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيەتىدىكى ئىككى خىل ئەنئەنە ئۆز سىمالىرىنى روشەن كۆرسىتىپ كەلدى. بىرى، ئارۇزنى نېگىز قىلغان ۋەزىنلىك شېئىر ئەنئەنىسى. لۇتفىي، نەۋايى، فۇزۇلىيلار ئارقىلىق ۋايىگە يەتكەن بۇ ئەنئەنە 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىدا رېئالىستىك مەۋقەدە لەرزە تاپتى. يەنە بىرى، ئەركىن شېئىر ئەنئەنىسى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددىزم شېئىرىيىتىدە بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ مۇقامىنى يەتكۈچە ئۇچرىتىمىز. «تۇرپان تېكىستلىرى» ناملىق توپلانغان شېئىرلاردا ۋەزىن ئېتىبارىدىن نىسبەتەن خالىي شېئىرىي نامايەندىلەر ئۆزگىچە بىر پۇراقتا جامال ئاچىدۇ. بۇ ئەنئەنە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئارۇز دولقۇنلىرىدا كۆزدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۆمەر مۇھەممىدىي، ئەنۋەر ناسىرىي، لوتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىدا نامايان بولدى. ئەركىن ئۇسلۇب 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا بارلىققا كەلگەن «گۇڭگا شېئىر» لاردا تېپىك گەۋدىلەندى. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەنئەنە بەزى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە تەڭ مەۋجۇت بولدى، بۇنىڭ ئۇچۇن تېيىپجان ئېلىيوف يارقىن بىر مىسالدۇر.

شېئىرىي شەكىللەرنىڭ كۆپ بولۇشى، ئۇسلۇبلارنىڭ رەڭدار بولۇشى شائىرلارنىڭ خاسلىق يۆنىلىشىدىكى قەدەملىرىنىڭ پائال بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 21 ـ ئەسىرگە قەدەم بېسىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شېئىرىيەت بويىچە يىرىك ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


پىك ژانىرلارنىڭ سۇسلاپ كېتىشى ھەممىمىزگە ئايدىڭ. قارىسىڭىز گېزىت ـ ژۇرنال سەھىپىلىرىدە لىرىزىم تۇسىدىكى باچكا شېئىرلار كۆپ چېلىقىدۇ. ئەدەبىيات تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر ئېكرانلىرىدىكى فانتازىيە ئىمكانىيىتى چەكسىز بولغان سۈرەت ھەم بەلگىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېشىمىزنى قاتۇرىدىغان سوتسىئولوگىيەلىك، ئېستېتىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمىز. بۇ دەۋرگە كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ تىل ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى تەبىرلىرىدە تەۋرىنىش بولدى. كانادالىق دوكتور مارشال ماكلوخان ئارىلاش مېدىيە (多媒体 Media) نىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇ كۆپ ۋاستىنى يېڭىچە بىر خىل تىل دەپ قارىغان. ئۇ: تىلنى ئىجادىيەت ۋە ئالاقىنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىغىنىمىزدا، ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان ھەرقانداق بىر يېڭى ۋاستىنى مەلۇم مەنىدە تىل دەپ قاراشقا بولىدۇ، دېگەنىدى. تارىختىكى تاش مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئەلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا قانداق تەسىر ئەكەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز. ئەمما كۆپ ۋاستە (Media) دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيەتنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

شېئىرىيىتىمىز يېڭى تارىخىي سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن ياكى بۇ خىل تىپتىكى شائىرلار ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش ھەقىقەتەن مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. مۇھەممەدجان راشىدىننى ۋەزىنلىك شېئىر ئەنئەنىسىنىڭ غوللۇق بىر ۋارىسى دېيىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ شائىر ئوبرازىدىكى كەڭ ئاممىۋى ئاساسلارنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇھەممەدجان راشىدىن شېئىرلىرى بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان پسىخولوگىيەلىك ھەم سوتسىئولوگىيەلىك ئېلېمېنتلار خېلى كۆپ. بۇ ئېلېمېنتلارنى خەلقىمىزنىڭ تىپىك يېزا مىللە-

ـتىـگە خاس ئاق كـۆڭـۈل، ساددا خۇسـۇسىيەتـلىـرى، جـەمـەتـنـىـڭ ئەخلاقىي شەرىپى ۋە يۇرت مېھرىگە بولغان ئىنتىلىشلىرى، ئېتىد-قاد ۋە ديانەت بابىدىكى سەممىيلىكلىرى، كېـلەچەككـە قارىغانـدا ئۈتمۈش بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلۇقى قاتـارلىق نۇرغـۇن تەرەپ تەشكىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مۇھەمـمەدجان راشىـددى-نىڭ ئانا تېمـىسىـدىـكى شېئـىرلىرى بـۇنداق روھنى تـازا ئېنىـق خاراكتېر بىلەن كۈيلەيدۇ. ئۇنىڭ ناخشىغا ئايلىنىپ كەتكەن «سەن يوق» قاتـارلـىق بىـر يۈرۈش شېئـىرلـىرىـدا بىر قورۇدىـكى نەچچـە ئەۋلاد قانداشلارنىڭ ئانىنى نېگىز قىلـىپ ئۇيۇشـۇشلىرى، ۋاپادار ۋە ساداقەتنى تىرىكچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلـچىمى قىـد-لىشلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ خاراكتېر كاپىتال ۋە ماشىنىنىڭ بۇزۇشلىرىغا ئۇچرىمىغان تەبىئىي بىر خەلـقىنىڭ مـىجەزى. مۇشـۇ خىل مىجەز ئارىلاشما مـەدەنىيەت شـىددەتلـىرى تۈپەيلـى يىمـىر-لىۋاتقان، يات ئېكران ئوبرازلىرى ساپ مىللىي سىمالاردىن قەلب تالىشىۋاتقان، قېچىر خاراكتېردىكى يېڭى ئـەۋلادلارمۇ كۆزگە چې-لىقىۋاتقان بۇ خىل ئىجتىمائىي ئارقا كـۆرۈنۈشكە شـائىر مۇھەم-مەدجان راشىددىنىنى قويساق، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىۋى قىممىتى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى شېئىرىي سەنئەتنىڭ پەۋقۇلئاددە نەتىجىلىرىگە ئېرىش-كەنلىكىدە ياكى مەنىنىڭ زىيادە چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆككەنلىد-كىدە ئەمەس، بەلكى ساددا بىر خەلقىنىڭ سەممىي، تۈز خاراكتې-رىنى شۇلارغا باب كېلىدىغان شەكىل ۋە رىتىمدا سىدام قىلىپ ئىپادىلىگەنلىكىدە. مۇھەممەدجان راشىددىنىڭ شائىر سۆيىتىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، تەبىئىي ھالدا يەنە بىر ئامىباب شائىر ئې-سىمىزگە كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ روزى سايىت. دەرۋەقە جامائەتە-نىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئىككى شائىرنىڭ بىرى تەڭرىتاغلىرىمىزنىڭ شىمالىدا، يەنە بىرى جەنۇبىدا تۇرۇپ، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھېسسىياتىنى كۈيلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى شائىرانە دىلى ۋە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تىلى بىلەن ئاددىي خەلققە ناھايىتى يېقىن تۇردىكى، خەلقىمۇ بۇ يې-
قىنلىقنى سەزدى ھەم قوبۇل قىلدى. ئۇلاردىن بىر مىللەتكە خاس
ئورتاقلىقنى، شۇنداقلا تەگرىتاغلىرىنىڭ ئىككى قانىتىغا خاس
يەرلىك ئالاھىدىلىكنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز مۇھەممەدجان
راشىددىننى فولك ئۇسلۇبىدىكى شائىرلارنىڭ ئاخىرقى بىر ۋەكى-
لى دېسەك، بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تازا ماس كېلىدۇ.

بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئەرزىگەن شائىر كۆپ قاتلامدىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ. مۇھەممەدجان راشىددىنمۇ شۇنداق. ئۇ تىلشۇناسلار، سەنئەت نەزەرى-يەچىلىرى، جەمئىيەتشۇناسلار، فولكلورشۇناسلار ئۈچۈنمۇ ئۆزگە لايىق تېما ئاتا قىلالايدۇ. جۈملىدىن ئۇنى شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى تۈرلۈك نۇقتىلىرىدىن قىدىرىپ كۆرگىنىمىزدە مۇناسىپ پىكرىي ھاسىلاتلارغا ئېرىشىمىز، بىزدە شائىرلارنى مۇئەي-يەن تېماتىك ئۆلچەم بويىچە باھالاش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەل-دى. ئوبزورچىلىرىمىز بىر پارچە ئەسەردىن ئالدى بىلەن مەزمۇن ئىزدەپ كەلدى. ئادەتتە، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچى-لىرىمۇ بەدىئىي ئەسەر ئۈستىدىكى تەھلىلنى نوقۇل مەزمۇن تەھ-لىلى قىلىپ قويىشتى. بىزدىكى ئەدەبىيات تارىخلىرىمۇ مەزمۇن تەھ-لىلى بويىچە يېزىلىپ كەلدى. ۋاھالەنكى، ئەدەبىيات نوقۇل مەزمۇن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ چىن مەنىسى بىلەن قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسىدۇر. بىر خەلقنىڭ مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنىڭ رېئاللىقى ئۇ-نىڭ ئويلاش مېتودىدا مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي فورمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىش شۇ خەلق رېئاللىقىنىڭ بىر قىسمىنى قايرىپ قويۇش بىلەن باراۋەردۇر. بەدىئىي سىرلارغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەن نوقۇل ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىنى تەھلىل قىلغان ئەدەبىيات تارىخىمۇ چالا يېزىلغان تارىختۇر.

ئېيتقىنىمىزدەك، مۇھەممەدجان راشىددىن كەڭ بىر تېما. ئۇنى

ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن بىرلا قېتىمدا چىقىپ
بولغىلى بولمايدۇ. شائىرنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن تۆرەلگەن قۇرلارنى
مەسئۇلىيەتچان ئەقلىي مۇھاكىمە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئەستايى-
دىللىق ھەم ئىزچىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر مېھنەت. بىز
شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى نەزىرىمىزدىن تولۇق ئۆتكۈزگىنىمىزدە،
ئەلنەغمە ئەدەبىياتىغا خاس ئامىللارنىڭ نىسبەتەن كۆپ ئىكەنلى-
كىنى بايقايمىز. ۋاھالەنكى، ئەلنەغمە ئەدەبىياتىدا مەركىزىي ئورۇن
ئىگىلەيدىغان ئانا ژانىر قوشاقتۇر. دەل مۇشۇ قوشاق تىل سەنئى-
تىنىڭ ھەممە سەھەلىرىنىڭ زېمىنىدۇر. فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى
ژان. ژاك. روسسو «تىلنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن ئەسىرىدە، تىل-
نىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەقىل ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە
سېزىم ئارقىلىق دەلىللىگىلى بولىدۇ، دېگەنىدى. ھاياجان ئىپ-
تىدائىي دەۋر ئادەملىرى ۋە زامانىۋى دەۋر ئادەملىرىدىكى ئورتاق
ئالاھىدىلىك. ئەقىللىقلىشىپ كەتكەن زامانىۋى جەمئىيەت ئادىمى-
گە نىسبەتەن ئىپتىدائىي دەۋر ئادەملىرى ئۆز ھاياجىنىغا بەكرەك
ئەركىنلىك بېرىدۇ. ئۇلار قاتتىق ھاياجانلانغاندا چىقارغان ئاۋاز
روسسونىڭ قارىشىچە ئەڭ دەسلەپكى شېئىر ئىدى. ئىنسان ئۆزى
بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىشىشلارنى
ھېسسىيات ۋە بىۋاسىتە سېزىم شەكلىدە ئىزھار قىلغان. سۆزلەر
ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ھېسسىيات ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە تاۋۇشلار-
نىڭ ئۇزاق تاۋلىنىشى ۋە تەشكىللىنىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بار-
غانسېرى مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارنى، ئاخىر ئەقلىي ھۆكۈملەر-
نى ئىپادىلەيدىغان بولغان. ھەرقانداق سۆزنىڭ ئۇرغۇلۇق تاۋۇشلى-
رى بولىدۇ، بۇ تاۋۇشلار مىسرالاردىكى ئاھاڭدارلىقنى ۋە شائىرنىڭ
كەيپىياتىدىن دېرەك بەرگۈچى رىتىمنى شەكىللەندۈرىدۇ. سۆز ۋە
مىسرالارنى شائىر ھېسسىياتىنىڭ ئاپتوماتىك تەسۋىرى دېگىنى-
مىزدە، بۇ ھېسسىيات ئىچكى مەنىسىگە ئاساسەن سۆز ۋە جۈملى-
لەرگە (مىسرالارغا) شائىر شەخسىيىتىگە مايىل يوشۇرۇن ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھاڭلارنى ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا، بەزى شائىرلار شېئىردىكى مەنىنىڭ يېرىمىنى ئاھاڭ تەشكىل قىلىدۇ، دەيدۇ. شېئىردىكى ئاھاڭ شائىرنىڭ قېنىدىكى قايناقلىق ۋە ھارارەتنىڭ تىلدىكى رېئاللىقىدۇر. قوشاقتا بۇ خىل ئاھاڭنى ھاسىل قىلىدىغان رىتىم ۋە قاپىيە ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، خەلق قوشاقلىرى ئۆزىدىكى ئاھاڭدارلىق ۋە ئىخچاملىق ئارقىلىق ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنىڭ غوللىرىدا تاۋلىنىپ، بىر پۈتۈن كوللېكتىپ ئاڭنىڭ سەمەرىسىگە ئايلانغان.

بارغانلاردىن سالام ئېيتىمەن،
يانغانلاردىن سورايمەن سېنى.
يېمىش كەپتۇ قەشقەردىن دېسەم،
قاقلىرىڭدىن پۇرايمەن سېنى.

—— «قەشقەرگە خەت»تىن

زۇرۇر بولسا ناۋاي بولىمەن،
نان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن.
تىلىمەيمەن ۋىجدانسىزلاردىن،
قان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن.

—— «قان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن» دىن

مۇھەممەدجان راشىددىننىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرى مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن خەلق قوشاقلىرىغا ياكى خەلق داستانلىرىغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. «ئالپامىش»، «يۇسۇپ ۋە ئەھمەد»، «سەنۇبەر» قاتارلىق خەلق داستانلىرىدىكى شېئىرىي شەكىللەر بىلەن مۇھەممەدجان راشىددىن شېئىرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ چىقساق، ئاممىباپلىق، يەڭگىللىك، راۋانلىق جەھەتتىكى روشەن

قانداشلىقنى بايقايمىز. مېنىڭچە، مۇھەممەدجان راشىددىن شېئىرلىد-رىدىكى خەلقچە ئۇسلۇبتىن ھېچكىم گۇمان قىلمىسا كېرەك. ھا-زىرچە بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى بولغان قاپىيەگە نەزەر سېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. قاپىيە ئۇنىڭ شېئىر-لىرىدىكى ئاھاڭدارلىقنىڭ يارقىن بىر ئەزاسى بولۇپ، كۆزگە ئالا-ھىدە چېلىقىدۇ. ھەتتا ئۇ ماڭا قاپىيە گۈزەللىكىگە بەكرەك مەپتۇن شائىردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇ بىر قىسىم ئۇتتۇقلۇق چىققان شېئىر-لىرىدا ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى قاپىيەگە تۇگەللىگەندەك تەسىرات بېرىدۇ. بۇ شېئىرلاردا مىسرالار گويا قاپىد-يەگە قاراپ ئېقىۋاتقاندەك، قاپىيەلەر بولسا مەنىنىڭ چوڭ - كىچىك تومۇرلىرىنى ئۆزىدە ئۇچراشتۇرۇپ، سوقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

چەك تاماكاڭنى خۇمارىڭ ئۆرلىگەن - تۇتقاندا چەك،
چەك بۇرادەرلەر، مېنىڭدىن بىر خەۋەر ئۇققاندا چەك.
....
مەن قارا بوران قېقىپ ئۆتكەن چېچەكلەرنىڭ بىرى،
ھەر دوقال كەلگەندە باغلاردىن غورا قاققاندا چەك.
....
توي - تۆكۈن مەشرەپلىرىڭدە بىر يېنىڭ كەمدۇر سېنىڭ،
كۆز تۇتۇپ كەتكەن يولۇمغا كۈندە مىڭ باققاندا چەك.
....
مەن جۇدادۇرمەن بېھىشتەك قانچە يازنىڭ ۋەسلىدىن،
قار كېتىپ يەر باغرىدىن، ياز يامغۇرى ياغقاندا چەك.
...
كۈندە كۈتسەڭ قايتىمىسام، تۈنلەر ئەلەمدە ئۆتكۈسى،
قايسى تۈن كىرسەم چۈشۈڭگە، شۇندا تاڭ ئاتقاندا چەك.
—— «چەك»تىن

ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى روھىي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جىسمانىي مەھكۇملۇق تۇيەيلى كېلىپ چىققان ئېغىر ھەسرەت بۇ شېئىردىكى مۇڭلۇق لەرزانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شېئىردىكى «چەك» دېگەن رادىپ شائىر قەلبىدىكى مۇڭدىن ئۇرغۇغان تەسەۋۋۇرنىڭ پايانىنى بىر نۇقتىغا ئەكېلىدۇ. بۇ تەسەۋۋۇرلاردىن تۆرەلگەن ھېسسىي ئوبرازلار گاھ ـ گاھ ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، تىراگېدىيەلىك روھىي كەيپىياتنىڭ دەقىقىلەر دولقۇنىدىكى ۋارىيانتلىرى سۈپىتىدە، شائىر قەلبىنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت مۇددىئاغا مەركەزلىشىدۇ. رادىپنىڭ ئالاھىدىلىكى قاپىيەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توق قاپىيەلەر بولۇپ، شېئىردىكى رىتورىك مۇراجىئەتنى ئاھاڭدار ھەم جەلپكار تۈسكە كىرگۈزگەن. «چەك» رادىپقا ئۇزۇكسىز رەۋىشتە تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان قاپىيەلەر پىغانىنى بېسىش ئۈچۈن چېكىلىۋاتقان تاماكىنىڭ پىسخىك شەرتلىرىنى شېئىردىكى تاكتنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي يېپىشتۇرىدۇ. تاماكا قانداق شەرت ئاستىدا چېكىلىدۇ؟ شېئىردىكى ھەربىر قاپىيە «چېكىش»نىڭ ئىچكى سەۋەبلىرىنى چوڭقۇرلاپ ئىزاھلايدۇ. شېئىردىكى بۇ ھالەت رۇس شائىرى ماياكوۋسكىينىڭ قاپىيە «بىر پىكىرنى شەكىللەندۈرگۈچى ھەممە مىسرانى ئۆزئارا جىپسىلىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ» دېگەن سۆزىنى يادىمىزغا سالىدۇ.

قاپىيەنىڭ بەدىئىي رولىدا بىر خىل دىراماتىك ھالەت مەۋجۇت. ئۇ بىر قارىسا ھېسسىياتنىڭ ئىزھار قىلىنىشىغا بولغان تىل جەھەتتىكى توسالغۇنى كۆپەيتىدۇ، يەنە بىر قارىسا، شائىر ھېسسىياتىنىڭ مەنزىلسىز ھالدا سۈيۈق ئىزھارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تىل شېئىرنىڭ ئۇيۇقى، شۇنداقلا شېئىرنىڭ توسۇقى، شېئىر تىلدا تۇغۇلىدۇ. شۇنداقلا تىلدا بوغۇلىدۇ. قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن دېگەن ئېلېمېنتلار بىر تەرەپتىن شائىرغا تىل جەھەتتىكى ماھارەت تەلىپىنى يۈكلەيدۇ، شائىرمۇ بۇ تەلەپ يۈزىسىدىن زورۇقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شائىرغا ماتانەت ۋە مۇزىكىلىق سەلتەنەت بېغىشلايدۇ. نەۋايىنىڭ توم ـ توم دىۋانلىرى ۋە خەمسىسى ئۇنىڭ شېئىرىي

نۇتۇقتىكى مۇنتىزىم تەلەپلەرنى لەززەتلىك ئورۇنلاش بىلەن ھەي-ۋەتلىك نەمۇنىگە ئايلانغان. شېكىسپىر ۋە پېتراركالارنىڭ سو-نېتلىرىمۇ شۇنداق. مۇھەممەدجان راشىددىن قاپىيەگە ئەگىشىپ، ئېزىپ قېلىشتىن ئىمكانقەدەر ھەزەر ئەيلەپ كەلگەن شائىر. ئادەت-تە ئىلھامنىڭ كۈچىدىن تەبىئىي كېلىپ چىققان قاپىيە بىلەن زو-رۇقۇپ ئىزدەش ئاساسىدا كەلتۈرۈلگەن قاپىيە ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. ئاۋۇالقىسى سىزگە زادى شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، شۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. كېيىنكىسى قۇرغاق، بىمەززە تەسىرات بېرىدۇ. قاراڭ:

سېنى پاناھ ئەيلىمىگەن شاھنىڭمۇ،
بارغان ئەمەس تەختى ھەرگىز ئۇزاققا.
ھەق ئەھلىنى شىلىپ سالغان سارايلار،
ساراي ئەمەس، ئوخشار خۇددى دوزاخقا.

— «ھەقىقەت»تىن

ئەگەر «ئۇزاق» دېگەن سۆز بىلەن «دوزاخ» دېگەن سۆزنى بىر يەرگە كەلتۈرسەك، ئۇ شېئىردىن مۇستەسنا ھالدا تامامەن ئالاقە-سىز بىلىنىدۇ. لېكىن يۇقىرىقى مىسرالاردا بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەقىقەت ھەققىدىكى مىسرالاردا بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەقىقەت ھەق-قىدىكى پەلسەپىۋى تەلقىنلەرگە باغلانغان ھالدا ھاسىل قىلغان ئا-ھاڭداشلىقىنى ئوقۇرمەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىر راھەتتە قوبۇل قىلىدۇ. تاگورنىڭ «شېئىرنىڭ ماھىيىتى ھېسسىياتتا، قاپىيە ھېسسىياتنى شەرت قىلىپ رول ئوينايدۇ» دېگىنىمۇ ئەنە شۇ. شې-ئىر قاپىيە ئېكسكۇرسىيەگە ئايلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى شائىر روھىغا ئىشارە لەبزىي نازاكەتكە ئايلىنىشى كېرەك.

مۇھەممەدجان راشىددىن شېئىرلىرىدا رادىپلىق قاپىيە بىرقە-دەر كۆپ ئۇچرايدۇ. رادىپلىق قاپىيەدە رادىپ سۆز ئۇدا ئەينەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن چۈشۈرۈلدى www.uyghurkitap.com



تەكرارلىنىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭغا باغلىنىپ كەلگەن قاپىيەداش سۆزلەر شائىر ئوي ـ پىكرىنىڭ ھەرقايسى قىرىنى نامايىش قىلىش ئارقىلىق، رادىپ سۆزگە مۇجەسسەملەنگەن ھېسسىي تاكىتنى مىسرالارسىرى كۈچەيتىدۇ. ئۇ يەنە شېئىر مىسرالىرىدىكى مۇزىكىلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شائىر ئانىغا بېغىشلانغان يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

سەن جىمى ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغى تۇرساڭ،
ھاياتىنىڭ باشقا بىر يورۇقى تۇرساڭ.
ئالىملىق بابىدا تولۇقى تۇرساڭ،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن؟
....
كېتىدۇ بېشىمنى سىلىغان قولۇڭ،
كېتىدۇ جىمىگە چىدىغان قولۇڭ،
ئەمدى يوق ماغزاپقا چىلىغان قولۇڭ،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن؟
—— «قانداق قىلارمەن» دىن

رادىپ بەزىدە ئىسىم شەكلىدە، بەزى پېئىل شەكلىدە ۋە بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كېلىدۇ. ھەتتا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەرمۇ رادىپ بولۇپ كېلىدۇ. بۇنداق مىساللار مۇھەممەدجان راشىددىن شېئىرلىرىدىن خېلى كۆپ تېپىلىدۇ.

باھاردا سەن ئۇچۇن نەزمە يازارمەن ھەر يىلى، كاككۇك،
شۇ مېھنەتتىن ھۇزۇر ـ لەززەت ئالارمەن ھەر يىلى، كاككۇك.
—— «كاككۇك» تىن

ئىچىپ قويۇپ، بالا بولدۇق بەش مىنۇت،
چوڭ ـ كىچىكلەر پارە بولدۇق بەش مىنۇت.

كېيىنكى مىسالدا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن «بالا» سۆزى بىلەن «پارە» سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭداشلىق ئۇنچە يارقىن ئەمەس. چۈنكى قاپىيەدە «رەۋى» (تانا) بولۇپ كەلگەن تاۋۇشلار بىردەك بولالمىغان.

قاپىيە ئۇچۇن تاللانغان سۆزلەر ئۆزىنىڭ مىسرالاردىكى ئورنىغا ئاساسەن ھەر خىل بەدىئىي ئۇنۇم يارىتىدۇ. «قاپىيە ئورنى» دېگىنىمىز ئادەتتە ئۇنىڭ مىسرالاردىكى مۇزىكىلىق ئورنى ۋە شېئىرىي مەنىدىكى ئورنىدىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز «قانداق قىلارمەن» ناملىق شېئىردىن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى قاپىيەلەرنىڭ مەنىدىكى ئورنىغا سەپسىلىپ باقايلى:




يۇقىرىقى قاپىيەلەر ئانىدىن ئىبارەت سۆيۈملۈك ئوبرازنىڭ سۈپەت قاتلىمىنى قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاشتۇرغان.

قاپىيە شېئىردىكى مۇزىكىلىقتا ئىنتايىن نازۇك تەركىب. ئا-

دەتتە، شېئىردىكى مەزمۇننى تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىكى رىتىم ۋە قاپىيەنى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. دېمەك، قاپىيە شېئىرنىڭ مىللىي خاسلىقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بىر شېئىرنى ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللىي تىل زېمىنىدىن ئايرىپ چۈشىنىشنىڭ ئۆزى ئاشۇ شېئىرغا نىسبەتەن بۇرمىلاشتۇر. بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز قۇدرىتىنى سۆزگە باي بولۇش بىلەن كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى بوغۇملار، ئۇرغۇلار، رىتىم - قاپىيەلەرنىڭ سانسىز قىياپەت ۋە رەۋىشتە روياپقا چىقىشى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنە بوشلۇقىنى كېڭەيتىدۇ. شېئىرىيىتىمىزدە قاپىيەنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ سۆز بالاغىتى ۋە شېئىرىي كامالىتىنى تۈرلۈك قاپىيە شەكلى بىلەن نامايان قىلغان. بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا قاپىيەشۇناسلىق تەتقىقاتى ھازىرغا قەدەر قولغا ئېلىنمىدى. بۇ خىل ئىلىم تۈركىي تىلنىڭ ھەرقايسى زامانىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى پىششىق ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىللە، ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە شېئىرىيىتى ھەققىدىكى يېتەرلىك بىلىمنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى شەكىل ۋە ژانىرلار ئۇلار بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. بۇ بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز ۋە ئاكادېمىيەلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلىرىنىڭ بىرى. ھەرقايسى شەكىلنىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيە تۈزۈلۈشى بولىدۇ. مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرى ئارۇز ۋە بارماق ۋەزنلىرى بويىچە يېتەرلىك شەكىل رەڭدارلىقىغا ئىگە. شېئىرىي شەكىللەرگە بولغان ئېتىبارسىزلىق ۋە ئەركىن شېئىرغا بولغان بېقىندىلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇھەممەدجان راشىدىن ئارىمىزدا ئاز قېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تىپتىكى شائىر.

بۇرۇن بىر قەلەم ئىگىسىنىڭ ئاغزىدىن «قاپىيە تىلىمىزدىكى بايلىق» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. مەن بۇ گەپكە قوشۇلىمەن،

لېكىن «بىردىنبىر بايلىق» دەپ چۈشىنىپ قالماسلىقنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك، دەپ قارايمەن. ھازىر ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يازىدىغان شائىرلار ناھايىتى ئاز قالدى. ھازىرقى شائىرلار تۇيغۇنى ئەينەن خاتىرىلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىردىنى ئىنسانىي چىنلىققا ئىگە قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ، لېكىن سۆزگە باي ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن.

2003 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقى

*ئىلاۋە: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى نەزەرىيە ئاجىزلىقى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ سۇس بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل تۇرغۇن ۋەزىيەتتە مۇئەييەن جانلىنىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە 2010 - يىلى 23- ۋە 24 - ئۆكتەبىردە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىغىن زالىدا «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىدچىلىكى مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئاچتى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر مىللەتتىن بولغان 200 گە يېقىن ئەدىب ھەم ئەدەبىيات ھەۋەسكارى قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئوقۇلدى. يىغىنىنىڭ ئومۇمىي روھى نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ئاجىز ۋەزىيەتنى جانلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش بولدى. بىز بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش ھەم يىغىنىنىڭ تۈپ روھىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن يىغىندا ئوقۇلغان ماقالىلەردىن ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قاتماللىقى» دېگەن ماقالىسىنى تاللاپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇندۇق.*

*— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىراتى*

«كىملىك مەن ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان شەيئىنىڭ ئۆزگىچە تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرسە، شۇ ئىدىيەمنى بېيىتقان بولىدۇ.»

— پول ۋالېرىي (1871 — 1945، فرانسىيەلىك ئەدىب)

ئەدەبىي تەنقىد ۋە نەزەرىيە مەسىلىسى ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە

مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بوگۇنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ئايلىنىپ بولدى. ئەسلىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بوگۇنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەرگە تەلتۆكۈس نەزەر سېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئىلمىي دىياگنوز قويۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى قەدەملىرىگە توغرا يۆنىلىش ئاتا قىلالايدىغان خۇلاسە ۋە چۈشەنچىلەرنى تەييارلاش زۆرۈر ئىدى.

پىروفېسسور ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان تەخمىنەن ئون يىل ئىلگىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ 50 يىللىق نەتىجىلىرىگە يۈتۈنلەي ئوپتىمىستىك بىر نەزەر بىلەن قاراپ چىققانىدى. ئۇ ماقالىسىدە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى مۇساپىسىدە، يېڭى ژانىر ۋە يېڭى تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى مېتود ۋە يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى كونكرېت ئەھۋالىغا تەتبىقلىغان ياش ئەدەبىي تەنقىد كۈچلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. ئۇ سىناق ۋە ئۇرۇنۇش باسقۇچىدىكى ئاشۇ تەنقىد ماقالىلىرىنى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى (文化批评)، مەدرىسە (ئىنستىتۇت) تەنقىدچىلىكى (学院派批评)، قۇرۇلما تەنقىدچىلىكى (结构主义批评) ۋە مىكرو تەنقىدچىلىك (微型批评法) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق[①]. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى يۈزلىنىشىنى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەنقىدچىلىكنىڭ ئاساسىدا روي بەردى دېمەي بولمايدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ تاكى 90 ـ يىللىرىغا قەدەر داۋام قىلغان ئەدەبىي تەنقىد رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تەسىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەلدى (مىسالەن، مۇھەممەت پولات قاتارلىق بىر تۈركۈم تەنقىدچىنى كۆرسىتىش مۇمكىن). بۇ ئەندىزىنىڭ ئاساسىي روھىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىپىك جۈملىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«ئەدەبىيات مىللىي روھنىڭ ئىپادىسى، مىللەت مەنىۋى هاياتىنىڭ سىمۋولى، مىللەتنىڭ قىياپىتى بولالىشى كېرەك.»[2]

«جەمئىيەتنىڭ هۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ماددىي مەنپەئىتى كىشىلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە (مەيلى شەخس ياكى كوللېكتىپ بولسۇن) قانداق قارىشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، قانۇن سىستېمىسى ئىنسانىي ياكى ئىلاھىي ئىدراكىنىڭ نوقۇل ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى هۆكۈمران تەبىقە مەنپەئىتىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.»[3]

يۇقىرىقى بىرىنچى جۈملە سۆز ئۇيغۇر بىلگىلىرىگە ناھايىتى تونۇش كىلاسسىك رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى بېلىنىسكىينىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ياشلىقىدىلا گېگېلنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بېلىنىسكىينىڭ پۈتۈن ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرىدىكى ئاساسىي تىندىنسىيە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋامچىلىق[4] (民粹主义، Populism) تۇسىدىكى ئەدەبىي تەنقىد ئىدىيەسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ قالغانىدى. يۇقىرىقى ئىككىنچى جۈملە سۆز بولسا ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ نېگىزى بولمىش «كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئۇلارنىڭ ئېڭى ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىيىتى بەلگىلەيدۇ» دېگەن هۆكۈمنىڭ نىسبەتەن كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەمدە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچىنىڭ رولى قارىشى «ئەدەبىي ئەسەر مۇتلەق روھنىڭ ۋاسىتىلىك نامايان بولۇشىدۇر» دەيدىغان گېگېلچە دىيالېكتىكىنىڭ كۆمتۈرۈلگەن نۇسخىسى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى «جەمئىيەت ۋە تارىخ بەلگىلەيدۇ» پرىنسىپىنىڭ يىلتىزى يەنىلا گېگېلدىن تېپىلىدۇ. شۇڭا، بىز هازىرقى زامان ۋە

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى ئومۇمەن تارىخىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت مېتودلىرىغا ئاساسلانغان دېسەك بولۇۋېرىدۇ. ھەتتا بۇ خىل مېتودلار ئانچىلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى تېپىكىست تەھلىللىرىگە قەدەر ئومۇملاشقان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مەزكۇر دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە ئوچۇق ۋە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتكەن كىلاسسىك مەنبەلەر چوڭقۇر قېزىلماسلىقنىڭ ئۈستىگە تەدرىجىي نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېتىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تامامەن ئىستىخىيەلەشكەن بىر پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەكىللىرىگىمۇ مۇيەسسەل ئىلمىي قىممىتى بىلەن باھا بېرىلمىدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭىچە تەسىرلەرگە يولۇقتى. بۇ يەنىلا غەربنىڭ تەسىرى بولۇپ، بۇ تەسىر بۇ نۆۋەت شەرق ئارقىلىق كىرگەن بولدى. چۈنكى 1980 ـ يىللاردا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، نەزەرىيەۋى ئېقىملار ۋە تەنقىد مېتودلىرى جۇڭگودا كەڭ كۆلەمدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ھەم تەتقىق قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ئۇيغۇرلاردىكى كۆپ ساندىكى ياش ئەدىب ۋە ھەۋەسكار خەنزۇ تىلىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشتى. ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، ئابدۇللا مەتقۇربان قاتارلىق تەتقىقاتچىلار دەسلەپكى قەدەمدە مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇردى. مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى 2000 ـ يىللىغا كەلگەندە، ياش ئەدىب تاھىر ھامۇت تەرىپىدىن بىر قەدەر سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلدى. ئەڭ ئاۋۋال ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تەسىرلەرگە يولۇقۇشىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە «گۇڭگا شېئىرلار» بارلىققا كەلدى ۋە بۇنىڭغا ياندىشىپ شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنە ۋە يېڭىلاش ئوتتۇرىسىدىكى خېلى ئۇزاققا سوزۇلغان مۇنازىرە قانات يايدى. بۇنى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى جانلىنىش ۋە

www.uyghurkitap.com



نىسبەتەن ئەركىن بولغان مۇنازىرە كەيپىياتى سۈپىتىدە ئالاھىدە
ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈردۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
بارا ـ بارا شېئىر، پىروزا، ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىي تەرجىمە ساھە-
لىرى بويىچە يېڭىلىنىش ۋە كۆلەملىشىش باسقۇچىغا كىردى. تۈر-
لۈك تېمىدىكى كۆپ قىسىملىق رومانلار ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر-
دىن چىقتى. ئەدەبىي ئەسەرلەر بۇرۇن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەدى-
ئىي زوق ئېھتىياجىنى ئۇدۇللۇق قامداپ كەلگەن بولسا، ئەمدى-
لىكتە ئۇلار تاللاپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، ھەتتا ھازىر-
قى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيەسىدىن ئۈستۈن
ئېستېتىك تەلەپ بىلەن تەنقىدىي ئوقۇش پەللىسىگە ئۇلاشتى.
ئەمما، دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئۆزى-
دىكى ئاجىزلىقنى ئاشكارىلىدى، يەنى ئەدەبىي تەنقىد يېڭى ئېلان
قىلىنغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرگە دەل ۋاقتىدا ئىنكاس
قايتۇرالمىدى. بىز ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا تەنقىد قات-
ماللىقىنىڭ بارلىقىنى تونۇغان ۋە ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىمىزدا،
بۇ خىل قاتماللىقنىڭ روشەن ئىسپاتىدىن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېڭى
چىققان ئەسەرلەرگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا
كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرالمىغان-
لىق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. بىز بۇ ھالدىن ئەپسۇسلانغان ئاشۇ
ۋاقىتتا، دىققىتىمىزنى ئۇيغۇر ئىنتېرتورى ساھەسىگە بۇرىساق،
ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تامامەن ئاممىۋى تۈس ئالغان
ھالدا تورلاشقانلىقىنى، ئىنتېرتورى ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى
بىلەن بىللە، بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتى-
دىكى ئىنتېرتورى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقى-
نى بايقايمىز. ۋاھالەنكى، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر يەنىلا ئەدەبىي تەن-
قىد ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ دىققىتىگە چېلىقىپ
بولالمىدى ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ مۇھاكىمە تېمىسىغا ئاي-
لىنىپ بولالمىدى. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىنتېرتورى

ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەدەبىياتنىڭ ئاۋامىي خاراكتېرد-نى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭەيتتى، يەنى ئىنتېرتورىدىكى بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇلۇشى يۈز مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى.⑤ دىققەت مەركىزىدىكى ئەسەرلەر ۋە تېمىلارغا ئالاقىدار مۇ-نازىرىلەرگە قاتناشقان ئادەملەر ئىنتايىن كۆپ بولدى. دېمەك، ئىنتېرتورى ئەدەبىياتى ئەدەبىياتنى نوپۇزلۇقلارنى كونتروللۇقى-دىن تارتىۋېلىپ ئاددىي كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ-نى ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى چوڭ ھادىسە دېمەي بول-مايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇلاھىزە ئوبيېكتى بولالمىدى. مانا بۇ، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاتاللىقىنىڭ ئەڭ ئاشكارا، ئەڭ تىپىك بەلگىسى بولۇپ قالدىكى، بۇنىڭدىن ئاپتورلار قوشۇنىدىن تارتىپ ئوقۇرمەنلەر ئامىسىغىچە بىر دەك نارازى.

دېمەك، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قاتاللىقنىڭ بارلى-قى ئېنىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى ئېغىر. قارىماققا ئۇ ئە-دەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالماسلىق ھالىتىدە ئوتتۇ-رىغا چىقسىمۇ، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر قاتار مەسىلە بار. بۇ مە-سىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

**يېڭى تىپتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كونا نەزەرىيە بىلەن ئىن-كاس قايتۇرۇش**

ھەممىگە مەلۇمكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەر خىل تەسىرگە يولۇقتى، بۇ ھال ئە-دەبىيات سېپىدىكى ياش كۈچلەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى، ئۇلار غەربنىڭ سىيماچىلىق (意象派)، سىمۋولىزم (象往主义)، ھال-قىما رېئالىزم (超现实主义) ئېقىمىدىكى شېئىرلىرى، سېھرىي رېئالىزم (魔幻现实主义)، ئاڭ ئېقىمى (意识流) پىروزىلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەۋجۇدىيەتچىلىك (存在主义) پەلسەپىسى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتى ۋە ئۇلارنىڭ روشەن تەسىرىگە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىشتى. ئەدەبىياتىمىزدا «گۇڭگا شېئىر»، «ئىزدەنمە ھېكايە» ئاتالغۇسىدىكى يېڭىچە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتىمىزدا ئەنئەنىۋى رېئالىزم تىپىدىكى ئىجادىيەتلەر كۆلەملىشىش باسقۇچىغا كىرىپ، رېئال تۇرمۇش ھەم تارىخ تېمىسىدىكى يىرىك ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، مانا بۇلار ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى يۈزلىنىش ۋە يېڭى قىياپەت ئىدى. گەرچە بۇ جەرياندا بىر قىسىم ئوبزور مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئوبزورلار ئايرىم ئەسەر، ئايرىم مەسىلىلەرگە بولغان تەسىرات ياكى ئىنكار سۈپىتىدە چەكلەندى. تەسىرى چوڭ ئەسەر ۋە ئاپتورلارغا، گەۋدىلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە، يېڭى تەسىر ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە مەخسۇس ئانالىز يۈرگۈزىدىغان مېتودلۇق ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى يېزىلمىدى. ئەكسىچە، يېزىلىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تەدرىجىي چوڭىيىپ، ئەسەرلەر ئەسەر پېتى، مەسىلىلەر مەسىلە پېتى قېلىۋەردى. ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ياندىشالماي، كەينىدىن سوكۇلداپ ماڭدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيە ئەسلىدىكى كىلاسسىك مەنبەلىرىدىن، ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن كىلاسسىك مەنبەلەردىن ئايرىلغان، يېقىندىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەردىن ئوزۇقلىنالمىغان، سىستېما ياكى ئېنىق مېتود ھالىتىگە كىرەلمىگەن ھالەتتىكى تۇرغۇنلۇقنى ساقلاپ قالدى. مەيلى بېلىنىسكىي، مەيلى گوركىي، مەيلى لۇناچارىسكىي بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئەسەرلىرىنىمۇ تۇزۇك كۆرگىلى بولمىدى. «تەنقىد ئەسىرى» دەپ سۈپەتلىنىدىغان، غەربنىڭ 20 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن نەزەرىيە ئېقىمى ۋە تەنقىد مې-

تودى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسى ئۇچۇن مانا ھازىرمۇ نامەلۇم تۇرماقتا.

«ھەربىر بەدىئىي ئەسەر بىۋاستە كۆزىتىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، بەلكى ھەربىر ئەسەر مەيلى تونۇگۇن ياكى مىلىڭ يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولسۇن، سەنئەتتىكى مۇئەييەن مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن بولىدۇ.»[6] ئەگەر مەلۇم بىر ئەدەبىي ئەسەر يېڭى بىر قىيapپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تۈركۈم كىشىنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماس كېلىپ، ئۇلارنىڭ قىلرشى ئېلىشىغا ئېرىشسە، بۇ ئەسەر دەۋرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ئۆزىگە خاس يول بىلەن جاۋاب بېرىش لاياقىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن مەدەنىيەتشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، مائارىپشۇناسلار ۋە ئەلۋەتتە ئەدەبىياتشۇناسلار مەلۇم بىر تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مەزكۇر دەۋرنىڭ تېگىشلىك تېپىشماقلىرىغا جاۋاب ئىزدىيەلەيدۇ. بەلكىم بۇ جاۋاب ئاخىرقى ۋە بىردىنبىر جاۋاب ئەمەس، ئەمما نۇرغۇن جاۋابنىڭ ئىچىدىكى بىر جاۋاب. شۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد قاتماللىقى نەزەرىيەنىڭ ئەدەبىي ئەسەر بىلەن ئىچكى مۇناسىۋەت ھالقىسى ئورنىتالماسلىقى ياكى ئىچكى سۆزلەشمە قۇرالماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. دېمەك، بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىدا مەلۇم مەنىدە رول ئويناپ تۇرغان نەزەرىيەنىڭ ھاياتىي كۈچى مەزكۇر نەزەرىيەنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىدە بولىدۇ. بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەر نەزەرىيەگە قويۇلغان سوئال، شۇنداقلا ئەدەبىي تەنقىدكە داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئىشىك. مەۋجۇت نەزەرىيە سىستېمىسى ئەدەبىي ئەسەر ئوتتۇرىغا قويغان مەۋھۇم سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەزەرىيە ھەر تەرەپلىمە يېڭى تەسىر بىلەن غىدىقلانغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قاتمال ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەۋزەل تەنقىد ئېكولوگىيەسى شەكىللىنەلمىدى

كىشىلەرگە ئايانكى، ئېكولوگىيە هاياتلىق ئورگانىزملىرىنىڭ ئۆزئارا تايىنىشى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتى توغرىسىدىكى بىلىم. ئەگەر بىز ئەدەبىي تەنقىدنى بىر ئورگانىزم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلساق، ئەدەبىي تەنقىدمۇ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت چوڭ مۇھىتنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئامىللارنى شەرت قىلغان هالدا مەۋجۇت بولىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇھىتى، مەدەنىيەت كونتېكستى (文化语境)، بىلىم مۇھىتى، ئىلمىي تۈزۈلمە مۇھىتى، ئىدېئولوگىيە مۇھىتى قاتارلىق تەرەپلىرىدە ناهايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئۆزگىرىش ۋاقىت جەھەتتىن تېز، مەزمۇن قاتلىمى جەھەتتىن مۇرەككەپ بولغاچقا، كۆپ ساندىكى كىشى ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرالمىدى ياكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كېچىكىپ هېس قىلدى. بىر بولسا كىشىلەر غەرب ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت ئۆرنەكلىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، ئەنە شۇ مەپتۇنلۇقنىڭ ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. يېڭى ئۇقۇملار، ئېرىمىنلار، نەزەرىيەۋى مېتودلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە لايىقلاشتۇرۇلماي، دوگما هالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن مىللىي خاسلىق، مىللىي ئالاهىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات پىرىنسىپلىرى، ئۇسلۇبلار ۋە ئېستېتىك قىممەت قاراشلىرى ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن هېچنېمە ئۆزگە ئوخشىماي قېلىشتەك ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى.

ئامېرىكىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىدىن رېنې ۋېللېك (Rene Wellek) بىلەن ئاستىن ۋاررېن (Austin Warren) ئۆزلىرىنىڭ «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى» ناملىق كىتابىدا، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى توغ-

رىسىدا مەخسۇس توختىلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدە ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بولماسلىقىنى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بولماسلىقىنى ياكى ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. روشەنكى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەرگە يىلتىزلانمىسا، بۇنداق ئەدەبىيات تەتقىقاتى مۇمكىنسىز بىر ئىش بولىدۇ. ئەدەبىيات ئۆلچىمى، كاتېگورىيە ۋە ماھارەت دېگەنلەر ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ. مۇبادا بىر يۈرۈش مەسىلە ۋە بەزى ئابستراكت تېئورېما بولمايدىكەن، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخى دېگەندەك ئىشلارنىمۇ قىلغىلى بولمايدۇ.»⑦ بىز بۇنىڭدىن ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخى ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر - بىرىنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرىمىز. روشەنكى، ئەدەبىي تەنقىدچى مەلۇم ئەسەرنىڭ سەنئەت قىممىتىگە توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا ئۇ ئەسەرنى ئەدەبىيات تارىخىدىكى كونكرېت ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرىدۇ ۋە مەلۇم بىر ئورۇنغا قويىدۇ، بۇ جەرياندا ئەدبىيات نەزەرىيەسىدىكى مەلۇم ئۇقۇملارغا ئاساسلىنىدۇ، ئۇنداقتا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۇ ئۈچ تەركىب ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىدىمۇ؟ توغرا ھەل قىلالىدىمۇ؟ ئەمەلىيەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھىتىدا يۇقىرىقى ئۈچ تەركىبنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى يەر شارىلىشىش دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن تەسىر قىلىدىغان ئامىللار كۆپەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىد ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىپ كۆپ خىللىق، كۆپ مەنبەلىك، ھەمتېكستلىك (互文性)، تەڭشەلمە (协调性)، بىر پۈتۈن مۇھىتقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئەمدىلىكتە ئەدەبىي تەنقىد تېكست بىلەن تېكست، تېكست بىلەن سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىغا يانىدىغان مەزمۇنلارغا ھەمدە سىياسىي، جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت تاشقى ئامىللارغا ۋە بۇ ئامىللارنىڭ ئۆتۈشمە خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتلىرىگە پەۋقۇلئاددە ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىگە خاس مەۋجۇتلۇقنى نامايان قىلمىسا بولمايدىغان بولدى. ئەگەردە ئەدەبىي تەنقىد يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ساھەگە ئائىت ئۇقۇم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇناسىۋەتنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلالمىسا، پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھال بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاللىبۇرۇن كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

## ئەدەبىي تەنقىد روھىي ئەدەبىيات روھىنىڭ سۇسلىششى بىلەن بىللە سۇسلاشتى

ئەدەبىيات مىللەت روھىنىڭ يېزىق شەكلىدىكى كۆرۈنۈشى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدا ئېتنوگرافىيەلىك خۇسۇسىيەت ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. مەلۇم بىر ئەسەردە ئەكس ئەتكەن خامان مەنزىرىسى، دېھقان ئۆگزىسىدىكى شال پاخلى، تونۇر بېشىدىكى بىر توپ ئايال، بازاردىكى تۇخۇم ساتقۇچى بوۋاي... قاتارلىقلار مىللەت روھىنى مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ۋارىيانتى بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇلار ئارقىلىق بىر مىللەتنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ، دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. رۇسىيە يازغۇچىسى بۇنىن (1870 — 1958 布丁)نىڭ «ئانتونوفكا ئالمىسى» ناملىق ھېكايىسى كۆز پەسلىدىكى رۇس يېزىلىرىنىڭ مەنىۋى كەيپىياتىنى

جانلىق ھەم گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرەلىگەن. مەلۇم بىر شېئىردىكى قاپىيە، بىر سۆز بىرىكمىسىمۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى، مىللىي روھنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىشىدىكى قىممەتلىك بەلگىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا، ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە تۈرلۈك تەبىر بار. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەلىك مەدەنىيەتشۇناس رىچارد خوگارت (Richart Hoggart) نىڭ مۇنۇ تەبىرى ئەدەبىياتنىڭ كۆلەملىك خۇسۇسىيىتىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ: «ئەدەبىيات مۇئەييەن بىر كۇلتۇرنىڭ مەنە يۆتكىگۈچىسى. ئەدەبىيات كۇلتۇرنىڭ ئەقىدىسىدىكى نەرسىلەرنى قايتا نامايان قىلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە مەزكۇر كۇلتۇرەل كەچۈرمىش ئېھتىياجلىق بولغان ئاشۇ قىممەتنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنىڭ شۇ خىل قىممەتنىڭ تومۇرى ھەققىدىكى سېزىمىنى، كۇلتۇرنىڭ داۋاملىشىشى جەريانىدا كۆرۈلگەن تارىيىش ۋە كېڭىيىش ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى دراماتىك رەۋىشتە ئىپادىلەيدۇ.»[8] ھەرقانداق بىر كۇلتۇر مەلۇم قىممەت قاراشقا ئىگە، بۇ قىممەت قاراش بەلكىم دىن ياكى مۇئەييەن سىياسىي ئىدېئولوگىيە شەكلىدە مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن. جالالىددىن رۇمىي بىلەن دانتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئېتىقاد ۋە قىممەت قاراش بويىچە ئۆزلىرىگە خاس بەدىئىي يۈكسەك پەللىنى ياراتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىككى خىل كۇلتۇردىكى ئىپادىلەش ئۆرنەكلىرىنى ۋە ئېستېتىك دۇنيانى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايمىز. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يۈكلىگەن مەنە زوقىمىزنى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد دۇنياسىغا ئېلىپ بارىدۇ ۋە بۇ دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان دەۋر ۋە مىللەتنىڭ مىللىي روھى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مىللىي روھ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي بولغان ئېتنوگرافىيەلىك كاتېگورىيە، مىللىي روھنىڭ نامايەندىسى بولغان ئەدەبىياتنىڭ روھىمۇ مىللەتنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت شارائىتتىكى ئورنىغا يارىشا مەزمۇن ۋە شەكلىنى ئالىدۇ. نادانلىق ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي روھى بولغان بولسا، گۈزەللىكنىڭ ئىلاھىي مۇقامىنى ئىزدەپ، گۈزەل مىللىي ئەدەبىي تىل يارىتىش نەۋايى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي روھى ئىدى. دېمەك، مىللىي روھ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ روھى بىر-بىرىنى ئىزدەيدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۇنداقتا، ئەدەبىي تەنقىد روھىچۇ؟ «ئەدەبىي تەنقىد»دېگەن ئۇقۇم ھەققىدە تەبىرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر تەنقىدچى لى جيەنجۈن (李建军) ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدىكى تەبىرى بىرقەدەر ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە: «ئەدەبىي تەنقىد دېگىنىمىز يېزىقچىلىق، ئەسەر، كىتاب ئوقۇش ۋە بۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى شارائىت، سۇبيېكتىنىڭ (ئاپتورنىڭ)ساپاسى، ساپا ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە باھالاش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.»[9] ئۇ تەنقىدچىنى مەنىۋى خاراكتېرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، غايىۋىلىك، خەلقچىللىق (民主性)، ئىلمىيلىك، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قاتارلىقلاردىن بىرەرسى كەم بولغان تەنقىدچىنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭمۇ كەمتۈك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ مەنىۋى خاراكتېرىدىكى بولۇشقا تېگىشلىك بۇ پەزىلەتلەر ھەربىر دەۋر ۋە ھەر مىللەتتىكى ئايرىم ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ۋۇجۇدىدا كونكرېتلىشىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىيات روھى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي سۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە غايە يۈكسەكلىكىدىن خېلىلا يىراق بولغان ۋەقەخانلىق تىپىدىكى ھېكايە، رومانلارغا مايىلراق بولغاچقا، شۇ خىل كىتابلارنىڭ بازىرى ياخشىراق بولدى. نەشرىياتلارمۇ بازارنى بەكرەك قوغلىشىپ، ساپ ئەدەبىيات تىپىدىكى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلارمۇ نەشرىياتلارنىڭ بازار قوغلىشىدىغان خاھىشىغا يېقىندىن ياندى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىشىپ، تىلى قوپال، ۋەقەلىكى قىزىق، ئىدىيەسى يۈزە بولغان پىد-
ىروزا ئەسەرلىرىنى يېزىشقا تۈتۈندى.

ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىخلاس قىلىپ، قۇربان بېرىش ۋە بەدەل
تۆلەش روھى بىلەن يىللاپ ـ يىللاپ قېتىرقىنىدىغان يازغۇ-
چىلار ناھايىتى ئاز قالدى. گېرمانىيەلىك جۇڭگوشۇناس ۋولف-
گاڭ كۇبىن (Wolfgang Kubin) نىڭ «بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ئە-
دىبلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، بازار ۋە تۈرلۈك نوپۇزغا بوي
ئەگمىگەن مۇستەقىل ئاۋازى يوق» دېگەن سۆزى بۈگۈنكى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يازغۇچىلارغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاكادېمىيە ۋە
مەكتەپلەردىن چىقماي دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتق-
قات تۈرلىرىگە ئاشنا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېشىنىپ، بۈگۈنكى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى كىرىزىسلىك مەسىلىلەرگە پىكىر
يۈرگۈزۈپ بېقىشقا ئۈلگۈرمىدى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ
تەتقىقات ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ئارخىپ ئامبارلىرىدىن
ئاشمىدى.

مەيلى ئەدەبىي تەنقىد بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات تەتقىقاتى بول-
سۇن، ئادىمىيەت روھىدىن چەتنەپ كەتسە قىلچىلىك ئەھمىيىتى
بولمايدۇ. بۇلار ئادىمىيەت ئىلىملىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھە-
قىقەت، گۈزەللىك، ئەركىنلىك ئىزدەيدۇ، ئىنسانلارنى ئالىيجاناب
غايە يۈكسەكلىكىدە ياشاشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ ئىلىم ئىشى، غايە ئىشى،
ۋىجدان ئىشى. ئۇنىڭ جان باقىدىغان دۇكانغا ئايلىنىپ قېلىشى
ئىلىم ساھەسىدىكى خېلى كۆپ ئادەمنىڭ غايە جەھەتتە چۈشكۈن-
لەشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد قاتماللىقى تاساد-
پىي كېلىپ چىققان ئەمەس. قانداقتۇر ئۇ بىر تۈركۈم ئىلىم سا-
ھەبىنىڭ نوقۇل سۇبيېكتىپ مەسىلىسى ئەمەس، ئۇنىڭ چوڭقۇر
ئىجتىمائىي، تارىخىي، كۇلتۇرەل يىلتىزى بار. بۇ ھەقتە داۋاملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ بۇ ماقالىمىز پەقەت بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىد قاتماللىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. بۇ خىل قاتمال ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولىنى تىرىلدۈرۈش ئەدەبىياتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مۇساپىسىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەت. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۇنۇملۇك ئادا قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى ئىشنى ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان تەنقىدتىن باشلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئەدەبىيات روھىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاۋانگارتلىق ئورنىنى تىكلىشى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ غۇرۇرىنى نامايان قىلىشتىكى ئىمتىيازلىق كۈچلەرگە ئايلىنىشى زۆرۈردۇر. دېمەك، بۇ جەھەتتىكى تايانچ كۈچ يەنىلا ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆزى. ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ھە دېسىلا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرۇۋالماسلىقى، ئەسەرنى بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان ئامىللارغىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇشى، ئەسەرنىڭ ئىچكى قىسمى ھەققىدىكى مۇھاكىمە بىلەن ئەسەرنىڭ سىرتىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي، سىياسىي ئامىللار ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى باغلاپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشى زۆرۈر. ئەدەبىي تەنقىد يەنە يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەنىۋى ساپاسىغىمۇ دىياگنوز قويۇشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. روشەنكى، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەر ھەرگىزمۇ ئاددىي ئەمەس، ئۇ تەنقىدچىدىن خالىسلىق ۋە باتۇرلۇقتىن باشقا كېسىشمە پەنلەر بىلىملىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد قاتماللىقى كەڭ ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى، كىشىلەر ئەدەبىي تەنقىدنى نوقۇل تەنقىدچىلەرنىڭ ئىشى، ئۇنى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر ئۆز ئىچىدىن ھەل قىلىۋېلىشى لازىم، دەپ قارىۋالماسلىقى كېرەك. ئەـ

دەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ مۇپەتتىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ مېھنىتىدىن ھالقىغان جامائەت ئىشى. ئۆتكۈر بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنى نوقۇل ئىلىم ئارقىلىقلا يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا جامائەتنىڭ ئىلىم ئەخلاقى، غورۇر ھاۋاسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاسلىقى نوپۇز سورۇشتۇرمەسلىكى، رەھىمسىزلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى جامائەت ئەخلاقى تەرەپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نەشر ئەپكارلار ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ يېتىشى كېرەك.

ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەلىرىمىزنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ناھايىتى ئاجىز، پەلسەپە، ئېستېتىكا، مەدەنىيەت، دىن، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە خەلقئارادا بارلىققا كەلگەن زور تەسىرگە ئىگە ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىدى ياكى ئۇيغۇر تىلىدا تونۇشتۇرۇلمىدى. گەرچە بىر تۈركۈم ئىلىم ئەھلى خەنزۇ تىلى ۋە چەت تىللار ۋاستىسىدە ئىلىم دۇنياسىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەردىن خەۋەردار بولسىمۇ، بۇ تەرەپلەردىكى بۆرۈلۈش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەر، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى مېتودلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىمگە ئايلىنىپ بولالمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يېڭى نەزەرىيەنى تونۇشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئوينىغان رولى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى سېپى سۈپىتىدىكى قەلەم كۈچلىرى يېڭى يۈزلىنىشلەردىن ئوزۇق ئالالمايدۇ، نەتىجىدە، يېڭى نەزەرىيەۋى ئېقىملار مىللەتنىڭ ئاساسلىق كۈلتۈرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىگە ئايلانمايدۇ، بىرىنچى سەپتىكى زىيالىيلار مەدرىسەچى (学院派) بىلىم ئادەملىرى سۈپىتىدە چەكلىنىپ ئاممىۋى تەسىر يارىتالمايدۇ. شۇڭا، نەشر ئەپكارلىرىمىز دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا سىستېمىلىق تەرجىمە قىلىشنى مۇھىم خىزمەت-

uyghurkitap.com



لەر قاتارىغا قويۇشى دەۋرنىڭ تەقەززاسى ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت كونتېكىستى (维吾尔文化语境) گە كىرگەن دۇنياۋى ئالدىنقى قاتاردىكى ئەسەرلەر تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تەپەككۇر خەزىنىسىنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ، سەنئەت، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىنى يېرىپ، ئۇنىڭدىكى ئەدەبىيات نەزەرىيە ئۆرنەكلىرىنى تېپىپ چىقىشى زۆرۈر. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانىدا دۇنيانى كۆزىتىش، چۈشىنىش، ھېس قىلىش، ئىپادىلەش جەھەتتە مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىققا ئىگە نۇرغۇن ئېستېتىك كاتېگورىيە، ئۇقۇم ۋە ئۇسۇلنى ياراتتى. بىز مۇشۇ ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقاپ چىقىپ، ئىلمىي نۇقتىدىن تەكشۈرۈپ ۋە ئانالىز قىلىپ، ئىندۇكسىيەلەش (ئومۇملاشتۇرۇش) ئارقىلىق بىر پۈتۈن سىستېما ھالىتىگە كەلتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭدىكى گەپ بىلەن سىرتتىن كىرگەن ئەسەرلەرنى ئىجادىي بىرىكتۈرۈپ، يېڭىلىقلارنى يارىتىشىمىز زۆرۈر. مانا بۇ، كونا بىلەن يېڭىنى، چەت ئەللەرنىڭكى بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىدۇر. گەرچە بۇ خىزمەتلەرنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولسىمۇ، قەدەممۇقەدەم، باسقۇچمۇباسقۇچ سىجىل ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. مۇشۇ خىزمەتلەرنى قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بىر تۈركۈم يادرولۇق كۈچ ھاسىل بولىدۇ. يادرو كىچىك بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىدىن چوڭ دائىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىز سانى ئاز بولسىمۇ، ھەرقايسى ساھە بويىچە يادرولۇق بىلىم كۈچىنى يېتىلدۈرۈشىمىز زۆرۈر.

نەقىل مەنبەلىرى

① ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان: «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيا-

تىنىمىڭ 50 يىلى»، «جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىياتى تورى» (خەنزۇچە)

② رېن ۋېلىك: «يېقىنقى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخى» 3 ـ توم، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى2009 ـ يىلى، 823 ـ بەت (خەنزۇچە).

③ رامان سەلدىن قاتارلىقلار: «بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئو-قۇشلۇقى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 101ـ، 201 ـ بەتلەر

④ ئاۋامچىلىق — (Populism) بىر خىل سىياسىي پەلسەپىۋى ئاتالغۇ بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنى سەرخىللارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پۈتكۈل پۇقرانىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقىي بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرىكەت ۋە ئىدىيەنى بىلدۈرىدۇ («بەيدۇ ئىنتېر تورى»).

⑤ «زىنا ئالدىدا ئۆلتۈرگەن قىز»، «كاۋاپچىنىڭ چىرايلىق خوتۇنى» ناملىق رومانلار چاتما ھالدا ئىنتېر توردا ئېلان قىلىنىپ، يۈزمىڭلىغان ئادەم قېتىم ئوقۇلغان.

⑥ رېنې ۋېلىلىك، ئاستىن ۋاررېن: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»، جياڭ-سۇ مائارىپ نەشرىياتى 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 93ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 33 ـ بەت.

⑧ ۋاڭ شيەنپېي، ۋاڭ يۇپىڭ تۈزگەن: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، تەنقىد ئاتالغۇلىرى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى 2009 ـ يىلى نەشرى 581 ـ بەت.

⑨ لى جيەنچۇن: «ئەدەبىيات نېمىشقا ئۆلىدۇ»، خۇاشيا نەشرىياتى 2010 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 170 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاھانەت بەلگىسىنىڭ كەينىدىكى خاۋسورن

ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى 19 ـ ئەسىردىكى غەرب كىلاسسىكلىرى بىلەن بىرقەدەر تونۇش. ماركسىزم كىلاسسىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن غەرب يازغۇچىلىرى ماركسىزمنى ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرغان دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسى تەرىپىدىن ئەينى دەۋر خەلقىگە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى غەربنىڭ بىر قىسىم ئەدىبى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغانىدى. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بالزاك كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. لېنىننىڭ ئەسەرلىرىدە لېۋ تولستوي كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. نەتىجىدە، كوممۇنىزمنى غايەت قىلىپ تاللىغان دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا بالزاك ۋە لېۋ تولستويلار بىلەن نىسبەتەن پىششىق تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى 20 ـ ئەسىردە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بالزاك ۋە تولستويلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى ھەم ئۇلار كېيىن بەرپا بولۇشقا باشلىغان ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پىروزىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم مەكتەپكە ئايلاندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى بالزاك، موپاسسان، چېخوف، لېۋ. تولستوي، پۇشكىن، گوگول، مارك تۋېنلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان لۇ شۈن ئەسەرلىرىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. كوممۇنىستىك ئاڭ فورمىسى كوممۇنىزم داھىيلىرى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ياكى توختىلىپ ئۆت-

كەن يازغۇچىلارنى دىققەتكە سازاۋەر مەشھۇر سىمالارغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىمۇ مۇشۇ تارىخىي رېئاللىق ئاتا قىلغان مەنىۋىيەت سىمالىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇساپىسىنى باستى. مىسالەن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى دوستوييېۋسكىي ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن لىۋ. تولستوي ئەسەرلىرىنى كۆپرەك تونۇيدۇ. سەۋەبى، ئەينى دەۋردىكى پرولېتارىيات داھىيلىرى لىۋ. تولستوينى «رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» دەپ مۇئەييەنلەشتۇرگەنىدى. دوستوييېۋسكىي بولسا «بۇرژۇئا ئىنسان تەبىئىتى» گە مايىل يازغۇچى، دەپ قارالغانىدى.

ناھايەت، دوستوييېۋسكىي 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرى بىلەن كەڭ تۈردە تونۇشلاندى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ مەزگىلدە ياش ئوقۇرمەنلەر قايتا تونۇشۇۋاتقان غەرب مودېرنىزم ئېقىمىدىكى مۇھىم پىرلارنىڭ بىرى ئىدى. دوستوييېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانى ئىنسان قەلبىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنى چوڭقۇر قازغان روھىيانە ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭىلىققا تەشنا ياشلارنى قىزغىن جەلپ قىلدى.

ئوقۇرمەنلىرىمىز لىۋ. تولستوينىڭ «تىرىلىش» ناملىق رومانى بىلەن دوستوييېۋسكىينىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ سېلىشتۇرساق مۇنداق ئورتاقلىقنى بايقايدۇ: «تىرىلىش» تىكى نېخلىدوف بىلەن «جىنايەت ۋە جازا» دىكى راسكىلىنكوفنىڭ ھەر ئىككىسى خىرىستىيان ئەقىدىسىگە قارشى گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا ھەر ئىككىسى روھىي ۋە ۋىجدانىي ئازابلارغا گىرىپتار بولۇپ، توۋا قىلىشقا باشلايدۇ. توۋا قىلىش نىخلىدوفنى بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىگە، راسكىلىنكوفنى بىر روھىي مۇخلىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ھەر ئىككى ئەسەر ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ، لېكىن ئوخشىمىغان يېشىمگە ئېرىشىدۇ. ھەر ئىككى يازغۇچى ئىلاھىيەت ۋە مېتافىزىكا تۇغرىسىدا مول بىلىمگە ئىگە. ھەر ئىككى يازغۇچى رۇسىيەنىڭ ئەينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەۋردىكى رېئاللىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ھەر ئىككى يازغۇچى رۇسلارنىڭ مىللىيىتىنى نەگە يېتەكلەش توغرىسىدا زىيالىيلارچە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە. بۇنىڭدىن بىز بۈيۈك ئەدەبىيات ئۇستازلىرىنىڭ نازۇك دىنىي تۇيغۇ، ئۆتكۈر كۆزىتىش دىتى ۋە روشەن مىللىي خاھىشقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

بىز يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرگە يەنە بىر ئەسەرنى يانداشتۇردىمىز، ئۇ بولسىمۇ «قىزىل خەت» رومانى. بۇ رومان 19 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكا يازغۇچىسى ناتانىل خاۋسورن (霍桑، Hawthorne Nathaniel 1408 — 1864)نىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك رومانى. بۇ رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 2009 ـ يىلى ئىيۇندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئىنساننىڭ مەنۋىيىتىدىكى زىددىيەتكە ئىچكىرىلەپ كىرگەن يەنە بىر نادىر رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنى ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرگە دالالەت قىلىدۇ. خۇددى مەزكۇر رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە بېرىلگەن قىسقىچە چۈشەندۈرۈشتە ئېيتىلغاندەك «بۇ ئەسەردە مۇستەملىكە دەۋرىدىكى يېڭى ئېنگلاندنىڭ تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، نامۇۋاپىق نىكاھنىڭ سىرتمىقىغا بوغۇلغان ئايال خېستېر پرون (Hester Prenne) نىڭ ‹زىنا› قىلمىشى تۈپەيلى تۈرمىگە ئېلىنىشى، ئەلگە سازايى قىلىنىشى ۋە ئۇزاق مۇددەت يالغۇز ياشاشقا سۈرگۈن قىلىنىشى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنىڭ رەھىمسىز ساختا قىياپىتى ئېچىپ بېرىلگەن.»①

«قىزىل خەت» («红字») نىڭ بىر خەنزۇچە نەشرىنىڭ كىرىش سۆزىدە روماندا تەسۋىرلەنگەن ئىشلارنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «‹قىزىل خەت›نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى خاۋسورن ياشىغان دەۋردىن 200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە چېتىلىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئامېرىكا ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ، پۇرىستان (Puritan) دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى

كەلتۈرۈپ چىقارغان دىنىي ئاتموسفېرا كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلاتـ
ـتى. مۇھەببەت بولسا خۇددى ئوغرىلىق ياكى قاراقچىلىققا ئوخشاش
قەبىھ گۇناھ ھېسابلىناتتى. خاۋسورن ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئىندـ
ـدىۋىدۇئالراق بولغان دەۋرنىڭ يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، 200 يىل بۇـ
ـرۇنقى ئىشنى كۆزەتكەن ھەمدە كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى يارىتىپلا
قالماي، يەنە مۇناسىپ دەۋرىي نىسبەتەن تۇسىنى نامايان قىلغان.»①

رومان زىنا قىلمىشىنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن مەيدىسىگە
ئاھانەتلىك A بەلگىسىنى تاقاپ، خالايىق ئالدىدا سازايى قىلىنماقچى
بولغان خېستېر پروننىڭ كىشىلەرگە نىسبەتەن نامەلۇم ئاتىدىن تۇـ
ـغۇلغان بالىنى كۆتۈرۈپ، جازا سۇپىسىغا چىقىشى بىلەن باشلىنىدۇ.
ئىزا، ئاھانەت، خورلۇق، تەنھالىق، كەمسىتىشتىن ئىبارەت مۇرەكـ
ـكەپ روھىي ھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان خېستېر پرون كىشىـ
ـلەر توپى ۋە دىندارلارنىڭ قىستىشىغا پەرۋا قىلماي، مەزكۇر زىناغا
شېرىك بولغۇچىنىڭ، يەنى بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قەتئىي
ئېيتماي بەرمەيدۇ. ناھايىتى قىزىقارلىقى شۇكى، خېستېر پروننى
دىنىي سوتقا تارتقۇچىلارنىڭ بىرى سۇپىتىدە سوراق قىلىۋاتقان ئارـ
ـتۇر دىممېسدىل (Arthur Dimmesdale) ئەپەندى دەل مۇشۇ قىلتىمـ
ـلىق زىنانىڭ شېرىكى ئىدى. خېستېر ئۇنى ئاياپ پاش قىلمايدۇ.
سوراق ۋە سازايى قىلىنىۋاتقان نەق مەيداندا خېستېر پروننىڭ سابىق
ئېرى روج چىللىڭۋورس (Roger Chillingworth) مۇ بار بولۇپ،
ئۇ كىشىلەر توپىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ جازا سۇپىسىدىكى سابىق
خوتۇنىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ھىندىيانلار رايونىغا كېـ
ـتىپ، تېخى بايىلا قايتىپ كەلگەنىدى. رومانىدىن بېرىلگەن بېشاـ
ـرەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەن خاتچىنسون
(Anne Hutchinson) بولۇپ، ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن قاراڭغۇ مۇساـ
ـپىلەرنى ھەم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كېيىنكى
ئىسمىنى قوللانغانىدى. سوت خېستېر پروننى زىنايى قىلمىشىنىڭ
بەلگىسى بولغان قىزىل رەڭلىك «A» بەلگىسىنى تاقاپ، ئۆمۈرلۈك

www.uyghurkitap.com

ئاھانەت بىلەن يۇرۇشكە بۇيرۇيدۇ. روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە سۇژېت تەرەققىياتى ئەنە شۇ «A» دىن ئىبارەت قىزىل خەتنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايىدۇ. خىستېر ھاقارەت ۋە كەمسىتىشنىڭ ئىچىدە ئۆز گۇناھىنىڭ ئاشكارا ئىبرەتنامىسى بولغان «A» ھەرپىنى تاقاپ يۇرۇۋېرىدۇ ۋە كىشىلەرگە قىلغان خەير - ساخاۋىتى، خالىس ياردىمى ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە ساۋابىنىڭ تىرىك نامايەندىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. باستېر دىممېسدىل بولسا قىساس، رەشك، گۇمان تۇپەيلى ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن روج چىللىڭگۇورسنىڭ قىتىغۇرلۇق بىلەن داۋالىشى ۋە ئۇنىڭ روھىي يارىسىنى تاتىلىشى بىلەن ئېغىر روھىي ئازابقا گىرىپتار بولىدۇ. تۈگىمەس ۋىجدان ئازابى ۋە پۇشايمان دىممېسدىلغا ئارام بەرمەيدۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ «A» ھەرپىنى قارا تونىنىڭ ئىچىگە قادىۋالىدۇ. دېمەك، زىنايى قىلمىشنىڭ ئاھانەتلىك بەلگىسى خىستېر پرون ئۈچۈن ئاشكارا ئىش بولغان بولسا، دىممېسدىل ئۈچۈن يوشۇرۇن ئىدى. يەنى دەرد خىستېرنىڭ تېشىغا يامرايتتى، دىممېسدىلنىڭ ئىچىگە ــــ يۈرىكىنىڭ دەل مەركىزىگە يامرايتتى.

روج چىللىڭگۇورس دىممېسدىلنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان ئالاھىدە دوختۇر سۈپىتىدە دىممېسدىلنىڭ پوستىغا كىرىۋېلىپ، خۇددى مەنىۋى ۋىرۇسقا ئوخشاش ئۇنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرىدۇ. نەتىجىدە، دىممېسدىل روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ، ئالجىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئۇ خىستېرنىڭ يوشۇرۇن قېچىپ كېتىش پىلانىغا نىسبەتەنمۇ دادىل ئىنكاس بىرەلمەيدۇ. ئاخىر، كىشىلەر توپى ئالدىدا خىستېرنىڭ مەيدىسىدىكى «A» ھەرپىگە ئۆزىنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ يىقىلىدۇ. قىساسنى مەقسەت قىلغان روج چىللىڭگۇورسمۇ مۇھەببەتسىزلىك تۇپەيلى ئادىمىيلىك تۇسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. «A» ھەرپىنى مەركەز قىلغان ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەتتە ئاپتورنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى مۇتلەقچىلىككە قوشۇلمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولـ-

دۇ. گويا ئۇ ئىنسان كەچۈرۈم ۋە مەغپىرەتكە موھتاج دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.

ئەمدى بىز 19 - ئەسىر غەرب ئەدەبىياتىدىكى نىخلىيۇدوف، راسكولنىكوف، دىمىپسدىل قاتارلىق پېرسوناژلارنى قاتار قويۇپ، پىكىرلەپ باقايلى. شۇنىسى روشەن بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھلىرى تۈپەيلى ۋىجدان ئازابى تارتىدۇ. ئۇلار دەل مۇشۇ ئازاب ئىچىدىكى تۇۋلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ. ئوقۇرمەن باش قەھرىمانلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ئازابلىرى ئىچىدىكى ئىنسانىيلىققا باشلاپ كىرىلىپ، ئىنسان تەقدىرىگە ئائىت چوڭقۇر تىراگېدىيە قايىنىمىدا ئىنسان بىلەن ئىلاھ، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئالاقىلەرنى يورۇتىدۇ. خۇددى تولستوي ئېيتقاندەك: «ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئېتىقادى بىلەن ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقتىن ئازابلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئايىغى چىقماس، ئۆتكۈر زىددىيەتنىڭ ئىچىدە قالغانلىقىنى بايقايدۇ.»[3] ئادەتتىكى قانۇننىڭ سوتچىلىرى ئىنساننىڭ گۇناھلىرىغا مېخانىك قانۇن ماددىلىرىنىڭ روھى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە ياكى قاماققا بۇيرۇيدۇ. ۋاھالەنكى، ئىنساننىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئەدىبلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۇناھلارنىڭ مەنبەسى ئىنساننىڭ روھىدا، جازاسىمۇ ئىنساننىڭ روھىدا. شۇڭا، بىز بىر قىسىم تالانتلىق ئەدىبنىڭ قەلىمىدىن روھىي جازا سەپىرىدە پاكلىنىپ، تۇۋا قىلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ قىياپىتىنى كۆرىمىز. بىز بىر ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇنىڭ ئازاب - كۈلپەتتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشلىرىدىن كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

«قىزىل خەت» تە تارىخقا بولغان روشەن رېئالىستىك نەزەر بار. بۇ نەزەردە تۇرمۇش ھەرگىزمۇ ساپ ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن بولۇپ قالمىغان، بەلكى ئىنسانغا ئالاقىدار ھەربىر ھادىسە چوڭقۇر مېتافىزىك كۆز بىلەن مۇقەددەس مەزمۇنغا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىنىدۇ. بۇنى كىتابنىڭ ئاپتورى بولغان خاۋسورنىنىڭ تەربىيەۋى مۇھىتى ۋە روھىي ئوزۇق مەنبەلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ناتانىل خاۋسورن 1804 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئېنگلاند ئىشتاتىدا تۇغۇلغان. «يېڭى ئېنگلاند» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئامېرىكا گويا ئەنگلىيەلىكلەر تەرىپىدىن بايقالغان، ئېچىشقا تېگىشلىك بولغان زېمىن، بۇنىڭدىن قويۇق مۇستەملىكە پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. خاۋسورنىنىڭ ئۆزىمۇ ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ زېمىنغا مۇستەملىكە سىياسىتىنى يۈرگۈزگۈچى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجدادى ئەسەبىي پۇرىتان مۇخلىسلىرى سۈپىتىدە ئۆزلىرىگە نىسبەتەن يات بولغان نەرسىلەرگە يەكلەش ۋە باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان خاۋسورن ئۆزى چوڭ بولغان سالىم كەنتىدە مەشھۇر «پېرىخونلارنى ھەيدەش» دېلوسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ مەنسەپدار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىك ئائىلە تەربىيەسى كۆرگەن بولۇپ، دىنىي جەھەتتە مارتىن لۇتېرنىڭ[4] تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. مارتىن لۇتېرنىڭ قارىشىچە، ئادەم دىنىي جەمئىيەتنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئېتىقادىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئادەمدۇر. دېمەك، مارتىن لۇتېر «ئىنجىل» نىڭ ئەسلىي روھىدىن چەتنىگەن ھالدا، نوپۇزلۇقلار تۈزۈپ چىققان قائىدىلەرگە بويسۇنۇشتەك بىدئەتلىكلەرگە قاتتىق قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ قارشى تۇرۇش ئوبيېكتى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد مۇناسىۋىتىنى بىۋاسىتە ھالدا خرىستوس ۋە «ئىنجىل» غا بولغان چىن ئىخلاسقا بۇراپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ تەشەببۇس ئاخىر خرىستىيان دىنىنىڭ يېڭى بىر مەزھىپىنى ـــ پۇرىتان ئەقىدىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «پۇرىتان مۇخلىسلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي خرىستىيان دىنى ئېتىقادىنىڭ ئۆزىگە، ساخاۋەتنىڭ ئۆزىگە ۋە مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۆزىگە قۇرۇلغان بولۇشى»[5]،

بۇنداق تەكىتلەش كاتولىك دىنىنىڭ تۈزۈملەشكەن بىر ەر دىنىي جەمئىيەتنىڭ مۇقەددەس ئىشلارنى ۋاكالىتەن ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەيدىغان تەشەببۇسقا قارشى ئىدى.

ھەممىگە ئايانكى، مارتىن لۇتېر غەرب ئىدىيە تارىخىدىكى بىر ئىسلاھاتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكى بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا سەۋەبچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسلاھاتى گەرچە «كوزىسىرۋاتىپ ئالامەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىنىي جەمئىيەتكە بولغان قارشىلىقى غەرب مەدەنىيەت تارىخىدا (كۇلتۇر تارىخىدا) تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولىدى.»[6] مارتىن لۇتېرنىڭ بۇنداق ئىسلاھات ئىدىيەسى ئۇنىڭ زاماندىشى بولغان جون كالۋىن[7] (John Calvin) تەرىپىدىن تېخىمۇ بېيىتىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەرۋەردىگار كىشىلەرگە «ئىنجىل» ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ، كىشىلەر پەرۋەردىگارغا سەممىمىي ساداقەت بىلەن ئېتىقاد قىلسا، «ئىنجىل»نىڭ روھى بىلەن ئىش كۆرسە، دىنىي مۇراسىم ئارقىلىق مەغپىرەت تىلەشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىمتىيازىغا تېۋىنىشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق.

«يازغۇچى ھېرمان مېلۋىلنىڭ[8] كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭ (خاۋسورنىڭ) ئەسەرلىرىگە كالۋىنچىلارنىڭ ئىنسانىي ماھىيەت ۋە ئەسلىي گۇناھ (原罪) نۇقتىئىنەزىرى سىڭگەن.»[9] خاۋسورن ئۇزاق مۇددەت مەشىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمىنى 33 ياشتا، تۇنجى رومانىنى 46 ياشتا ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تېمىسى ئاساسەن دېگۈدەك يېڭى ئېنگلاندىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە تارىخىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئىنساننىڭ خاراكتېرى ۋە ئىنساننىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇ «بىراۋىن يىگىت»، «دىنىي جەمئىيەت باشلىقىنىڭ قارا شالى» دېگەن ھېكايىلىرىدە ھەرقانداق ئادەمدە رەزىللىك بولىدۇ، كىشىلىك خاراكتېر رەزىلدۇر، ئادەم غېرىبتۇر، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پادىلىگەن. ئۇ «جەننەتكە ئاپىرىدىغان تۆمۈريول» دېگەن ھېكايىسىدە تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ماددىي مەئىشەتلىرىنى ئاشۇرىدۇ، لېكىن ئىنساننىڭ روھىنى كاردىن چىقىرىدۇ، دېگەن ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. خاۋسورن «خۇددى ئالەن پو ئېپ[10] (Adgar Allan Poe) غا ئوخشاش ئىنسان روھىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئىنسان تەقدىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆرسىتەلىگەن، ئەمما ھەل قىلالمىغان.»[11] «خاۋسورن ئىنساندىن نەپرەتلەنمەستىن، ئىنسانغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالاتتى، ئۇلاردىن يىرگەنمەيتتى.»[12] «خاۋسورننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىمانلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇ بىر خىرىستىيان مۇخلىسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ، ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۇغما بولغان ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىستىكىنى كۆرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنى گۇناھنىڭ سىرلىق پاتقاقلىرىدىن يوشۇرۇن چىقىش يولى ئىزدەتكۈزىدۇ.»[13]

يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تەرجىمىھالىدۇر. ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ ھالىتىدىن كۆرە، سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئەڭ نازۇك كەچۈرمىشلىرىگە قەدەر تەپسىلىي ئەكس ئېتىدۇ. بىز يازغۇچى ناتانىل خاۋسورننىڭ يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن ئىدىيەسىنىڭ جانلىق تەسۋىرىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرىمىز. خاۋسورن تەنھالىقنى ياخشى كۆرىدىغان ئىچ مىجەز يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ئەسەر يازغان. لېكىن، يازغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى يىرتىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ 20 توملۇق توپلىمىدا 100 پارچىدەك ھېكايە بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئازغىنە قول يازمىسىدىن چىققان. بۇلار دېڭىزدىن تامچىدۇر. خاۋسورننىڭ دوستى، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئېمېرسون (Ralph Waldo Emerson) نىڭ دېيىشىچە،

خاۋسورن ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردى دېگەندەك ئەسەرلەرنى يېزىپ بولالمىغان[14]. خاۋسورنىنىڭ «قاشتاش ھەيكەل»، «يەتتە كونۇسلۇق ئۆي» قاتارلىق رومانلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ رومانلىرى ئىچىدە «قىزىل خەت» مۇئەييەن كەڭلىك يارىتىپلا قالماي، بەلكى مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭقۇرلۇققا يەتكەن.[15]

رومانىنىڭ سۈژېت خېمىرتۇرۇچىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا رېئاللىزملىق ئېلېمېنت قويۇق دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتورنىڭ بايان ئۇسلۇبىدا رومانتىزملىق پۇراق ناھايىتى كۈچلۈك. ئەسەردىكى تەپسىلاتلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەر پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. گويا رومانىنىڭ بارلىق سەھىپىسى ئىنچىكە پىسخىكىلىق تەسۋىرلەر بىلەن تولغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رومانىنى تىپىك پىسخولوگىيەلىك رومان دېيىشكە بولىدۇ. بىز يازغۇچىنىڭ تەسۋىرلىرىدىن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئەڭ پىنھان تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىمىز، ھەتتا ئىنسان خاراكتېرىدىكى چىنلىقلار ھەققىدە يازغۇچى بىۋاستە ئېيتىپ بەرمىگەن تەرەپلەرنىمۇ كۆرگەندەك بولىمىز. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى مەغلۇبىيەت بىلەن تولغان. ھەربىر كىشى ئۆز خاراكتېرىگە يارىشا بىر مەقسەتتە پائالىيەت قىلىدۇ ـ يۇ، مەغلۇپ بولىدۇ. مەسىلەن، خىستېر، دىممېسدىل، چىللىڭۋورس، ھەتتا قېرىلاردىن تەشكىل تاپقان پۇرىتانلار جامائىتى... روماندا پەقەت خۇدانىڭ خاھىشىلا غەلىبە قىلاتتى. «خۇدانىڭ سورىقىغا دۇچ كەلگەندە، ئىنساننىڭ بىردىنبىر بايلىقى ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ياردەمچىسىز، تەنھا ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىش، ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش.»[16]

رومانىنىڭ ماۋزۇسى بولمىش «قىزىل خەت»نى ئۇيغۇرچە «نومۇس»، «ئاھانەت بەلگىسى»، «نومۇس نىشانى» دەپ تەرجىمە قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇمكىن. خەنزۇچە «红字» نى ئۇدۇللا «قىزىل خەت» دەپ تەرجىمە قىلساق يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىدىن چەتنەپ كەتمەيمىز، ئەكسىچە رومانىنىڭ ماۋزۇسىنى ساددا ۋە قاراتمىلىقتا ئىگە قىلىپ چىقارغىلى بولىدۇ. ماۋزۇدىكى «قىزىل خەت»، ئىنگلىزچىدىكى «Adultery» (ئۇيغۇرچە «زىنا»، خەنزۇچە «通奸» دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپى بولغان «A» نى كۆرسىتىدۇ. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى خېستىر پرون نامەلۇم ئاتىدىن بالا تۇغۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ ئاھانەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قىزىل «A» ھەرپىنى مەيدىسىگە كەشتىلەپ، خەلقئالەم ئالدىدا يۈرۈشكە بۇيرۇلىدۇ. بۇ پۇرىتانلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن خېستىر پرۇنغا ئاتا قىلىنغان روھىي ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. دېمەك، بىراۋنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ جىسمىنى ئېلىپ قېلىش كېرەك ئىدى. خېستىر ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىپ، «بۇزۇق»، «رەسۋا»... دېگەن مەنىدىكى «A» ھەرپىنى ئاشكارا يۈكلەپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاپتور رومانىدا «جىنايەت قانچىلىك دەرىجىدە بولسۇن، جازالاشتىكى بۇنداق زوراۋانلىق بەربىر تولىمۇ ئىنسانىيەتسىزلىك بولۇپ چىقاتتى. گۇناھكارلارنىڭ ئۆز خىجىللىقىنى يوشۇرۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمىغان بۇنداق ياۋۇزلۇق ھەقىقەتەن چېكىگە يەتكەنىدى» دەپ يازىدۇ.

رومانىدا «قىزىل خەت» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان «A» ھەرپى نۇرغۇن مەنىگە ئىگە قىلىنغان، ئۇ خېستىر پرونغا نىسبەتەن «نومۇسسىز ئايال» دېگەن مەنىدە ئىدى. خېستىر ئۆز گۇناھىنىڭ مېۋىسىدىن بولغان پېرىل (Pearl) نى ئۇتقاشتەك كىيىم بىلەن ياساندۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ تىرىك قىزىل خەت ئىدى. خېستىرنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولغۇچى باستېر دىممېسدىل ئەپەندى بىر تەرەپتىن چىللىنگۇورسىنىڭ ئەشەددىي قىساسخورلۇقىنىڭ دەردىنى تارتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن گۇناھىنىڭ يوشۇرۇن ئازابىدا ئەقلىدىن ئازاي

دەپلا قالىدۇ. ئۇ قىزىل خەتنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى جازالىغىنىدىن تەسەللى تېپىپ يۈرىدۇ. دېمەك، قىزىل خەت ئۇنىڭ يۈرىكىدە پىژىلداپ ياناتتى. خىستېرنىڭ سابىق ئېرى روج چىللىڭۋورس بىلىملىك دوختۇر، لېكىن ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى قۇۋ، مەككار ۋە ھېسسىياتسىز، ئاپتورنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۇ بەئەينى خارابىدىكى مۈخلار كەبى چىرىندىلەردىن قۇۋۋەت ئالاتتى.» ئۇنىڭ قىساسخورلۇقىنىڭ ۋەھشىيلىكى ئۆزىنى ۋە دىمە-مېسدىلنى تەڭ ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ گويا ئىنسان تەبىئىتىدىكى يىلاندەك زەھەرخەندە تەرەپنىڭ تىرىك گەۋدىسى بولغاچقا،كىچىك-كىنە پېرىل ئۇنى شەيتاندەك كۆرىدۇ. «A» ھەرپىدىكى مەنە ئۇنىڭ ۋەھشىي قىساسخورلۇقىدىكى گۇناھقىمۇ توغرا كېلەتتى. ئومۇ-مەن، روماندىكى قىزىل خەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ناچارلىق ۋە «ئىنجىل»دا قەيت قىلىنغان «ئەسلىي گۇناھ» قا ئىشارەت بولات-تى. ھەزرىتى ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قويغانلىقى تۈپەيلى جەننەتتىن زېمىنغا پالانغانىدى. ئادەمئاتا چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەن ھامان ئۆزىدىن خىجالەت بولۇشقا باش-لىغان. لاۋرېنس ئادەتتىكى ئاڭنى قان ئېڭى ۋە پاراسەت ئېڭى دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، ئادەمنىڭ گۇناھىنى قان ئېڭىنىڭ پاراسەت ئې-ڭىدىن ئۈستۈن كېلىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ ئىزاھلايدۇ. گويا بۇ يەردە قان ئېڭى بىلەن پاراسەت ئېڭىدىن بىر كىرېست ھاسىل بو-لۇپ، ئادەم ئۇنىڭ مەركىزىگە نەزەربەند بولغانىدى.[17] دېمەك، بىز دەۋاتقان، جۈملىدىن خىرىستىيان دۇنياسىدىكى ئىلاھىيەتشۇناسلار دائىم تىلغا ئالىدىغان «ئەسلىي گۇناھ» (Original sin) ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن باشلانغان گۇناھنى كۆرسىتىدۇ. لاۋرېنس «A» ھەرپىنى ھەتتا «America» (ئامېرىكا) دېگەن سۆزگىمۇ تەتبىقلاي-دۇ. ھىندىيانلارنىڭ قىزدەك غۇبارسىز زېمىنىنى ئاياغ ئاستى قىلغان ئاق تەنلىكلەر جەمئىيىتىمۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۇناھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ بىر يالدامىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قىزىل خەت «A» ئىنگلىزچىدىكى تۆۋەندىكى سۆزلەرگە چېتىلىدۇ:

A ⇒ Adultery
Anne Hutchinson
Arthur Dimmesdale
America
Authority
Adam

خاۋسورن ئەينى دەۋردىكى دىنىي مۇئەسسەسەنىڭ ۋەكىلى بولغان دىمىپسدىلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇنداق بىر ساۋاقنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىدۇ: «سەممىمىي بول! سەممىمىي بول! چوقۇم سەممىي بول! يامان تەرىپىڭنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىۋەتمىسەڭمۇ، ھېچبولمىغاندا ئازراق بېشارەت بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت بەر.» بىر ئىنساننىڭ يامان تەرىپى بولغىنىدەك، بىر جەمئىيەت، بىر ئىدېئولوگىيە ياكى بىر ھۆكۈمەتنىڭمۇ يامان تەرىپى بولىدۇ، دەل ئاشۇ يامان تەرەپلەرنى سەممىي تەن ئېلىش كىشىلىك ھاياتتىكى كۆلپەتنى تامامەن تۈگىتىۋەتمىگەندىمۇ، كۆپلەپ ئازايتىدۇ. خاۋسورننىڭ «كۆيدۈرۈپ نەزىرە قىلىش» ناملىق تەمسىللىك ھېكايىسىدە مۇنداق بىر ۋەقەنى تەسۋىرلەيدۇ: «كىشىلەر ئەھمىيەتسىز خاتىرىلىرىدىن زېرىكىپ، ئۆتمۈشنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇلار بىر ئاخشىمى ئامېرىكىنىڭ غەربىدىن كەڭ بىر دالاغا يىغىلىپتۇ، بۇ يەرگە يەنە دۇنيادىكى ھەممە يەردىن ئادەملەر كەپتۇ. كىشىلەر ھەيۋەتلىك بىر گۈلخاننى يېقىپ، دۇنيادىكى بارلىق نەسەبنامە، شاھادەتنامە، ئوردېن، تاج، ماقالە، تون، چاي، قەھۋە، مىلتىق، قىلىچ ـ توقماق، بايراق، ناغرا، پۇل، قانۇن، جازا سۈپىتى

دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوتقا تاشلاپتۇ. خاۋسورن كۆيگەن نەرسىلەرگە قاراپ ھەيران بوپتۇ ھەم خۇماردىن چىققاندەك بوپتۇ. ئۇيچان بىر ئادەم: خۇشال بولۇپمۇ كەتمە، قايغۇرۇپمۇ كەتمە، چۈنكى ئوت پەقەت شەيئىلەرنىڭ كۆيىدىغان قىسمىنىلا كۆيدۈرەلەيدۇ، دەپتۇ. يەنە بىر (شەيتان)، كۆيدۈرگۈچىلەر ئاساسلىق نەرسىنى كۆيدۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالدى، ئەسلىدە بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى بولغان قەلبنى ئوتقا تاشلاش كېرەك، ئۇلارنىڭ كۆيدۈرگىنى پەقەتلا شەكىل، دەيدۇ. دېمەك، خاۋسورن ئىنساننىڭ قەلبى ئېرىغدالمىغۇچە رەزىللىكنىڭ ئىپلاس تومانلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

«قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەزىللىك ئۆزىنىڭ ئاپەتلىك خاراكتېرىدىن چەتنىيەلمەيدۇ.»

—— «قىزىل خەت»

نەقىل مەنبەلىرى

① ناتانىل خاۋسورن: «قىزىل خەت» (ئابدۇقادىر جالالىددىن تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② ناتانىل خاۋسورن (霍桑) «قىزىل خەت» («红字»)، شاڭخەي تەرجىمىلەر نەشرىياتى 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ لېۋ تولستوي: «تۇرمۇشىمىزدىكى زىددىيەت ۋە خىرىستىيان ئېڭى»، «20 ـ ئەسىردىكى غەرب دىن پەلسەپىسىگە ئائىت ئەسەرلەر» («世纪 20 西方宗教哲学文选. 刘小枫主编») گە قارالسۇن. شاڭخەي «ئۈچ بىرلەشمە» كىتابخانىسى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 1610 ـ بەت.

④ مارتىن لۇتېر (Martin Luther، 1546 —— 1483) 16 ـ ئەسىردە گېرمانىيەدىن چىققان ئۇلۇغ دىنىي ئىسلاھاتچى. 1517 ـ يىلى «95 ماددىلىق تېزىس» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، كاتولىك جەمئىيىتىنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇپ، ئادەمنى دىنىي جەمئىيەت ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئۆزى قۇتقۇزىدۇ، دەيدۇ. مارتىن لۇتېردىن كېيىن ئىنساننىڭ ئىندى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋىدۇئال پىكىر ھۆرلۈكى تەدرىجىي ھۆرمەت قىلىنىشقا باشلايدۇ.

⑤⑥ رىچارد تارناس (Richard Tarnas): «غەرب ئىدىيە تارىخى» (《西方思想史》)، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى 2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 265 ـ، 267 ـ بەتلەر.

⑦ جون كالۋىن (John Calvin، 1564 — 1509) فىرانسىيەنىڭ 16 ـ ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھاتچىسى بولۇپ، خىرىستىيان دىنىنىڭ كالۋىنىزم (加尔文主义) ئېقىمىنى ياراتقان.

⑧ ھېرمان مېلۋىل (Herman Melville، 1891 — 1819) ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋە شائىرى. «ئاق كىت» ناملىق ئەسىرى ناھايىتى مەشھۇر.

⑨ «جوڭگو كاتتا قامۇسى، چەت ئەل ئەدەبىياتى قىسمى»، جوڭگو قامۇس نەشرىياتى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 457 ـ بەت.

⑩ ئالەن پو ئې (1809 — 1849) ئامېرىكا شائىرى، يازغۇچىسى ۋە ئوبزورچىسى.

⑪⑫⑬ روبېرت سپىلېر (Robert E. Spiler): «ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرىيلىكى» «美国文学的周期» شاڭخەي چەت تىللار مائارىپ نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 64 ـ، 65 ـ، 67 ـ، 68 ـ، بەتلەر.

⑭ ج. ل. بورگىس: «بورگىس توپلىمى» (博尔赫斯文集)، خەينەن خەلقئارا ئاخبارات نەشرىياتى مەركىزى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 61 ـ بەت.

⑮ لىيو ستراۋس. جوسىف كروپىس تۈزگەن: «سىياسىي پەلسەپە تارىخى» (《政治哲学史》)، قانۇن نەشرىياتى 2009 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 61 ـ بەت.

⑯ «لاۋرېنس ئەدەبىيات ۋە سەنئەت خاتىرىلىرى» (劳伦斯文艺随笔)، لىجياڭ نەشرىياتى 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

## پايدىلانمىلار

1. ناتانىل خاۋسورن: «قىزىل خەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. Robert E. Spiller . «美国文学的周期».上海外语教育出版社.1990.

3. 克劳迪娅.德斯特.约翰逊.《红字》解读,(英文)中国人民大学出版社.2008.

4. 豪.路.博尔赫斯.博尔赫斯文集.海南国际新闻出版中心.1996

5. 理查德.塔纳斯.西方思想史.上海社会科学院出版社.2007.

6. 中国大百科全书—外国文学(Ⅰ).中国大百科全书出版社.1982.

7. 冯契,徐教通主编.外国哲学大辞典.上海辞书出版社.2000.

8. 刘小枫主编,20世界西方宗教哲学文选,上海三联书店.1991.

www.uyghurkitap.com



# ماياكوۋسكىي ۋە ئۇنىڭ «ئىشتانلىق بۇلۇت» داستانى

ۋىلادىمىر ۋىلادىمىروۋىچ ماياكوۋسكىي (1893 – 1930) ئۇيغۇر ئەدەبىياتخانىلىرى ئۈچۈن خېلىلا تونۇش ئىسىم. ئۇنى 20 – ئەسىرنىڭ 50 — 60 يىللىرىدا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات تەربىيەسى كۆرۈپ، كېيىن مائارىپ، ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملىرىمىز ئوبدان بىلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك تەسىرى ئىنتايىن روشەن بولغان ئۇ دەۋرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەلىرىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، كىشىلەر «ئەدىب» دېيىلگەندە ماكسىم گوركىي، پۇشكىن، ماياكوۋسكىي دېگەن ناملارنى تەبىئىي ھالدا ئېسىگە ئالىدىغان بولۇپ كېتىشكەندى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقى ئەدىبلەرنىڭ بىر قىسىم ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى بولسىمۇ، تولۇق ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمى بار دېگىلى بولمايتتى. بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۇلارنىڭ ئەسىرىگە قېرىنداش ئۆزبېك، قازاق تىللىرى (شېۋىلىرى دېسە بەكرەك مۇۋاپىق) دىكى تەرجىمىسى ئارقىلىق بەكرەك ئۇچرىغان دېسەكمۇ بولىدۇ. رۇس تىلىدىكى ئەدىبلەرنىڭ سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تونۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ. لېكىن بۇ يەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تونۇشتۇرۇلۇشىنى مۇكەممەل دېيىش تەس. ئەگەر 20 – ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىر مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، رۇسىيە – سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئالدىنقى قاتاردا قويۇشقا بولىدۇ. ئۆمەر مۇھەممەدى، ھېزىم ئىسكەندەروف، ئىليا بەختىيا، ئىسمائىل ساتتاروف، ل. مۇتەللىپ، ت. ئېلىيېفلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇ خىل تەسىرنى

ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. چاچما شېئىرلاردىن گەپ ئېچىلسا، كىـ-
شىلەر بىردەك ماياكوۋىسكىينىڭ تەسىرىنى تەستىقلايدۇ. يەنە بىر
قىزىق نۇقتا شۇكى، 20 ـ ئەسىر چەت ئەللەر ئەدەبىياتىغا نىسبە-
تەن رۇسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتىنى بىرقەدەر بىلىمىز (گەرچە
مۇكەممەل، ئەتراپلىق بىلمىسەكمۇ). بۇ چاغلاردا ماركس، ئېنـ-
گېلس، لېنىن، ئىستالىن قاتارلىق كوممۇنىزم داھىيلىرى رازى
بولۇپ تىلغا ئالغان چەت ئەللەر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كوممۇ-
نىزم ئىدىيە ھەرىكىتىنىڭ ئۇرغۇسى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا سىـ-
ڭىپ كىردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماياكوۋىسكىيچە شېئىر شەكلىنىڭ
شېئىرىيىتىمىزگە بولغان تەسىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مايا-
كوۋىسكىينىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشمىغان
ھالدا ماياكوۋىسكىي پارتىگىنىڭ ئاممىۋىلىشىشى بىزدىكى بىر كارد-
كاتۇرا. كىشىلىرىمىز ماياكوۋىسكىي ئەسەرلىرى بىلەن تولۇق تو-
نۇشمىغانۇ، لېكىن ماياكوۋىسكىينى «قالتىس» دەپ بىلىدۇ. ھەتتا
ئۇنىڭ «قالتىس»لىقى مۇقەددەسلىشىپ، چېقىلىغىلى بولمايدىغان
سىيماغا ئايلاندى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇنى ماياكوۋىسكىينىڭ
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى خۇراپىيلىشىشى دېيىش لازىم بو-
لىدۇ. ھازىرغا قەدەر بىز ئەدەبىي، سىياسىي، ئىلمىي ساھەلەردىكى
بۈيۈك شەخسلەرنى تەتقىق قىلىپ باقمايلا ئۇلۇغلاپ كەلدۇق ۋە
شۇنچە خۇراپىيلاشتۇردۇق.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا غەرب شېئىرىيىتى مېنى ئۆ-
زىگە تارتىپ تۇرغانىدى. شۇ چاغدا نۇرغۇن شائىر قاتارىدا مىاياكو-
ۋىسكىينىڭ دۇنياسىنى قىسمەن ئارىلاپ چىقىش جەريانىدا تاسادى-
پىي بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇنىڭ مەشھۇر داستانلىرىدىن
بىرى بولغان «ئىشتانلىق بۇلۇت» نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇتغانىدىم. تەرجىمە داۋامىدا، ئىشنىڭ ئۇنچە
ئاسان ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم؛ ماياكوۋىسكىينىڭ شېئىرىي
تىلدىكى ئۆزگىچىلىكى، ئىستىلىستىكا بابىدىكى ئىجادچانلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى مۇرەككەپلىك ۋە غۇۋالىق مېنى قىيناپ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ داستاننى تەرجىمە قىلىپ، تاشلاپ قويدۇم. لېكىن ئۇنىڭ شېئىرىي ئوتتۇقلىرىدىكى پەۋقۇلئاددە خاسلىق ۋە ئوبرازچانلىق ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى. شائىر ئىجادچانلىقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئىلگىرىلەپ چۈشەندىم.

شاخسىمان شامدان
مۈكچەيگەن قەددىگە قاراپ ئۆزىنىڭ
كۈلەر ئىدى كۆز ياشلىرى تاراملاپ.

يەر ئوخشايدۇ
توغرىسىغا ياتقان ئايالغا
ئۆزى ئىتائەتتە، تېنى تىترەكتە.
«مارس كۈيلىرى» دەك قىپقىزىل شەپەق
سەكرات قوچىقىدا تولغىنار قىلدەك.

ماياكوۋىسكىينىڭ ئادەمنىڭ ئېسىدە قالىدىغان ئىپادىلەشلىرى كۆپ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي تەنقىدچىسى لۇناچارسكىي ئېيتقاندەك «ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسى يېڭى بىر بايقاش، ھەربىر مىسراسى بىر ئىجادىيەت» ئىدى.

ماياكوۋىسكىينىڭ ئىجادكارلىقى سۆزلەرنى تەشكىللەشتە بەكرەك نامايان بولۇپ، رىتىم ئەنە شۇ سۆزلەر مۇناسىۋەتلىرىگە بېقىنغان ھالدا تۇغۇلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، داستاننى ئەينەن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تەرجىمىدە رۇس تىلىدىكى ئاھاڭنىڭ ئۆلۈۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. بۇ ئۆلۈم بىۋاسىتە رۇس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنمىغان ھالدا شۇنچە ئېغىر، شۇنچە پاجىئەلىك. مەن تەرجىمە ئارگىنالىنى بىر مەزگىل تاشلاپ قويدۇم. دوستۇم ئوسمان قاۋۇل بۇ تەرجىمىنى كۆرگەندىن كېيىن قاراماي-

دىكى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن تەر-جىمىنىڭ خاملىقى ئۆزۈمگە ئايان بولغاچقا، بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق تاپمىدىم. شۇ تەرىقىدە بۇ تەرجىمە 14 يىل ياتقان بولدى. قارىغاندا، ئۇنى قايتا قولغا ئالغۇدەك تۇرتكە، ئىلھام ۋە ئىمكانىيەتلەر بولمى-غان بولسا كېرەك. زامانىمىز ئەھلىنىڭ تەرجىمىنى تۇزۇك ئەمگەك قاتارىدا كۆرمەيدىغان نادان بىپەرۋالىقى نۇرغۇن سەۋەبىنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

تاسادىپىي ھالدا ئۆزبېكىستان ئەدىبى مىرئەزىز ئەزەم تەرجى-مىسىدىكى «ئىشتانلىق بۇلۇت»نى كۆرۈپ قالدىم ۋە ئۇنى خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتىم، بۇلارنى ماياكوۋىسكىيغا تەئەللۇق ئايرىم ئىككى پارچە ئەسەر بوپتۇ، دېيىشكە بولاتتى. مىر-ئەزىز ئەزەمنىڭ تىل ئۇسلۇبى كونا بولۇپ، ماياكوۋىسكىينىڭ يى-مىرىلىپ، پارچىلىنىپ تۇرغان تىل قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن باش-قىچە بىر دۇنيا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مەنىنى ئۆزلەشتۇرۇ-شۇمگە كۆپ ياردىمى تەگدى. ئوسمان قاۋۇلنىڭ تەكرار سۈيلىشى، ئۆزۈمنىڭ شېئىرسىراپ تۇرۇشى، مىرئەزىز ئەزەمنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ئەينى ۋاقىتتىكى تەرجىمىگە قايتا ئىش قوشۇشۇمغا سەۋەبچى بولدى.

ماياكوۋىسكىي لىلىيا يۈرۈۋنا بورلىكنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇ-نىڭغا قىزغىن ئەقىدە باغلاپ، نۇرغۇن شېئىرنى يازىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى راسا ئەۋجىگە چىقىپ، بىردىنلا بۇزۇلىدۇ. شائىر «ئىشتانلىق بۇلۇت» داستانىنى ئەنە شۇ قىزغا بېغىشلاپ يازىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەسلىي نامى «ئون ئۈچىنچى مۇرىت» بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سېنزور (تەكشۈرگۈچ) لار «دىنىي تۇس قويۇق ئىكەن» دەپ قىسقارتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ نامى «ئىشتانلىق بۇلۇت» بولغان.

بىر شەخسىي مۇھەببەت پاجىئەسى مەزكۇر داستاندا شائىرنىڭ كۈچلۈك ئىنقىلابچىل روھى ۋە تەنقىد روھىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسيانكارلىقى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قىز دوستىنى باغرىغا ئالغان تۇر-مۇشقا، كىشىلەرنىڭ بۇ دەۋردىكى روھىي ھالىتىگە سەۋەبچى بول-غان جەمئىيەتكە، جەمئىيەتتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتقا تۇ-تىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئازابلىغان، مۇھەببىتىگە پاجىئە ئېلىپ كەل-گەن ئامىلنى جەمئىيەتنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرى بىلەن باغلاپ ھەممىگە قارشى تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنمۇ بار، مەۋجۇت تۇ-زۇممۇ بار.

قارشىلىق ۋە ئىنقىلاب ماياكوۋىسكىي ئەسەرلىرىدىكى ئاسا-سلىق خاھىش. بىراق، ماياكوۋىسكىينىڭ «ئىنقىلاب»ى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەسەبىي شائىر نېمىگىدۇر قارشىلىق قىلىپ «ئىنقىلاب» قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنقىلابى بەزىدە ئەدەبىيات ئىنقىلابى، بەزىدە سىياسىي ئىنقىلاب بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي-لىقىنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن بىرىكتۈرۈپ، ئىنقىلابنىڭ ئا-قىۋىتىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئەينى ۋاقىتتە-كى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كوزىر شائىرىغا ئايلىنىپ، سىياسىي مۇئەسسەسەلەر كۆتۈرۈپ چىققان «ئىنقىلابىي شائىر» لار تىپىغا ئايلىنىدۇ.

بىر «ئىشتانلىق بۇلۇت» ناملىق داستانغا قارىساق، شائىر قەل-بىدىكى زىددىيەتنى كۆرەلەيمىز، ئۇ بەزىدە شەخسىي مۇھەببەت پا-جىئەسىنىڭ شىكايەتچىسى، بەزىدە ئىنقىلاب تەشەببۇسكارى، بەزى-دە ھەممىگە قارشى تۇرغۇچى ئۆكتىچى، بەزىدە چۈشكۈن ئىنكارچى سۈپىتىدە كۆزىمىزگە تاشلىنىدۇ. ئۇ قوپال بىر مەسخىرىۋاز سۈ-پىتىدە تارىخ ۋە رېئاللىقتىكى شەيئىلەرنى ھەجۋىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىلىمۇ قوپال، لېكىن بۇنداق ئۇسلۇب قىزىققان شائىرنىڭ ۋۇجۇدى-دىكى تەلۋىلىكنى ئاشكارىلاشقا ئاجايىپ ماس كەلگەن. ماياكوۋىسكىي ئەسەبىي شائىر، شۇنداقلا ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدىغان سەممىي شائىر. ئۇنى تىپىك بىر شېئىرىيەت لوكچىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ-نىڭ نەزىرىدىكى «ئىنقىلاب» ئېنىق پىروگراممىغا ئايلانغان ئاڭلىق

ئىنقىلاب بولماستىن، غۇۋا، ھېسسىي ئىنقىلاب بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ
ئىجادىيەت جەريانىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ئىشتانلىق بۇلۇت» گويا كاپىتالىزمنىڭ رېلىسلىرىدىكى بىر-
قانچە تامچە قانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىكى شەھەر تەسۋىرى كۆھىقاپ-
تەك ئېغىر ۋە ۋەھىملىك. شائىرنىڭ ماددىچىلىق ھاۋاسىدا سى-
قىلغان روھى نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ھالدا تەمتىرەيدۇ. ئۇ ئۆزى-
نىڭ روھىنى پۇتلىرىنى سۆرەپ ئۇۋىسىغا ماڭغان لالما ئىتقا
ئوخشىتىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىدىن ۋە مۇھەببەت
ھاياتىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، 1930 - يىلى 14 - ئاپرېل سەھەردە
ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

رۇس ئەدەبىياتشۇناسى ۋ.ۋ. ئاگنوسوف ماياكوۋسكىينىڭ ئۆلۈ-
مىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «شائىر ۋە شائىر ئۆزىنى بېغىشلىغان
دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بارا - بارا ئېغىر بىر كرىزىس
پەيدا بولىدۇ، ئاخىر يۈرەككە چەنلەنگەن بىر پاي ئوق ھەممىنى ھەل
قىلىدۇ.»

ماياكوۋسكىي غايە جەھەتتە مەغلۇپ بولغان شائىر، لېكىن ئۇ
شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىدا ئۆچمەس جۇلادىكى بىر شائىر. ئۇ-
نىڭ ئۇسلۇبىدىكى جەڭگىۋارلىق سوبيېكتىپنىڭ پىغانلىرىنى
چېكىپ بولالماي، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى
شېئىرىيىتىمىزگە ئىلھام بېرەلەيدۇ، دەپ قارايمەن. شېئىرىيە-
تىمىز 1980 - يىللاردا بىر قېتىم قاسراق تاشلىدى. 1990 -
يىللارغا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم قاسراق تاشلىدى. ئەمدى قىلىد-
سام، شېئىرىيىتىمىز يۇقىرىقى ئىككى دەۋردىكى ئازغىنە ئۇتۇق-
لىرىغا مەھكۇم بولۇپ، سۆز ۋە جۈملە ئۇرانلىرىدىكى بىر خىل-
لىقنى تەكرارلاۋاتىدۇ. شەھەر تىللىرىنى سوزۇپ قىشلاقلىرىمىز-
غا يامراۋاتىدۇ. ماياكوۋسكىينىڭ قەلىمىدىكى بىسەرەمجان شە-
ھەر تەسۋىرى بىزنىڭ ھازىرقى مۇھىتىمىز ئۈستىدە ئويلاندۇرغان
بولسا ياخشى بولاتتى، دەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شېئىرىيىتىمىز ئېغىر بىر سىناقتا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيلى-نىش ئۈچۈن كۆپرەك كۆزىتەيلى، كۆپرەك ئۆگىنەيلى. مۇكەممەل دېگىلى بولمايدىغان مەزكۇر ئۇيغۇرچە «ئىشتانلىق بۇلۇت» نى دوستلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىغا سۇندۇم.

2005 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# مۇھەممەد رېھىم توغرىسىدا

— شائىر، ژۇرنالىست، تىل ـ ئىملا ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بويىچە ئۇنۇملۇك ئىزدەنگەن تەتقىقاتچى مۇھەممەد رېھىم تەۋەللۇ-تىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

«مۇھەممەد رېھىم بىر پەش ئۇچۇن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە پىيا-دە بارىدۇ.» — مۇھەممەد رېھىم ئاكىنىڭ ئەستايىدىللىقى ھەققى-دىكى چاقچاقلاردىن (تەكلىلپىلىك مۇھەررىردىن قىستۇرما)

بىر چاغلاردا ئەدەبىياتنىڭ ئاۋام ئىچىدە ئاجايىپ يۈزى بار ئى-دى، ئۆتكۈر ئەپەندى سورۇنلارغا كىرسە ئادەملەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتەتتى، تېيىپجان.ئېلىيوف تېلېۋىزوردا شېئىر ئوقۇسا دېھقانلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ھەتتا بىر چاغلاردىكى قەشقەر چايخانىلىرىدا نەۋايى، ھۆۋەيدا غەزەللىرى، شەۋقى، ئايبېك، چۇس-تى شېئىرلىرى ئاددىي بىر دېھقان ياكى ھۈنەرۋەننىڭ ئاغزىدا سې-ھىرلىك ناۋاغا ئايلىناتتى. ئۇيغۇرنىڭ بىر تىلەمچىسىمۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مەشرەپنىڭ، يەسەۋىنىڭ بېيىتلىرىنى ئوقۇپ سالاتتى.

مانا ئەمدى تويلىرىمىزدا، تېلېۋىزىيەلىرىمىزدە ناخشىلار قاي-نىماقتا. يەتتە ئىقلىمدىن ھېچبىر ئىجادىيەتسىز، ئۆزلەشتۈرۈل-مەيلا يېتىپ كەلگەن ناخشىلار يول ئىشتىياقلىرىدا ياڭرىماقتا. ئەگەر بىز بۇ ناخشىلارنىڭ نەزملىرىگە دىققەت قىلساق، كىشىلە-رىمىزدە شېئىرىيەتكە ۋە ئانا تىلىمىزنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان ئىخلاسنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقايمىز. بىزدە ناخشىلار كۆپەيمەكتە، ناخشا نەزملىرى ئېغىر

كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولماقتا. ئۇن ـ سىن كوچىسىغا تېخى ئەمدىلا ئاياغ باسقان بىر ناخشىچى بىزدە گەپ ـ سۆزسىزلا شائىر بولالايدۇ. شېئىرىيەت ئۆز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلىدىغان يەرگە باردى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداق يۈز بەردى؟ بۇنى بازار ئىگىلىكى، سانائەت، ئىستېمالىزم دېگەن ئۇقۇملار ئارقىلىق شەرھلەشكىمۇ بولىدۇ. مۇھىمى، ئەدەبىي سورۇنلاردا ئەدەبىيات كىرىزىسلىرى ھەققىدە تۈزۈك گەپلەر بولۇنمىدى. شائىرلاردا قايتا ئويلىنىش خاراكتېرلىك تەپەككۇر ئۇرۇنۇشلىرى يوق بولدى. كىرىزىسقا پاتقان ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ سان ـ ساناقسىز تېپىشمىقى بىلەن جىمىپ كەتتى.

مانا بۈگۈن پېشقەدەم شائىر مۇھەممەد رېھىمنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالماقچى بولۇۋاتىمىز. قانداقلا بولمىسۇن، ئەدىبلەر-نىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئەنجۇمەنلەرنىڭ پات ـ پات بولۇۋاتقى-نى ئەدەبىياتنىڭ تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر بەلگە بولۇپ قالدى.

شائىر مۇھەممەد رېھىم كەم دېگەندە 60 نەچچە يىللىق شېئىرى-يەت تارىخىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى. بۇ جەرياندا شېئىرىيەت ھەر خىل قىسمەتنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ خۇددى ۋاڭ مېڭ ئېيتقان-دەك، تۇرمۇش شوئار ۋە ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالغان دەۋرلەردە سى-ياسىينىڭ يان قورالى بولدى، مۇھەممەد رېھىم تېيىپجانلار بىلەن بىللە ئاشۇ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ دەۋردىكى شېئىرلار دەۋر شاماللىرىغا سىياسىي جەھەتتىن بىردەك ئىنكاس قايتۇرۇش، شېئىرىي شەكىل جەھەتتىن ئەنئەنىنى بويلاش ۋە مەلۇم دەرىجىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بە-لەن خاراكتېرلەندى. مۇھەممەد رېھىمنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا سىياسىي خاھىش ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. كېيىنكى شېئىرلە-رىدا مۇھەببەت لىرىكىلىرى كۆپرەك بولغان. شائىرنىڭ ياشلىقى-

ـدىكى شېئىرلار ئوتتەك سىياسىي خىتابلار، ياشانغان چاغلىرىدىكى
شېئىرلار يۇمۇرىستىك مۇھەببەت تەلقىنلىرى بىلەن تولغان. مۇ-
ھەممەد رېھىمنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئەستايىدىل
يەكۈن چىقىرىش ئانچە ئاسان ئەمەس، بۇ، ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. بۇ
ھەقتە شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ يەكۈنى بولسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى.
ئۇنداق بولغاندا، شائىرنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى روھىي ھالىتىنى
تەتقىق قىلىشقىمۇ ئاسان بولىدۇ. مۇھەممەد رېھىم يېڭى دەۋر ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ۋەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە
ئارىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تىل قۇرۇلمىسى پۇختا، ۋەزىن شەكلى
ھەر خىل، راۋان ئۇسلۇبتىكى بىر قىسىم غەزىلى بىلەن دەۋرد-
مىزدە ئۇزۇلۇپ قالاي دەۋاتقان ئارۇز شېئىرىيىتىنىڭ پېشقەدەملەر
ئارىسىدىكى بايراقدارى بولۇشقا مۇناسىپ. قارايدىغان بولساق، ئا-
رۇز بۇگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە خېلىلا سۇسلاپ قالدى. بىر-
ئىككى بەھردىلا يېزىلىۋاتقان غەزەللەر ۋەزىن ۋە سۆز ئىشلىتىش
جەھەتتە خېلىلا ئاقساپ قالدى. بۇنداق شارائىتتا مۇھەممەد رېھىم-
نىڭ شېئىرلىرى راۋان، چۈشىنىشلىك، مىقتا بولۇشتەك خۇسۇ-
سىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلەنمەي قالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيت-
قاندا، شائىر مۇھەممەد رېھىمنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساغلام ۋە پاكىز-
لىقىنى قوغداش جەھەتتىكى ھارماس جەڭچى دېسەك بولىدۇ. ئۇ
ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى رەتلەپ چىقتى، ئۇيغۇر تىلى-
نىڭ قاپىيە لۇغىتىنى ئىشلەپ چىقتى، بۇنى ئۇ قانداقتۇر بىرەر
مۇئەسسەسەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋىجدا-
نىنىڭ چاقىرىقى بىلەن قىلدى. مۇھەممەد رېھىمنىڭ يۇقىرىقى
ئەمگەكلىرىنى خالىس تۆھپە دەپ ھېسابلاش لازىم. بۇ ئەمگەكلەر
پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئەمگەكلەر ئەمەس، بەلكى پۇل بىلەن جاننى
تەڭ خەجلەيدىغان ئەمگەكلەردۇر. مۇھەممەد رېھىم گەرچە تىلنى
قوغداش توغرىسىدا دەبدەبىلىك نۇتۇق سۆزلىمىسىمۇ، تىلىمىزنى
قوغداش جەھەتتە ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. نەشرىياتلار ئۇ-

uyghurkitap.com



نىڭ پۇل تاپقىلى بولمايدىغان ئەمگەكلىرىگە ئانچە قىزىقمىسىمۇ، ئۇ سەۋر قىلدى، لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئاخىرغىچە ئىشلىدى. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا بىر خىل قۇربان بېرىشتۇر.

ئادەتتە، مۇئەييەن كەسىپ بىلەن تەبىئىي باغلىنىپ كەتكەن ھاياتنى مەنىلىك دەپ قارايمىز. مۇھەممەد رېھىمنىڭ ھاياتىنى شېئىرىيەت ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن ھايات دېسەك بولىدۇ. دوستىمىز (مۇھەممەد رېھىمنىڭ ئوغلى) كامىل رېھىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تويى بولغان كۈنى ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرىپ شېئىر يازغانىكەن. ئىلھام قىزىنىڭ مېھرى قىز مېھرىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، دېگەن سۆزنى مۇھەممەد رېھىمنىڭ شېرىن - شېكەر نىكاھ كۈنىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىنى پوچتىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئويلىسا بىر تال پەش چۈشۈپ قالغان، ئۇ دەرھال پوچتىخانىغا بېرىپ، مۇلازىمەتچىلەردىن ئۆزى سالغان خەتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن خەت يۆتكىلىپ بولغان، ئۇ خەتنى قوغلاپ يۈرۈپ پەشنى سەپلىۋەتكەن. گېزىت - ژۇرناللاردا پەش - چېكىت خاتالىقى بايقالغاندا مۇھەممەد رېھىمنىڭ تەھرىر بۆلۈملەرگە يۈگۈرۈپ بارغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. مەتبۇئاتلىرىمىزدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئىملا مەسىلىلىرى كۆپ ھالدا شائىر مۇھەممەد رېھىمنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ قالاتتى. ئەگەر ھەربىرىمىز بىر تال ھەرپىنىڭ، بىر تال پەش - چېكىتنىڭ دەۋاسىغا مۇھەممەد رېھىمدەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولساق، تىلىمىزنىڭ سەلتەنىتىدە باشقىچە بىر مەنزىرىنى كۆرگەن بولاتتۇق. كوچىدىكى ۋىۋىسكىلارغا، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىغا سەپسالساق، خۇددى كىرلەشكەن چاچتىكى كېپەكتەك (مۇھەررىردىن) بىرمۇنچە مەسىلىنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، بۇلار كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچقانچە مەسىلە بولماي قالدى. مۇشۇنداق بىر قىياپەتكە مۇھەممەد رېھىمنىڭ پەش دەۋاسىنى قويساق، بۇنىڭ ئۆزىمۇ تايماس شېئى-

رىي روھ بولۇپ چىقىدۇ. ئۆزبېكىستان يازغۇچىسى ئابدۇللا قاھار «كوچا تەرتىپىنى بۇزغان ئادەملەرگە ساقچى پۈشتەك چالىدۇ ـ يۇ، نېمە ئۈچۈن بىر پۈتۈن تىلنى بۇزۇۋاتقان ئادەملەرگە ھېچكىم پۈش- تەك چالمايدۇ» دېگەنىدى ئاچچىق ئەلەم بىلەن. مۇھەممەد رېھىمنىڭ تىل ساپىقى مەيدانى ئابدۇللا قاھارنىڭ بۇ ئۆلمەس سۆزى بىلەن بىر- دەكتۇر.

خەنزۇ يازغۇچىسى چېن جىخۇڭ ئەپەندى «ئەدەبىياتنىڭ مۇم- كىنچىلىكى» دېگەن ماقالىسىدە «ئەدەبىياتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ قانداق بولۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر دۆلەت ياكى بىر مىل- لەتنىڭ مەنىۋى قاتلىمى يەتكەن يۈكسەكلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەنىدى. بۇ سۆز ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ ئۈچۈر ۋاستىلىرىنىڭ خىرىسىغا ئۇچراۋاتقانلىقىغا قارىتا دېيىل- گەنىكەن. بىز مۇھەممەد رېھىمدىن ئىبارەت بىر ئەنئەنە ھەققىدە گەپ ئاچقىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان تامامەن يېڭى بىر ئەدە- بىيات ئىنقىلابىنى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

2006 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىر ئادەمنىڭ ئىنسانىي قايغۇسى

تۈنۈگۈن (15 ـ ئاپرېل) ئوقۇغۇچۇم تۇرسۇن ھەبىبۇللا ئارقىلىق قاغىلىقتىكى ئابدۇللا ئوسمان ئاكىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. قۇلاقلىرىم ئۆلۈم ھەققىدىكى خەۋەرلەرگە پىششىپ كەتتىمۇ ياكى باغرىم قاغدالما بولۇپ قېتىپ كەتتىمۇ، بۇنىسىنى ھېچ بىلەلمىدىم، ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى مەندە دەماللىققا سىلكىنىش پەيدا قىلمىدى. ئەقىل ۋە غۇرۇر قوبۇل قىلالمايدىغان غەلىتە ئىشلارنى ئۇن ـ تىنسىز ئاڭلاپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن يەردە، بىر ئىنساننىڭ ياراتقۇچىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغان ھالدا بەندىچىلىك قىلىشى ھاياتلىق قانۇنىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە تەبىئىي تۇيۇلسا كېرەك، شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئازراق سۈكۈت قىلدىم ـ دە، مەرھۇمغا مەغپىرەتلەر تىلىدىم. مانا، بىر ئاخشام ئۆتتى، سەھەرنىڭ جىمجىتلىقىدىكى ئۆزۈمگە قايتقان دەقىقىلىرىمدە ئابدۇللا ئاكىنىڭ سىيماسى كۆز ئوڭۇمدا ئەكس ئەتتى. ئۇ پاكارراق كەلگەن، كۆزلىرى دۈگىلەك، خۇشخۇي ئادەم ئىدى، ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە بېشىدا بادام دوپپا بار ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشكەندە كۆزلىرى، يۈز، لەۋلىرى قوشۇلغان ھالدا يۈرىكى بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى يېغىپ تۇرغان چېھرى كىشىدىن تۇرمۇشنىڭ ئىزتىراپلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، كۆڭۈلنى ئازادە قىلىپ قوياتتى. خاتىرەمدە ئۇنىڭ سىياقى جانلانغانسېرى، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىغا نىسبەتەن چىدىمايدىغان ئەلەملىك ھېسسىيات قوزغىلىشقا باشلىدى. دەرىخا، ئەلەملەر ئازمىدى! بىرپەس سۈكۈت قىلىۋالاي، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىنچلاندۇرۇپ، سەۋر قاچامغا تەقدىرنىڭ يەنە بىر ئاچچىقىنى سىغدۇراي!

ئابدۇللا ئاكىنىڭ مېنى مۇشۇ قەلەمنى تەۋرىتىشكە ئۈندىگەن خىسلىتى نېمىدۇ؟

ئابدۇللا ئاكا بىلەن ئۇچراشقان تۇنجى قېتىمدا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن يارقىن تەسىراتى خۇش چاقچاقلىقى بولدى. ئۇنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى تېز بولۇپ، گەپلىرىدىن يۇمۇر، لەتىپە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى ھە دېسىلا يوتقان پاراڭلىرىدىن چىقمايدىغان شاتىراق يۇمۇرلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۇمۇرلىرىدا كاززاپلىق، ئاچ كۆزلۈك، خۇشامەتچىلىك ۋە قولچىلىق كەبى ئەھلى زامان ئىللەتلىرىگە قارىتا ئۆتكۈر ھەجۋىي بار ئىدى. بەزى لەتىپىلەرنىڭ ۋەزنىدە پۈتۈن بىر دەۋرنىڭ قىياپىتى ئايان ئىدى. ئابدۇللا ئاكا بىلەن بولغان پاراڭ بىرنەچچە سائەت سوزۇلغاندىمۇ كىشىگە زېرىكىش بىلىنمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر گېپىنى ھېچقانداق تەكرارلاپ تاشلىمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇرەسسەسىز بىر تەنقىدچى ئىدىكى، تەييار يۇمۇرلارنى يادلاپ يۈرمەيتتى، بەلكى ئاچچىق كىنايىلەر ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن راۋان ھالدا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يادلىغان گەپلەر بىلەن ۋىجداندىن چىققان گەپلەرنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشىمايدۇ. ئابدۇللا ئاكىنىڭ ھەجۋىيلىرى سورۇننىڭ نەق كەيپىياتى بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى بەدىئىي ئۇنۇم ۋە پىكرىي ئۇنۇمگە ئىگە بولاتتى. ئۇ، سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ئەگىشىپ كېتىدىغان گالۋاڭ، جان باقتى قىزىقچىلاردىن ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ يۈنىلىشى ۋە تۇرلۇك ھادىسىگە نىسبەتەن مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرى نىشانىغا دەل تېگەتتى.

ئابدۇللا ئاكا شائىر كىشى ئىدى. كۆپ بولمىسىمۇ بىر تۈركۈم شېئىرنىڭ ئاپتورى ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقىشىنى ئالاھىدە قوزغىغان تەرىپى، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئاجايىپ پىششىق ئىدى، ئۇنى بۇ جەھەتتە قامۇسىمىكىن دېگۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ گەپلىرى تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزلىشىپ كىرگەن سۇنئىي سالاپەتتىن كۆپ يىراق ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىكى، خەلق قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى، لەتىپىلەر، ئىدىيوملار ئۇنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرلىرىگە ھەمنەپەس كېلەتتى ۋە ئاڭلىغۇچىلاردىن دەرھال ئىنكاس ئېرىشەتتى. ئابدۇللا ئاكا شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ خېلى كۆپ تونۇش ئىدى. نەۋايى غەزەللىرى، بىدىل رۇبائىيلىرى، رۇمىي ھېكمەتلىرى ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىدا پات ـ پات جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ پارس، تۈركىي ئەدەبىياتلىرى بۈيۈك ئۇستازلىرىنىڭ ھاياتلىق ئۆمرىگە ئائىت ھېكايەتلەر ۋە رىۋايەتلەرنى جانلىق سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ كىشى قەلبىدىكى سۆرىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. «ئىسمىڭىزنىڭ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل بىلەن جالالىددىن رۇمىيدىن ئىبارەت ئىككى زاتنىڭ ئىسمى سىزدە مۇجەسسەم بوپتۇ» دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىملىق پارىڭىمىزدا. بۇ گەپ كېيىن بىر تۈرك يىگىت بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە باشقا ۋارىيانتتا ئوتتۇرىغا چىققانىدى: «ئىسمىڭىز بەك گۈزەل ئىكەن، سىزگە ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن!» دېگەنىدى ئۇ يىگىت ماڭا تىلەكلەر تىلەپ. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئابدۇقادىر ئىنان بىلەن باغلىغانىدى.

ئابدۇللا ئاكا پاراڭ ئارىلىقىدا شېئىر ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرى ئەدەبىياتىمىزدىكى تارازا باسالايدىغان شائىرلارنىڭ ئەڭ يارقىن مىسرالىرى بولۇپ چىقاتتىكى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شېئىر تونۇيدىغان دىتىنىڭ ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى بەلۇالغىلى بولاتتى. مەن ھازىرمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئۆرنەك مىسرالار ئابدۇللا ئاكىنىڭ خاتىرىسىدە تاۋلانغان ھالدا جەم بولغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن (ئەپسۇس، بۇ خاتىرە ئەمدى يوقالدى). شېئىر ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئابدۇللا ئاكىنىڭ لەۋزىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرى مەنە ئاتاكىسىغا ئۆتكەن پىدائىيلارغا ئايلىناتتى. ئادەت كۈچى تۈپەيلى جەلپكارلىقنى يوقاتقان سۆزلەر ئۇنى ئاۋازىدا يېپيېڭى بىر مەنە رەۋىشىدە دۇردانىلىك ياكى غىلاپ-

سىز خەنجەردەك پارقىرايتتى. مەن ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ ئوقۇغان شېئىرلارنى قايتا كۆرۈپ، مۇلاھىزە قىلىپ باقاتتىم. قاغىلىقتا ۋارىسجان قاسىم دەيدىغان بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بار، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر شائىر. ۋارىسجان ئابدۇللا ئاكىنىڭ بىر شاگىرتى سۈپىتىدە ئابدۇللا ئاكىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت بابىدىكى دىتىغا ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ زېھنىي خاتىرىسىنى شائىرلىرىمىزنىڭ نازۇك سىرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئابدۇللا ئاكا ئۇدۇمىنىڭ ۋارىسجاندا ساقلىنىپ قېلىشى كىشىگە ئاز - تولا تەسەللى بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن ئابدۇللا ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روھىنى تولۇق كۆرەلگەنلىكىمدىن ھەيران بولىمەن. زاماندىش يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختى ئاكىمۇ بىر ماتېماتىكچى ئەمەسمىدى! بىز بۇنىڭدىن مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىمىز: ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات گېنىنى ئەڭ ئاۋۋال مەكتەپ ئەمەس، خەلق ھاياتىنىڭ تۈپ روھى بەلگىلەيدۇ. خەلقىنىڭ تىلى، خەلقىنىڭ روھى، خەلقىنىڭ غۇرۇرى ئۆلمىگەن يەردىن ئەدىب - شائىرلار ئۈنۈپ چىقىدۇ. مەكتەپلەر خەلق روھى ۋە خەلق مەنپەئەتىنىڭ قورغۇچىسى بولالىغاندىلا، ئاندىن ئەدىب - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت روھىنىڭ پەرىشكارى بولالايدۇ. ئابدۇللا ئاكىنىڭ شائىرلىق روھى بۇلغانمىغان گۈزەل تۇپراقنىڭ ئېتىكىدە ئايىنىدى ۋە ئۆز غۇرۇرىنى كۆرسەتتى.

ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي روھىدىن ئايرىلغان كىشىلەر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئەدەبىياتنىڭ ئابستراكت قائىدىلىرىدىن قانچىلىك ئۆزلەشتۈرگەن ۋە بۇ ئۆزلەشتۈرمە بەدىلىگە قانچىلىك يۇقىرى ئۇنۋان ئالغان بولسۇن، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى ئىجادىي نۇقتىدىن راۋاجلاندۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇلار مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە ئۆزلىرىگە يات شائىرانە قىزغىنلىق ۋە پىداكارلىقتىن كەلگەن ئىجادىي ئەسەرلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن سىغىپ ئىچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھازىر 10 كۆپلىيت خەلق قوشىقىنى ياد بىلىمەي، زۆرۈر بىرقانچە نادىر ئەسەرنى ئوقۇماي باكلاۋۇر ئىلمىي ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ چىقىدىغان ئەدەبىيات ئىستۇدېنتلىرى ئازمۇ؟ مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ماڭا ئابدۇللا ئاكىنىڭ قەدرى تېخىمۇ ئۆتۈلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان سەمىمىي ئىخلاسى گويا بىزدىن ئۇزاپ كېتىۋاتقان ھۇما قۇشىدەك پەرىشان تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

ئابدۇللا ئاكا سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن. ئۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى شۇنداق ياخشى چۈشىنەتتىكى، ئەسەرلىرىمنىڭ ئەكس سادالىرىنى ئۇنىڭدىن ئىستىگەنلىرىمدە، ھاردۇقلىرىم بىراقلا چىقىپ كېتەدۇ. ئۇ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى تەھلىل قىلىپ بەرگىنىدە، سۆيۈنۈپ، ئۆزۈمدىن ئازراق بولسىمۇ رازى بولۇپ قالاتتىم. راستىنى ئېيتسام، مەن قەلەم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ خۇشامەتتىن نېرى سەمىمىي چىرايى پەيدا بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ باھالىرىنى غايىۋانە ئاڭلاۋاتقان بولىمەن ـ دە، شۇ چاغدا ئۆزۈمدە ئىپتىخار ۋە بۇرچ ھېس قىلىمەن. شۇنداق دېسەممۇ ھەقلىق بولىدۇكى، مەن بەزى قۇرلىرىمنى ئابدۇللا ئاكا ئۈچۈن يازىمەن. ھەي ي، مەن ئابدۇللا ئاكىدەك ئوقۇرمەنگە يەنە ئېرىشەلەرمەنمۇ؟

شۇ تاپتا ئابدۇللا ئاكا ئەسلىمىسىگە ئائىت كىچىككىنە بىر كارتىنا ئېسىمگە كېلىۋالدى: 1994 ـ يىلى يازدا قاغىلىققا دەرس ئۆتكىلى بارغانىدىم. ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ، ياتىقىمغا ئىزدەپ كىرىپتۇ.

— يۇرۇڭ، كەچلىك تاماقنى بىللە يەيمىز، سىرتتا قاۋۇل ساۋۇر قاتارلىق دوستلار ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ئابدۇللا ئاكا.

— ئوبدان، — دېدىم مەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — جىندەك ساقلاپ تۇرسىڭىز، ساقىلىم ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئېلىۋېتەي.

— بولدى قىلاملىكىن، بىزنىڭ قاغىلىقتا ساقىلى يوق ئادەمنى ياش باللا سۆيۈپ تاشلايدۇ. ساقال بىلەن بېجىرىم يۇرسىلە!

بۇ گەپ ماڭا تازا ياردى، ھەتتا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن مىن-كاۋخەن (خەنزۇچە ئوقۇغان) ئايالىممۇ ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. شۇ كۈنى مەن ۋە بالىلىرىم قاغىلىقتىكى زىيالىي ئاكىلارنىڭ ھەمراھ-لىقىدا ئابدۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا ئوسمان ئاكىنىڭ گېپى چىقسا، ئۇ-نىڭ ئاشۇ چاقچىقى ئېسىمگە كېلىدۇ، ئېھتىمال، كېيىنمۇ شۇنداق بولسا كېرەك.

ئۈرۈمچىدىن قاغىلىققا بارغان قايسى ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئاب-دۇللا ئاكىنىڭ چېيىنى ئىچمىگەندۇ؟ رەھمەتلىك شائىر باتۇر روزى ئابدۇللا ئاكىنىڭ غەمخورلۇقىدا بىر مەزگىل پاناھلانغانىدى. ئاب-دۇللا ئاكا شائىر ئادىل تۇنىيازدىن ئۆز پەرزەنتى كەبى سۆيۈنەتتى. مەن بار يەردە ئادىل تۇنىيازنىڭ مىسرالىرىنى قەيت قىلاتتى...

ئابدۇللا ئاكا، شۇنداق قىلىپ كېتىپ قالدىڭ، ئۆرتەنگەن ھالدا «ئەلھۆكمى لىللاھ» دەيمەن، خالاس. سەن غەزەلگە ئامراق ئىدىڭ، قارىلىقىڭغا بىر پارچە غەزەل ئارمىغان قىلدىم، قوبۇل قىلارسەن:

بىز تېپىشقان بىزگە خۇش رەپتارى يوق قىسمەت ئارا،
ئىزدىشىپ مەلھەم، ئاسايىش تاپمىغان مۇڭ ـ دەرد ئارا.
بىرلا چۇش كۆردۇق ھاياتنىڭ بۇ چەلەڭگۇچ پەيلىدە،
دىل سىرى ئۆركەشلىدى دىدارىئۆش پۇرسەت ئارا.
سەنمۇ ئۆتتۇڭ تۇڭلۇكۇڭگە كۆز تىكىپ يۇلتۇز ساناپ،
جۇرئىتىڭ سۇنغاندىمۇ، ھەتتا قېلىپ غەپلەپ ئارا.
چاقچىقىڭدىن يوقىلىپ كەتكەن تۇزۇپ شۇئارلىرىم،
ئاۋۇناتتىم بىرمەھەل بايرام تېپىپ غۇربەت ئارا.
نەزمىلەرنى چۇخچىلاپ، چوغلارنى ئوبدان قاچىلاپ،
تارقىتاتتىڭ ئوت ـ ھارارەت ئاخشىمى سۆھبەت ئارا.
زوقلىناتتىڭ ئەلنى سۆيگەن شائىرىڭ ۋىجدانىدىن،
ئەمدى كەتتىڭ روزى سايىت، تۇردىكام[1]، خەلپەت[2] ئارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نى ئەزىزلەر كەتتى ئەزرائىلنى چىللاپ ئۆزلىرى،
بۇ ئۆلۈم قورقۇنچىسىنى ھەل قىلىپ ھېكمەت ئارا.
ئوخشىماي قالسا تىرىكلىككە تىرىكلىك نە ئەجەب،
ئالغۇلۇق ھەربىر قەدەمنى قالسىمۇ رەھمەت ئارا.

ئىزاھات:
① تۇردىكام — تۇردى سامساق.
② خەلپەت — نەمەت خەلپەت

2010 ـ يىلى 16 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# مائارىپنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

— كىشىلەر توڭلاتقۇ، ماشىنا ۋە ئۆي دەپ چېپىپ يۈرىدۇ، مانا بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى. لېكىن شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار بۇنداق ماددىي نەرسىلەرنى قوغلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى غايە ۋە ھەقىقەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەنىۋى ئەركىنلىك ۋە ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ.

— ئېينىشتېين

بىرقانچە مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن ياش ئەۋلادلارغا نىشانسىز ۋە مەقسەتسىز ئوقۇشنىڭ خەتىرى توغرىسىدا سۆزلىگەنىدىم. سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ئاساسىي روھىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە تەقدىم قىلاي دېدىم.

دەرستىن چۈشۈپ كېتىۋاتسام، بىر قىز ماڭا سالام قىلىپ قالدى، مەنمۇ سالىمىنى ئىلىك ئالدىم. ئۇ قىز مەن ئىشلىگەن شۇ مەكتەپنىڭ تەكلىپى بىلەن دەرس ئۆتۈۋاتقانىكەن. قىزنىڭ ئېيتىشىچە، بىر قىسىم يازمىلىرىم بىلەن ئوبدان تونۇش ئىكەن، شۇڭا ئازراق پاراڭلاشقۇسى بار ئىكەن. پاراڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ قىز مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ماگىستىرلىقىنى تاماملىغانىكەن. خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىل تەلەپلىرىگە لايىق بولۇش بىلەن بىللە، نەتىجىسىمۇ خېلى ياخشى ئىكەن. تۈركچىنىمۇ يامان ئەمەس چۈشىنىدىكەن. بىر يىلدىن بېرى تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتۈپ كەپتۇ. خىزمىتى تەلەپلەرگە لايىق بولغاچقا، ئىشلەتكەن ئورۇننىڭ داۋاملىق تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكۈسى بار ئىكەن. قىز بۇ ئورۇن-

نىڭ مۇقىم ئوقۇتقۇچىسى بولۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن ئىشتات يوق دېگەن جاۋابنى ئاپتۇ. دېمەك، قىزنىڭ خىزمىتىگە ئېھتىياج بار ئىكەن، ئۆزىگە ئېھتىياج يوق ئىكەن. مەن ئۇ قىز بىلەن پاراڭلىشىش داۋامىدا شۇنى بايقىدىمكى، قىز خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئاكتىپ ئىكەن، خېلى كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىپتۇ، يەنە داۋاملىق ئۆگەنگۈسى بار ئىكەن. جان بېقىپلا توختاپ قالماي، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايدىكەن. قىز خىزمەت ئىزدەپ جىق ئورۇنغا قاتراپ بېقىپتۇ، نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپتۇ. قىز سۆھبەت داۋامىدا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. مەن جىم تۇردۇم. قىزلار ئادەتتە روھىي گادىرماچلارنى يىغلاپ تۈرۈپ ئېرىغدايدۇ. لېكىن، ئويلاندىم، قىزنىڭ گەپ - سۆزىدە بىرنەرسە ئۆگەنگەن ئادەمگە خاس سالاھىيەت بار، پاراسەت بار، ھاياتىي كۈچ بار، مېنىڭ خىزمەت مۇھىتىمدىكى ياكى مەن ئۇچراتقان باشقا خىزمەت مۇھىتىدىكى كىشىلەر بىلەن باراۋەر سايا بار، بەزى تەرەپلەردە ئۇلاردىن ئۈستۈن. جەمئىيەتتە ئۇنچىلىك ئوقۇغان ئادەملەرمۇ ئاز، لېكىن ئۇنىڭ بىلىمىدىن پايدىلىنىدىغان خېرىدار يوق. قىز خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تەبىئىتى كۆتۈرمەيدىغان تەلەپلەرگە يولۇقۇپتۇ، بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىپتۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدىم ئۇ قىزغا، — ئېزىقتۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا يەم بولۇپ كەتمىسىڭىزلا ھېچقىسى يوق. بىر قىزنىڭ كۈچى يەنىلا ئۇنىڭ قىزلىق غورۇرى ئۈستىگە قۇرۇلغان گۈزەللىكى ۋە ئەقىل - پاراسىتىدە بولىدۇ. ئۆزىڭىز ساغلام ئىكەنسىز، ئايال ۋە ئانا بولغۇدەك سالاھىيەت سىزدە بار ئىكەن. سىزگە ئەر ۋە پەرزەنتلىرىڭىزگە ئانا بولالىغۇدەك ئادەم ھامان تېپىلىدۇ. بىر قىز ئۈچۈن بۇ بەك مۇھىم.

— مەن ئاللىبۇرۇن ئۇ خىل ئائىلىنىڭ ئىگىسى، — دېدى قىز، — رولۇمنى ئائىلىدە ھەم جەمئىيەتتە تەڭ ئۆتىسەم دەي-

مەن.

— ئەسلىدە بىر ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزىمۇ ياخشى ئورۇنلانغان ئەھۋال ئاستىدا كاتتا خىزمەت ئىدى. شۇنداق-تىمۇ، جەمئىيەت ئۇچۇن ئىشلەشنى ئويلاپسىز، غەيرەتلىك ئىكەن-سىز.

بۇ، جەمئىيەتتە مەن يولۇقتۇرغان نۇرغۇن مىسالنىڭ بىرى. ئەل-ۋەتتە. مەسىلىلەرنىڭ تۈرىمۇ كۆپ، تىپىمۇ كۆپ. ئوقۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۆرىدىگەن نۇرغۇن توقۇناقلا نىس-بەتەن يۇقىرىقى ئەمەلىيەت نورمال بىر مىسال بولالايدۇ.

بىر ھېسابتا قىزنىڭ چوقۇم ئىش ئىزدەپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھامىيلىق قىلالايدىغان بىر تىرەكنى شەرت قىلىدۇ. يەنە بىر ھېسابتا قىزنىڭ بىلىمىدىن پايدىلىنىدىغان بىر ئىجتىمائىي قورۇلما بولۇشى كېرەككى، بۇ قورۇلمىدا مەلۇم بىر ھوقۇق گورۇھى مونوپوللۇقىنىڭ ئورنىنى قانۇن ۋە پۇرسەت ئالدىدا باراۋەرلىك ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

«سۇمۇرغ ئازنىسى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى بىر سانىدىن كۆرۈ-شۇمچە، 2003 ـ يىلى 24 ـ ئۆكتەبىردە ۋېن جياباۋ زۇڭلى چۇڭ-چىڭدىكى سەنشيا سۇ ئامبىرى كۆچمەنلەر رايونىغا زىيارەت قىلىپ بېرىپتۇ. بىر ئايال كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارى-ماي: «زۇڭلى، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى» دەپ توۋلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئېرى سىرتتا ئىشلەپ، 2000 يۈەن ئەتراپىدىكى ئىش ھەققىنى ئالالماي، بىر يىل ئۈچ ئاي مابەينىدە دەۋا قىلىپ ئاقتۇرالماي كەلگەنىكەن. نەتىجىدە، ئىش ھەققى شۇ كۈنى ئاخشى-مىلا ئايالنىڭ قولىغا تېگىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بىر توپ دېھقان ھېلىقى ئايالنى ئىزدەپ، ئالالمىغان پۇلىنى ئېلىپ بېرىش-نى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايال: «مەندە ئۇنداق كۈچ يوق، پۇلۇمنى زۇڭلى ئې-لىپ بەردى» دەپتۇ. بىر دېھقاننىڭ بىر يىلدىن ئارتۇق قاتراپ سورالمىغان دەۋاسى، زۇڭلىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ھەل بول-

www.uyghurkitap.com



غان. مانا بۇ خاتا ھالدا يامراپ كەتكەن قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ كۈچ سىلىشتۇرمىسىدىكى ھوقۇقنىڭ رولى. زۇڭلى ۋېن جىياباۋ تەكىتلىگەن «قەدىر ـ قىممەت» قانداق بولغاندا تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ بۇ يەنىلا جۇڭگودىكى كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ساداسى.

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ھازىرقى تېمىمىز ئەمەس، لېكىن ئادەمدىكى قەدىر ـ قىممەت مەسىلىسى بىرلا قانۇن ساھەسىگە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بارلىق چوڭ ـ كىچىك ساھەسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەمما قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى ئالدى بىلەن شەخسنىڭ ئۆزىدە بولۇشى، شەخستە ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى قوغدايدىغان ئاڭ بولۇشى، قەدىر ـ قىممەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جاسارەت بولۇشى كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسنىڭ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى قوغدايدىغان قانۇنىي يوللار ھەر ۋاقىت ئوچۇق بولۇشى، ئايرىم ھوقۇق سەرخىللىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان بولۇشى كېرەك. قانۇن بەرگەن قەدىر ـ قىممەت ھەربىر شەخسنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى دەرىجىسىدە ئىشقا ئاشۇرۇلماي، قانداقتۇر مەلۇم كىشىلەرنىڭ «دىيانىتى»گە بېقىندۇرۇپ قويۇلسا، جەمئىيەت قەدىر ـ قىممەت ۋە قابىلىيەتنىڭ دەپىنگاھىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىجتىمائىي مەنزىرىگە تەبىئىي بىر كۆنۈكۈش بىلەن قاراپ تۇرۇشى نەدىن كەلگەن؟ ئەلۋەتتە، مەدەنىيەتتىن كەلگەن دېمەي تۇرالمايمىز.

ئادەتتە، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە ھەممىمىز ئوخشاش پاتپاراق بولۇپ كېتىمىز. مەن ئىمتىھان نەتىجىسى تېخى ئېنىق بولمىغان بىر تۈركۈم بالىنىڭ ئارزۇ تولدۇرۇش مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالىمەن. يۇرتداشلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، تونۇشلار، دوست ـ بۇرادەرلەر زورمۇزور سېلىنىدۇ. پىرىنسىپ بولمىغاچقا، ئارزۇسى ياكى نەتىجىسى ئۇدۇل كەلمىگەن پەرزەنتلەرنىڭ يۈز ـ خاتىر، ئادەمگەرچىلىك، مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىشىنىڭ قىڭغىر يوللىرى ھاۋالە قىلىنىدۇ. جاۋابەن

ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:

— ئۇنى - بۇنى يېزىپ جامائەتكە يۈزلەندۈرۈپ تۇرغاچقا، بەزىلەر مېنى ئاز - تولا ھۆرمەت قىلىدۇ. لېكىن مەن ئەمەلىي ھۆرمەتنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، بەك بولسا بىر قېتىملىق داستىخانغا ئەرزىيمەن. مەن نان قايغۇسىدىكى ئادەملەرگە گەپ بېرەلىدىم، نەپ بېرەلمىدىم. ئىشخانىلاردىكى ئورۇندۇق سا-ھىبلىرىغا ھېچقانداق ئەمەلىي پايدا بەرگىنىم يوق. شۇڭا، كىشىلەر گەپ بىلەن يۈزۈمنى قىلىدۇ. مېنىڭ يۈزۈم بىرەر ئادەمنى بىرەر ئورۇنغا تىقىشقا يەتمەيدۇ. سىلەرگە قىلىپ بەرگۈدەك بۇغداي سۆزۈم بار، لېكىن بۇغداي نېنىم يوق. شۇڭا مەندىن قورسىقىڭلار تويمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا بو-سۇغىلاردا قاتراپ يۈرۈشى، بۇ يەردىكى پۇقرالىقنىڭ تۈزۈك تەربىيە ئاساسى ۋە تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. كىشىلەرنىڭ پىرىنسىپ ياكى قائىدە - تۈزۈمدىن چەتنىگەن غەيرىي يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى يۈز ۋە ئادەمگەرچىلىكنى دەستەك قىلىشنى يوللۇق بىلىشتەك غەيرىي قانۇنىي ئىجتىمائىي سىستېمىنى ئەسلىتىپ قويىدى.

مائاشلىق بولۇش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ خاتىرجەم، بىخەتەر يولى بولۇپ كەلدى. بۇ يەنىلا ئۇزۇن داۋام قىلىپ كەلگەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. پۇتكۈل ئەقىدىسى، زېھنى، جىسمانىي كۈچى، ۋاقتى، ئادىمىلىك مىزانى قاتارلىقلارنى مائاشقا بەخشەندە قىلىۋەتكەن ئادەملەرنىڭ بايلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بولمىسىمۇ، ماددىي مۇتەقەررىلىكنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش سىزىقىغا دەسسىمەي كېلىشى، ئۇلارنى مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بىخەتەر پايدىلانغان تەلەيلىكلەر قاتارىدا كۆرسەتتى. ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگى-

لىك تىكلەش، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يۆلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش تەشەببۇسلىرى دائىم ياڭراپ تۇرسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ھۆكۈمەت-نىڭ مائاش دەپتىرىدىن ئورۇن ئېلىشنى ئەڭ قىينالماي ياشاش ئۇسۇلى دەپ قاراشتى. ئىمتىھان ئەنە شۇ «ئىمتىياز»غا ئېرىشىش-نىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى بولۇپ قالدى.

بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاشۇ بىر قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆ-تۈشكە باغلىق بوپقالدى. بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەلىم - تەربىيە-دىكى نەتىجىسى قانچىلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى ئۆلچەندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ مەسئۇللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ساندىكى كۆپلۈككە بولغان مەسئۇلىيەت بولۇپ، گويا توخۇ فېرمىسىنىڭ غوجايىنى چۈجىلەرنى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كۆپ ئەي قىلسا جىق نەپكە ئېرىشكەندەك بىر ھالەتنى يادىمىزغا سالىدۇ. مائارىپ ئاتا - ئا-نىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، نان ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە باللىرىغا ئىمكانقەدەر يۇمشاق نان يەيدىغان پۇرسەتنى كەلتۈرۈپ بېرىش، ھېچبولمىغاندا، قاتتىق - قۇرۇق ناننى قولغا كەلتۈرۈش تىرىش-چانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالدى. باللار ئۈچۈن ئېيت-قاندا، جەمئىيەت ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلىپ، ئەنە شۇ ئىرادىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ «ياخشى» بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. مانا بۇ، تېگى - تەك-تىدىن ئېيتقاندا سۈيىئىستېمالچىلىق (پايدىلىنىش ۋە نەپ ئې-لىش) مائارىپى بولۇپ، سۈيىئىستېمالچىلىقنىڭ ئىنتايىن چاكىنا بىر تۈرى ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئالىيجاناب مەقسەت يوق، تۈزۈك غايىۋى مەزمۇن يوق، كەلگۈسىگە بولغان ئە-شەنچ ۋە مەسئۇلىيەت يوق، پەقەت جان بېقىشقا بولغان ئەسەبىي يېپيېشقاقلىق روھىي ھالىتى بار. بەزىلەر بۇ مائارىپنى «ئىمتىھان مائارىپى» دېدى. بۇ بىرقەدەر سىپايە تۈسكە ئىگە سۆيەت بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ خېلى كۆپ ساندىكى ئاۋام ئۈچۈن

جان بېقىش مائارىپى بولۇپ قالغان. بەزىلەرنىڭ «جان بېقىش ياخشى»، «جان بېقىش سۈپەت»، «جان بېقىش مۇۋەپپەقىيەت»، «جان بېقىش مەسئۇلىيەت» دېيىشى، كونكرېت شارائىتتىكى تەخىرسىزلىك ۋە رېئاللىقنى چىقىش قىلغان. بىر قارىسام ئۇ، مائارىپنىڭ مەقسىتىنى چاكىنىلاشتۇرۇش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بىر قارىسا ئۇ، مائارىپنىڭ مەقسىتىدىكى يەرلىك ئەمەلىيلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، جان بېقىش ئالىيجاناب تۆھپە يارىتىشتىن مۇھىم. جان بېقىش تەقەززاسىدىن ھالقىغاندىلا نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشنى ئويلىغىلى بولىدۇ.

ھازىرغا قەدەر سەرسانە ئوقۇغۇچى (一流学生) نېمە بىلەن ئۆلچەندى؟ ئەمەلىيەتتىن ئالغاندا، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچى سەردانە ئوقۇغۇچى بولۇپ ھېسابلاندى. بۇلار مەكتەپلەرنىڭ ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى نامايان قىلىشتىكى كوزىرى بولدى، ئۇلار ھەر خىل ئېتىبار ۋە بەھرىمەنلىكتە ئېرىشتى، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىندى. كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن سەردانە ئوقۇغۇچىنى نوقۇل پەن ۋە ئىمتىھان نەتىجىسى بىلەن ئۆلچەپ قويماسلىقنى تەشەببۇس قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تەشەببۇسقا ئەمەل قىلىنمىدى.

«ئامېرىكىدىكى ساپا مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى ئويۇن مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى تىرىكچىلىك مائارىپى»، «ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى» دېگەندەك كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، مائارىپشۇناس خۇاڭ چۈەنيۈ (黄全愈) ئەپەندى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا، ئەلىيۇلئەلالارنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى تاللىماي قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەلىيۇلئەلالارنىڭ چوقۇم سۈپەتلىك ئوقۇغۇچى بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىكەن. خۇاڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە سەردانە ئوقۇغۇچىلار بولۇشى مۇم-

كىن، ئەمما سەردانە ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە سەردانە ئوقۇغۇچى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسىدىن باشقا، بىرقانچە نۇقتا بويىچە كۆزىتىدىكەن.

بىرى، مەزكۇر ئوقۇغۇچىنىڭ خۇسۇسىي ئەھۋالى، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ئەھۋالى، ئائىلە ئەھۋالى قاتارلىقلار.

يەنە بىرى، دەرستىن سىرتقى ئەھۋال، بۇنىڭ دائىرىسى:

1. ئىلىم پائالىيىتى: ئىلىم ۋەكىللىرى ئەترىتى، ماتېماتىكا ئەترىتى، مۇنازىرە ئەترىتى، ھەر خىل ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئەترىتى، تەتقىقات ئەترىتى، ماقالە يېزىش كۇرۇژۇكى، ئىختىرا كۇرۇژۇكى... قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشقانمۇ - يوق؟

بۇ ئارقىلىق ئۆگىنىش قۇرتلىرى ئايرىپ چىقىلىدىكەن. دەرس بىلەنلا بولۇپ، قالغان ئىشلار بىلەن كارى يوقلار «كىچىك قۇرت» ھېسابلىنىدىكەن. دەرس بىلەن كارى بولماي، ھەدېسلا پائالىيەت بىلەن بولۇپ كەتكەنلەر «چوڭ قۇرت» ھېسابلىنىدىكەن. ھەر ئىككى «قۇرت» تاللىنىش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلىدىكەن.

2. دەرستىن سىرتقى پائالىيەت: بۇنىڭدا ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدىكەن؛ بۇ جەھەتتىكى ئاكتىپلار ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىنىدىكەن.

3. ئىجتىمائىي پائالىيەت: ئەدەبىيات ۋە سەنئەت، ساخاۋەت، پىدائىيلىق كەبى ھەر خىل پائالىيەتنىڭ تەشكىللىگۈچىسىمۇ-ئەمەسمۇ؟

4. ئىشلەش تەجرىبىسى: جەمئىيەتتە بىكار ۋاقىتلىرىدا ئىشلەپ ئاز - تولا پۇل توپلاپ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم خىراجىتىنى قامدىيالىغانمۇ - يوق؟ بۇ يەردىكى ئىش ھەقسىز بولغان بولسا نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن.

خارۋاردنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا كۆزىتىش جەدۋەللىرىمۇ بار بو-

لۇپ، ئوقۇغۇچىنى ئۇنىۋېرسال نۇقتىدىن ئوبيېكتىپ ئىگىلەشكە، ھەقىقىي ياخشى ئوقۇغۇچىنى تاللاپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا ئالاھىدە قىزىقىدىكەن. ھاللىق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچى بىلەن نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى باراۋەر كېلىپ قالغان شەرت ئاستىدا، نامرات ئائىلىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئالدى بىلەن تاللىنىدىكەن. چۈنكى، نامرات شارائىتتا تۇرۇپ ياخشى نەتىجە قازانغان بالىلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار تېخىمۇ زور بولىدىكەن.

زادى ئىمتىھان بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىغا مۇتلەق دىياگنوز قويالامدۇ؟ ئىمتىھان سوئالىنى چىقارغانلارنىڭ پاراسەت ئۆلچىمى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلسا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولامدۇ؟ ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى ئادەم تەربىيەلەشمۇ ياكى ئادەم شاللاشمۇ؟ خۇاڭ چۈەنيۇ ئەپەندى جۇڭگودىكى ئىمتىھانلار بىلەن ئامېرىكىدىكى ئىمتىھانلارنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«جۇڭگو مەكتەپلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىشىدىكى مەقسىتى مەسىلە بايقاپ ئادەم شاللاش، ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى ئىمتىھاننىڭ مەقسىتى مەسىلە بايقاپ، مەسىلىلەرنى ئۆزگەرتىش» («ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى). خۇاڭ ئەپەندى جۇڭگو مائارىپىدىكى ئىمتىھانلارنى مۇنداق بىر ھېكايە ئارقىلىق ئوبرازلىق سۈرەتلەيدۇ.

پادىشاھ ئوردىغا ساھىبجامال تاللىماقچى بوپتۇ. بىر ئائىلىنىڭ بەش قىزى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئوردىغا تاللىنىپ كىرگۈسى بار ئىكەن. لېكىن بىر ئائىلىدىن پەقەت بىرلا نامزات تاللىنىشى كېرەك ئىكەن.

قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەسلىھەتلىشىپ، بەش قىزىغا ئادىل ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باراۋىر پۇرسەت بەرمەكچى بوپتۇ ۋە قىزلىرىغا ئوخشاشلا ئۈچ يىل تەييارلىق ۋاقتى ۋە مىلىڭ تەڭگىدىن پۇل بېرىپتۇ. ئاندىن قىزلار-نىڭ ھامما ۋە يەڭگىلىرىدىن ساھىبجامال تاللاش كومىسسىيەسى قۇرۇلۇپتۇ. ئىمتىھاننىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن نومۇرنى نەق مەيداندا ئاشكارا كۆرسىتىشنى بېكىتىپتۇ. كىمنىڭ نومۇرى يۇقىرى بولسا، شۇ ئوردىنىڭ ساھىبجامال تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشسا بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بەش قىز ھامما ۋە يەڭگىلىرىنىڭ يۇقىرى باھا-سىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئېپىگە چۈشۈپتۇ.

ھەممە ئايال ئۆزىنى چىرايلىق دەپ ئويلايدۇ، ئەلۋەتتە، ھامما ۋە يەڭگىلەرمۇ مۇشۇنداق.

قىزلاردىن بىرى چوڭ ھاممىسىغا تەقلىد قىلىپ پۇتىنى كە-چىك قىلىپ بوغۇپتۇ، يەنە بىرى ئىككىنچى ھاممىسىنى دوراپ بې-لىنى قورۇپتۇ. بىرى قاش چەكسە، يەنە بىرى كۆكسىنى يوغىنى-تىپتۇ، يەنە بىرى بولسا ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن لازېر نۇرلۇق ماشىنىدا قوش قاپاق قىلدۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا، ئۈچىنچى قىز غەلىبە قىپتۇ. چۈنكى، ئۇ ھامما ۋە يەڭگىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىدە شۇنداق مۇ-جەسسەم قىپتۇكى، ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇ قىزنى تونۇيالماي قاپتۇ. قىزدا كىچىك پۇت، ئىنچىكە بەل، تولغان مەيدە، قەلەم قاش، بىراق، لازېر نۇرلۇق ئاپپارات قاپاقنى بۇزۇپ قويغانىكەن.

بۇ بىر ئويدۇرما ھېكايە، ئەمما ئۇنىڭدا ئىمتىھاننىڭ ماھى-يىتىگە ياتىدىغان چىنلىق بار. مۇشۇ چىنلىق مەزكۇر ھېكايىنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. بۇ يەردىكى «ئادىل» ئىمتىھان نېمىنى تەلەپ قىلغان؟

ئادەم ئىمتىھاننى دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئوخشىماي قالغان، ئۆز قا-بىلىيىتىنى يوشۇرۇپ دورامچى بولۇپ قالغان ۋە دورامچى (تەق-

لىدچى) بولغانسېرى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. بۇ ھېكايە كۆز ئالدىمدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىيات ئاسپىرانتىنى ئېسىمگە سالىدۇ: ئۇلار ئىنگلىزچە، خەنزۇچە ۋە كەسپىي ئىمتىھانلاردىن ئۆتكەن، لېكىن ئەدەبىياتنى سۆيىدىغان ئادەمگە ئوخشىمايدۇ. يۈرىكى بىلەن ئەدەبىيات ئىككى يەردە.

ھەرقانداق مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ئىمتىھان بىر ۋاستە، ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس. لېكىن ئىمتىھان بىزدە مائارىپ ۋە مەمۇرىيەت بيۇروكراتلىرىنىڭ ئادەم باشقۇرۇشتىكى سېھىربازلىقىغا ئوخشاپ قالدى. مەلۇم مەنىدە، ئىمتىھان نەپسانىيەنىڭ سىپايە يېپىلغان تورىغا بەكرەك ئوخشاپ قالدى. ئايىغى چىقماس تۈرلۈك تەلەپنىڭ بېسىمىدا نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ئۈن ـ تىنسىز ماسلىشىش، ھەرىكەت ۋە پىكىردىكى ئىجادىيلىق، خاسلىقتىن ۋاز كېچىشنى ئاقىلانە يول سۈپىتىدە تاللىۋالدى. مۇستەقىل پىكىر ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلسە ۋە بۇ ئاۋارىچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلسە، سۈكۈت ئىككىنچى خىل تاللاشقا ئايلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق سۈكۈت ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن تارتىپ يۈرىكىگىچە ھەممە نېمىسىنى چىرىتىۋېتىدۇ.

ئەنگلىيەلىك ماتېماتىك ۋە پەيلاسوپ ۋايتخىد (A.N.Whitehead) «مائارىپ بىلىمنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش سەنئىتىدۇر» دەيدۇ. ئېينىشتېيىن: «مەكتەپلەرنىڭ مەقسىتى مۇستەقىل پائالىيەت قىلالايدىغان ۋە مۇستەقىل ئويلىيالايدىغان ئادەملەرنى تەربىيەلەش» دەيدۇ. بىلىم ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە بىزگە ئۈلگە بولالايدىغان يۇقىرىقى دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئىككى ئالىمنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق بىر پىكىرنى قۇراشتۇرالايمىز:

نوقۇل تەييار بىلىمنى ئۆگىتىپ، ئىشلىتىشنى ئۆگەتمىگەن مائارىپ بىلىمدىن ئىبارەت سۈپىتى چىرايلىق نەرسە ئارقىلىق تەپەككۇرنى كىشەنلەيدۇ. ھە دېسىلا باشقىلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلماسلىق كىشىنى دۆتلەشتۈرىدۇ. ئۆ-زىنىڭ ئىجتىمائىي تەكچۈكلۈكى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقىنى قولدىن بېرىش بەدىلىگە باشقىلاردىن ئۆگىنىش ساق چىشنى قومۇرۇۋې-تىپ، ئالتۇن چىش سالغاندەك بىر ئىش. شۇڭا، يېڭى ئۆگەنگەن بىلىملەر شەخسنىڭ خاسلىقى، ئەجدادلار ياراتقان بىلىملەر بىلەن بىردەك بولۇشى، ئىنساننىڭ غۇرۇر ـ ئىززىتىنى شەرت قىلغان ئەركىن تاللاش ۋە بەخت قارىشىغا زىت بولماسلىقى كېرەك.

ئامېرىكا مائارىپ روھىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى جون دېۋېي (John Dewey) مۇنداق بىر گەپنى قىلغان: «بىر ئادەمنىڭ دۆت، ھاماقەت ۋە كەم ئەقىل بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئا-دەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ۋە كېيىنكى نەتىجىسىنى بىلمە-گەن». «زورلاپ تېڭىلغان مەقسەتنىڭ چاتىقى چوڭقۇر سەۋەبلەرگە ئىگە، — دەيدۇ دېۋېي يەنە بىر يەردە، — ئوقۇتقۇچى مەقسەتنى يۇ-قىرىدىن قوبۇل قىلىدۇ، يۇقىرى بۇ مەقسەتنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئورگاندىن قوبۇل قىلغان. ئوقۇتقۇچى ئۇ مەقسەتنى ئوقۇغۇچىلارغا تاڭىدۇ. نەتىجىدە، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ پاراستى تورمۇز-لىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇپەتتىشلەر، دەرسلىك كىتاب، مېتود ۋە ئال-دىنئالا بېكىتىلگەن ئوقۇتۇش ھەم پىروگراممىلىرىنىڭ چەكلى-مىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە دەرسلىك بىلەن باغلاشقا ئامالسىز قالىدۇ» (دېۋېي: «دېموكراتىيە، تەجرىبە، مائارىپ»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى).

تۇرمۇشتىكى غوجايىنلىقنىڭ بىر شەرتى، بىر ئادەم ئۆز ھەرىد-كىتىنىڭ مەقسىتىنى ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك، ئاندىن ئۇ ئادەم شۇ مەقسەت يولىدا ئاكتىپ ۋە قىزغىن بولىدۇ. مائارىپتىن ئىبا-رەت ئىستىقبال ئىشىدا مەقسەتنى بەلگىلەش تېخىمۇ ئەمەلىي ۋە ئاقىلانە بولۇشى كېرەك بولىدۇ. مەقسىتىنى ئۆزى بېكىتەلمىگەن

مائارىپ تۇيۇق يولغا ماڭغان مائارىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇشىدىكى مەقسىتىنى بىلمىگەن ئوقۇغۇچى گالۋاڭ ئوقۇغۇچى، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇشىتىكى مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن ئوقۇتقۇچى كىتاب قالاپ ئوماچ ئەتكەن قورساق بەندىسىدۇر.

ئاردا مەن ئۈرۈمچى شەھىرى 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نۇتۇق سۆزلەپ قالدىم ۋە نۇتۇقۇمنى مۇنداق بىر ھېكايىدىن باشلىدىم:

بىر ئامېرىكىلىق، بىر فىرانسىيەلىك ۋە بىر يەھۇدىي ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. تۈرمە دائىرىلىرى بۇ ئۈچ جىنايەتچىگە: «ھەربىرىڭلارنىڭ بىردىن تەلىپىڭلارنى قاندۇرۇشقا بولىدۇ» دەپتۇ. ئامېرىكىلىق تاماكىغا ئامراق ئىكەن، تاماكا تەلەپ قىپتۇ، ئۇنىڭغا ئۈچ يەشىك تاماكا بېرىلىپتۇ. فىرانسىيەلىك رومانتىك بولغاچقا، چىرايلىق بىر ئايالنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. يەھۇدىي بولسا تېلېفون تەلەپ قىپتۇ.

ئۈچ يىلدىن كېيىن ئامېرىكىلىق تۈرمىدىن چىقىپتۇ. ئۇ، تاماكىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ «چاقماق، چاقماق!» دەپ توۋلاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ چاقماقنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

كەينىدىن فىرانسىيەلىك تۈرمىدىن چىقىپتۇ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر بالا، گۈزەل ئايالنىڭ قۇچىقىدا بىر بالا بولۇپ، ئايالى ئۈچىنچى بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ بولغانىكەن. فىرانسىيەلىك ئۈچ بالىنى چوڭ قىلىشنىڭ غېمىنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئاخىرىدا يەھۇدىي تۈرمىدىن چىقىپتۇ. ئۇ، تۈرمە باشلىقىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: «تېلېفون بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. ئۈچ يىلدىن بېرى سىرت بىلەن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالمىغاچقا، تىجارىتىممۇ توختاپ قالمىدى، پايدام 200% ئۆستى. سىز ماڭا ئالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پىكاپىتىن بىرنى تەقدىم قىلغان بولدىڭىز.»

ھېكايە ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ. مەن ئوقۇغۇچىلاردىن: «سىلەرچە كىم توغرا قىلغان؟» دەپ سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىينىڭ قىلغىنىنى توغرا دېدى.

مەن ئېيتتىمكى، بۇ بىر قىممەت قاراش مەسىلىسى. ھەرقانداق بىر قىممەت قاراشنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي يىلتىزى بولىدۇ. ئامېرىكىلىق پاراۋان جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى بولغاچقا، ھاياتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئارتۇق تەشۋىشتە بولمىغان، شۇڭا بۈگۈننى چوڭ بىلگەن. فىرانسىيەلىكمۇ شۇنداق، ئۇمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە تاللىغان.

مەن باللاردىن سورىدىم: «پەرزەنتلىك بولۇش فىرانسىيەلىكنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟» باللار فىرانسىيەلىكنىڭ نەتىجىسىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى. يەھۇدىي ئۇزۇن يىللىق ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىدە سودىغا تايانمىسا بولمايدىغان بولغان. مەن باللارغا ئېيتتىمكى، ئۆمۈردىكى نەتىجە قازىنىشنىڭ ئۆلچىمى سان ـ ساناقسىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ ئۆلچىمى يەنە بىرىگە ئۆلچەم بولالمايدۇ، مۇۋەپپەقىيەتتە ھۆكۈمران ئۆلچەم يوق. مۇبادا بىرىڭلار ئالىم، بىرىڭلار ئادۋوكات، بىرىڭلار دېھقان، بىرىڭلار ھۈنەرۋەن، بىرىڭلار كارخانىچى بولىمەن؛ بىرىڭلار بىر ياخشى ئائىلە ئاپالى بولىمەن دېسەڭلارمۇ پىكرىم يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى غايە، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھالال ياشىغىلى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. مەن پەقەت بىر نەرسىگە قوشۇلمايمەن: ئەقلىڭلار ۋە تېنىڭلار ساق تۇرۇپ خەقتىن تىلەپ يېيىش ۋە ئۇلارنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قېلىش.

ئاندا بىر قىز ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى، سۆزلىشىگە ئىجازەت بەردىم:

— كەلگۈسىدە بىر خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپ ئاچقۇم بار، سىز-
نىڭچە قانداق بولار؟

— ئۆزىڭىز دېلىغۇل بولمىسىڭىزلا، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئە-
مەس، — دېدىم مەن.

بىر ئوغۇل بالا قول كۆتۈردى:

— مەن سىياسىيون بولالامدىم؟

— سىياسىيون سىياسىيون بولۇشنى باشقىلاردىن سوراپ ئول-
تۇرمايدۇ، بەلكى ئۆز غايىسى ۋە ئىرادىسى بويىچە كىشىلەرنى ئې-
تىراپ قىلدۇرىدۇ.

يەنە بىر قىز ئوقۇغۇچى قول كۆتۈردى:

— سىزنىڭچە، ئائىلە ئايالى بولۇش يارامسىزلىقمۇ؟

— ئېرىگە ئاندەك مېھرىبان، پەرزەنتلىرىگە لاياقەتلىك ئوقۇت-
قۇچىدەك مەسئۇلىيەتچان ئائىلە ئايالى بولۇش شۇ قەدەر شەرەپ-
لىككى، ئۇنىڭ تۆھپىسى ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىنساننىڭكىدىن قې-
لىشمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چالدى. ئۇلار قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە
ئەركىن ۋە سەممىي پاراڭلىشىشنىڭ لەززىتىنى تېتىغانىدى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بەختىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئالغانلىق
بىلەن تەڭ ئەمەس. مېنىڭ نۇرغۇن سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەن دوستۇم
بار، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى مەندىن كۆپ ئۈستۈن. ئۇلار ئۆز
تۇرمۇشىنى ئۆز ئېتىقادى، غايىسى ۋە ئىنتىلىشلىرى بىلەن ھالال
ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۆيىدە ئولتۇرغان ئاياللىرىنىڭ كۆڭۈل يارىسى
خىزمەتتىكىلەرنىڭ كۆڭۈل يارىسىدىن ئېغىر ئەمەس. ئۇلار ئالىي
مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئىگىلىك يارىتىش، مۇكەممەل بىر ئا-
ئىلىنى نورمال باشقۇرۇش، ھەتتا جەمئىيەتكە ساخاۋەت قولىنى سۇ-
نۇش لاياقىتىنى ھازىرلىغان. ئۇلار بىرقانچە بالىسىنى نورمال ئوقۇ-
تۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى بالىلىرىنى ئالاھىدە ئارزۇ - ئارمان بىلەن چەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەللەرگە چىقىرىۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئادەم كولدۇرلىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ دەبدەبىلىك دىپلوم ئالغاندىن كۆرە بىر - ئىككى ھۈنەرنى پۇختا ئۆگەنگەن ياخشىراق. ھۈنەر ئۆگىنىش ھېلىقى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەرپ بولغان پۇل بىلەن ھەل بولىدۇ. بىر ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى رېمونتچىسى بىر ئىجتىمائىي پەن دىپلوم ئىگىسىگە قارىغاندا يەر شارىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە مۇستەقىل ياشىيالايدۇ. مەن بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەۋاتقىنىم يوق. مۇستەقىل دۇنيا قارىشى يوق ئىجتىمائىي پەنچى شامالدا ئۈچۈپ يۈرگەن يالتىراق (سولياۋ) خالتىكى، مۇقىم بىر ھۈنەرنىڭ ئىگىسى بولۇش يالتىراق خالتا بولۇپ قېلىشتىن كۆپ ئەۋزەل.

ھازىر بىزدىكى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشتە مەكتەپلەرگە تايىنىش بىلەنلا بولدى قىلىدىغان بولدى. بۇنى مەلۇم مەنىدە تەلىم - تەربىيەنى ھۆددىگە بېرىش دېسەكمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلەرنى مەكتەپلەرگە ياكى يەسلىلەرگە بېرىپ قويۇش بالىلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشقا بولامدۇ؟ مەسىلە ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تۇغۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسا چوڭ بولۇپ قالىدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتتى. ئەگەر ئېھتىيات قىلمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا باغرىڭغا پاتقان پىچاق بولۇپ چىقىشى تۇرغان گەپ. «كارل ۋىتېرنىڭ ئائىلە تەربىيەسى» دېگەن كىتابتا: «قۇدرەتلىك رىم ئىمپېرىيەسى دەل ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزى تەربىيەلىمىگەنلىكى تۈپەيلى ھالاك بولغان» دېگەن بىر گەپ بار. ئەنگلىيەلىك ئەدىب خاربورت: «بىر ئاتا مىڭ مەكتەپ مۇدىرىدىن ئەۋزەل» دېگەن بىر گەپنى قىلىدۇ. مانا بۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالىدا كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغان تەربىيەچىلىك رولىنى تەكىتلەپ تۇرۇپتۇ.

كورلا شەھىرى 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتۇقۇمدا: «باشقىلارغا يۆلەنمەي ياشاشنى ئۆگىنىش نۆۋەتتىكى مائارىپ يۈزلىنىشىمىز بولۇشى كېرەك. ھازىردىن باشلاپ سىلەردە ئېنىق ئوقۇش نىشانى شەكىللەنمىسە، دەۋرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالىسىلەر» دېدىم ۋە ئۇلارغا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردىم:

ئۈچ نەپەر قورۇلۇش ئىشچىسى بار ئىكەن، ئۇلار كۈنبويى جاپالىق ئىشلەپ، تام قوپۇرىدىكەن. بىر يولۇچى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلاردىن سوراپتۇ:

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

— تام قوپۇرۇۋاتىمەن، — دەپتۇ بىر ئىشچى.

— بىر سائەت ئىشلىسەم بەش يۈەن تاپىمەن، — دەپتۇ ئىككىنچى بىرى.

يولۇچى ئازراق مېڭىپ ئۈچىنچى ئىشچىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئوخشاشلا يۇقىرىقى سوئالنى سوراپتۇ:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئۈچىنچى ئىشچى يىراقلارغا تىكىلىپ، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ:

— كۆتۈپخانا سېلىۋاتىمەن. بۇ ئىش ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ئادەمگە روھىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشىم مەڭگۈلۈك ئىش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، ئاۋۋالقى ئىككى ئىشچى پېتى قېلىپ، تامچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەپتۇ. ئۈچىنچى ئىشچى بولسا ئىنتايىن داڭلىق بىناكارلىق ئۇستىسى — ئىنژېنېرغا ئايلىنىپتۇ.

مەن ئوقۇغۇچىلاردىن: «يۇقىرىقى ئۈچ ئىشچىنىڭ ئىچىدە ئۈچىنچى ئىشچىنىڭ كەلگۈسى نېمە ئۈچۈن باشقىچە بولدى؟» دەپ

سورىدىم.

ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن دېگۇدەك «ئۇچىنچى ئىشچى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ» دېيىشتى.

ئېسىل ناۋاي بىلەن چوپەي ناۋاينىڭ پەرقى شۇكى، چوپەي ناۋاي پۇل ئۇچۇنلا نان ياقىدۇ، ئېسىل ناۋاي نان يېقىشقا دائىر ياخشى ـ يامان، پاسكىنا ـ پاكىز، ھالال ـ ھارام، خېرىدار ۋە بازار قاتارلىق بىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق چۆپقەتلىرىنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇنداق ناۋاي پۇل ئۇچۇن تەتقىقات تورى ئىشلەيدىغان ئالىمدىن ئادىمىلىك جەھەتتە خېلىلا ئۇلۇغ.

2010 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە بىلىم

«بىلىم يوق يەردە، نادانلىق ئۆزىنى بىلىم دەپ ئاتايدۇ.»
— بىر ئاقىلنىڭ ئاغزىدىن

بىلىش تارىخى ئىنسانىيەت ئەجدادىنىڭ دەسلەپكى بىلىشلىرىنىڭ ھەيران قېلىش، خام خىيال ۋە تۈرلۈك رەۋىشتىكى تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا، دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى تۈرلۈك قىسسە ئەپسانىۋى تۈسىنىڭ قانچىلىك قويۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزى بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولۇپ سانىلىدۇ. بۈگۈن توۋلىنىۋاتقان پەن شۇئارلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋجىگە چىققان قىيقاس - سۈرەنلىرىدە يىراق دەۋرلەردىكى ئەپسانىلەرنىڭ دەل پەننىڭ بىخى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تاس قېلىۋاتىدۇ.

مۇقەددەس كىتابلاردىكى يارالمىش قىسسىلىرى بەزى ئىنچىكە چىقىش نۇقتىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىر مەنبەدىن ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، يارالمىش قىسسىسى ئەسلىدە بىر بولۇپ، ئېتىقاد - ئەقىدە تارىخىدىكى پىرقىۋازلىق ئۇرۇنۇشلىرى يارالمىش قىسسىسىنى تۈرلەشتۈرۈۋەتكەن.

يارالمىش قىسسىسىدىن مەلۇمكى، ئىنسان ھەرگىزمۇ يېگانە بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئۇنىڭ يارىلىشى ئىلاھىي، كائىناتنى ۋە كائىناتتىكى تۈرلۈك - تۈمەن مەۋجۇداتنى شەرت قىلىدۇ. ئىنسان-

نىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى، ئىنسان بىلەن ئىلاھ، ئىنسان بىلەن كائىنات، ئىنسان بىلەن ئىنسان ھالقىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، ھەربىر ھالقا ناھايىتى كۆپ ساھەگە چېتىلىدۇ. يارالمىش قىسسىسىدە بىلىشنىڭ مەزكۇر ھالقىلىرى ئوبراز ۋە ھېكايە ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ.

دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھەرقايسى ئىقلىمدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەردە ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇيغۇر ئارىسىدىمۇ قاراخان تەڭرى توغرىسىدا ئەپسانىلەر بولغان. بۇرۇن زېمىن ۋە ئاسمان يوق ئىكەن، قاراخان تەڭرى ئۆز كارامىتىنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە «كىشى»نى يارىتىپ، ئۇلۇغ بىر كۆل (دېڭىز) نىڭ ئاستىغا ماكانلاشتۇرغانىكەن. «كىشى» سۇ ئاستىدا بەك ئۇزاق ياشاپ زېرىكىپ كېتىپتۇ ۋە ئازادە بىر جايغا چىقىرىپ قويۇشنى قاراخان تەڭرىدىن ئۆتۈنۈپتۇ. قاراخان تەڭرى «كىشى» گە چامىڭىنىڭ يېتىشىچە تۇپراق ئېلىپ سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققىن، دەپ ئەمر قىپتۇ. «كىشى» ئېتىكى ۋە قوۋۇزىنى تۇپراق بىلەن تولدۇرۇپ، قاراخان تەڭرىنىڭ دېگىنى بويىچە، تۇپراقنى سۇ يۈزىگە قويۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر ـ زېمىن ئاپىرىدە بوپتۇ، قوۋۇزىدىكى تۇپراقنى بوشلۇققا پۈركۈگەنىكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «كىشى» ئالەمنىڭ ئاقساقىلى بوپتۇ، ئۇنىڭدىن ئەۋلادلار پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ نەسلى يوقىمايدىغان بوپتۇ[1]. بۇ ئەپسانە مۇقەددەس كىتابلاردىكى يارالمىش قىسسىسى بىلەن بەزى تەرەپلەردە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ سۇ ۋە تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىلىرىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «كىشى» تامامەن دېگۈدەك ئىنسانىي خۇي ـ مىجەز بىلەن سۇغىرىلغان، لېكىن ئۇنىڭ جىسمى كائىناتنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ھەرىكىتى بولسا تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. «كىشى»نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھەرىكىتىدە روھىي ۋە ماددىي بارلىقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىردەك ئەكس ئېتىدۇ. ئەپسانە ـ

رىۋايەتنى ئىپتىدائىي ئىلىم ـ پەن دەپ قارىساق، ئۇنىڭدا يىراق ئەجدادلارنىڭ ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى قاراشلىرى مۇجەسسەم. بۇ قاراشلار خىيالىي تۈسكە باي بولغىنى ئۈچۈن ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشكە تەييار. لېكىن خىيالىي ئوبرازلاردا ئۆزىگە لايىق ئەقلىي ئامىللار باركى، بۇ ئامىللار بىلىش جەريانىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن نامايان قىلىدۇ.

ئىنگلىز پولكوۋنىكى جېمس چېرچىۋارد «قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇ» دېگەن ئەسىرىدە، ھىندىستان، مېكسىكا قاتارلىق جايلاردىن تاپقان تاش پۈتۈكلەردىكى ھېروگلىفلارنى يېشىش ئارقىلىق 17 مىڭ يىل بۇرۇنقى مۇ قۇرۇقلۇقتا پۈتۈلگەن يارالمىش قىسسىسىنىڭ «تەۋرات»تىكى يارالمىش قىسسىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئاپتورنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، قەدىمكى ھىندىستان، مىسىر ۋە بابىلون مەدەنىيەتلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پارلاق مەدەنىيەتتىن قالغان بىرقانچە تال چوغ بولۇپ، مۇ قۇرۇقلۇقنىڭ چۆكۈشى، گويا پارلاق ئانا مەدەنىيەتنىڭ يىتۈشىدىن ئىبارەت ئىدى. قەدىمكى قۇرۇقلۇق مۇغا ئائىت پۈتۈكلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يەتتە باشلىق يىلان ياراتقۇچى، ماھىيەتلىك كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەتتە باشلىق يىلان يەتتە ئەقىل ـ ئىدراككا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن يەتتە بۇيرۇق بىر پۈتۈن ئالەمنى روياپقا كەلتۈرىدۇ②.

ئادەم ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ سىرلىرىغا يەتكۈسى كېلىدۇ. «مەن كىم؟ نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟...» دېگەندەك سوئاللار ھەربىر ئىنساننىڭ بىلىش پىلتىسىگە يېقىلغان ئوت بولۇپ كەلدى. ھازىرمۇ پەنلەر زامانىۋى ئۇسكۈنىلەرنىڭ ياردىمىدە ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىمەكتە. مۇ قۇرۇقلۇقىدىن ئېرىشىلگەن يارالمىش قىسسىدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىت قانۇنى ئېنىق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، جېمس چېرچىۋاردنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ يارالمىش قىسسىسىنىڭ ھەقدار

ئۇيغۇر كىتاب تورى — www.uyghurkitap.com



سۈپىتىدە، بىلىش تارىخىدىكى ئادەم - ئالەم مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى پىشىمدە پىشقەدەملەردىن ھېسابلىنىدۇ.

تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئونتارىئو ئىنستىتۇتى مائارىپ تەتقىقات ئورنىدىكى كارل بېرېتېر (Carl Bereiter) «بىلىم دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئاڭ» دېگەن ئەسىرىدە «ئاۋامىي نەزەرىيە» (ئىنگلىزچە theory folk) دېگەن بىر ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كارل بېرېتېرنىڭ ئىزاھلىشىچە، ئاۋامىي نەزەرىيە پەننىي نەزەرىيە بولمىغان ئەھۋالدىكى كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەم پەننىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەن باللاردا بولىدۇ. ئاۋامىي نەزەرىيە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغان، سۈزۈلمىگەن ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئادەتتە، ساۋات پىسخولوگىيەسى (commonsene Psycholoy) لا ئىدىيە، خاتىرە، دەلىل، پىلان، مەقسەت ۋە پرىنسىپلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر ئاڭ بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرا بولسا، بۇنىڭدىن بىلىم ناتوغرا بولسا ساختا ئەقىدە ھاسىل بولىدۇ. ئاۋامىي نەزەرىيە بولسا ساۋات پىسخولوگىيەسى بىلەن ساۋاتىي بىلىش نەزەرىيەسىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ[3]. بىر ساۋاتسىز دېھقان بوتانىكا ئۇقۇملىرىدىن خالىي ھالدا ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ھوسۇل ئېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالنى تېبابەت، ھۈنەرۋەنچىلىك ساھەلىرىدىن ئوخشاشلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. يازغۇچى زۇنۇن قادىرىينىڭ «خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە پىرىزىخان ئىسىملىك بىر موماي بار. بۇ موماي زۇنۇن قادىرىينىڭ باللىقىدا ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغان شەخس سۈپىتىدە كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۆسمۈر زۇنۇن قادىرىي توڭ ئالمىنى تولا يەپ، يامغۇردا قېلىپ، بىقىنىغا سانجىق تۇرۇپ قالىدۇ. پىرىزىخان موماي ئۇنى ئۆيىگە ئەكېرىپ بىر سىقىم تەرتەزنى ئىلمان سۇغا چىلاپ، ئۇنى ماتا لۆڭگىگە سۇۋاپ، بىقىنىغا تېڭىپ قويسا، سانجىق يوقاپ كېتىدۇ. ئۆسمۈر زۇنۇن قادىرىينىڭ كېلى ئاغرىپ قالسا، موماي بارمىقىنى

قازاننىڭ كۆيىسىگە سۈۋاپ، تامىقىنى كۆتۈرۈپ قويسا ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىش مېنىڭ بالىلىقىمدىمۇ بولغان. كېلىم ئاغرىپ قالسا ھەمىدىخان ئىسىملىك بىر موماينىڭكىگە باراتتىم. ئۇ بەزىدە تامىقىمنى بارمىقى بىلەن كۆتۈرۈپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن كېلىم ساقىيىپ قالاتتى. ئۆسمۈر زۇنۇن قادىرىي يەنە پىرىزىخان موماينىڭ كاۋا چېچەكنى ئۇزۇپ، باشقا پىلەكتىكى چېچەككە دۇم كۆمتۈرۈپ، بوغقۇچ بىلەن تېڭىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇنىڭ پەننىي جاۋابىنى زۇنۇن قادىرىي گىمنازىيەدە ئوقۇپ يۇرگەن مەزگىللىرىدە بوتانىكا دەرسىدىن ئۇنىڭ «ئاتىلىق چېچەكنى ئانىلىق چېچەك بىلەن چاڭلاشتۇرۇش» ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، زۇنۇن قادىرىي مومايدىن: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، موماي: «مۇشۇنداق قىلىپ قويساق كاۋا ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[1]. بۇ مىساللاردىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئاۋامىي نەزەرىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئەملەش (جىسمانىي داۋالاش)، ئىرىم قىلىش (روھىي داۋالاش)، ئوت كۆچۈرۈش، ئىسرىق سېلىش، دۇتلاش، ھورداش، قان چىقىرىش، ئىلغا ئىلىش، تېرىگە ئېلىش، تەرلىتىش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. يىراق ئۆتمۈشتىكى شامال ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ قىلمىقلار ئۆزىنىڭ رېئال ئۈنۈمى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر بىرەر ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقمىدۇق، ئەكسىچە «خۇراپات» دەپ نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتۇق. ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسە پەننىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ. ئۇلارنى پەنسىز ھالدا تەتقىق قىلمايلا يوق قىلىۋېتىش، نادانلىق ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان ياۋۇزلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپى مايكول پولانىي (Mi polanyi chael) مۇنداق دېگەنىكەن: «ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى زوئولوگلار (ھايۋانشۇناسلار) بايقىغان ئەمەس. زوئولوگىيە ۋە بوتانىكى-

نىڭ ئىلمىي قىممىتى پەقەت ئۇنىڭ پەندىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە بولغان قىزىقىشىنىڭ داۋامى بولغانلىقىدا»[5]. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانىمىزم (ھەممە نەرسىدە روھ بار دەيدىغان قاراش. — ئا) تۇسىدىكى دۇنيا قاراش بۈگۈنكى پەن نۇقتىئىنەزىرىدە بىر خىل روھانىيلىق بولسىمۇ، پەن بەربىر ئەنە شۇنداق دۇنيا قاراشلارنىڭ بالىياتقۇسىدا ئاستا - ئاستا يېتىلگەن تۆرەلمە ئىدى. پەن تارىخچىسى ۋ. س. دامپىر (W.C.Dampier): «پەن تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەرتىپلىك بىلىم بولۇپ، ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەقلىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدۇ»[6] دېگەنىدى. تەرتىپلىك بىلىم شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى جۇزئىي ئامىللار شەكىللەنگەن بولۇشى كېرەك. بۇ ئامىللار ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئادەملەرنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىدا، تەبىئەت ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئىستىخىيەلىك ھالدا سادىر بولىدۇ. دامپىر «پەن تارىخى» دېگەن كىتابىدا پېرىخونلۇق، دىن ۋە پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ، بەزى ئىنسانشۇناسلارنىڭ پىكرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارچە «پېرىخونلۇق بىر جەھەتتىن دىنغا ئېلىپ بارىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن پەنگە ئېلىپ بارىدۇ»[7]. شامانىزم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن بىر خىل بىلىش شەكلى سۈپىتىدە، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شەكلىگە ھازىرغا قەدەر ئۆچمىگەن چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغان. ئەينى دەۋرلەردىكى شامانلار ۋە باخشىلار ئۆز دەۋرىگە يارىشا بىلىم ئادەملىرى بولۇپ، تەبىئەت ۋە ئىلاھ بىر - بىرىدىن بۆلۈنگەن ھالدا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ھالدا ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت، روھىيەت ۋە جەمئىيەتكە قارىتا بىلىش شەكىللىرى بارلىق شەرق ئەللىرىدىكىگە ئوخشاشلا ھېكايەت تو-

سىگە ئىگە. پىكىرلەر ئارىستوتىپلچە مەنتىقە ئىزچىللىقىدا ئوتتۇ- رىغا چىقماستىن، ھېكايىنىڭ ھەممە بۆلىكىگە قاندەك سىڭىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر دۇنيا قاراشلىرى ئۆزىگە خاس ئېتنىك تەركىبلەردىن تاشقىرى ئەجەم، ئەرەب ئامىللىرى بىلەنمۇ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر خەلقى ئارى- سىغا كەڭ تارقالغان «جەمشىدنامە»دە مۇنداق بىر ھېكايەت بار: كونلەرنىڭ بىرىدە نوھ ئەلەيھىسسالام بىر يەردە ياتقانىدى، ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چاغدا ئىشتان كىيىش ئادىتى يوق بولۇپ، ئالدىغا لاتا تارتىۋالاتتى. شا- مالدا لاتا قايرىلىپ قېلىپ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋرىتى ئېچى- لىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كې- تىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەزرىتى يافەس كۆزىنى ئېتىپ ئۆتۈپ كەتتى، ھەزرىتى سام بىر قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن لاتىنى تارتىپ ئەۋرەتنى يېپىپ قويۇپ، ئۆتۈپ كەتتى. ھام دېگەن ئوغلى مەسخىرە قىلىپ: «ئوھوي، ئېچىلىپ قاپتۇ» دەپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا نوھ ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىچىدە قاتتىق غەزەپلەن- دى. ئۇ يافەسكە: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھ بولسۇن» دەپتۇ، سامغا: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ ھەم پادىشاھ، ھەم پەيغەمبەر بولسۇن» دەپتۇ. ھامغا: «سېنىڭ ئەۋلادىڭ قۇل ۋە چۆرە بولسۇن» دەپتۇ.

ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي»[8] دې- گەن كىتابىدا تارىخنىڭ بېشىنى نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلايدۇ. ئۇ تۈركىي خەلقلەرنى يافەسكە باغلايدۇ، بابىل، يەمەن، ئومان، ئىراق، ئىران ئەللىرىنى سامغا باغلايدۇ، ئافرىقا ۋە ھىندىستان ئەللىرىنى ھامغا باغلايدۇ. يازما تارىخچىلاردىكى ئەھۋاللار نوھ ئە- لەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئاساسەن ئىسپات- لىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما بىز يازما تارىخلاردىكى تارىخىي ھەقى- قەتلەرنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىنى ياكى ئىنسانلارنىڭ قەلىمىدىن

www.uyghurkitap.com



چىققان تارىخنىڭ ئىنسانچە ئاجىزلىق ۋە سەۋەنلىكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتساق، موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانلىرىدا تەجرىبىدىن ھالقىغان ئەپسانىۋى تۈسنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز يۇقىرىقى ھېكايەتتىن مۇنداق بىر مەسىلىنى بىر ئىشقا تۇتۇلغان ئۈچ خىل پوزىتسىيەنى ۋە شۇ پوزىتسىيە تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئوخشىمىغان نەتىجىنى كۆرىمىز: يافەس ھايا بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ھايا پادىشاھلاردا بولۇشقا تېگىشلىك دىيانەتتىن نىشان ئىدى. سامدا ھايا بولۇش بىلەن بىللە، تەدبىرمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەۋلادىغا پادىشاھلىق سەلتەنىتى بىلەن پەيغەمبەرلىك ھېكمىتى بۇيرۇلدى. ھام ئۆزىنىڭ ھاياسىزلىقىغا يارىشا قۇللۇق تەقدىرىگە بۇيرۇلدى. بىز بۇ ھېكايەتنى تارىخىي رېئاللىقتىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلساق، كىشىلەرنىڭ شەيئىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى قانداق بولسا شۇنىڭغا مۇناسىپ تەجرىبە، بىلىم ۋە تەقدىرگە ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەقلىي يەكۈنگە ئىگە بولىمىز. بۇ يەكۈن فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى رېنې دېكارت (Rene Descartes 1560 — 1596) نىڭ ياندىش بىر ھۆكۈمىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ: «پاراسەت ھەممە ئادەمدە ئوخشاش. شۇڭا، پىكىردىكى ئىختىلاپلار بىراۋنىڭ يەنە بىرىدىن ئەقىللىك بولۇشىدىن كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى پىكىر يولىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى ياكى پىكىرنىڭ ئوخشاش بىر سەۋەبكە قارىتىلمىغانلىقىدىن بولىدۇ»[9]. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرى بىر مەسىلىگە ئوخشىمىغان ئىنكاس شەكىللىرى بىلەن مۇئامىلە قىلدى ھەم شۇ تۈپەيلى ئوخشىمىغان نەتىجە ۋە قىسمەتكە ئىگە بولدى. يۇقىرىقى ھېكايەت بىلەن دېكارتنىڭ سۆزىدە نەتىجە بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى ئوبراز شەكلىدە، بىرى ئىدراك شەكلىدە بولۇپ، بۇلاردىن شەرق ۋە غەربنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى قەلەمدىن ئۆتكەن ۋەقە، يەنە بىرى ۋەقەدىن كەلتۈرۈلگەن يەكۈن. ۋەقەدىن ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ئا-

دەملەر يۇقىرىقى ھېكايەتنى قانچە ئوقۇسا ئىبرەت ئالالمايدۇ. ئەقلىي يەكۈننى تۇرمۇشتىكى ۋەقەگە تەتبىقلىيالمايدىغان ئادەم ئۈچۈن دېكارتنىڭ سۆزى ئەھمىيەتسىزدۇر. نەقىل بىلەن ئەقىل ئوتتۇرسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تاپالىغان ئادەم ئۈچۈن ھايات مەنە ۋە ئىبرەت بىلەن تولغان بولىدۇ. ھېكايەت ھېكمەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ۋەقە، ھېكمەت بولسا ۋەقەلىكى چىقىرىۋېتىلگەن ھېكايەت. شۇڭلاشقا، شەرق دانىشمەنلىرىگە غەرب پەلسەپە ئەندىزىسى بويىچە باھا بەرگىلى بولمايدۇ. لېكىن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ۋە بىلىش ئۇسۇللىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر بىلىگە بىلىمچىلىكى (维吾尔认识论 Uyghur Epistemology) نى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىزگە، دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىمىزگە، ئاغزاكى ۋە يازما ۋەسىقىلىرىمىزگە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمگەكلىك تارىخىمىزغا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىز ۋە قۇرۇلۇش ئەنئەنىمىزگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز بۇلارسىز ھالدا ئۇيغۇر پەن تارىخىنى ياكى ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا پەن تارىخىنى يېزىپ چىقالمايمىز.

دىيارىمىزدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا پەن تارىخىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولغۇسى. ۋاھالەنكى، بىز ھەرقايسى تارىخىي دەۋرگە ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىشقا ئۈلگۈرمىدۇق. تارىخنى ئىدېئولوگىيەلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئىزاھلاش، ئارخېئولوگىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنىڭ ئۈستقۇرۇلمىلىق تۈسىنى زىيادە قويۇقلاشتۇرۇۋەتتى. بىز بىر قىسىم ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىدىن پەقەت خىرونولوگىيەلىك تارىخنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى يېشىشتە ئاز - تولا پايدىلاندۇق. بىزدە تېخى پەن تارىخى، ھۈنەر - سەنئەت تارىخى، دېھقانچىلىق تارىخى، باغۋەنچىلىك تارىخى دېگەنلەردەك مەخسۇس ساھەلەر بويىچە يېزىلغان تارىخلار بول-

www.uyghurkitap.com

غىنى يوق. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە ئىدېئولوگىيە قاتلىمىنى تارىخىي ئېنىقلىق تەلپى بويىچە يورۇتقىلى بولمايدۇ. دىيارىمىزدىكى ئىلمىي مەركەزلىرى بۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ھازىرچە يىراق.

مەرھۇم پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئاياغلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يىرىك ئەسىرى «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دا، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ھەمدە مىس، تۆمۈر دەۋرىدىكى مەدەنىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. «ئانا ساي ــ يەنسەي ۋە ئەنقار (ئەنگار) ۋادىلىرىدا كونا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرى تۇتاشقان دەۋرگە ئائىت تاش سۆڭەك قوراللار ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئوچاق، كۆل قاتلىمى، جۈملىدىن بۇغا مۈڭگۈزىدە يېپىلغان كەپە تېپىلغان»[10] دەپ بايان قىلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئارقىدىنلا بۇ خىل تىپتىكى مەدەنىيەتنىڭ ئالتاي، جەنۇبىي بايقال، ئورخۇن ۋادىلىرىدىنمۇ تېپىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. بۇنداق بايقاشلار خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، ئۈرۈمچىلەردىمۇ كۆپ بولغان. ئاپتور يەنە ساك ـ سىكىفلار ھەققىدە توختىلىپ: «سىكىفلار مەشھۇر ئالتۇن ـ مىس ھۈنەر سازلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ــ جەنۇبىي سىبىرىيە، شىنجاڭ، يەتتىسۇ، ماۋەرائۇننەھر، ئۇرال ۋە قارا دېڭىز ساھىلىدىن نۇرغۇن ھايۋاننىڭ خىرىسچان ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مىس، ئالتۇن بۇيۇملار تېپىلدى»[11] دەپ يازىدۇ. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ساكلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر گەپلەرمۇ بار: «غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان باشاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرونزىدىن ياسالغان باشاقلارنىڭ ساپ تۆشۈكىگە تۆمۈردىن ياسالغان ھالقا بېكىتىلگەن. بۇ تۆمۈر ھالقا باشاق سېپى بىلەن باشاقنى چىڭ تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئۆتىگەن»[12]. تارىخچى ئەنۋەر بايتۇرمۇ ھۇنلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، بۈگۈنكى كۇچا،

خوتەن قاتارلىق جايلاردىن تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، قوغۇشۇن، قاشتېشى قاتارلىق مەدەنلەرنىڭ چىققانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[19]. تارىخچىلار ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 5 ~ 7 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ دەۋرلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىمىياگەرلىك بىلىمىنىڭ نامايان بولۇپ، تۆرمۈش ۋە جەڭلەردە تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغان دەۋر بولدى. پەن تارىخچىلىرى خىمىيە ئىلمىنىڭ تارىخىنى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاندى، دەپ جەزملەشتۈرىدۇ[20]. شۇنداق بولغاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تاش ۋە مېتاللارنىڭ خىمىيەلىك، فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يېتىپ، ئۇتنىڭ خىمىيەلىك رولىدىن پايدىلىنىپ تۆرمۈشقا كېرەكلىك قوراللارنى ياساپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇنبىرىدە مۆتىۋەرلەردىن بولغانىدى. ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋرلەردە كەشىپ قىلغان تۆرمۈش قوراللىرى ئۆزلىرى تۇرغان مۇھىتنىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەمدە ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ تەپەككۇرى، ئەقىل ـ پاراسىتى، بىلىمى ۋە بۇ بىلىملەرنىڭ قاتلىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەلۇمكى، بىلىم تۆرمۈش ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، قاتلىمىنى كۆپەيتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرى ۋە بىلىم بايلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىستىرېلكا بولۇپ، بىز مەدەنىيەت تارىخىمىزغا قارىتا بىلىمشۇناسلىق نۇقتىسىدىن سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلىشتىن بەك يىراقتا تۇرۇۋېتىمىز. ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ساھەلىرىگە تۇتىشىدىغان ئەمەلىيەتچان بىلىم ئەنئەنىسى بولغانىدى. بىز بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ نامايەندىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە يۈزلەندۇق. ئەۋلادلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن تارىخىدىكى تۆھپىلىرى بىلەن نا-

www.uyghurkitap.com



تونۇش. ئەگەر بىز ئۇلاردىن بىرقانچە سىيمانى غىل - پال ئەسلەپ ئۆتسەكلا، خىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ قىممەتلىك ئەنئەنىنى جىددىي تىرىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىمىز.

كۇماراجىۋا (413 ـــ 334) ئۇيغۇر بۇددىزىم دەۋرىدىكى پېداگوك، مۇتەپەككۇر ۋە تەرجىمىشۇناس. ئىنچىكىلەپ كىرگەندە، كۇماراجىۋا دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەندىزىسى ۋە مەزمۇنىغا دائىر بىلىشلەرگە، نوم تەرجىمىچىلىكىدىكى ئۇسلۇب ھەمدە ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكى نەزەرىيەسىنىڭ ئەينى دەۋرگە خاس يۆنىلىشىگە دائىر بىلىشلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن بىزدە بۇنداق ئىنچىكە، سىستېمىلىق تەتقىقات يوق. سۇجۇپ ـــ مىلادىيە 6- ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇزىكىشۇناس. ئۇ «12 تېمپېراتسىيەلىك كۇي قانۇنى»نىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى يارىتىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ كېيىنكى راۋاجىغا، ھەتتا جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. سۇجۇپ ئەنئەنىسى بىزدە كۇي بولۇپ، كۇيشۇناسلىق بولماسلىقتەك سەلبىي ئەنئەنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، شۇنداقلا ھازىرقى زامان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك ئەنئەنە.

ئەل ئۇقمىش (؟ ـــ 1314) ئۇيغۇرلاردىن چىققان دېڭىزچى، شۇنداقلا قۇبلەيخان ئوردىسىدا تۇرغان دۆلەت ئەربابى. ئۇ، قۇبلەيخاننىڭ يارلىقى بىلەن سىرى لانكا، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دېڭىز سەپىرى قىلىپ، بۇ سەپەرنى 20 يىل داۋاملاشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۆتكۈر سىياسىي پىكىرلىك دىپلوماتىمۇ ئايلانغان. ئەل ئۇقمىشنىڭ دېڭىز سەپىرى جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن 100 يىل، ياۋروپالىقلارنىڭ دېڭىز سەپىرىدىن 200 يىل بالدۇر بولغان. ئەل ئۇقمىش، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ خانبالىق لايىھەسىنى تۈزگەن كاتتا مېماركار ئەختەرىددىن، بېيجىڭدا تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن ئاسترونوم جامالىددىن، دېھقانچىلىق ئالىمى لۇ مىڭشەن (تۆمۈر تۇۋرۇك) قاتارلىق ئالىملار، سىياسىيون ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىللە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پاراسەت قۇۋۋىتى-

نىڭ يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

لۇ مىڭشەن (تۆمۈر تۇۋرۇك) 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يېزا ئىگىلىك ئالىمى. ئۇ «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېھقانچىلىق ئەنئەنىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، شۇ دەۋرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىق نۇرغۇن كۆرسەتمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابتىكى زىرائەت تۈرلىرى، مېۋە تۈرلىرى، ئوتياش تۈرلىرى، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، ئۆي ھايۋانلىرى بېقىش، پىلىچىلىك، ھاۋا رايى، سۇ ئىنشائاتلىرىغا دائىر تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدى. ئاپتور يەنە ئۇيغۇرلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن تاۋۇز، بېدە، پىياز، سەۋزە، زىغىر، ئانار، ياڭاق، پۇرچاق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر توغرىسىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان.

مۇھەممەت مۇسا ئەلخارەزمىي (مىلادىيە 780 ـــ 850): خارەزم ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان ئاسترونوم، ماتېماتىك، گېئوگراف. ئۇ ئەرەب، پارس، سانسكرىت، گىرېك تىللىرىنى بىلگەچكە، گىرېك، ھىندى ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ باغدادتا «بەيتۇل ـ ھېكمە» (دانالار سارىيى) دە ئىشلەپ، نۇرغۇن ئالىمنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ «مۇختەسەر سىندى ھىندى»، («ھىندى رەقەملىرى ھەققىدە قىسقىچە كىتاب»)، «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە» («تەڭلىمە ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى (ئالگېبرا»)، «ئاسترونومىيەلىك جەدۋەل»، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە»، «يەرنىڭ سۈرىتى»، «يەھۇدىيلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگىلەش» قاتارلىق كۆپ قىرلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەلخارەزمىي تەڭلىمىلەرنى تۈزۈش ۋە يېشىش قائىدىلىرى، مەنپىي ۋە مۇسبەت سانلار، ھىندى رەقەملىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، نۆلنىڭ ماتېماتىكىدىكى رولى قاتارلىق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاتار ئىلىم مەسىلىسىنى شەرھلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئالگورىزم ئارىفمېتىكىسى» دېگەن نامنى دۇنيا ماتېماتىكا تارىخىغا نەقىشلىدى.

ئۇلۇغبېك (1394 — 1449) پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ سۆپەتلىشىچە، ئۇيغۇر «كەنجى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى، ئاسترونوم ۋە سىياسىيون». ئۇ «تۆت ئۇلۇس تارىخى»، «زىجى جەدىد گۆرە گانى» («يېڭى ئاسترونومىيەلىك جەدۋەل») قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلۇغبېك يەنە سەمەرقەنتتە ئۆز نامىدا مەدرىسە ۋە رەسەتخانىلارنى بەرپا قىلغان بولۇپ، ئۇلۇغبېك شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ئىشانىزم گۇماشتىلىرىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئوغلى ئابدۇللەتىفنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ سالدۇرغان رەسەتخانا بولسا، جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن كۆيدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى، پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى، دوكتور ئابدۇسالام ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ بېشىدىكى بەخت ـ سائادەت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىپ، زالالەت دەۋرىدىن دېرەك بەرگۈچى پاجىئە، دەپ باھا بەرگەنىدى.

بىز ئەبۇ نەسىر فارابىي، مەھمۇد كاشغەرىي، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي، ئىبىن سىنا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ ئاۋامغا تونۇش نام ـ شەرىپىنى تىلغا ئېلىپ ئۆلتۈرمىدۇق. ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى بىلىمشۇناسلىق ياكى پەن نۇقتىسىدىن باھالانمىسىمۇ، كىشىلەر ئۇلارنى ئىلىم چولپانلىرى سۈپىتىدە زاتەن ئەمەس، ئاتەن ھالدا تونۇيدۇ.

ئەگەر بىز يۇقىرىقى ئالىملارنى ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشلىرى بىلەن سۇغىرىلغان ئەخلاقىي تېمىدىكى ھېكايەتلەر ۋە قىسسىلەرگە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئاھۇ زارى بىلەن تولغان داستانلارغا، ۋەھدەتكە ئىنتىلگۈچى شېئىرىيەت لاتاپەتلىرىگە تولغان ئەنئەنىمىزگە پاراللېل قويساق، تەبىئەت ۋە ھۈنەر ئىلىملىرىگە مايىل سەمەرىلىك

ئەنئەنىمىزنىڭ غايىب بولۇپ كەتكىنىدىن ئۆكۈنمەي تۇرالمايمىز. تە-بىئەت، ئىلاھىيەت، سەنئەت، جەمئىيەت ۋە پاساھەت ئىلىملىرى بىر-بىرىگە زىت ئەمەس ئىدى، لېكىن بىز زىت ھالدا چۈشىنىپ، ئىلىملەرنى يېتىم قويدۇق. ئىلىملەر ئاستا-ئاستا يىگلەپ، مە-نىۋى گادايلىقىمىز مىسلىسىز پاجىئەتلىك تارىخنىڭ ھامىيسى بو-لۇپ قالدى. ئۇلۇغبېكنىڭ پاجىئەسى ھەرگىزمۇ بىر ئالىمنىڭ پا-جىئەسى بولماي قالدى، بەلكى ئۇ شۆھرەتلىك تارىخلارنى قالدۇرغان ئوتتۇرا-مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ گۇمراھلىق دەۋرىگە كىرىپ، كىشىلىك ئىززىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن دېرەك بېرىدى-غان پاجىئە بولۇپ قالدى.

بىز ئۇلۇغبېكتىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكى سۆيۈنگۈدەك تەبىئەت ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمىدۇق. بىر بولسا تارى-خىمىز ئۇ خىل كىشىلەرگە كورلۇق قىلدى. نەتىجىدە، بىز ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتۇق؛ بىر بولسا زەئىپ تەپەككۇرىمىز ياراتقان تارىخنىڭ ئەمەلىيىتى شۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېھتىماللىقنىڭ ئوبيېكتىپ-لىقى يۇقىرى بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى، فېئوداللىق بېكىنمە ھالەت تۈپەيلى نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئەۋزەللىكىنى يوقاتتۇق. ئۇلۇغبېك ۋاپاتىدىن كېيىن ئەدىب-شائىرلىقتىن باشقا بىزدە ئالەمشۇمۇل تەبىئەت ئالىملىرى چىقمىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىز ھېسسىي سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنى بىردىنبىر ئىپتىخار پەللىسى قى-لىشقا مەجبۇر بولدى. قولىمىزنىڭ يەتكىنى ئۇسسۇل، دېمىمىزنىڭ يەتكىنى ناخشا بولدى. شۇ زامانلاردىكى ناخشا-غەزەللىرىمىزگە بىر قاراپ كۆرەيلىچۇ، ئاساسلىقى «ۋاھ، دەرىخا» دېگەندەك نالەشتىن يىراقلاشمىدى. بىز «ئېتنولوگىيەلىك مىللەت»، كاتېگورىيەسىدىكى «ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى»، «شېئىرىيەت مىللىتى» بولۇپ قېلى-ۋەردۇق. بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك، تۆمۈرچىدىن ئارتۇقراق فى-زىكلىرىمىز بولمىدى... سەنئەتتە داڭ چىقارغان، سەنئەتكە يۈلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان سىگانلارنىڭ ئاقىۋەتتە يۇرت - ماكانسىز جاھان كېزىپ، تىلەپ - تېرىپ ياشاشقا چۈشكەن لاماكانلىقى بىلەن، تارىخ بورانلىرىدا چېچىلىپ، جەڭ - جېدەللەردە قىرىلىپ ھالى قالمىغان يەھۇدىيلارنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر پەنلەرگە بولغان يۈكسەك ئېتىبارىدىن «ئالىملار مىللىتى»، «قۇدرەتلىك زامانىۋى مىللەت» كامالىتىگە يەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرمىدۇق» (تەكلىپلىك مۇھەررىردىن قوشۇمچە)[15] دېگەنىدى ئېچىنىش بىلەن.

ئەگەر بىز ئۇيغۇر ھۈنەر - سەنئەت رىسالىلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ھۈنەر - كەسىپنىڭ قائىدىلىرى تەرەپتىكى ئىلمىي بايانلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھېس قىلىمىز. بۇ رىسالىلەر ئايەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئەگەر بىز بۇ ئايەتلەرنى ئىسلامىيەتنىڭ تارىخى ۋە ماھىيىتى بىلەن باغلاپ قارىساق، كۆپ ھالدا ئۇ ئايەتلەرنىڭ ئۇنداق يەرلەردە ئىشلىتىلمەسلىكى لازىملىقىنى بىلىپ يېتىمىز. ھۈنەر - كەسىپلەر ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بىلىملەرگە تەۋھىد ئىلمىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشى، ھۈنەر - كەسىپلەرنى مۇكەممەل ئەخلاقىي ئاساسلارغا ئىگە قىلىدۇ. ئەمما، ھۈنەر ئىلمى ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ماددىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماي، نوقۇل روھانىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندا، ئاخىر بېرىپ يەنە شۇ ئۇممەتلەرنىڭ رېئال مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدۇ. ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىمىزدە ھۈنەرنىڭ ئۆزىگە ئائىت بىلىم تەركىبلىرىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، تىرىكچىلىك ۋە ئىبادەتتىكى ئەمەلىيەتچان پوزىتسىيەنىڭ رېئاللىق بىلەن ھېسابلاشمايدىغان روھانىيلىققا ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادىيە 16 — 17 - ئەسىرلەر غەرب ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىدا جىددىي ئالمىشىش يۈز بەرگەن دەۋرلەر بولدى. بۇ دەۋرلەردە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ يۇلتۇزى پارلاپ، مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيا

خەلقلىرىنىڭ يولتۇزى ئۆچۈشكە باشلىدى. گەرچە «قۇرئان كەرىم» چۈشەنگىلى بولمايدىغان روھىيەت، ئاخىرەت مەسىلىلىرىنى تەكىتلىمەي، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى هالال بىلەن هارام، ياخشى بىلەن يامان، گۈزەل بىلەن رەزىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىشتىن ئىبارەت رېئال، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەكىتلەپ، پايدىسىز بىلىملەردىن ساقلىنىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئۆلىمالارنىڭ دىققىتىنى جەننەتنىڭ دەرىجىسى، پەرىشتە، شەيتان، خۇدانىڭ سۈپەتلىرى دېگەندەك مەۋھۇم مەسىلىلەرنى ئەپلاتونىزم خاھىشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ تەلقىن قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى هەم كۆز ئالدىدىكى دۇنيانىڭ كۈچ ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزمىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىنكى بىزنىڭ زەبۇن هالىتىمىز ۋە هىندىستاندىكى بابۇرىيلار سەلتەنىتىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى، ماهىيەتتە تەپەككۇر ۋە بىلىم ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان قىسمەتلەردۇر.

كېيىنكى قىسمەتلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر پۈتۈن تارىخنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزى ياشىغان ئىقلىم ۋە تارىخىي ۋەزىيەتكە ماس هالدا مول مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى ۋە بىلىم بايلىقلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى خەزىنىسىگە قوشقان قەدىمىي مىللەتتۇر. بىز ئۇنى تېخى قېزىپ بولالمىدۇق. نەچچە مىڭ يىللىق ئىختىرا ۋە كەشپىيات ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلاردا بىلىم - مەرىپەت توغرىسىدىكى ئىدېئال هەم رېئال چۈشەنچىلەرنى، دىداكتىك سۆزلەرنى شەكىللەندۇرگەن، هەتتا بىلىم توغرىسىدا پادىشاھلار دەستۇرى شەكىلدىكى «قۇتادغۇبىلىك» كەبى دۇنياۋى يىرىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن.

كۆندىلىك ئالاقىمىزدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە سەپسالساق، بىلىم مەسىلىسىنى تۈرلۈك نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىدىغان جەۋھەرلەرنى ئۇچرىتىمىز. مىسالەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەم بىلگەننى ئادەم بىلىدۇ،
ئادەم ماڭغان يولدىن ئادەم ماڭىدۇ.

بۇ تەمسىلدە بىلىمنىڭ ئانتىروپولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتى گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ئىنسان تەپەككۇر ئورگانلىرىنىڭ بىلىش قۇۋۋىتىدە ئىرقىي، مىللىي پەرقىنىڭ بولمايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئادەمنى بىلىم يورۇتار،
ئالەمنى كۈن يورۇتار.

تەپەككۇر قىلىش ۋە بىلىش ئىنساننى مەخلۇقاتلار ئىچىدە مەرتىۋىلىك قىلغان ئىدىكى بىلىشتىن ئىبارەت ئەقلىي قۇۋۋىتىنى كۆپ ئىشقا سالساق، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك سۈپىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە باشقىلارغا زوق، ھىممەت بېغىشلىيالايدۇ، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئاقارتالايدۇ.

بىلگەننىڭ يۈزى يورۇق،
بىلمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

بۇ تەمسىلدە بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي پەللىدىكى ئورنى ئەكس ئەتكەن. بۇ يۇقىرىقى تەمسىل بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە.

بىلىمنىڭ چېكى يوق.

ئالەم ھەرىكەتتە، ئالەمدىنمۇ كەڭ روھىيەتمۇ ھەرىكەتتە. بىلگۈچى بىلەن بىلىنگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىلىم پەقەت مۇئەييەن مۇددەتتە، مۇئەييەن چەكتە تېگىشلىك قىممەتنى نامايان قىلىدۇ ـ دە، يېڭىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھاياتلىق ھەرىكەتتە، تەپەككۇرمۇ ھەرىكەتتە.

پىرنىڭ بىلەن ماختانما،
بىلىمىڭ بىلەن ماختان.

بىلىمدە نوپۇز مەۋجۇت ئەمەس، نوپۇز پەقەت ھەقىقەتكىلا مەنسۇپ. بۇرۇنقىلارنىڭ ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلىرى، تەپەككۇر ئەندىز-

لىرى كېيىنكىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى چۈشەپ قويماسلىقى كېرەك. ھازىرقى زامان پەن جەمئىيەتشۇناسلىقى ئالىملارنىڭ تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلىم ـ پەندىكى نوپۇزىنى بويۇنتۇرۇق قىلماسلىقنى تەكىتلىمەكتە.

ئەقىل ـــ بىلىم بۇلىقى،

بىلىم ـــ ھۈنەر چىرىغى.

ئەقىل ئىنساندىكى تۇغما ئىمتىياز، بىلىم ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بىلىمدىن ھۈنەر، تېخنىكا ۋە سانائەت بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا پەن باشقا، تېخنىكا باشقا. تېخنىكا بولسا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆزىتىشتىن كەلگەن بىلىملەر ئارقىلىق تۇرمۇشتا ئەسقاتىدىغان ۋاستىلەرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ، يۇقىرىقى تەمسىلدە بىلىم، پەن، تېخنىكىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەكس ئەتكەن.

ئالىم بىلەن ئەل ئاقىل،

جاھىل بىلەن ئەل خار.

ناۋادا بىر جەمئىيەتكە ئىلىم ئەھلى ئىلمىي نۇقتىدىن باشقۇرۇش ئېلىپ بارسا، جەمئىيەتتە ئىلمىي، مۇقىم كەيپىيات ئومۇملىشىدۇ. باشقۇرۇش ۋە ئىش بېجىرىش ئىستىللىرىدا ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى باراۋەر ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇنداق جەمئىيەت بىلىملىك ئادەملەر بىلەن تولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق، سەپسەتە ئويۇنلىرى مودا بولىدۇ.

ئالىم بولماق ئاسان،

ئادەم بولماق تەس.

بۇ تەمسىلدە ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت كۆزدە تۇتۇلغان. ئادىمىيلىككە ياتىدىغان گۈزەل خۇلق، ئىنسان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن غايىلەردىن مۇستەسنا ئالىم يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ ۋەھشىي بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا ئاپەت ئەكېلىدىغان تەۋسىيەلەرنى بېرىدۇ. يەنە بىرى، بىلىمگە ئۆزىنىڭ نورمال ئىنسانىيلىقىنى تېگىشىپ، بىنورمال پىسخىكا ئىگىسى بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ئە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مەلىيەتتە مەۋجۇت.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە بىلىمنىڭ ئىنسانىي رېئاللىقى، ئىجتىمائىي ئاساسلىرى، بىلىم ئەھلىنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

بىلىم توغرىسىدىكى ئۆگۈتلەر ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئىزچىل تۈردە مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ كەلدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىككى نامايەندە ـــ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى»)تا بىلىم ھەققىدىكى قاراشلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان.

ئىسلامدا ئاللا جىمى مەۋجۇداتنىڭ مەنبەسى، شۇنىڭدەك بارلىق بىلىمنىڭ مەنبەسى. شەيئىلەر ۋە شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىملەر ئاللانىڭ ئىرادىسىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا بىلىشنىڭ ئوبيېكتى بولغان نەرسە دەل ئاللا بىلەن كائىناتنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىدىكى مەلۇم بىر ئامىل بولۇپ، بۇ ئامىلنى چوڭ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىگە قويۇپ بىلىش لازىم بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بېشىدىلا ئاللا (تەڭرى)نى ياد ئېتىدۇ.

4. ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى: «بول»، بار ئولدى پۈتۈن.

8. ئەي بىرسەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇنسەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.

19. ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.

20. ئەي سىرغا يېقىن، ئەي كۆڭۈلگە ئەزىز،
گۇۋاھدۇر ساڭا بارچە سۇرەت ۋە ئىز.

21. ياراتتىڭ تۆمەنمىڭ تىرىك، ساناقسىز.
قۇرۇقلۇق، چۆقۇر، تاغ، دالا، دۆڭ، دېڭىز.[15]

بىلىم نوقۇل ھالدا تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىمنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ يەنە بىلىمنىڭ ئەخلاقىي قىممىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتى ھەققىدىكى بىلىشلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەبەدىيلىك ۋە چەكسىزلىك بىلىمنىڭ ھايات بوشلۇقى بولۇپ، ئەنە شۇ ئەبەدىيلىك بىلەن چەكسىزلىك بىلىمنىڭ ئىلاھىي تەركىبلىرىنى ئىشارەتلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل بىلەن بىلىمنى بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىككى كاتېگورىيە سۈپىتىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن:

301. ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا بولۇر خان شۇ، بىل.

310. بىلىم كىمىيادەك يىغار نەرسىنى،
ئەقىلدۇر سارايى، يىغار ھەممىنى.[17]

ئىسلامدا ئەقىل ئاللانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئىنايىتى دېيىلىدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ تۇغما پەزىلىتى سۈپىتىدە سۆز ـ ھەرىكەتنىڭ بىرلىكىدە نامايان بولىدۇ. ئىنسان ئۇنى سەرمايە قىلىپ تۇرۇپ بىلىمگە ئېرىشىدۇ. بىلىم بولسا ئەقىلنى توغرا مەقسەت ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن ئىشقا سېلىشتىن كېلىدۇ.

156. بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



157. بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۇر.»

ئادەم مەنىۋىيەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئادەمنىڭ كۈچ ــ قۇدرىتى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ تاكامۇللۇقى بىلەن باغلىنىدۇ. بىلىم ئۆز نۆۋىتىدە ئەقىلنىڭ ئىشلىتىلىش نورمىسىنى ياندىن كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدىكى بىلىم ئادالەت، بەخت ــ سائادەت، ئەقىل ــ پاراسەت ۋە قانائەت بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن بىلىم بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىلىم ئۈچۈنلا بىلىم ئەمەس. ئايتولدى بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىدە بىلىمنىڭ رېئال دۇنيادىكى رولى بىلەن زاھىتلىق پەلسەپىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ مۇنازىرىنى بىر ھېسابتا ئۇيغۇر پەلسەپىسى تارىخىدا كۆرۈلگەن رېئال ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ بىر تىمسالى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن زاھىتلىقنىڭ كۈرىشىدە گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىككى تەرەپنى مۇرەسسەلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، كېيىنكى تارىخىمىزدا زاھىتلىق ئېنىق باش كۆتۈردى.

ئىدېئولوگىيە تارىخىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن، بىلىمنىڭ قىممىتىنى دانە ــ دانە گۈزەل ئىبارىلەر نەسىھەت قىلغۇچى كىشى ئەھمەد يۈكنەكىدۇر.

41. سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.

42. بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر.
بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ،
بىلىملىك ئايال گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.

44. ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.
بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ نامى تىرىك بولىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ.[⑩]

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ بىلىم قارىشىدا ئوخشاشلىق ۋە ئىزچىللىق بار. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ نەزىرىدە بىلىم بەختنىڭ، ھاياتنىڭ قەدرى ـ قىممەتنىڭ كاپالىتى. ئىنساننىڭ ھاياتى جىسمانىي ھايات ۋە روھىي ھايات دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئىنساننىڭ جىسمانىي ھاياتى دەل ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ يېقىلغۇسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي تەلەپلىرىنى ئادىل ـ ھالال قاندۇرۇش ئۈچۈن بىلىم ئېلىپ، روھىنى كامال تاپقۇزۇشى لازىم. كامالەتكە يەتكەن روھتىن كامالەتلىك سۆزلەر قالىدۇ. بۇ سۆزلەر كېيىنكىلەرنىڭ روھىي ھاياتى بىلەن ئۇلىنىپ، ئىنساننى مەنىۋى ياقتىن ئەدەبىي مەۋجۇت بولۇش مۇقامىغا يەتكۈزىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى»)تا مەردلىك، سېخىيلىق، ناتىقلىق قاتارلىق پەزىلەتلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىدۇ، لېكىن مەسىلىلەر بىلىمنى يادرو قىلىپ ئېچىلىدۇ، بىلىم بولغاندىلا ئۇ خىل پەزىلەتلەر ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

«بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان بىلىم مىراسلىرى ۋە بىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆگۈتلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىز تېخى يېتەرلىك چۈشىنىپ يەتـ-
مىدۇق. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇ-
ناسلىق، مائارىپشۇناسلىق، بىلىمشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى تە-
رەپلىرىدىكى ئىلغار ھەم يىراقنى كۆرەر دۇردانىلىرىنى قېزىشنىڭ
ئورنىغا دېئىل كارنېگ، ناپولېئون خېل قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى
بىلەن كۆزىمىزنى ئالا چەكمەن قىلىپ، ئەنئەنىمىزدىكى بىباھا
ئەقلىي بايلىقلارغا تۇزكورلۇق قىلدۇق. بۇ ئۆتمۇشتىكى نادانلىق-
نىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى ۋارىيانتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىلىم ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، ئۇنى كىم ياراتقان
بولسا ئۇ ئالدى بىلەن شۇنىڭغا مەنسۇپ، ئاندىن باشقىلارغا مەن-
سۇپ. ئىجادكارلىق خىسلىتىنىڭ يىلتىزى بىر مىللەتنىڭ تەپەك-
كۇر ئەنئەنىسىدە ۋە ئۇنىڭ ئىزچىللىقىدا بولىدۇ. پەقەت شۇ خىس-
لەتنى يوقاتمىغانلارلا باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسىدىن توغرا
پايدىلىنىش لاياقىتىگە ئىگە بولىدۇ.

**نەقىل مەنبەلىرى**

① غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر: «ئۇيغۇر خەلق رىۋايىتى» 3- قىسىم، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىلى نەشرى 1 - بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق سانلىرى.
③ كارل بېرېتېر: «بىلىم دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئاڭ» (ئىنگلىزچە)، لاۋرىنس ئېرلىبوم جەمئىيىتى نەشر قىلدۇرغان (ئامېرىكا)، 2002 - يىلى نەشرى.
④ مۇھەممەت پولات: «زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەش-رىياتى 1992 - يىلى نەشرى 527 — 529 - بەتلەر.
⑤ مايكول پولانىي: «خۇسۇسىي بىلىملەر»، گۈيجوۋ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 211 - بەت.
⑥ ۋ.س.دامپېر: «پەن تارىخى» ، «سودا» نەشرىياتى 1994 - يىلى خەنزۇ-چە نەشرى 9 - بەت.
⑦ يۇقىرىقى كىتاب، 27 -، 28 - بەتلەر.

⑧ مولla مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەممىدىي»، ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى (بېيجىڭ) 1986 - يىلى نەشرى.

⑨ ر.دېكارت: «دېكارتنىڭ مۇتەپەككۇر پەلسەپىسى»، «توقۇز ئايماق» نەشرىياتى 2004 - يىلى نەشرى 1 -، 2 - بەتلەر.

⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى 28 - بەت.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب 38 - بەت.

⑫ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، رۇسچىدىن ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 32 - بەت.

⑬ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىددىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 1991- يىلى نەشرى.

⑭ ۋ. خ. ۋېركىمېستېر: «پەن پەلسەپىسى» (خەنزۇچە)، «سودا» نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى.

⑮ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995 - يىلى 5 -، 6 - (قوشما) سان.

⑯⑰⑱ يۈسۈپ خاسپ ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 1984 - يىلى نەشرى.

⑲ ئەدىب ئەھمەد يىنىنى مەھمۇد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 1980 - يىلى نەشرى.

## خەنزۇ تىلىدىكى پايدىلانغان مەنبەلەر:


1. 迈克尔.波兰尼：《个人知识》许泽民译，贵州人民出版社。2000

2. W.C. 丹皮尔：《科学史》，李珩译，商务印书馆，1994

3. 笛卡尔:《笛卡尔思辨哲学》，尚新建等译，九州出版社，2004

4. W.H. 袄克迈斯特：《科学的哲学》，李德容，王梅，刘绪平译，商务印书馆，1996

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىنگلىز تىلىدىكى پايدىلانغان مەنبە:

1. Carl Bereiter. Education and Mind in the knowledge Age. Lavrence Erlbaum Associate, 2002

2005 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# يىپىق بىلىملىرىمىزنى قازايلى

تاماق پۇل ئەمەس، مەدەنىيەت پۇل.
— كېرەم ماموت ئاتۇش (شىنجاڭ «مىزاج» يېمەك - ئىچمەك چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى)

بىلىم توغرىسىدىكى تەتقىقات راسا ئەۋج ئېلىۋاتقان، بىلىم بىر شەخسنىڭ ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى بەلگىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تەخمىنەن مىڭ يىللار بۇرۇنقى مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى نەزەرگە ئالماي تۇرالمايمىز، بۇ ئەسەر ئىنسان بىلەن ئىلاھ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بىلىشنى مەزمۇن قىلغان مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئەتراپلىق توختالغان. ئەسەردىكى ئودغۇرمىش مول بىلىمگە ئىگە دانىشمەن كىشى بولۇشىغا قارىماي، بۇ دۇنيانى بىر ئۆتەڭ دەپ قارايدىغان، پانىي جاھان ئىشلىرىغا قىزىقمايدىغان تەرىپى بار. ئۇ پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋە ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوردا خىزمىتىدىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ هال ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ئەنئەنىسىدىكى رېئاللىقنى چىقىش قىلىش بىلەن زاهىتلىققا بېرىلىش ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىقنىڭ كىچىككىنە يىپ ئۇچى. ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى دەسلەپكى بىرقانچە ئەسىرلەردە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى. بۇ هال ئۇلۇغبېك دەۋرىگىچە داۋام قىلىپ، كېيىنچە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەركىدۇنيالىق باش كۆتۈر-

دى. غەرب قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا قېلىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۆگدۈلمىش ئەنئەنىسىنىڭ ئورنىنى نېمە ئۈچۈن ئودغۇرمىش ئەنئەنىسىنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خىيالغا پاتىمىز. دەۋرىمىز ئىقتىسادىي قىممەتكە ھامىي بولىدىغان بىلىملەرنى قاتتىق تەكىتلەۋاتىدۇ. پەن – تېخنىكا گويا زامانىۋىلىقنىڭ ئەڭگۈشتەرىگە ئايلاندى. مىللىيچە قىممەت قارىشىدا ياتىدىغان تارىخ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بىلىملىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بىلىملەر سۈپىتىدە قارىلىپ، ئېتىبارسىز قېلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن بىلىمنىڭ پايدىسى توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل ئۇچۇقلىما بەرگەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭمۇ قەدىر-قىممىتىنىمۇ تونۇپ يېتەلمىدۇق. چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ياتىدىغان بىلىم قاتلاملىرىمىزمۇ بىپەرۋا مۇئامىلىگە يولۇقۇۋاتىدۇ. بىز «قۇتادغۇبىلىك»كە ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئەسەردە پادىشاھلىق، ۋەزىرلىك، ھاجىپلىق قاتارلىق ھۆكۈمدارلىق ئىشلىرى ۋەزمىن تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىللە، ئەلچىلەر، ئالىملار، خەزىنىدارلار، ئاشپەزلەر، تېۋىپلار، دېھقانلار، سودىگەرلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىمۇ مەلۇماتلار بار. جەمئىيەتتىكى تۆرلۈك ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلىرىگە ئائىت بىلىملەر ھۆكۈمدارلىققا ئائىت بىلىملەردىن قالسىلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تە بىلىم توغرىسىدىكى قاراش مۇئەييەن قاتلامنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇلار ھازىرقى «بىلىم ئىگىلىكى» دەۋرىدە تەتقىقات قىممىتى زور بولغان تېمىلاردۇر. «قۇتادغۇبىلىك» جەمئىيەتشۇناسلىقتا، شۇنداقلا بىلىمشۇناسلىقتا ئائىت كاتتا ئەسەردۇر. بىز بۇ ئەسەردىن تېپىك بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى ھەمدە غايىۋى تەسۋىرىنى تەڭ كۆرىمىز. بۇ جەمئىيەتتە تۆرلۈك ھۈنەر – كەسىپ، بۇ ھۈنەر –

كەسپلەرگە دائىر رىسالىلەر، ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ۋۇ-
جۇدىغا سىڭىشىپ كەتكەن بىلىملەر بار. ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا
غەرب ۋە شەرققە، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر قىلغان ئا-
مىللارنىڭ يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ پۇختا، نەپىس قول ھۈنەر مەھ-
سۇلاتلىرىدۇر. ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئەۋلادمۇئەۋلاد
راۋاجلىنىپ ۋە داۋام قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە زامانىۋى
مەدەنىيەتنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىزچىل-
لىقى خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ
كەتمىدى. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قانداق شەكىلدە
داۋام قىلدى؟ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىدىكى بىلىمنىڭ مەزمۇنى
قانداق؟ بۇ ھەقتە تەتقىق قىلىش — بىلىم ۋە ئىجادىيەتنى شوئار
قىلغان بىلىم دەۋرىدە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

مەن 2002 ـ يىلى كۈزدە ياپونىيەنىڭ قەدىمىي شەھىرى كيوتو-
غا ساياھەت قىلىپ بارغىنىمدا، كيوتودىكى داڭلىق بىر قول ھۈ-
نەرۋەنچىلىك مەركىزىنى كۆرگەنىدىم. بۇ يەردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ
ھەممىسى قول بىلەن ياسالغان بولۇپ، ياپون خەلقىنىڭ ئەلمىساق-
تىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ساپ مىللىي مەدەنىيىتىنى تولۇق
نامايان قىلاتتى. كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بۇ نەرسى-
لەر يۈكسەك زامانىۋىلاشقان ياپونىيەدە قالتىس ئېتىبارغا سازاۋەر
ئىكەن، مىليونلاپ چەت ئەللىك ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدىغان كيوتو
شەھىرىدە مەزكۇر قول ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي
ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىللە، زامانىۋىلىق دولقۇنلىرىدا ئۆزىنى يو-
قاتماي ياپونچە مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرىنى نامايان قىلاتتى. 2004 ـ
يىلى كۈزدە يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئاكىنىڭ
تەشكىللىشى بىلەن بىر تۈركۈم قەلەمكەش دوستلار قاتارىدا مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن بۇ سورۇندا ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىگە كيوتودا كۆرگەنلە-
رىمنى سۆزلەپ، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت ۋە
ئىقتىساد جەھەتتىكى قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر-
قانچە نۇقتىلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركىزى قۇرۇپ، خەلقى-
مىزنىڭ بۇ پارلاق ئەنئەنىسىنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا تەكلىپ
بەرگەنىدىم. ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىمۇ 1980 ـ يىللاردىكى بىر
قېتىملىق ياپونىيە زىيارىتىدە، بىر مۇزېيدىن ئۇيغۇرچە بۆشۈكنى
كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى ئېيتقانىدى. قول ھۈنەرۋەنچە-
لىك خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردە بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆزگە
خاس سانائىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سانائەت ئۇيغۇرلارنىڭ شە-
ھەر مەدەنىيىتى، بازار ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈر-
دۇ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيەلىك
مۇھىتىغا يارىشا شەكىللەندۈرگەن بىلىم خەزىنىسىدىن دېرەك بې-
رىدۇ. بىز كاۋاپ ۋە كاۋاپداندىن ئىبارەت مۇشۇ ئېلېمېنتلارغىلا
قاراپ باقايلى، كاۋاپدان جۇڭگونىڭ زامانىۋى شەھەرلىرىنىڭ كو-
چىسىدا ئۆزىنىڭ خېرىدارلىرىنى تاپالىدى ھەمدە مەلۇم مەنىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى، كاۋاپدان تۇڭگانلارنىڭ
راشپىزىخانىسى ۋە كالا گۆشلۈك ئۈگرىخانىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن
ئېلىپ، بىر تۈركۈم كىشىلىرىمىزگە تۇرمۇش يولى ئاتا قىلدى.
ئەگەر كاۋاپتىن ئىبارەت مەھسۇلاتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بازار
كۆچى توغرىسىدا ئىزدەنسەك، بۇ تېمىدىن قانچىلاپ ئىقتىساد، مە-
دەنىيەت دوكتورىغا ئېرىششىمىز مۇمكىن. ۋاھالەنكى، بۇ پەقەت
ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەھسۇلاتلىرىدىن پەقەت بىرى، ئۇنىڭ رولى مە-
لۇم دائىرىدە جارى بولغاندىكى قىممىتى يۇقىرىقىدەك. بىز ھەر
قېتىم «پەن ـ تېخنىكا» دېگىنىمىزدە ئاتوم بومبىسىنى، كومپيۇ-
تېرنى، كەينى ـ كەينىدىن ئاسمانغا قويۇپ بېرىلگەن سۈنئىي
ھەمراھلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، يارغۇنچاقلىرىمىزدىكى

فىزىكىنى، توقۇمىچىلىقىمىزدىكى خىمىيەنى، دورىگەرلىكىمىزدى- كى بىيولوگىيەنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ئەمەلىيەت شۇ بولدىكى، بىز زامانىۋى بىلىملەرنىڭ ئەھلى بولغۇچە يەنىلا يەرلىك بىلىملەرگە ئاساسلانغان قول ھۈنەرگە تايىنىپ ياشاۋاتىمىز. ھازىرقى ئۇيغۇر بىلگىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك يەرلىك بىلىملەرگە كۆپرەك تايى- نىۋاتىدۇ. ئەجەبا، بۇ بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز ۋە ئاكادېمىيە- لىرىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارغا سىگنال ئەمەسمۇ؟!

شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئۇيغۇرچە «كۆڭۈلدىكى سۆز» پى- روگراممىسىدا رىياسەتچى ئۈمىد غەنى خوتەن قەغەزچىلىكىنىڭ 10 - ئەۋلاد ۋارىسى 80 ياشلىق توختى باقى بوۋاي بىلەن سۆھبەت ئۆت- كۈزدى. سۆھبەتتە توختى بوۋاينىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرچە تۇماق كىيگەن، ئاپپاق ساقاللىق توختى بوۋاي گويا ئۇنتۇلۇشقا باشلاۋاتقان سۆيۈملۈك ئەنئەنىۋى قىياپەت ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. 10 ئەۋلاد مابەينىدە توختى بوۋاينىڭ جەمەتى خوتەن قەغىزى ياساپ تىرىكچىلىك قىلغانىكەن، مانا ئەمدى خوتەن قەغىزىنىڭ بازىرى ئۆلۈپ، توختى بوۋاينىڭ قە- غەزدىن كىرىدىغان كىرىمى تۈگەپتۇ. «بازىرى بولمىسا نېمىشقا قەغەز ياسايسىز؟» دەپ سورالغاندا، توختى بوۋاي «ئاتا - بوۋام قى- لىپ كەلگەن ئىشنى تاشلىۋەتكىلى بولامدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئاشۇ ساغلام، پەرىشتە سۈپەت قەغەزچى بوۋاينىڭ ھامان بىر كۈنى كىشىلەر ئارىسىدىن يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچىمگە تى- نىۋەتتىم. ئەجەبا بۇ، مۇبارەك ئۆتمۈش بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالى- شىشتىن دېرەك بېرەرمۇ؟... بوۋاينىڭ ئوغلى تۇرسۇن باقى قەغەز- نىڭ ياسىلىش جەريانىنى چۈشەندۈردى. تۇرسۇن باقى قولىغا ماتې- رىياللارنى ئېلىپ كۆپلىگەن تېخنىكىلىق جەريانىنى ئىما - ئىشا- رەت قىلىپ كۆرسىتەتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە ئىككى خىل تىل بار. بىرى، ئىشارەت تىلى. ئۇ مۇئەييەن ھەرىكەتنى بەلگە قى- لىپ، نەق مەيداندىكى بىر قىسىم نەرسىلەرنى شەرت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھالدا مەنە بىلدۈرەتتى؛ يەنە بىرى، تۇرسۇن باقىنىڭ دېمەكچى بول-غانلىرى. زادى تۇرسۇن باقىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئۇنىڭ كۆڭ-لىدىكىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەنمىدۇ. بۇنىڭغا كېسىپ بىرنەرسە دېمەك تەس ئىدى.

بىلىمنىڭ تۈرلىنىشىگە ئائىت ماقالىمىزدە كۆرسىتىپ ئۆت-كەندەك، بىز ئۆزىمىزدىكى بىر قىسىم بىلىمنى روشەن دەلىل ۋە قائىدە ـ پرىنسىپلار بىلەن چۈشەندۈرەلەيمىز، بىر قىسىم بىلىمنى تولۇق چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمايمىز، بۇنداق بىلىملەرنى كونك-رېت بىر ئىشنى بېجىرىش داۋامىدىلا نامايان قىلالايمىز. ئاۋۋالقىسى كىتاب، فورمۇلا، قوللانما دېگەندەك شەكىللەرگە كىرگەن بولىدۇ، كېيىنكىسى ھەرىكەتتە زاھىر، گەپتە باتىن (مەۋھۇم) بولىدۇ. ياپو-نىيەلىك نوناكانىڭ ئىزاھلىشىچە، ئاۋۋالقى بىلىم ئوچۇق بىلىم، كېيىنكىسى يېپىق بىلىمدۇر. بۇنى ئامېرىكا يېڭى جېرسىي ئىشت-تاتىدىكى بىر تەربىيەلەش ئورنىنىڭ مەسئۇلى فرېدنىكولس (Fred Nickols) نىڭ ئىزاھاتى بويىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

ئوچۇق بىلىم (ئىنگلىزچە Explicit Knowlede، خەنزۇچە 显性知识) ئېنىق بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدىغان بىلىم بولۇپ، ئۇنى تېكىست، جەدۋەل، گىرافىك، چۈشەندۈرۈش ھالىتىگە كەل-تۈرگىلى بولىدۇ. يېپىق بىلىم (ئىنگلىزچە tacit knowledge، خەنزۇچە 隐形知识) ئېنىق بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدىغان بى-لىم بولۇپ، كونكرېت ئىش ـ ھەرىكەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ[①].

خوتەن قەغىزىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى تۇرسۇن باقىنىڭ بايانلىرىدىن بىلمەك تەس، ئەڭ ياخشىسى بىز توختى بوۋاي بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ خوتەن قەغىزىنى ياساش ئەمەلىيىتىگە قارىشى-مىز لازىم. ئۇلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بىلىم-لىرى دەل مۇشۇ نەق مەيداندىن ھەقىقىي ئايان بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، توختى بوۋاينىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسىغا يوشۇرۇنغان بىلىملەر يېپىق بىلىملەر بولۇپ، بۇنداق بىلىملەر ئەمەلىي مەش-

غۇلات، قېزىش، سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش، لايىھەلەش، مەسىلە-لەرنى ھەل قىلىش، ئېھتىياجلارنى چۈشىنىشكە ئوخشاش بىر قاتار ئىشتا كۆرۈلىدۇ ھەم ئىگىلىنىدۇ. خەلققە تونۇلغان بىر شائىر سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىپ، پاساھەتلىك، گۈزەل مىسرالارنى تۈزگەندە، ئۇنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن ماھارەتلىرىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىشقا سالىدۇ، فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا، مۇزىكىغا ئائىت بىلىملەر شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يوشۇرۇن رول ئوينايدۇ، تىلشۇناسلار شائىر ئىستىخىيەلىك ھالدا پەيدا قىلغان ئۆرنەكلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئېنىق، روشەن بىلىم-لەرگە، نەزەرىيىۋى ئۇقۇملارغا ئايلاندۇرىدۇ. شائىر شېئىر يازغاندا بوغۇملارنى بارمىقى بىلەن ساناپ ئولتۇرمايدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ شې-ئىرلىرى ۋەزنىنىڭ تەلىپىگە تولۇق بويسۇنىدۇ. مانا بۇ، شائىرنىڭ ئىجادىيىتى داۋامىدىكى يېپىق بىلىم. بىر پارچە شېئىر ئون نەپەر دېكلاماتسىيەچى تەرىپىدىن دېكلاماتسىيە قىلىنغاندا، ئون خىل ئا-ھاڭدا چىقىشى مۇمكىن. سۆزلەرنىڭ ئىنتوناتسىيەسىنى چىقىرىش دېكلاماتسىيەچىدىكى دىت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ دىت دەل يېپىق بىلىمدۇر. مەشھۇر ناخشىچى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى «يا-رۇ»، «ئورما ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئورۇنلىغاندا، كىشى تەبىئىي ھالدا ناخشىدىكى غايىۋانە مۇھىتنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ناخشىلارنى ئۇچتۇرپانلىق سەنئەتكار ئابدۇللا ياسىن قايتا ئورۇنلىدى. گەرچە ئابدۇللا ياسىننىڭ ئىجراسى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، كىشىلەرگە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئەخمە-دىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ناخشىلارنىڭ ئىككى خىل ئىجراسىدىكى پۇراقتا خېلىلا ئېنىق پەرق بار. ھەر ئىككى ناخشى-چى ناخشىلاردىكى تېكىست ۋە مۇزىكىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنماي قالمايدۇ، بۇ يەردىكى پەرقنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇ يەردە ھەر ئىككى ناخشىچى تېگىشلىك بولغان ئوچۇق بىلىملەرنى ئىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېلىش بىلەن بىللە، ئىزاھلاپ كۆرسەتكىلى بولمايدىغان، پەقەت ئىجرا جەريانىدىلا ھېس قىلغىلى بولىدىغان يېپىق بىلىملەرنى ئىشقا سالغان. ئادەتتە، يېپىق بىلىملەر خاراكتېر جەھەتتىن ئىندىۋىدۇئال بولۇپ، شەخسنىڭ ئىجادىيىتىدە، مەشغۇلات ئەمەلىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى شاگىرتلىرىغا ھۈنەر ئۆگەتكەندە كىتابلاشقان نەزەرىيەگە ياكى قوللانمىغا تايانمايدۇ، بەلكى شاگىرتنى كونكرېت ئىشلاردا ھەمكارلاشتۇرىدۇ، قول سېلىپ ئىشلەشكە دالالەت قىلىدۇ، «مۇشۇ ئىشنى مۇنداق قىلىسەن» دەپ شاگىرتىغا ئۈلگە كۆرسىتىدۇ، شاگىرتى ئۇستىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تەقلىدىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىشنىڭ باسقۇچلىرىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تەرتىپىگە ئايلاندۇرىدۇ. ھۈنەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەدەندىكى ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بولىدۇ، قول بىلەن پۇت ھۈنەر مەشغۇلاتلىرىدا بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان رولچىلاردۇر. يېپىق بىلىملەر كۆپ ھالدا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدا ياكى پۇتىدا بولىدۇ. قول بىلەن پۇت گوياكى يېپىق بىلىملەر ئورۇن ئالغان بىيو دىسكىدۇر. پىشقان ئەتلەسچى ئەتلەسنىڭ ساختىسىنى تۇتۇپلا بىلەلەيدۇ، پىشقان ئاشپەز ئۆزى سالغان شورپىدىن بىر قوشۇق ئوتلاپلا، تۇز - تەمىنىڭ تېتىغان - تېتىمىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. مەلۇم بىر ئىشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ پۇت - قوللىرى، كۆز - قۇلاقلىرى، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرى بىرنەرسىنى تونۇشتەك فۇنكسىيەلەر قاچىلانغان ئالاھىدە ئاپپاراتقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇستا تېۋىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كېسەللىكلەرنى بايقايدۇ، بىمارنىڭ كۆزى، تىلى ۋە تېرىسىدىكى قانداقتۇر ئالامەتلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دورا تەييارلايدۇ. بۇ يەردە بىلىم، يەنى يېپىق بىلىم ئالاھىدە رول ئويناۋاتىدۇ.

بىز يېپىق بىلىم بىلەن ئوچۇق بىلىمنىڭ پەرقىنى چۈشىنىشتە مۇنداق ئاددىي بىر مىسالنى ئېلىپ كۆرەيلى: بىر تامچە يامغۇر پېشانىمىزگە تەگسە بىز ئۇنىڭ سۇ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئەمما

ئۇنىڭ $H_2O$ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ناتايىن. «سۇ»نى $H_2O$ دەرد-
جىسىدە بىلىش بىلىمنى ئېنىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ تىد-
پىك مىسالى. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى نۇرغۇن دورىنى خىمىيەلىك
فورمۇلا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشىنىش مەۋھۇم، يېپىق بىلىم-
لەرنى ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر
بۇ خىزمەتلەر ئوڭۇشلۇق تاماملانسا، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ يوشۇرۇن
كۆچى جارى بولۇپ، دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

ئەنگلىيەلىك ئالىم ۋە پەيلاسوپ مايكول پولانىي (Michael Polanyi):
«مەيلى ئەمەلىي ياكى ئەقلىي بولسۇن، بەدىنىمىز تاشقى بىلىملە-
رىمىزنىڭ ئەڭ زور زاپىسى»[2] دېگەنىدى. «گەرچە بىلگەن نەرسە-
لىرىمنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ ياكى مۇتلەق ئېيتىپ بې-
رەلمىسەممۇ، مەن ئۇ نەرسىلەرنى بىلىمەن»[3] دەيدۇ ئۇ يەنە. مايكول
پولانىينىڭ بۇ سۆزلىرى بىلىش توغرىسىدا مۇنداق بىر تەسەۋۋۇر-
نى يادىمىزغا سالىدۇ: پايانسىز قاراڭغۇ كېچىدە بىر ئاپتوموبىل
كېتىۋاتىدۇ. شوپۇر ئاپتوموبىل چىراغلىرى يورۇتقان دائىرىدىكى
يول بەلگىلىرىنى، دەرەخلەرنى، ئۆستەڭلەرنى، كۆۋرۈكلەرنى،
سىمتاناب تۈۋرۈكلىرىنى كۆرۈپ، رولنى باشقۇرىدۇ، ئۇ ئاپتوموبىل
ئالدى ـ كەينىدىكى تالاي نەرسىنى قاراڭغۇدا كۆرەلمەيدۇ. ئەمەل-
يەتتە قاراڭغۇدا نۇرغۇن نەرسە مەۋجۇت، لېكىن بۇلارنى شوپۇر بىل-
مەيدۇ. بىز ئاپتوموبىلنىڭ چىرىغى يورۇتقان دائىرىلەرنى پائالىيەت
باسقۇچىدا ئاشكارا بولغان يېپىق بىلىملەرگە ئوخشاتساق بولىدۇ.
مايكول پولانىي بۇ ھالنى «ئېيتقانلىرىمىزدىنمۇ جىق نەرسىنى بى-
لىمىز» (We know more than we can tell) دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمگە
يىغىنچاقلىغانىدى. ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان ئۆگىنىش تىپلىق
جەمئىيەت دەل ئىنسانىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىشقا ئەھمى-
يەت بېرىدىغان جەمئىيەتتۇر.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىختىكى «كارۋان بۇيۇك» ــ
«يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقى ھۈنەر ـ
سەنئەتكە ئىنتايىن باي، تارىخچىلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار بۇ ھەقتە

تالاي بايانىنى قالدۇرۇشتى، زامانىۋى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى يامراپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى شالىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىگىلىكى ئۈچۈن تۈۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتىدۇ. ھازىرقى شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىمۇ قول ھۈنەر بويۇملىرىدىن تامامەن خوشلاشقىنى يوق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى ئىقتىسادىي قىممىتى، مەدەنىيەت قىممىتى زامانىمىزدىكى قەلەم ۋە ئەلەم ساھىبلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ بولالمىدى. «ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھۈنەرنى نىزام ئارقىلىق يەتكۈزگىلى بولمايدۇ»، دەيدۇ مايكول پولانىي، «چۈنكى بۇنداق نىزام مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۇستىلارنىڭ شاگىرتلىرىغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشى ئارقىلىق تارقىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۈنەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىلا چەكلىنىدۇ». بۇنىڭدىن چۈشەنگىلى بولىدۇكى، ھۈنەر مائارىپى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە ۋە ھەمكارلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر بۇنداق ھەمكارلىقنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ياكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كاپالىتى يوقالسا، ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتى بىزگە سەزدۇرمەيلا يوقاپ كېتىدۇ. بىز ھەدەپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شوئارىنى توۋلاۋاتىمىز، لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كېرەكلىك بولغان، ئۆزىمىزدە بار بولغان قىممەتلىك ئەنئەنىلەرنى قېزىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىمىز. ئەجەبا، تەرەققىيات باشقا بىر ئىقلىمدىن ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالامدۇ؟ كىشىلەر ياپونىيەنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادتىكى مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما ياپونىيەنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. ياپونىيە خىتوتسۇباشى (Hitotsubashi) ئۇنىۋېرسىتېتى (一桥大学) نىڭ پىروفېسسورى ئىكۇجىرو نوناكا (nonaka ikujiro) خىروتاكا تاكېئۇچى (Hirotaka Takeuchi) بىلەن بىرلىشىپ يازغان «بىلىم ـــ ئىجادىيەت كارخانىسى» ناملىق ئەسەر ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇش-

قا ئەرزىيدىغان ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر هازىرقى بىلىم باشقۇرۇش ئىلمى بويىچە كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «ياپونىيە شىركەتلىرى ئىجادىيەت دىنامىكىسىنى قانداق شەكىللەندۈردى» دەپ قويۇلغان بولۇپ، ياپو-نىيە شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرى شىركەت-لىرىگە ئوخشىمىغان هالدا تۇتقان خاس يولى چوڭقۇر ئېچىپ بې-رىلگەن. بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىز بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇسا ئىلهامبەخش پىكىرلەرگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن ئەهمىيەتلىك ئىشنى قىلالايدۇ. نوناكا ياپونىيەدىكى بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ مۇۋەپپە-قىيەتلىرىنى يۇقىرىدا بىز تەسۋىرلەپ ئۆتكەن يېپىق بىلىملەرنى قېزىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ يې-پىق بىلىملەرنى ياپون خەلقىنىڭ تەپەككۇر شەكلى، پەلسەپىسى بىلەن باغلاپ، غەربنىڭ تەپەككۇر شەكلى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇ-نىڭ ئىزاهلىشىچە، غەرب ــ قىياس ۋە ئابستراكت ئۇقۇملارغا ئەهمىيەت بەرگەچكە، پەلسەپۋى سىستېمىلار ۋە پەننىي نەزەرىيە-لەرنى ياراتقان. ياپونلار بىۋاسىتە سېزىم ۋە كەچۈرمىشلەرنى ئوبرازلاشتۇرغان. غەرب روھ بىلەن تەننى ئايرىپ چۈشىنىدۇ، يا-پونلار بىر پۈتۈن هالدا چۈشىنىدۇ. غەرب شەخسنى مەقسەت قىل-سا، ياپونلار شەخسلەر ئارا هەمكارلىقنى، يەنى كوللېكتىپ روهنى مەقسەت قىلىدۇ. ياپونلار نەزىرىدىكى «مەن» «سەن»نى شەرت قىلى-دۇ، ياپونلارنىڭ نەزىرىدە «سەن»سىز هالدا «مەن» بولمايدۇ. ياپونلار-نىڭ نەزىرىدىكى ۋاقىت هازىرنىڭ تىنىمسىز ئېقىمى، غەربنىڭ نە-زىرىدىكى ۋاقىت ئۆلچىنىشچان دولقۇن. نوناكا ياپونىيە بىلەن غەربنى مۇنداق سېلىشتۇرىدۇ: غەرب بولسا شەخسىي ئۆزلۈك individal sif (شەخسىي ئۆزلۈك)، ياپونىيە بولسا Colle self tive (كوللېكتىپ ئۆز-لۈك). هەمكارلىشىش ۋە كوللېكتىپ پۈتۈنلۈككە ئايلىنىش ياپون-يەنىڭ، جۈملىدىن ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ تىپىك ئالاهىدىلىكى بولۇپ، بىزدە ئەڭ كەم بولۇۋاتقان روھ دەل مۇشۇنداق روهتۇر. تە-پەككۇر شەكلىمىزدىكى بەزى ئالاهىدىلىك ياپونلارغا يېقىن تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىزمۇ بىۋاسىتە تەجرىبىگە ئىشىنىمىز، خەلقىمىز قىياسلار ۋە مەنتىقىي دەلىللەر ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ. خەلقىمىز ئاڭلىغانغا ئەمەس بىۋاسىتە كۆرگەنگە ئىشىنىدۇ، قايىل بولىدۇ ھەم ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. خەلقىمىز شۇڭا «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەيدۇ (مۇھەررىردىن) ۋە ئەقىلنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەدىننى ئاساس قىلىپ ئۆگىنىدۇ.

«غەربلىكلەر ئۇچۇق بىلىملەرنى تەكىتلىسە، ياپونلار يېپىق بىلىملەرگە مايىل»[6] دەيدۇ نوناكو يۇقىرىقى ئەسەرىدە. ئۇ ياپونىيە شىركەتلىرى يېپىق بىلىملەرنى قېزىپ، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا بىرقانچە ھېكايىنى بايان قىلىدۇ.

1997 ـ يىلىغا كەلگەندە ياپونىيەدە 95.4% ئائىلە رەڭلىك تېلېۋىزورغا، 94.5% ئائىلە بۇستارتقۇغا، 98.4% ئائىلە توڭلاتقۇغا، 98.5% ئائىلە كىرئالغۇغا، 94.3% ئائىلە توك دەزمىلىغا ئېرىشىپ بولغان. ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى بازىرىدىكى بۇ خىل تويۇنۇشنى كۆرۈپ يەتكەن Mastushita شىركىتى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزەتكەندىن كېيىن بولكا پىشۇرۇش ماشىنىسىنى ياسىماقچى بولغان. بۇ پىلان تۆۋەندىكى ئىسخېمىدا كۆرسىتىلگەن قاتلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:




ئىسخېما I : بولكا پىشۇرۇش ماشىنىسىنى ئىشلەش ۋەزىپىسى[7]

يۇقىرىقى پىلان بىر تەرەپتىن بولكا پىشۇرۇش ۋە بولكىنىڭ تەم ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت بولكىغا ئالاقىدار بىلىملەرنى ھەمدە ماشىنىغا دائىر بىلىملەرنى بىرىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەر ئەڭ ئامراق، مەززىلىك بولكا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىسى كىم؟ بۇ بولكا نېمە ئۈچۈن تەملىك؟

بولكىلارنىڭ ھەربىر كۈندىكى تەمىنى قانداق قىلغاندا ئوخشاش قىلغىلى بولىدۇ؟ بولكىچى ئۇستام بولكىغا دائىر بىلىملەرنى ئېيتىپ بېرەلەمدۇ؟ بولكىچى ئۇستامدىكى يېپىق بىلىملەرنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟ ئاندىن بۇ يېپىق بىلىملەرنى قانداق قىلغاندا ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كۆچۈرگىلى بولىدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، يۇقىرىقى ئىشلار ھەرگىزمۇ بىر گۇرۇھ ئادەمنىڭلا قولىدىن كەلمەيدۇ، بىر بولكىچىنىڭ ھۈنىرىنى ئەينەن ھالدا ئاپتوماتىك بىر قۇرۇلمىغا كۆچۈرۈش ۋە بۇ ھۈنەرنى ماشىنا ئارقىلىق تاماملاش نەچچە قاتلاملىق بىلىم ۋە لايىھەنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلارنى ئوخشىمىغان بىلىم، ئوخشىمىغان تېخنىكىغا ئىگە خادىملار ئۇستىگە ئېلىپ ئۆز دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ، ئاندىن ھەل بولغان ھەربىر مەسىلىلەر تۈركۈمى ئۆزئارا قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىقتىدارلارنىڭ مېخانىزمى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، بولكىچى ئۇستامنىڭ بولكا ھەققىدىكى يېپىق بىلىمگە قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ Matsushita ئېلېكتىر سانائەت شىركىتىنىڭ يۇمشاق دېتال باشلىقى ئىكۇكو تاناكا ئەڭ ئېسىل بولكىنىڭ ئوساكا خەلقئارا مېھمانخانىسىدا پىشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىرقانچە ئىنژېنېر بىلەن b بىللە مېھمانخانىغا شاگىرت بولۇپ كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى خېمىر يۇغۇرۇش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئىدى. بولكىنى بولكىچى ئۇستامنىڭكىدەك مەززىلىك پىشۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇستام بولكىنىڭ خېمىرنى سوزۇپ تارتىپ تاۋلايتتى ھەمدە سوزۇلغان خېمىرنى ئېيشەتتى. تاناكالار قايتا - قايتا كۆزىتىش، دوراش، قول سېلىش ئارقىلىق ئۇستامدىكى تاماھەن خۇسۇسىي بىلىملەرنى ئىجتىما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىيلاشتۇرىدۇ. بىر ئادەمدىكى خاس قابىلىيەتنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە ئادەمگە تارقىلىشى بىلىمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياپونىيەدىكى Honda شىركىتى «يارقىن پىكىر لاگېرى» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەزالارنى مەلۇم بىر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۈندىگەن. ئۇلار خىزمەت ئورنىنىڭ تاشقىرىسىدىكى يۇيۇنۇش، تاماق يېيىش سورۇنلىرىغا بېرىپ ھېلىقى قىيىن مەسىلە توغرىسىدا ئەركىن مۇنازىرىلىشىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش ئەترەت ئەزالىرىدىن باشقا خىزمەتچىلەرگىمۇ ئوچۇق ئىكەن. بۇ سورۇندا تەكرار گەپلەر بولماسلىقى كېرەك، بىر - بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك كېرەك. ئەزالارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ئۇسلۇبلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا يوقىرىقى ئۇسۇلنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولغانلىقتىن Honda شىركىتىدىن باشقا شىركەتلەرمۇ قوللانغان. ئىشتىراكچىلار ئارىسىدا ئالماشقان تەجرىبىلەر جۇغلانمىسى ئاخىر بېرىپ ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان.

يوقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈپ يەتتۇقكى، يېپىق بىلىملەرنى يېپىق پېتى قويۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئوچۇق بىلىمگە ئايلاندۇرۇپ، رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. بۇ يەردە بىلىم تۈرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئايلىنىش جەريانى مەۋجۇت. نوناكا بىلىم ئايلىنىشنىڭ ئەندىزىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

بىرىنچى، بىلىمنىڭ ئىجتىمائىيلىششى. بۇ، يېپىق بىلىم ئىگىدارلىرىنىڭ بىر يەرگە كېلىپ تىلسىز ئالاقە شەكلىدە پائالىيەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. كۆزىتىش، دوراش، قول سېلىپ ئىشلەش يېپىق بىلىملەرنى ئالماشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللاردۇر. يوقىرىقى ھېكايىدىكى خېمىر يۇغۇرۇشنى ئۆگىنىش ياخشى

بىر مىسال.

ئىككىنچى، سىرتلاشتۇرۇش. بۇ، يېپىق بىلىملەرنى ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا يېپىق بىلىملەر مېتافورا، ئانالوگىيە، ئۇقۇم، مودېل شەكىللىرى بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىلىملەرنى بىرىكتۈرۈش. بۇ ئوچۇق بىلىملەرنى ھۆججەت، يىغىن، تېلېفون سۆھبىتى، ئىنتېر تورى پونكىتى شەكلىدە ئالماشتۇرۇپ، سىستېمىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، ئىنچىكىلەشتۈرۈش. بۇ ئوچۇق بىلىملەرنى يەنە يېپىق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ يەردىكى يېپىق بىلىم ھەرگىزمۇ ئاۋۋالقى يېپىق بىلىملەرگە ئوخشىمايدۇ. كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىدىكى ھەربىر كۇنۇپكىنىڭ بىرقانچە خىل فۇنكسىيەسى بولىدۇ. بىز كۇنۇپكىلارنى ئىشلىتىشنى كىتابلاردىن ياكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆگىنىمىز، ئادەتلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىش شۇنچە تەس تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بىز كۇنۇپكىلارغا راسا كۆنۈۋالغاندىن كېيىن، قارىمىساقمۇ بارماقلىرىمىز كېرەكلىك كۇنۇپكىلارنى دەرھال تېپىپ، مەشغۇلاتنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ. مانا بۇ يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلانغان مۇرەككەپ مەشغۇلات.

نوناكانىڭ ئىزاھلىشىچە، يۇقىرىقى كۆپ خىل ئەندىزە تىنىمسىز ھالدا بىر - بىرىگە ئايلىنىپ، بىلىمنىڭ بۇرمىسىمان دەۋرىيلىكتە كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نوناكا يۇقىرىقى كۆپ ئەندىزىدىن مەشھۇر SECI مودېلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ Externalization (ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش)نىڭ باش ھەرپى S.Socialization (سىرتلاشتۇرۇش)نىڭ باش ھەرپى E.combination (بىرىكتۈرۈش)نىڭ باش ھەرپى C (ئىچكىلەشتۇرۇش)نىڭ باش ھەرپى I لاردىن تۈزۈلگەن ئىسىم. بىز نوناكانىڭ (SECI) مودېلىغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ئىسخېما II : بىلىم ئىجادىيەت جەريانى SECI مودېلى®

ئىسخېمىدىكى egdelwonk ticat يېپىق بىلىمنى، egdelwonk ticilpxe ئوچۇق بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. چەمبەر ئىچىدىكى i بەلگىسى شەخسنى، G بەلگىسى گۇرۇپپىنى، o بەلگىسى ئورگاننى بىلدۈردۇ. نوناكانىڭ يۇقىرىقى مودېلى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل بايلىقىنى قېزىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بىلىم تىپلىق جەمئىيەتنىڭ روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ پىكىر شەكلى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، پىكىر نوپۇزغا بويسۇنىدىغان جەمئىيەت بىلەن سىغىشالمايدۇ، بۇ، تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

ياپونىيە ئادەم كۈچى بايلىقىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن تۈزۈك كان بايلىقى يوق ئارالدا بىر ئىقتىسادىي ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىقالىدى. ھەربىر ئادەم تۈزۈم تەرىپىدىن جەمئىيەتنىڭ بايلىقى دەپ قارالغاندا ۋە مۇناسىپ تەربىيە شارائىتىغا ئىگە قىلىنغاندا، ئادەم نامراتلىقتىن يىراقلىشالىغان بولىدۇ. پىكرىي پالەچلىك نامراتلىقنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان ھۆر ئادەمنى پەيدا قىلالمايدۇ.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مىللەتنىڭ مول مەدەنىيەت تىندۇرمىسى بولىدۇ، ئۇنى تەرك ئېتىش ياكى قېزىش كەلگۈسى تارىخىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ياپون مىللىتىنىڭ ئۆزىنى قېزىش روھى بىز ئۈچۈن زۆرۈر دورىلارنىڭ بىرى.

بىزدە تالاي سازەندە ئۆتتى، لېكىن مۇزىكا ھەققىدە ھېچنېمە دېمەي كەتتى. بىزدە ساناقسىز ئاشپەز ئۆتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى خاتىرىلەپ قالدۇرمىدى، بىزدە ساناقسىز كارۋان ئۆتتى، لېكىن يوللار ھەققىدە تۈزۈك بىرنەرسە قالدۇرمىدى. بىزدە شېئىر بار، شېئىرنىڭ نەزەرىيەسى يوق. بىزدە تارىخ بار، لېكىن تارىخنىڭ پەلسەپىسى يوق. بىزدە ساناقسىز ئوقۇتقۇچى بار، لېكىن مائارىپ ھەققىدە تۈزۈك گېپى يوق. مانا بۇ بىزنىڭ بىلىمدىكى گادايلىقىمىزنى، نەزەرىيەدىكى تىلەمچىلىكىمىزنى، ئىستېمالدىكى دورامچىلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالىي مائارىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدىن يىراق، ئۇيغۇرنىڭ نېنىنى يەپ، «كاپىتال» توغرىسىدا دەرس ئۆتكەنلەر نانىنىڭ ئىقتىسادىي مەنىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشنى ئېسىگە ئالماي قويىدى، پەن — كۇتۇپخانىلاردىكى كىتابلاردا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان ئالاقىمىزدە. بىزدە نەزەرىيەچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر، كاسىپلار، تەتقىقاتچىلار، رەھبەرلەر بىر - بىرىدىن ئاجراپ، چېچىلىپ كېتىشكەن بولۇپ، ئوخشىمىغان شەخسلەردىكى ئوخشىمىغان ئىقتىدارلارنى تەشكىللەپ، ئەقلىي كۈچ ھاسىل قىلالايدىغان ئادەم يوق، شۇڭا ھەركىم ئۆزىدىكى بىلىمنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن. بىلىمنى پەنگە، پەننى تېخنىكىغا، تېخنىكىنى ئىقتىسادىي كۈچكە، ئىقتىسادىي كۈچنى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش قابىل يېتەكچىگە موھتاج. بۇرۇنقى زاماندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر ئەما ئادەم ئورماندا ئېزىپ قېلىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ يەرنى سىلاپ ـ سىيپاپ، قولى بىر توكۇرغا تېگىپ كېتىپتۇ. ئەما بىلەن توكۇر ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىپتۇ. «ئورماندا شۇنچە ئۇزاق تېنەپ يۈرۈپ، چىقىش يولى تاپالمىدىم» دەپتۇ ئەما. «مەنمۇ ئورماندا يۈرگىلى ئۇزۇن بولدى. ئورنۇمدىن تۇرالمىغاچقا، ئورماندىن چىقىپ كېتەلمىدىم» دەپتۇ توكۇر. ئۇلار گەپلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، توكۇر ئۇشتۇمتۇت توۋلاپ كېتىپتۇ: «قارا، سەن مېنى يۈدۈۋال، مەن ساڭا نەگە مېڭىشىڭنى دەپ بېرەي، ئىككىمىز بىرلەشسەك ئورماندىن چىقىپ كېتەلەيمىز!»

بىر ئادەمدە بار قابىلىيەت يەنە بىرىدە يوق، ئەمما بۇ قابىلىيەتلەرنى بىر يەرگە ئەكەلگەندە مۆلچەرلىگۈسىز ئەقىل ـ پاراسەت پەيدا بولىدۇ، روھنى ھەتتا دەرسخانىلارغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن.

نەقىل مەنبەلىرى

① فىرىد نىكولىس: «بىلىم باشقۇرۇشتىكى بىلىم» (ئىنگلىزچە)، http://home.att.netxnickots/knowleage

② مايكول پولانىي: «يېپىق ئۆلچەم» (ئىنگلىزچە)، 1983 ـ يىلى ئامېرىكىدا بېسىلغان، 15 ـ بەت.

③ مايكول پولانىي: «خۇسۇسىي بىلىملەر (خەنزۇچە)، گۈيجوۋ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 11 ـ نەشرى 131 ـ بەت.

④ مايكول پولانىي: «يېپىق ئۆلچەم» (ئىنگلىزچە)، 1983 ـ يىلى ئامېرىكىدا بېسىلغان، 4 ـ بەت.

⑤ مايكول پولانىي: «خۇسۇسىي بىلىملەر (خەنزۇچە)، گۈيجوۋ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 11 ـ نەشرى 79 ـ بەت.

⑥ ئىكۇجىرو نوناكا، خىروتاكاتا كېئۇچى: «بىلىم ئىجادىيەت كارخانىسى» (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى 61 ـ بەت.

⑦ يۇقىرىقى ئەسەر 102 ـ بەت.

⑧ ماساكى ئوگۇشى: «ئىجتىمائىي بىلىم ئىجادىيەت نەزەرىيەسىگە نەزەر»، (ئىنگلىزچە)، ئىقتىساد، مۇھىت، جەمئىيەت سىستېمىسىدىكى بىلىم باشقۇرۇش توغرىسىدا خەلقئارا ئەنجۇمەندە ئوقۇلغان ماقالىدىن ئېلىندى.

2005 - يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئېنسىكلوپېدىيە

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تارىخنىڭ قارا ئۈگ-كۈرىگە مەھكۇم ئېتىلگەن مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات نامايەندىلىرىمىز يورۇق كۆرۈشكە باشلىدى. مەتبۇئاتلاردا قايتىدىن تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لوتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى داموللا سايرامى شېئىرلىرى مەنىۋىيىتى ئېچىرقاپ كەتكەن خەلقىمىزدە زور ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ئاتاقلىق مەرد-پەتچى زات ئابدۇقادىر دامولىلىنىڭ ئىجتىھات ۋە پىداكارلىق بىلەن تولغان ھاياتى ھەققىدە چىن يېزىلغان ئوچېرىكلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خىرەلىشىشكە باشلاۋاتقان ئۈتمۈشكە چىراغ ياقتى. شۇ قاتاردا نەشرىياتچىلىقىمىزدا مۇنداق ئىككى كاتتا ئىش بولدى:

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەشمىسىدە نەشر قىلىندى. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلغان ئۆزىنى قايتىدىن بايقاش سەپىرىدىكى ھالقىلىق چوڭ قەدىمى بولدى. جا-ھانشۇمۇل بۇ ئىككى ئالىمنىڭ شانلىق ئوبرازى مەدەنىيەت جەھەت-تە تالاي يوقىتىشقا دۇچ كېلىپ، ئۆزلىرىنى نادانلىق، گۇمراھلىق ۋە قارا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ بەندىسى دەپ ئويلاپ قالغان ئاۋامغا دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تۆھپىكارلىرى مۇن-بىرىدە تېگىشلىك ئورنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى پەقەت بىلىشتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى تونۇتتى.

بۈيۈك قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ ئىككى ئىلمىي نامايەندىنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس سەلتەنەتكە ئىگە بولۇپ، بىرى ئۆز ئانا تى-لىنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتىدىكى ئورنى

ۋە ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەت كونتېكىستىنى تەسۋىرلىدى. شۇ ئارقىلىق تۈرك تىلىنىڭ مەدەنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاتلىمىنى، شۇنداقلا تارىخىي، جۇغراپىيەلىك قاتلىمىنى ئېچىپ بەردى. مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى كۆپ ئەسىرلىك ئىجتىمائىي، مەدەنىي قىياپىتى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق نۇرغۇن بېشارەتكە ئىگە بولدى. يەنە بىرى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەللىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ھەم ئەندىزىلىرى ئارقىلىق، غايىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قانۇنىي، ئەخلاقىي، سىياسىي سۈپەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بەردى. يۇقىرىقى ئىككى شاھانە ئەسەرنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ (ئەلۋەتتە، تۈركىي تىللارنىڭ) قۇۋۋىتىنى ئەينى دەۋردىكى خەلىپىلىكنىڭ ھاكىمىيەت تىلى بولغان ئەرەب تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىرى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇۋۋىتىنى پەلسەپىۋى، شېئىرىي يۈكسەكلىكتە ۋايىغا يەتكۈزىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دەۋرىنىڭ قوش تىل ئۇستازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانا تىلىدىكى بالاغەت بىلەن ئەرەب تىلىدىكى كامالەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلدى ھەمدە «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن...»[1]، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ، ئابباسىيلارنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەزكۇر سېلىشتۇرما ئىزاھلىق لۇغەتنى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارىغا تەقدىم قىلىشىغا قانداق غايىلەر يوشۇرۇنغان؟

«ئىمپېرىيەنىڭ غەربىتىكى ئىقتىسادىي ئالاقىسى سالجۇقىيلار ئارقىلىق، شەرقىتىكى سودا مۇناسىۋىتى قارخانىيلار ئارقىلىق بولاتتى. بولۇپمۇ ئىمپېرىيەنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەلقلىرى (ئاساسەن تۈركىي خەلقلەر) مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھ-سۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، خەلىپىلىكنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىمۇ ئاساسەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. بۇ ھال مۇناسىپ رەۋىشتە سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇر-مۇشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئىمپېرىيەنىڭ غەربىدە ۋە شەر-قىدە كۆندىن ـ كۈنگە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىشىپ كەتكەن ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرگەنىدى»①. مەھمۇد كاشغەرى بۇ خىل رېئاللىقنى ئۆزى يازغان كىرىش سۆزىدىكى «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرۇۋغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى»② دېگەن با-يانلىرى ئارقىلىق قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. روشەنكى، ئالىم تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىملىق ئورنىدىن شادلانغان ۋە ئىپتىخار ھېس قىل-غان. بىر قوۋمنىڭ ھاكىملىقىنىڭ ماھىيەتتە ئۇنىڭ تىلىدىكى شۆھرەت ۋە سەلتەنەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى زاماندىكى ئەرەب ھۆكۈمدارلىرى ۋە سودىگەرلىرى-نىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن لۇغەت تۈزۈش مەقسىتىدە تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يېزا ـ قىشلاق ھەم يايلاقلارنى ئون نەچچە يىل كەزگەن ۋە ماتېرىيال توپلىغان. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ قەشقەر رايونىدىن باشقا، نارىن، تالاس، چۇ، ئىلى دەريا ۋادىلىرىنى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، پەرغانە رايونلىرىنى ئارىلاپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاساس-لىق قەبىلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، شېۋىلەرنى، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى، شېئىر ـ قوشاقلىرىنى توپلىغان. مەھمۇد كاشغە-رىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تېررىتورىيەسىنى ئەسكەرتىپ، «رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ، ئىنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ بولۇپ، ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ»③ دەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي دائىرىگە ئالغان

رايونلارنى بۆگۈنكى زامانىۋى خەرىتىلەر بىلەن تەققاسلاپ قارايدىغان بولساق، كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان بىپايان تېررىتورىيە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئات ـ ئۇلاغلار قاتناش ۋاسىتىسى بولغان ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، شۇنچە كەڭ زېمىننىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەكشۈرۈپ، ماتېرىيال ئىگىلەش كىشىدىن مۇستەھكەم ئىرادە، يىمىرىلمەس بۇرچكارلىق تۇيغۇسى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ئىشخانىدىن چىقماي تەتقىق قىلىدىغان ھازىرقى زامان ئالىم ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن ياخشى بىر ئىبرەت. مەھمۇد كاشغەرىي يۇقىرىقى رايونلاردىكى ھەرقايسى تۈركىي قوۋمىنىڭ تىلى ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ، «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل ــ خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»[4] دەيدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ دەۋاتقان «مەركىزىي ئۆلكە» قەشقەر ۋە بالاساغۇننى كۆرسىتىدۇ.

بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەنىۋى ئوبرازىنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى ــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن باشقا ئىشەنچلىك ماتېرىيالنى تاپالمايمىز. ئۇنىڭ «دىۋان»غا يازغان كىرىش سۆزى ۋە «دىۋان» دىكى ئۆزى ھەم يۇرتىغا ئائىت قىسقا ئىزاھاتلىرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ غايە دۇنياسىنى كەشەرلەپ (تۇتاشتۇرۇپ) چىقالايمىز. ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرەب ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرى ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسىلىشىگە، جۈملىدىن تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدرىيىتىنى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت تىلى بولغان ئەرەب تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن يانداش تۇتۇشقا تولىمۇ تەقەززا بولغان بۈيۈك زاتتۇر. ئۇ، تۈرك تىلىنىڭ ئورنى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمان قىلماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەدىسلەرنى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

uyghurkitap.com



«دىۋان» دىكى خەرىتىنىڭ ئۆزىمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈركىي قوۋملارنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن كەڭ بىر دۇنياۋى نەزەردە كۆزىتىشىنىڭ دەلىلى. ئۆزى ياشىغان ئىقلىمنى دۇنياۋى بىر كەڭلىكتە قويۇپ چۈشىنىش ھەرقانداق شارائىتتا مۇتەپەككۇرلارغا قويۇلغان ئەقەللىي تەلەپتۇر.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى كۆزىتىشتە خېلى كۆپ ئىجادىيلىقنى نامايان قىلسىمۇ، ئەينى دەۋردىكى ئەرەب لۇغەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. ئامېرىكا تارىخچىسى فىلىپ. ك. ھىتتى (Philip. K. Hitti) «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» دېگەن ئەسەرىدە ئەرەب گىراماتىكا ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ــ ئەبۇل ئەسۋەد دۇئەلىي ھەققىدىكى ئىبن خېلىلكاننىڭ رىۋايىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، دۇئارىينىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ تەلىپى بىلەن ئىسىم، پېئىل، ياردەمچى سۆز قاتارلىق تۈركۈملەر بويىچە ئەسەر يازغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. فىلىپ. ك. ھىتتىنىڭ بايانىچە، خېلىل ئىبنى ئەھمەد ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، «كىتابۇلئەيىن» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان[5]. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»غا يازغان كىرىش سۆزىدە مەزكۇر كىشىنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[6]. تەتقىقاتچىلارنىڭ دېيىشىدە، قەدىمكى يۇنان تىلى تىلشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، يۈكسەك راۋاج تاپقان ئەرەب تىلشۇناسلىقى ئەرەب ـ ئىسلام چەمبىرىكىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تىلشۇناسلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، كېيىنچە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تىلشۇناسلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق تەسىر پەن ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدىمۇ روشەن بولغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى دەۋردىكى دۇنياۋى نەزەرلىك ئىلغار زىيالىيدۇر. فىلىپ. ك. ھىتتى «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ «پەن ۋە ئەدەبىياتتىكى تەرەققىيات» دېگەن بابىدا غەرب تارىخچىسى سارتوننىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل

كەلتۈردى: «ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تاماملاندى. ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابىي بولسا مۇسۇلمان، ئەڭ ئۇلۇغ ماتېماتىك ئەبۇ كامىل ۋە ئىبنى ھىنانلارمۇ مۇسۇلمان، ئەڭ ئۇلۇغ جۇغراپىيون ۋە قامۇسچى مەسئۇدمۇ مۇسۇلمان، ئەڭ ئۇلۇغ تىلشۇناس تەبەرىمۇ مۇسۇلمان»[①]. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەرەب تىلى، ئەرەب ـ ئىسلام ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مۇپەسسەل تەربىيەنى قەيەردىن قوبۇل قىلغانلىقىنى كەسكىن رەۋىشتە ئېيتىپ بېرەلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى جاھانشۇمۇل مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسلام مەدەنىيەت بۆلىقىدىن يېتەرلىك ئوزۇق ئېلىپ، زامان سەرخىللىرىغا ئايلانغانلىقىغا جەزم قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئىلمىي سىيماسىدا گىرېك، پارس، ھىندى مەدەنىيەتلىرى ئانا تۈرك مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلغان ھالدا دۇنياۋى مەدەنىيەت قىياملىرىنى ياسىغان بولغاچقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»مۇ ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار مېتود بىلەن تۈزۈلگەنىدى.

ئەمدى بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقىدەك ئانا تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرۈشتەك ئېسىل ئوبرازىنى مەدەنىيەتلەر ئارا ئالاقىلەرنىڭ سۈرئىتى شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتكە قويساق، ئېڭىمىزدا قانداق سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن؟ ئەگەر ھەربىر ئەسىردە بىر مەھمۇد كاشغەرىي چىقىپ، تۈنجى ئەۋلاد «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاساسىدا تىلىمىزدىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى، مەدەنىيەت ۋە تارىخىمىزدىكى تۈرلۈك ھادىسىنى خاتىرىلىگەن بولسا ئەھۋال قانداق بولار ئىدى؟ ئېھتىمال بىز ئون توم ياكى ئون نەچچە توم «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئېرىشىپ، تارىخ ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى تالاي تېپىشمىقىغا گىرىپتار بولمىغان بولاتتۇق. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بىز ھازىرغا قەدەر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامىنى ئۇنىڭدىن كېيىند-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇچرىتالمىدۇق ياكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ لۇغەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ راۋاجىنى تاپالمىدۇق. مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىكى خاقانىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ يۇكسەك پوئېزىيە پەللىسىدىكى راۋاجى كۆپلىگەن شائىرنى مەيدانغا كەلتۈردى ـ يۇ، تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇنىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەقلىي بىلىش تۈسىدىكى قامۇسلار قايتا شەكىللىنەلمىدى. ئەمىسە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قامۇس ئەنئەنىسى نەگە يېتىپ كەلدى؟ بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بىر سىر.

مەھمۇد كاشغەرىي مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى تۇنجى لۇغەتچى، ئېتنولوگ، ئېتنوگراف، جۇغراپىيون، شۇنداقلا توپوگراف. ئۇنىڭ بۇ خىل خىسلەتلىرى ئەقلىي بىلىش تەتقىقات رەۋىشىدە كۆرۈلگەنلىكى ھەرگىزمۇ ئىستىخىيەلىك ئىپادە ئەمەس. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي ئەنئەنىسى ئەقلىي بىلىش ئەنئەنىسى، شۇنداقلا يەن ئەنئەنىسى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا بىزدىكى تىپى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان ئېنسىكلوپېدىك ئەينەك. «سۆزلۈكلەر ھەققىدىكى تونۇش شەيئىلەر ھەققىدىكى تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ»[8] دەيدۇ فىرانسىيە قامۇسچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر ۋەكىلى بولغان لاروس (Larousse. Pierre 1875 — 1817). سۆزلۈكلەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان ئىنكاسىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپىيىشى مىللەتنىڭ تەبىئەت ۋە ھاياتقا نىسبەتەن ئالاقە شەكىللىرىنىڭ بېيىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئالاقە شەكىللىرى يەنە مۇرەككەپ پىسخىك ھادىسىلەرنى تۇغدۇرۇپ، سۆزلۈك ئىستېمالى چەكسىز رەۋىشتە كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە روھنىڭ ئىپادىلىنىشكە قاراپ تەدرىجىي كېڭىيىشى ۋە تاكامۇللىشىشىدىن ئىبارەت. بۇ ھال گېرمانىيەنىڭ كىلاسسىك تىلشۇناسى ھۇمبولد (Alexande Von Humboldt 1859 — 1769)

نىڭ «مىللەتنىڭ تىلى — مىللەتنىڭ روھى دېمەكتۇر»[1] دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمىنى ئىسپاتلاشقا سالىدۇ. «تىل مىللىي روھنىڭ ئاپىرىدىسى، مىللىي روھ ئالدى بىلەن تىلدا ئالاھىدە نامايان بولىدۇ. تىلمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي روھقا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ»[10] دەيدۇ. يەنە بىر گېرمانىيەلىك تىلشۇناس ستېينتال (Hermann Steintal 1899 — 1823). يۇقىرىقى سۆزلەر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تارىخىمىزدىكى ۋە نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىمىزدىكى ئورنىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» سۆزلەردىن قوپۇرۇلغان مىللىي كىملىك بىناسى بولۇپ، ئۇنى زامانلارسېرى كېڭەيتكىلى ۋە يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇ بىنا ئېگىزلىگەنسېرى ئەۋلادلىرىمىز تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىنى ۋە تېخىمۇ يىراق ئۆتمۈشنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. بۇ بىنا كېڭەيگەنسېرى ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل پاراسەت ۋە ئىناۋەت ساھەسىدىكى تەشەببۇسكارلىقى كۈچىيىدۇ.

بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۆھپىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ئېنسىكلوپېدىيە تارىخىغا بىر نەزەر تاشلاپ ئۆتىمىز:

«Random House, Webster's Dictinary of American English» (راندوم خوس، ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىنىڭ ۋەبستەر لۇغىتى) دە «ئېنسىكلوپېدىيە» (Encyclopedia) دېگەن ئىبارە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: «تۈرلۈك تېما ھەققىدىكى ماقالىلەردىن تۈزۈلگەن كىتاب ياكى كىتابلار بولۇپ، ئادەتتە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇ بىلىمنىڭ بارلىق تارمىقىنى ياكى بىر مەسىلىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[11]. تىلىمىزدا «ئېنسىكلوپېدىيە» ئىبارىسىگە يانداش تۈرىدىغان «ئوكيانۇس»، «قامۇس»، «دىۋان» قاتارلىق ئىبارىلەر بار. «ئېنسىكلوپېدىيە» دېگەن سۆز قەدىمكى يۇنان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى — «ئەتراپ-

لىق تەربىيە»، «ئۇنىۋېرسال بىلىم»، «مۇكەممەل بىلىم سىستېمىسى» دېگەن بولىدۇ. ئادەتتە ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى 2000 يىلدىن ئارتۇق مۆلچەرلىنىدۇ. كىشىلەر قەدىمكى يۇنان ئالىمى ئارىستوتېلنى «ئېنسىكوپېدىيەنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلەشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئەگىلەپ تۈرلەرگە ئايرىغان. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىملىرىنى كىلاسسىفىكاتسىيەلەش (تۈرلەش) ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر مىللەتتە ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇلاردا دۇنياغا ۋە شەيئىلەرگە نىسبەتەن پەننىي مۇناسىۋەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى ئېنسىكلوپېدىيە بىلەن پەن يىلتىزداش بولۇپ، پەن بىلىملەرنى ئاچىدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ، ئېنسىكلوپېدىيە بولسا بىلىملەرنى سىستېمىلىق ھالدا رەتلەيدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ. جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جىن چاڭجېڭ ئەپەندى ئەرەبلەرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيە تارىخىنى 1100 يىل ئەتراپىدا تەخمىن قىلىدۇ[12]. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر قامۇسچىلىقىنىڭ تارىخى ئەرەبلەرنىڭكى بىلەن قۇرداش كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار قامۇسچىلىقىنىڭ قامۇسچىلىق تارىخىدىكى بارماق بىلەن سانىلىدىغان مۆتىۋەر مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ چىقىدۇ.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلىم - پەن ئوغلانى، بۈيۈك ئاسترونوم ئۇلۇغبېك XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن قەتل قىلىنىپ، ئۇنىڭ رەسەتخانىسى ۋە كۇتۇپخانىسى كۆيدۈرۈلگەن مەزگىللەردە ياۋروپادا يېڭى بىر مەرىپەت ئويغىنىشى باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئىنگلىز ئالىمى فرانسىس بىكون (1561 — 1626 Francis Bason) «پەننىڭ قىممىتى ۋە تەرەققىياتى»، «يېڭى قورال» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىملىرىنى 130 تۈركۈمگە بۆلگەن. ئۇلار مۇنداق:

1. تەبىئەت ئىلمى (1 — 40 تومكۈم بولۇپ، ئاسترونومىيە، ھاۋا رايى، جۇغراپىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

2. ئىنسانىيەت ئىلمى (41 — 59 تومكۈم بولۇپ، ئاناتومىيە، ئىنسان پائالىيىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت).

3. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان ئىنكاسى (59 — 130 تومكۈم بولۇپ، تېبابەت، خىمىيە، تېخنولوگىيە، سەنئەت، مەتبۇئات، يېزا ئىگىلىكى، دېڭىز تىرانسپورت، ئوزۇق، كىيىم، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)[1].

بىكوننىڭ يوقىرىقى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئەمەلىيەتتە زامانىۋى ئومۇمىي ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى بولۇپ، «بىلىم — كۈچ» دېگەن ھۆكۈم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان رايونلارنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلاندى. خۇددى پاكىستان فىزىكا ئالىمى، نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى دوكتور مۇھەممەد ئابدۇسالام ئېيتقاندەك، ئۇلۇغ بىر رەسسەتخانىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى مۇسۇلمان قوۋملاردىن ھوما قۇشىنىڭ يىراقلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. قارىغاندا، ھوما قۇشى غەرب تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. سەئىدىيە خانلىقى ھالاكەتكە يۈز تۇتۇپ، «ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار ئېغىلىقى» بولۇۋاتقاندا ياۋروپادىكى ئىنگلىز، گېرمان، فىرانسۇز، رۇس مىللەتلىرى ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئومۇميۈزلۈك ئويغىنىش باسقۇچىغا كىرىپ، بەس - بەس بىلەن ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى.

19 - ئەسىردە گېرمانىيەلىك ئىككى پىروفېسسور ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈشتە رېكورت يارىتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئېرش (J.S.Ersch 1826 — 1766)، يەنە بىرى، گروبېر (J.G.Gruber 1851 — 1774) دىن ئىبارەت. ئۇچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بۇ ئېنسىكولوپېدىيە جەمئىي 167 توم بولۇپ، بۇ «قۇرۇلۇش» ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ھەممىنى تاماملاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇشقا يار بەرمىگەن. ئۇلار «ئەنگلىيە» دېگەن تېمىنى 700 بەت، «ھىندىستان» دېگەن تېمىنى 356 بەت، «يەھۇدىي ئەدەبىياتى» دېگەن تېمىنى 414 بەت، «يۇنان» دېگەن تېمىنى 3668 بەت ئەتراپىدا يازغان.[14]

ئاتاقلىق فىرانسۇز مۇتەپەككۇرى دىدىرو (1713 — 1784 Deris Diderot) زامانىۋى ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ باشلامچىسى، فىرانسىيەدىكى قامۇسچىلار ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى دېيىلىدۇ. ئۇ 1770 ـ يىلىدىن كېيىن رۇسسو، كوندىياك، دالامبېر، ھولباخ، ۋولتېر، مونتېسكيو قاتارلىق ھەر ساھە ئالىملىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن تونۇشۇپ بىر ئىلىم چەمبىرىكىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ـ دە، ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇنى تۈزۈشكە دەسلەپكى قەدەمدە ھەر ساھە بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئالىم قاتناشقان. دىدىرونىڭ ئۆزىلا 1269 تېمىنى يازغان. ماتېماتىك ۋە پەيلاسوپ دالامبېر (1717 — 1783 J.l.Dalambert) ماتېماتىكا ۋە فىزىكا قىسمىنى يازغان، رۇسسو مۇزىكا ۋە سىياسىي ئىقتىساد قىسمىنى يازغان. ھولباخ خىمىيە قىسمىنى يازغان، ۋولتېر تارىخ قىسمىنى يازغان. ئېنسىكلوپېدىيە 1780 ـ يىلى قايتا نەشر قىلىنغاندا 35 توم بولغان. دىدىرو بۇ ئەسەرنى «ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدىغان لۇغەت» دەپ ئاتىغان[15].

«بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى» 230 يىلدىن بۇيانقى 15 قېتىملىق نەشرىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كاتتا نوپۇزىنى نامايان قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى قەلەم تەۋرەتكەن. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە «ھۆكۈمەت» دېگەن تېمىنى پەيلاسوپ، تارىخشۇناس مىلل (1773 — 1836) يازغانىكەن. «نوپۇز» دېگەن ئاتالغۇنى ئىقتىسادشۇناس مالتۇس (1776 — 1834)، «سىياسىي ئىقتىساد» دېگەن ئاتالغۇنى كىلاسسىك ئىقتىسادشۇناس داۋىد رىكاردو (1772 —

1834)، «پېسخىك ئانالىز» تېمىسىنى فىرېئود (1856 — 1939)، «رۇسىيە» قىسمىنى كوروپاتكىن (1842 — 1921)، «لېنىن» تېمىسىنى تروتسكىي (1879 — 1940)، «پەلسەپە» تېرمىنىنى پراگماتىست پەيلاسوپ دېۋىي يازغانىكەن. پۈتكۈل قامۇس 100 دۆلەتتىن بولغان 4274 نەپەر قەلەم ئىگىسى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ مابەينىدە يېزىلغان قىسمىغا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن خېلى كۆپ ئالىم قاتناشقان[15].

جۇڭگونىڭ زامانىۋى تۇستىكى 74 جىلدلىق «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى» 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا نەشر قىلىندى[16].

بۈگۈنكى دۇنيا ئېنسىكلوپېدىيەلەر كەسىپلەر بويىچە پارچىلىنىپ، ئىستۇدېنتلار، ھەر ساھە كەسىپداشلىرى، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق ھالدا ئامىبابلاشماقتا. شەخسلەرنىڭ سېتىۋېلىشى ياكى چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىشقا قولايسىز بولغان توم ـ توم قامۇس ئېلېكترونلىشىپ، يان سومكىلاردىن ئورۇن ئالماقتا. بۇ، ئۇچۇر ۋە بىلىم دەۋرىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تۈزگۈچىسى مەھمۇد كاشغەرىي ئېنسىكلوپېدىيە تارىخىغا ئائىت يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر پىدائىي بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تەخمىنەن مىڭ يىللاردىن كېيىن، يەنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا نەشر قىلىنىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ سەمىمىي ئىزچىللىشىشىغا دائىر ئىجابىي قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دىۋان»نى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشقان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، داموللا ئابدۇلھېمىت يۇسۇپ، ھاجى نۇر ھاجى، ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىق بىر تۈكۈم ئالىم، مۇتەخەسسىسنىڭ غوللۇق ئەمگىكى قىممەت جەھەتتىن دىدىرولار فىرانسۇزلارغا ئېلىپ كەلگەن مەنىۋى قىممەتكە تەڭداش كېلىدۇ دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. ئۇلار غايىبلىق دەشتىگە مىڭ يىل پالانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى



نى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، كىملىك ئازغۇنلۇقىدا تېنەپ يۈرگەن كىشىلەرگە يول بەلگىسى ئاتا قىلىدۇ.

بىز ھازىر ئۇچۇر بىلەن بىلىم ئالاھىدە كاپىتال ھېسابلىنىدى-غان بىر دەۋردە ئەنئەنىۋى يېزا مىللىتى سۈپىتىدە ياشاۋاتىمىز. شەھەرلىشىشنىڭ تېز قەدەملىرى، تۈرلۈك ئىقلىمدىن كەلگەن نا-مەلۇم ماركا، رەڭدار شەكىلدىكى تاۋارلار بىلەن تولغان كېڭىيىش-چان بازارلار، ئىجادىيەت تەركىبى يوق ھېسابتىكى تېلېۋىزىيە نو-مۇرلىرى، ئەخلەتلىرى بىلەن بىللە جىلمىيىپ تۇرغان كومپيۇتېر تور بەتلىرى، تۈزۈك ئىزچىللىشىشقا ئۇلگۇرەلمەي، ئارقا - ئار-قىدىن توۋلىنىۋاقان «مائارىپ ئىسلاھاتى» شوئارلىرى، بىزدىكى بە-لىم ئاساسى يوق ياكى بىلىمى زامانغا توغرا كەلمەيدىغان تالاي ئا-دەمنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇسۇسىي كىملىك، ھەزارىي كىملىك (文化认同)، ئىجتىمائىي كىملىك جەھەتتىكى تۇمانلىنىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىپ، «كومپيۇتېر تېخنىكىسى تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەر، ئەمەلىيەت، لوگىكا ۋە ئوبراز ئۇقۇمىنىڭ داشقاللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى كەشىپ قىلغانلارنى يات دۇنياغا ئىز قالدۇرماي سىڭىپ كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلدى»[18]. پىر-روفېسسور مارتىن ئالبىروف (Martin Albrow) نىڭ بۇ سۆزى سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال كۈچنىڭ تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىدە ئەڭ روشەن ئىسپاتلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تەسىر ئۇنۇمى يۇقىرى بولغان فانتازىيە كىنولىرىنى كۆرگەنسېرى، «تېخنىكا» دېگەن ئۇ-قۇمنى تېخىمۇ مۇقەددەسلەشتۈرىدىغان بولىدۇ - دە، تېخنىكا كىشى-لەرنىڭ ئىدىيەسىنى بۇرايدىغان مۇھىم ئامىلغا ئۆزگىرىدۇ. ھازىر-پەن - تېخنىكىنى قىممەت ئۆلچىمى دەرىجىسىدە ئۇلۇغلايدىغان ئا-

دەملەر كۆپىيىپ كەتتى. بەلكىم كىشىلەرنىڭ «21 ـ ئەسىر ئۈمىد ۋە خىرىسقا تولغان ئەسىر» دېيىشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇدۇر. لې. كىن «ئۈمىد» نەدە؟ «خىرىس»نەدە؟ بۇ ھەقتە ھېچكىم كونكرېت جاۋاب بەرمىدى.

بىز بىر تەرەپتىن، تەرەققىي تاپقان دۇنياغا يۈزلەنمىسەك بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىگە يۈزلەنمىسەك بولمايدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ھەل قىلىش قىيىن بولغان دىيالېكتىك مۇناسىۋەت. ئۈچۇر بىلەن بىلىم بايلىققا ئايلىنىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە پۈت تىرەپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، روشەن ھەزارىي كىملىك ئاستىدىكى بىلىم سەپىرىگە يۈرۈش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۈنىڭ تۈنجى قەدىمى 21 ـ ئەسىردىكى تەرەققىيات ئېھتىياجى. مىزغا يارايدىغان «ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيە»سىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈ. رۈشتۇر. ھازىر بىزنىڭ مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە. لىرىمىزدە، ئىنتېرتورى قۇرۇلۇشلىرىمىزدا چىدىغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر سادىر بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىساد، تارىخ ساھەلىرىدىكى ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى، كەسىپلەردىكى ھەر خىل تېرمىن، ئاك. سىيوما، تېئورىما، تۈرلۈك ھادىسە بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان ئىبارىلەر بىلەن ئاتالمىغاچقا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا، خىزمىتى. گە، جۈملىدىن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ساھەمىزگە مۆلچەرلىگۈسىز قالاي. مىقانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا نو. مۇس قىلىشقا تېگىشلىك بىر ھالەت. ئەگەر ئەھۋال مۇشۇ پېتى داۋام قىلسا، جۇڭگودىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىمىز ۋە يۈزىمىز بولمايدۇ، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىقتىسادىي رىقابەتتىكى ئورنىمىزدىن گەپ ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەزەربەيجان، تۈركمەن، تاجىك خەلقلىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشىردىن چىقتى. ھەتتا قازاق ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى نەشرىمۇ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشىرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، تارقىتىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ئېتىبار بىلەن قاراپ، تەشكىللىي ھەم ئىقتىسادىي كاپالەت بېرىشى ئارقىسىدا زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ سەپلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. تارىم ئويمانلىقىدا 24 خىل يېزىق، 17 خىل تىلدىكى مول يازما يادىكارلىقلارنىڭ بارلىقى ھەممىگە ئايان. «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى ئالساقمۇ، بۇنداق كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت تىپى كۆپ ئۇچرىمايدۇ. تەكلىماكان مەدەنىيىتىنىڭ سىرى غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتىدىكى تەسىر مەسىلىسىنى ئېنىقلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان سىر. بۇ سىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گەۋدە قىلغان ھالدا يېشىلىدۇ. روشەنكى، ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ماتېرىياللىرى تامامەن تەل. ئەمدىكى مەسىلە ھۆكۈمەتنىڭ نەزەرگە ئېلىشىدا قالدى. ئۇ تەشكىللىك ئاساستا پىلانلىق، باسقۇچلۇق، سىستېمىلىق ئېلگىرىلەيدىغان چوڭ ئىش، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت بايلىقى ۋە بىلىم بايلىقىنى نامايان قىلىدىغان كۆرەك. بۇ كۆرەك بىر مىللەتتە قانچىلىك ئىلىم قوشۇنىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىللە، بۇ قوشۇننىڭ پىداكارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىش، ئۇيۇشۇش روھىنى تاۋلايدۇ. بىزدە ھۆكۈمەتكە قارىتا ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈش ئىشىنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان زىيالىيلار بولۇشى كېرەك بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقى خاتىرىلىنىپ، ئالىمنىڭ يۇرتى، قەدىمىي مەدەنىيەت ئاستانىسى ئەزىزانە قەشقەردە

مەملىكەت بويىچە ئىلىم مۇھاكىمىسى يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز تارىخنىڭ مۇنداق بىر ئەسكەرتىشىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا كېلىپ، 1000 يىلدىن كېيىن مەھمۇدنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەسىنى چوقۇم بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئېنسىكلوپېدىيەسى يوق بولۇشتەك تەرەققىياتقا زىت تارىخىي رېئاللىققا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

### نەقىل مەنبەلىرى

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 5 ـ، 6ـ بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» نامىدىكى تېما (نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ كىرىش سۆزى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 8 ـ، 9 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب 1 ـ، 2 ـ بەتلەر.

④ يۇقىرىقى كىتاب 41 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب 41 ـ بەت.

⑥ فىلىپ. ك. ھىتتى: «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ قىسىم، سودا نەشرىياتى بېيجىڭ 1995 ـ يىلى خەنزۇچە 3 ـ نەشرى 279 ـ بەت.

⑦ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 6 ـ بەت.

⑧ فىلىپ. ك. ھىتتى: «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ قىسىم، سودا نەشرىياتى بېيجىڭ 1995 ـ يىلى خەنزۇچە 3 ـ نەشرى 414 ـ بەت.

⑨ جىن چاڭجىڭ: «ئېنسىكلوپېدىيە قىسسىسى»، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى 56 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



⑩⑪ ياۋ شياۋپىڭ: «ھۇمبولد ـ ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتى ۋە تىل تەت‑قىقاتى»، چەت تىللار ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى ئاپرېل خەنزۇچە نەشرى 187 ـ بەت.

⑫ «Random House, Webster's Dictionary of American English»، چەت ئەل تىللار ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى بېيجىڭ نەشرى.

⑬⑭⑮⑯⑰⑱ جىن چاڭجېڭ: «ئېنسىكلوپېدىيە قىسسىسى» گە قارالسۇن.

⑲ مارتىن ئالبروف: «يەر شارى دەۋرى»، سودا نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى 229 ـ بەت.

2005 ـ يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## تىلەمچى ئايال، مودا قىز ۋە ئىستېمال

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «بۇلاقبېشى» كوچىسىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە تۇراتتىم. 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال يۈزىگە پور رەڭ تور رومال يېپىپ، قوللىرىنى ئۆتكۈنچى كىشىلەرگە سوزغان هالدا ئىستولبىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. نېمىشقىدۇر موھتاجلىق كوچىسىغا كىرىپ قالغان ئاشۇنداق ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق سىياقى يۈرىكىمنى چىمداپ، تۈرلۈك ئويغا گىرىپتار قىلىدۇ. بەلكىم ئۇ بىر ئانىدۇر. توغرا، ئۇ بىر ئانا سۈپىتىدە ئەزىز بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇنىڭ چىرايىنى يېپىپ تۇرغان رومال ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئاللىقانداق تارىخنىڭ خىرە بېشارەتلىرىدىنمۇ نەزىرىمدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ تۈرلۈك كوچىنى مېڭىپ، بىر ئاز قاغجىراشقا باشلىغان ئاياغلىرى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئەتلەس تامبىلىنىڭ پۇچقىقىدىن چىقىپ تۇراتتى، ئۇ كالىچىنى سېلىپ يېقىنغىلا قويۇپ قويغانىدى. ئاداققى باھار ئايلىرىنىڭ ئىللىق ئاپتىپى تەبىئەتنىڭ باراۋەرلىك خىسلىتىنى بۇ شەھەردىمۇ ئوخشاش نامايان قىلىپ، تىلەمچى ئانىنىڭ ئۈچىسىنى سىلاپ، خەيرخاھلىق تۇيغۇلىرىنى سەزدۈرمەي سىڭدۈرمەكتە ئىدى.

ئانا يۈزىنى تور رومال ئارقىلىق جەمئىيەتتىن ئايرىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسى، يۈرىكى ۋە قورسىقى كىشىلەرنى تۈرلۈك مەنزىلگە ئېلىپ بارىدىغان رەستىدە ھەربىر يولۇچىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ھىممەت تىلىمەكتە ئىدى... كىشىلەر موھتاجلىق تۈپەيلى كوچىغا چىقىپ قالسىمۇ، «يۈز»نى ئاسراشقا توغرا كېلەتتى. جەمئىيەتتە كىشىلەر «يۈز» نى ئاسراش ئۈچۈن كۆپ نەرسىنى بەدەل قىلىشىدۇ. ئۇلار يۈزىنىڭ تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىشىدۇ، ھەتتا پەرزەنتلىرى بىلەن يۇرت ـ ماكانلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىمارغا تىكىدۇ. چۈنكى «يۈز» دېگەن بۇ نەرسىنىڭ تالالىرى كە-
شىلەرنىڭ ھەر خىل ھاجەت ـ راۋاسى ۋە تېپىشمىقىدىن ياسىلى-
دۇ. ئۇلار بۇ سۈنئىي، ئىجتىمائىي تالالار ئارقىلىق يىرگىنىچلىك
ياكى قورقۇنچلۇق، توق ياكى ئاچ روھىي ھالىتىنى يوشۇرۇشقا تى-
رىشىدۇ. بەزىدە پارقىراپ تۇرغان چىرايلار تىلەمچى ئاياللارنىڭ يۈ-
زىدىكى ئۇياتلىق تور رومالدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدىكى گادايى-
لىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۈز گويا ئادىمىيلىكنىڭ ئىستىلىستىكىسى. ئايالللار بۇ ئىس-
تىلىستىكىنى، تولۇق ۋايىگە يەتكۈزۈشكە تىرىشىۋاتقان زامان شا-
ئىرلىرى. ئۇلار تەبىئەت ئاتا قىلغان رۇخسارىي بايلىقلىرىنى گە-
رىم ئىستىلىستىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆنتۈلۈش خەۋپىدە
تۇرۇۋاتقان مەنىۋى تەقەززالىقلىرىنى ئىپادىلەشكە ماھىر. بۇنداق
ماھىرلىق بۇگۈنكى گۈزەللىك ئىستېمالىدا تەڭدىشى ئاسان تې-
پىلمايدىغان ئالاھىدە كوزىرغا ئايلاندى.

يۈز شۇنداق نەرسىكى، ئۇنى قانداق ئاياش ۋە ئىشلىتىش مەسى-
لىسىگە كەلگەندە، زامانىمىزدىكى ھەربىر كىشى بىر پەيلاسوپ يا-
كى جەمئىيەتشۇناستۇر.

تىلەمچى يەنە بۇرۇنقىدەك ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ رومالى ۋە ئەتلەس
تامبىلى قەدىمىي يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئىزناسىنى يالماپ
يۇتۇۋەتكەن زامانىۋى شەھەرگە نىسبەتەن مۇزېيغا ئوخشاپ قالغان-
دى. ئايال بىر تەرجىمىھال ئىدىكى، تىلەمچىلىك ئالدى بىلەن ئۇ
تەۋە قوۋمنىڭ روھىدىن باشلانغانىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالامەت-
لەر بىرقانچە يۈز يىلالار ئىلگىرىكى دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ سۇنۇق
شولىسى ئىدى. بۇ شولا بۇگۈنكى دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ مېڭىنى
يەيدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە تەمتىرىمەكتە.

بىر مىنىبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى. كۆتەك كەش كىيگەن
20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز مىنىبۇستىن چۈشتى. قىز كەش-
نى پايپاقسىزلا كىيىۋالغان بولۇپ، خېنىلىق تىرناقلىرى ماش رەڭ

كۆتەك كەش ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېنىگە چاپلىشىپ تۇرغان كالتە يەڭلىك مايكىسىنىڭ بەل ئۇچى پادىچى ئىشتىنىنىڭ بېلى بىلەن تېگىشمىگەن بولۇپ، قورساق تېرىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. زىلۋا قىز يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن تىلەمچى ئايالنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى قەدەم رىتىمىغا تەڭكەش ھالدا يېرىم يالىڭاچ مۈرىسىدە ئەركىلەيتتى...

تۇرمۇش ھاياتى كۆچكە تولغان ئادەملەرگە مەنسۇپ، تۇرمۇش ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئۇنى كۆزەتكەن ئادەملەرگە مەنسۇپ. تىلەمچى ئايالنىڭ تۇرقى بىلەن مودا قىزنىڭ قىياپىتى بىزنى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتىمىزدىكى ئورنى ھەققىدە ھەم يۇمۇرلۇق، ھەم مۇڭلۇق تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ.

ئىككىلىسى ئايال زاتى، ئىككىلىسى بىر مىللەتنىڭ پۇشتى، ئىككىلىسى بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەت ئالامەتلىرىدە زور پەرق بار. بۇ ئالامەتلەر كونكرېت ماددىي ئالامەتلەر تەرىقىسىدە كۆزگە چېلىقسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ روھى ھەققىدە خاتاسىز ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز.

تىلەمچى ئايالنىڭ يۈزىدىكى تور رومال مىللىي مەدەنىيلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆپ قاتلاملىق مەنىنى ئىشارەتلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا ھايا، ئىپپەت، نومۇس، قوغدىنىش، مەككارلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار. گەپ ئۇنى قايسى نۇقتىدىن كۆزىتىپ باھالاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مانا بۇ ئەھۋال باشقىچە زامانىۋىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كۆپ قانلىق شالغۇتلىشىشىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇيغۇر مىللىي پسىخكىسىدا ئاياللىق غۇرۇرنىڭ قورغانى بولمىش ھايا زامانىۋى مەدەنىيەت كەلكۈنلىرىنىڭ شىددىتى ئارقىسىدا ئاستا - ئاستا غۇلاپ، ئاياللارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى زىننەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھالەت شەھەرلەردە ئېنىق ئايان بولدى. بىز ئەسلىدە دۇنياۋى ھەم زامانىۋى مەدەنىيەت بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك ئەنئەنى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



لىرىمىزنى زامان رەپتارى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان تەركىبلەرگە ئايلاندۇرالىمىدۇق. بىزنىڭ سالام ــ سەھەتلىرىمىز، ئىبارىلىمىز، يەپ ــ ئىچىشلىرىمىز، باردى ــ كەلدىلىرىمىز، توي ــ تۆكۈنلىردىمىز بارا ــ بارا ئەسلىدىكى ئىنسانىيلىق ۋە ئىلاھىيلىق تۈسىنى يوقىتىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئاڭ، كۈچلۈك ئىستېمال خاھىشلىرى بىلەن سۇغىرىلدى. ئاياللىق گۈزەللىك بۈگۈنكى كۈندە شائىرلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەسلىك ئەمەس، بەلكى خىزمەت، سودا ــ مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كاتالىزاتورغا ئايلاندى.

بىز تىلەمچى ئايالنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن مودا قىزنىڭ ئەپتىدىن بىر خىل تەشەببۇسكارلىقنى كۆرىمىز. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئىنتىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئورگانلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرغان، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى ئۆز ئىگىسىگە سەزدۇرمىگەن ھالدا تالاي كۆزنى ئوۋلاپ ماڭىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، قىز ئۆز قوراللىرىنىڭ ئوت كۈچىنى راسا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ۋە ئىپپەت ئىستېمال بۇيۇمىغا ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن ۋاستىدۇر. ئۇ بۇ ۋاستە ئارقىلىق، ئەرلەردىكى پۇل، ھوقۇق، نام ــ شەرەپ ۋە ئىمتىيازلارنى ئىستېمال قىلىدۇ.

مۇئەييەن ئاڭ فورمىسىنىڭ كىشىلەرنى ئۆزگەرتىش ھەم تەربىيەلەش رولى بولىدۇ. ئىستېمالنى نېگىز قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە تاۋار بىلەن ئىستېمال شەكلى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان بولدى. ھاراق ئىستېمالىنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئۆزگەرتىشلىرى بىرقانچە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاقارتىشلىرىنى بېسىپ كەتتى. ھەر خىل ئېلان ــ سەنئەت (داۋراڭلار) كۆرۈنۈشلىرى، تورت، دىسكو قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ياشلار قەلبىگە ئېلىپ كەلگەن زىلزىلىسىگە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ قادىر بولمايدىغان بولۇپ قالدى. چوڭ شەھەرلەرنىڭ رىقابەتلىك جىددىي تۇرمۇشى ئۆز ئارامگاھلىرىنى ئا-

ياللارنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان خۇش پۇراقلار بىلەن بېزەيدىغان بولدى. ھارغىن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىرەر ۋىجدان خارابىسىنى كۆرگەندە ئازابلىنىدىغان سەزگۈلەر ئاستا - ئاستا ئۆلۈپ، بىر تە-رەپلىمە ئىستېمال خۇمارى ئۇنۇپ چىقىشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى قىممەت قارىشى يېڭى كىرگەن ئىستېمال ئادەتلىرى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىپ، بىر يەرگە باراي دەپ قالدى.

فولكلور تەتقىقاتچىلىرىغا بىر بېشارەتكى، شەھەرلىرىمىزدە يېڭى بىر ئاممىۋى مەدەنىيەت باش كۆتۈردى، كىيىم - كېچەك پا-سونلىرىمىز ھەم يېمەك - ئىچمەك يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى ئاللىبۇرۇن يۈز بەرگەن پىسخىكا ئۆزگىرىشلىرىمىزدىن دېرەك بەردى. بىز ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا بىر ئىستېمال دەۋرىگە سۆ-رەپ ئەكىرىلدۇق. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان تېرمىنلارنىڭ ئىچىگە ئىقتىسادىي سىستېمىلارغا ئائىت لۇغەتلەر-مۇ كىرىشى لازىمدەك تۇرىدۇ.

شۇ تاپتا ئاممىۋى تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىز زىيالىيلارنىڭ تە-پەككۇر سۈرئىتىدىن خېلىلا ئۆزاقلاپ كەتتى. ئەسلىدە تەپەككۇر-نىڭ سۈرئىتى تېزرەك بولۇشى كېرەككىغۇ؟ كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋاللارنى بىز نېمە دەپ چۈشەندۈرسەك بولار؟

2001 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىزگە قانداق ئانىلار كېرەك؟

«ئانا» — ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئۇقۇم ئەمەس. «ئانا» — ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بارلىق كېلىپ چىقىشنىڭ سىمۋولى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئانىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ ۋە ئانىغا باغلانغان ھالدا ياشايدۇ، ئاخىر يەنە ئانىغا قايتىدۇ. دېمەك، مەۋجۇدات ئانىدىن تۇغۇلىدۇ، ئانىدا ياشايدۇ، ئانىغا قايتىدۇ. ئانا مەنە بۇلىقى، ئۇيغۇرلار دۇنيا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى «ئانا» ئۇقۇمىدىن خالىي ھالدا ئېلىپ بارالمايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئانا — ئالەم، ئانا — بىلىم ۋە تەپەككۇرغا سەلتەنەت بېغىشلايدىغان مۇقەددەس سۇبىستانسىيە. مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد ۋە تەپەككۇر تارىخىنى «ئانا» ئۇقۇمىدىن مۇستەسنا ھالدا يورۇتقىلى بولمايدۇ ھەم يازغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار «ئانا»نى مەركەز قىلىپ، بىر ئائىلىنىڭ شەجەرىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ھەتتا «ئانا» نى سۇپەت قىلىپ پۈتۈن بىر ۋەتەننىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىقىدۇ. ئاتا — ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ كىندىكى.

«ئانا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنە قاتلىمى مۇنداق بولسا كېرەك: ئانا — ھاياتنىڭ كېيىنكى ھالقىلىرىنى تۇغقۇچى. بۇ جەھەتتە «ئانا» ئۇقۇمى بارچە شەيئىگە ئورتاق بولۇپ، بىر تۈپ ياۋا ئوتمۇ ئانا، ئۇمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ كېيىنكى نەسلىنى يېتىلدۈرىدۇ. مېكىيانمۇ ئانا، ئۇمۇ چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاپقان - تەرگەنلىرىنى شۇلارغا بېرىدۇ. بىزدىمۇ «ئانا» ئۇقۇمىنى پەقەت «تۇغۇپ قويغۇچىدىنلا ئىبارەت» دەپ چۈشىنىدىغانلار تالاي. بۇنى بىز بىيولوگىيىلىك ئانىلىق، دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىنسان بۇنداق

ئانىلىق بىلەن «ئىنسان» بولۇش شەرىپىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. «ئانا» يەنە مېھىر - مۇھەببەت تۇپرىقى ياكى ئۈن - تىنسىز بەدەل، بۇ يەنىلا ھەممە مىللەتتە ئورتاق. ئەگەر تەڭرى ئىنسانلارغا «مېھىر» دىن ئىبارەت بۇ گۈزەل تەبىئەتنى بەرمىگەن بولسا، ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تۈگىمەس جەبىر - جاپاسى تۈپەيلى ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتى. ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرى ئالدىدا دەل مۇھەببەت تۈپەيلى ئۆمۈرلۈك مالاي. مۇھەببەت بىر خىل مالايلىققا شۇنداق قىممەت ئاتا قىلغانكى، ئانا دەل مۇھەببەت ئارقىلىق تۆلىگەن بەدەللىرىنى ئۇلۇغۋار مەنىگە ئېرىشتۈرەلىگەن. ئەگەر دۇنيادا ئانا مېھرىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي مۇھەببەت بولمىسا، دۇنيا قاباھەت بىلەن تولغان كوھقاپقا ئايلانغان بولاتتى. شۇنىڭدەك ئانا مېھرىدىن بەھرىمەن بولمىغان پەرزەنتمۇ باغرى تاش جىنايەت ماشىنىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئانا» ئۇقۇمى ئەنە شۇ مۇھەببەت باسقۇچىدا ئەللەيلىنىپ ياشايدۇ، ئۇلار ئانىلارنىڭ مېھىرلىك قىياپەتلىرىنى، ئاق كۆڭۈللۈكلىرىنى، بەرگەن قۇربانلىرىنى، پەرزەنت ئالدىدىكى پەيۋەندىلىكلىرىنى، ھازا ئىچىدىكى مىسكىن ئۆلۈمىنى ناخشا - قوشاقلارغا ئايلاندۇرۇپ، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىغا ئېلىپ چىقىشتى، MTV قىلىپ ئىشلەپ بازارغا سېلىشتى. لېكىن ئانىلىقنىڭ تېگى - تەكتى ۋە پەرزەنتلىك مەسئۇلىيىتى ھەققىدە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولمىش پاراسەتلەرنى ئىشلەپ چىقالمىدى. بۈگۈنكى شائىرلار ئانا ھەققىدە ئەڭ كۆپ يازدى، ناخشىچىلارمۇ ئانا ھەققىدە ئەڭ كۆپ كۈيلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئانىنىڭ شەپقىتىگە بېقىنىدى بولۇپ كەتكەن مىشچان ئەۋلادلارنىڭ قەلب ساداسى. ئۇنداقتا، بۇنداق بېلى بوش ئەۋلادلار نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ بۇ يەنىلا مېھىر - شەپقەتتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدىغان ساددا، ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلارنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئانىلار ئەرلىرى ۋە ئوغۇللىرىنى جەڭگاھقا ئۇزىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋېتىپ، ئىپتىخار قىلىشاتتى، ئۇلار ئەرلىرى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ شېھىت بولغىنىنى ئاڭلىغىنىدا كۆزلىرىنى «مىت» قىلمايتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشاتتى. هازىرقى كۆپىنچە ئانا بولىسا بالىلىرىنى يىراق بىر شەھەردىكى ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقانلىرىدا، ئۆرتىنىپ يىغلاپ كېتىشىدۇ. قارىغۇلارچە مېھىر - شەپقەت ــ بولۇمسىز ئەۋلادلارنى يېتىشتۇرىدىغان بۆشۈك. ئۇيغۇرلارنى دۇنيا قارىشى تەسەۋۋۇپ بىلەن سۇغىرىلغان خەلق. ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ - كىچىك ساھەلىرىگە نەزەر سالساق، بۇ خەلقنىڭ تەسەۋۋۇپ روھىنى ئاممىۋى مىقياستا كېڭەيتىۋەتكەن خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. جۈملىدىن، ئۇيغۇرلاردىكى «ئانا» ئۇقۇمىمۇ تەسەۋۋۇپ خاھىشىدا راسا پىشۇرۇلغان. بۇ هال مەشرەپ شېئىرلىرىدا بىرقەدەر روشەن ئەكس ئېتىدۇ:

«ئانا رازى، خۇدا رازى، مۇھەممەد مۇستاپا رازى».

دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاتالمىش ئانىلارنىڭ ھەممىسىنى رازى قىلىسىلا خۇدا رازى بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى چۈشەنگەن ۋە ئىجرا قىلغان ئانىلارنى رازى قىلغاندىلا، ئاندىن خۇدا رازى. مەشرەپنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. ئەمما، بۇ پىرىنسىپ شېئىرلاشتۇرۇلۇپ ئېيتىلغاچقا، قويۇق ھېسسىيات تۇسىگە ئىگە. پىرىنسىپلارنى ھېسسىياتلاشتۇرۇش شېئىرىي مىللەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. تەسەۋۋۇپمۇ ماھىيەتتە شېئىرىي قايناق. كۆيۈم ــ ئانىلاردىكى ئىنسانىي سۆيۈنىڭ يارقىن بىر ئىپادىسى. ئەمما بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار «ئانا»لىقنىڭ ئۆلچىمىنى «كۆيۈم» بىلەنلا چەكلىگەن ۋە شۇ دائىرىدە تەلقىن قىلغان.

«ئانا» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۈچىنچى بىر مەنىسىمۇ بار، بۇنى ئانىلىقنىڭ تاكامۇل ئىپادىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئانىلىق پەرزەنتكە بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلىگەندىلا، پېداگوگىك مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئانا ئۆز پەرزەنتىگە مەلۇم بىر ئېتىقادنى چۈشەندۈرەلىگەندە ۋە قوبۇل قىلدۇرالىغاندا، ئۇلارغا

كۆيۈنگەندە، ئېتىقادنى پىرىنسىپ قىلالىغاندا، ئۇلارنى جازالىغانىدىمۇ ئېتىقادنى مىزان قىلالىغاندا، بۇنداق ئانا ئۆزىدىكى ئانىلىق تەبىئەتنى مۇقەددەس پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ. بۇنداق چاغدا ئانا ئۆزىدىكى ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەسلىكنىڭمۇ ئەلچىسىگە ئايلانغان بولىدۇ.

ھېكايەت: بىر ئايالنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ يىراق بىر شەھەرگە كېتىپتۇ، بۇ ئارىدا ئۇنىڭ ۋەتىنى ياۋلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپتۇ، ئايال ئۆز ئوغلىنىڭ دېرىكىنى قىلسا، ئوغلىنىڭ سودا قىلىپ يۈرگىنى مەلۇم بوپتۇ. غەزەپلەنگەن ئانا ئوغلىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ھېچبىر ئىككىلەنمەي ئوغلىنى قەتل قىپتۇ. كېيىن ئۇقسا، ئوغلى ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا سودا قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن ئۆكۈنگەن ئانا ئوغلىنىڭ روھىغا دۇئا قىپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئاپتۇ. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ياۋغا تەسلىم بولۇپ، ئۇلارغا مالايلىق قىلغان ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن قەتل قىلغان بىر ئانا تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق تېما ھەربىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئانا بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز پەرزەنتىنى تولىمۇ سۆيىدۇ، دۇنيادا بالىسىنى سۆيمەيدىغان ئانا بولمىسا كېرەك. لېكىن، بۇ سۆيگۈنى شەخسىيەتتىن ھالقىغان ئالىيجاناب سۆيگۈگە ئايلاندۇرغان ئانىلار ھەممە يەردە ئۇچراۋەرمەيدۇ.

تۇمارىس ــ ئانىلىق پەزىلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تارىخىي ئانىلارنىڭ بىرى. كەيخىسراۋ ماساگىتلارنىڭ ۋەتىنىگە بېسىپ كىرگەندە، تۇمارىس ئوغلىنى جەڭگە ئەۋەتىدۇ، ئارقىسىدىن ئۆزى بېرىپ كەيخىسراۋنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش بىلەن ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. بۇنداق ھەيۋەتلىك سىمالارنى بۈگۈنكى دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك روھنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئانىلاردا باتۇرلۇق بولۇش بىلەن بىللە، زامانغا لايىق پاراسەت، ئەخلاقىي چىركىنلىككە قارشى تەقۋالىق بولۇشى كېرەك بولماقتا.

ئۇيغۇرلاردا «بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن» دېگەن گەپ بار. ۋاپاسىز باللار ــ ئانىلىقنى نوقۇل كۆيۈنۈش دەپ چۈشەنگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ قېشىدا ئۈنگەن شۇمبۇيا.

ئاددىي ئانىلار ۋە مەشھۇر ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئانا. ئانىنىڭ ئاد-دىيلىقىدا بەزىدە ئالەمچە ھېكمەت بولىدۇ. ئەسلىدە ئانىلارنىڭ بىر تامچە سۈت ھەققى ئۆمۈرلۈك ۋاپاغا ئەرزىيدۇ. لېكىن بارلىق سۈت ئەمگۈچىنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىنسانلارلا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش بىلەن تەربىيەلەشنى بىلىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ جا-پاسى ۋە شان ـ شەرىپى. شۇنداق بولغاچقىلا، ئانىلىق ــ سۈت بې-رىش ۋە مېھىر ئاتا قىلىشلا ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلەرنى خاتىر-جەمسىز مۇھىتتا تېز پۈكمەي ياشىيالايدىغان قىلىش.

بالىلىرىمىز مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلار ئۈستۈنلۈك تالى-شىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق مۇھىتتا بىزگە مېھىر ـ شەپقەتنى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان ئانىلار ئەمەس، بەل-كى ئۇنى يۈكسەك ئېتىقاد ئىستراتېگىيەسىگە ئايلاندۇرغان ئانىلار كېرەك.

ئانا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مەڭگۈ قەرزدار.

2004 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

# قاراماي ۋە قاراماي‌لىقلار

شەھەرنى ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ ئۆزى بىنا قىلىدۇ، ئىنسان پە-
قەتلا ئۇنى بايقايدۇ. بىر شەھەرنىڭ تەبىئەت جەھەتتىكى ياشاش ۋە
گۈللىنىش شارائىتى ھازىرلانماي تۇرۇپ، ئىنسان ھەرقانچە سۇب-
يېكتىپلىق قىلغان بىلەنمۇ شەھەرنىڭ ئىشەنچلىك ئىستىقبالىدىن
گەپ ئېچىش قىيىن. ئىنسان ھامان ئۆزىنىڭ ياشاش ئېھتىياجىنى
چەكلىك بىر ماكان ئىچىدە ئوڭۇشلۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ
يەنە ئۆزى تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ماكاندىن ھالقىپ تۇرۇپ كەم -
كوتا يەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تولۇقلاشقا تىرىشىدۇ. تە-
بىئەت ماكانىنىڭ ئۈزۈكسىز كېڭىيىش قانۇنى بولىدۇ، بىلىش ئۇ-
نى مۇئەييەن دائىرىگە پارچىلايدۇ. بىر دائىرىگە ماس كەلگەن بى-
لىش قىممىتى يەنە بىر دائىرىگە ئائىت بىلىشتىن يىپ ئۇچى بې-
رىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماكانلار ئارا ئىنكارلىق ھەم ئىنتىزارلىق بى-
لىش ھالقىلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ، بىلىش مەنتىقىسىنى چەكسىز
زەنجىرلىق قانۇنىغا ئېرىشتۈرىدۇ. نيۇتون بىلەن ئېينىشتېيىننىڭ
نەزەرىيەلىرى ناھايىتى ئوبدان مىسال. ئىقلىملار ئارا بىر - بىرى-
گە ئوخشىماسلىق ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلاش، تەخىرسىز-
لەش ھالەتلىرى كۆز ئالدىمىزدىكى ئوچۇق ھەقىقەتتۇر. بۇ ھەقىقەت
دۇنيانىڭ ھاياتلىق ئېكولوگىيەسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان.
بىر مۇھىتتىكى ئادەمنىڭ يەنە بىر مۇھىتقا كېڭىيىشى دەل ئېھ-
تىياج قاندۇرۇش ئارزۇسىنىڭ روياپقا چىقىشى بولۇپ، ئۇنىڭ
توختاملىق، باراۋەر ئىشقا ئېشىشى قانۇنلۇق كېڭىيىش پائالىيە-
تىنى تۇغىدۇ. توختامسىز ھەم باراۋەرسىز كېڭىيىش ئىنسانلار تا-
رىخىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز قانخورلۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ سە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەبتىن ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئىجتىمائىي كېلىشىم (ئەھد) كېلىپ چىققان. بۇگۈنكى خەلقئارا قانۇنلار ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ راۋاجىدىن ئىبارەت.

ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى داۋىد پاپىنو: «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغان ئاشلىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، شەھەر پەيدا بولىدۇ» دېگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شەھەر بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى شەھەردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ چاغلاردىكى شەھەر ئىستىخىيەلىك بىر بازار، بۇ بازار مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك نۇقتىسىدىن تاللىنىدۇ. يەنە بەزى جەمئىيەتشۇناسلار شەھەرنى ئىبادەتخانا نۇقتىسىدىن شەرھلەپ: شەھەرنى ئىلاھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك، دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى ئاۋات مەككە شەھىرىنى كەبىگە بولغان تاۋاپ قىلىشنىڭ تۈرتكىسىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. قەدىمكى ئافېنا ۋە رىم شەھەرلىرى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ سودا ۋە ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك تەبىئەت تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەقلىگە بېرىلگەن ۋەھىي، بۇ ۋەھىينى كىم ئوبدان چۈشەنسە، ئۇ ئەنە شۇ ئەۋزەللىكنىڭ تەشەببۇسكار غوجايىنىغا ئايلىنىدۇ.

دەريا ۋە ئېقىنلار، كۆللەر ۋە دېڭىزلار، تاغلار ۋە ئويمانلار تارىختىكى سان ـ ساناقسىز شەھەرنىڭ مۇھىم شەرتلىرى بولغان. دەريا قىنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى شەھەرلەرنىڭ يۈتكىلىشىنى بەلگىلىگەن. قەدىمكى شەھەر قەشقەر دەل ئۆز ۋۇجۇدىدىكى دەريا بىلەن قىسمەتداش. كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى بىلىملىرى ئاۋۇغانسېرى، شەھەر بەرپا قىلىشتا تەبىئەتكە بولغان بېقىندىلىق بىۋاسىتىلىكتىن ۋاسىتىلىككە كۆچتى. كىشىلەر يەر ئاستىدىكى سۇلارنى قازالايدىغان بولدى، چۆللەردىمۇ يېپيېڭى شەھەرلەر قەد كۆتۈرىدىغان بولدى. «يېڭى گۈللەنمە شەھەرلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە ئەسلىدىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئامىلى

ۋە مۇھىت ئامىلىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ داۋىد پاپىنو، — ئەڭ تىپىك بولغىنى چوڭ شەھەرلەر ئادەتتە قاتناش سەرپىياتى تۆۋەن جايلارغا ئورۇنلاشقان. مەسىلەن، دېڭىز بويلىرى، دەريا، قاناللار ۋە تەبىئىي بايلىق رايونلىرى.»

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يېڭى ئېچىلغان ۋە گۈللەنگەن شەھەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. قاراماي شەھىرى ئەنە شۇنداق شەھەرلەرنىڭ بىرى. قاراماي شەھىرى دىيارىمىزدىكى باشقا ئەنئەنىۋى شەھەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەزكۇر شەھەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدا تەبىئىي بايلىقنىڭ تۈرتكىلىك رولى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. تارىخ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكىنى كېڭەيتىشكە بولغان ئۇرۇنۇشىنىڭ مەھسۇلى. ھاياتلىق چەمبىرىكى ئەقىل ۋە ۋاسىتىنى ئوڭ تاناسىپ قىلغان ھالدا كېڭىيىدۇ. بىز ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ماكانىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىنى چۈشەنگەنسېرى ھەم ئىگىلىگەنسېرى پائالىيەت دائىرىمىز شۇنچە كېڭىيىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پىلانېتالارغا يۈزلىنىۋاتقان كىشىلەر بىلەن كېۋەزلىكتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق چەمبىرىكى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ.

قاراماي يېڭى جۇڭگونىڭ روناق تېپىشىدا ئۆزىگە خاس تۆھپە ياراتقان شەھەر. قايسىدۇر بۇ چوڭ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا كېتىۋاتقان چىرايلىق بىر پىكاپىنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتقان ئىستا قارامايىنىڭ كۈچى يوق دەپ كېسىپ ئېيتالامدۇق؟ بىزدىكى زامانىۋىلىق ئۇقۇمى كۆپ ھالدا سانائەت بىلەن مەنىداش بولۇپ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، سانائەت ئىنسان كۈچىنى ۋاسىتىلەشتۈرۈش دېگەن گەپ بولىدۇ. ۋاستە كۈچنى مەنبە قىلىدۇ ھەم كۈچنى زورايتىدۇ. روشەنكى، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ سانائەتلىشىشى مۇقەررەر ھالدا تەبىئەتنىڭ قويىنىدىكى ئېنېرگىيەگە تايىنىدۇ. كىشىلەر بىر خىل ئېنېرگىيەدىن يەنە بىر خىل ئېنېرگىيەنى ھاسىل قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارقىلىق ئۆزىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. قاراماي سانائەتنىڭ قان ئىسكىلاتىغا ئۈزۈكسىز قان بېرىپ كەلگەن يېڭى شەھەر سۈپىتىدە چىڭگىز تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى يايلاقتا قەد كۆتۈردى. «قاراماي» «نېفىت» دېگەن سۆزنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى. ئۇيغۇرلار نېفىتنى «يەر يېغى» دەپمۇ ئاتايدۇ. «قاراماي» دېگەن ئىسىم مەزكۇر شەھەرنى نېفىتنى مەركەز قىلغان ئىگىلىك تارىخىنىڭ تۇنجى قەدىمىگە ۋە ئاداققى قەدىمىگە سىڭىپ كەتكەن گۈزەل سۆز. ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، «قاراماي» دېگەن سۆز بۇ خىسلەتلىك دىيارنىڭ تەرجىمىھالىنى مەلۇم جەھەتتىن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان قىممەتكە ئىگە. بۇ شەھەر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تەرەققىياتنى بېسىپ ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمى سۈپىتىدە ئەقىلگە ئىشارە بېرىدۇ. ئىنساننىڭ دىققىتى يەتكەن ھەربىر بوشلۇق مۇئەييەن ئاڭ بىلەن سىغدىلىدۇ، ئىنسان ئۆز زېھنى يەتكەن ھەربىر بوشلۇققا ئۆز قىممىتىنى يۈكلەيدۇ. قىممەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ بوشلۇقنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قاراماي كۆلەملەشكەن نېفىت سانائىتىنىڭ ئېھتىياجى ئارقىسىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. بۇ يەردە ئەنئەنە ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ئانچە قېنىق ئەمەس. شەھەر كوچىلىرى ۋە بىنالارنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى بۇ شەھەرنى مەمۇرىي جەھەتتىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەرنى روشەن دەرىجىدە ئاشكارىلايدۇ. قاراماينى تىپىك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەيكىلى دېگەندىن كۆرە، بيۇروكراتىك (科层的) نېفىت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ماددىي چېرتيوژى دېگەن تۈزۈك. بۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئاۋام مەدەنىيەت كۈچىنىڭ ئىستىخىيەلىك رولى بويىچە ئەمەس، بەلكى نېفىت باشقۇرۇش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ مۇكەممەل پىلانى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. كوچىلار پىلانلاشقان، كۇلۇبلار، مەسچىتلەر ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرى پىلانلاشقان.

مەمۇرىيەت ئورگان بىناسىدىن تارتىپ ئۇلتۇراق ئۆيلەرگە قەدەر پىلانلاشقان، شەھەرنى بويلاپ ئاققان قانال ۋە ئۇنىڭدىكى كۆۋرۈكلەر پىلانلاشقان، دىنىي زاتلارغا يەتكۈزۈلىدىغان پاراۋانلىق پىلانلاشقان، قوللىنىلىدىغان تىل ئايرىمىسىنىڭ دائىرىسى ۋە مەمۇرىي كاپالىتى پىلانلاشقان؛ دېمەك، قاراماي شەھىرى پىلان ئىچىدە لايىھەلەنگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان تىپىك ھازىرقى زامان شەھىرى. بۇ يەردىكى مىللەتلەر خۇسۇسىي تۇرمۇش جەھەتتىن ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئاممىۋى تۇرمۇش يېقىدىن ئېيتقاندا، جۇڭخۇاچە ئومۇملۇقنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇرىدۇ. كوچا ۋە بىنالارنىڭ ئۇسلۇبى، ئاممىۋى مۇناسىۋەت يوسۇنلىرى يەنىلا نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

ھەربىر شەھەرلىشىش ئېقىنىدىكى ئالاھىدە بىر دولقۇن. شەھەرلىشىش يېزىدىكى نوپۇسلارنىڭ شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ، شەھەر مەشغۇلاتىدىكى تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ جانلىق دېتاللىرىغا ئايلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق دولقۇننىڭ ئىزچىل قاتلىنىشى نەتىجىسىدە ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېڭىدا ئۆزئارا سىڭىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. ئوخشىمىغان مىللەت ئاھالىلىرىدا بولسا مەدەنىيەت جەھەتتىن شالغۇتلىشىش ۋە بىر قۇتۇپلۇق سىڭىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. قارامايدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكى رايونلاردىن يۆتكەپ ئەكېلىنگەن. قاراماي شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت سانائىتى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر مىللەتتىن بولغان تىرىك شاھىتلىرىنى ھازىرمۇ كۆپلەپ تاپالايمىز. ئۇلار قاراماي شەھىرىنىڭ بەرپا بولۇشى جەريانىدىكى نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ھېكايىلەر پەقەت مۇشۇ ماكان بىلەن باغلانغان تۇيغۇ - تەسىرات سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆچمەن كىشىلەرنىڭ روھىدىكى ئۆزگىچە ئەنئەنە بولۇپ قالىدۇ. قارامايدىكى ئۇيغۇر ئاممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى تەۋەككۈلچى سىلىم بوۋاينى نېفىتنى بايقاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا تۇنجى قەدەمنى ئالغۇچى سۆيۈملۈك ئوبراز سۈپىتىدە ھېلىھەم داستان قىلىشىدۇ. سىلىم بوۋاي بۈگۈنكى ھەر مىللەت قاراماي ئاممىسىنىڭ نەزىرىدە نېفىت چارلىغۇچىلارنىڭ توتېمى بولۇپ قالدى. مەرھۇم ۋارىسجان تۇردىمۇ ھەم شۇنداق. قاراماي تۇرمۇشىنى كۆپرەك يازىدىغان يازغۇچى ئارسلان تالىپ «كىروران ھەققىدە يېڭى رىۋايەت» ناملىق رومانىدا ۋارىسجاننىڭ ئوبرازىنى باشقا ئېگىلىك ياراتقۇچى كىشىلەر بىلەن سىڭدۈرۈپ يازىدۇ. بىر خىل مەدەنىيەت ئەھلى باشقا مەدەنىيەت ئەھلى بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغاندىمۇ يەنىلا ئۆزىنى چوڭ قىلغان ئەسلىدىكى مەدەنىيەت مۇھىتى پەيدا قىلغان گەپ بويىچە ياشاشقا ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. يېڭى ماكان تۇيغۇسى مەدەنىيەت گىنىغا ماس كەلگەن شارائىتتا، كىشىنىڭ ئىجادىيەت تۇيغۇسى ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشقا ئۆتىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ماسلىشىش ئىنكاس پەيتى تۇرۇپ قالىدۇ، باشقا مەدەنىيەت گېنلىرى تەرىپىدىن تەدرىجىي ئۆزلەشتۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بىر كونكرېت زامان نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ياشايمىز. ئۆتمۈش ھەققىدىكى خاتىرىلىرىمىز، كەلگۈسى ھەققىدىكى غايىلىرىمىز بەرىبىر ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى بولۇپ، بۇ كەلگۈسىدىكى بوشلۇقنى قانداق ئېگىلەش مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقانداق مەدەنىيەتتە ماسلىشىش ئىقتىدارى بولىدۇ. بۇ خىل ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشى ئاشۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۈگۈنكى قاراماي ئۇيغۇرلىرى سەھرا جەمئىيىتىنىڭ پۇقرالىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ روھى سەھراغا خاس ساددىلىق، كەڭ قورساقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، تۇغقاندارچىلىق، يۇرتداشچىلىق، ئەنئەنە، ئىلاھىيەت بىلەن تەركىبلەنگەن. سەھرا

جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بولۇشى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بېكىنمە قىممەت قارىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋەتكەن بولغاچ-قا، ئىنسان قەلبىدىن ئالغان ئورنىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك تۇيغۇ ئورتاقلىقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇ-بىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلىرى ھەم كادىرلىرىنى بىر تىپتىكى مەدەنىيەت توپلىمىغا دەرھاللا جەم قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار نىسپىي بەرپا قىلىنىدىغان ئايرىم يۇرت ھېسسىياتلىرىدىن ئاسانلىقچە قۇ-تۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. قارامايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلار ۋە باللار بولسا قارامايىنىڭ ئۆزىگە خاس ماكان تۇيغۇسىغا ئىگە. قارامايدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلەپ بې-رىشىچە، 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدا قارامايغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ بىر قىسمى ئەنئەنىگە ئوخشاپ كەتمەيدىغان يېڭىچە تۇرمۇش مۇھىتىغا كۆنەلمەي قايتىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نۇرغۇن ئىدىيەۋى تەربىيە نەتىجى-سىدە تۇتۇپ قېلىنغان. مانا بۇ تىپىك ھادىسىدىن ئۇيغۇر قىشلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچىگە قۇرۇلۇش خۇسۇسىيىتىنى ئېنىق كۆ-رۈۋالغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ ئاددىي ھادىسە ئەمەس، ئۇنىڭدا بىز دەرھال يېتەلمىگەن يوشۇرۇن قاتلاملار بولىدۇ، بۇ پە-قەت باشقا بىر مەدەنىيەت بىلەن يۈزتۇرا رىقابەتكە چۈشكەندىلا مە-لۇم بولىدۇ. قاراماي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەدەنىيەت ئا-مىللىرى جۇغراپىيەلىك مۇھىت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى سى-ياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت نۇقتىسىدىن يېڭى سىناققا دۇچ كەل-دى. يېرىم ئەسىردەك داۋاملاشقان سىناق جەريانىدا بۇ يەرلىك مە-دەنىيەت جۇڭخۇاچە ئۆزلىشىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىيىتىنى نا-مايان قىلدى ۋە قىلماقتا. قاراماي ئۇيغۇرلىرى (مايتاغ، شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكى، پوسكام نېفىتلىكى ئاھالىلىرىمۇ بار) بىزنىڭ سانائەت مۇھىتىدىكى بىرقەدەر مۇنتىزىملاشقان ئىشچىلار قاتلى-مىمىزنى ھاسىل قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ئەجداد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى پېكىتى www.uyghurkitap.com



لىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا مۇقىم ئىنتىزام ۋە تەرتىپىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىكىدە ھەم ئۆيىدىكى ئۇستەلدە سائەت بار، ئۇلار بەلگىلەنگەن بىرتۇتاش ۋاقىت بويىچە ئىشقا چىقىدۇ ۋە ئىشتىن چۈشىدۇ. سائەتنىڭ بەلگىلەنگەن توچ-كىسى ئۇلار ئۈچۈن بۇيرۇق مەنىسىگە ئىگە. ئۇلار ئاساسەن دېگۈ-دەك ھەممە پەسىلدە بىردەك رىتىمدا ئىشلەيدۇ. بەلگىلەنگەن بىرەر كۇلۇب، مەجلىسخانا ياكى رېستوران ئۇلارنى جامائەتلەشتۈرىدۇ. خوتەن ياكى تۇرپان سەھرالىرىدىكى بىر دېھقان پەسىلنىڭ خاراك-تېرىگە بېقىنغان ھالدا بەزىدە ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، گۆردىكى ئۆلۈكنىڭ پۇت - قولىنى ئۆتنە ئالغۇدەك بولۇپ كېتىدۇ، بەزىدە بىكارچىلىقتىن مەشرەپ ئوينايدۇ. قارامايدا تۇرمۇش رىتىمى بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىنى ئوخشاش تېزلىك بىلەن قاپلاپ تۇرغان بو-لىدۇ. ئىشچىلار يېرىم ئەسكىرىي ھالەتتە ياشايدۇ، دېھقانلار بولسا تەبىئەتنىڭ خاھىشىغا بويسۇنغان ھالدا قارىماققا ئەركىن، لېكىن يەرگە مىخلانغان ھالدا ياشايدۇ. يېزىدا نەچچە يىل مابەينىدە مەدە-نىيەتنىڭ ئېقىنى تونۇش ئاۋازدا ئېقىپ تۇرىدۇ، تونۇش رىتىم بى-لەن ئەگىپ، تونۇش دولقۇن بىلەن قاينام ھاسىل قىلىدۇ. دېھقانلار بۇنىڭغا ناھايىتى تەبىئىي ماسلىشىدۇ ۋە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. قارا-مايىنىڭ سانائەتلەشكەن ئىش مېخانىزمى ۋە نېفىت كىرىمىدىن كەلگەن نىسبەتەن يۇقىرى مائاش كاپالىتى قاراماي ئۇيغۇرلىرى-نىڭ، بولۇپمۇ ھازىرقى ياشلارنىڭ شوخ، غەمسىز پىسخىكىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ئەنئەنە بىلەن مۇناسىۋىتى ئانچە قويۇق بولمىغان بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى زامانىۋى ئېلېمېنتلارغا باي كۆ-رۈنسىمۇ، مېخانىك رەۋىشتە ئىدى، رەقىبدارلىق ۋە ئىجادكارلىق دې-گەندەك ئەمەس ئىدى. مەدەنىيەتنىڭ سەھراغا خاس ياۋايى قاتلىمى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ تەپكىسىدۇر، لېكىن قارامايدا سەھراچە خاراكتېر قويۇق ئەمەس. بۇ ئەھۋال تۇرمۇشنىڭ بىر خىل رىتىم-دىكى تەكرارىنى ۋە روھىي ھەزىمدىكى قاماشنى كەلتۈرۈپ چىقىد-

ـرىدۇ. زېرىكىش ئەنە شۇنىڭدىن كېلىدۇ. بۇ، تۇرمۇشتىكى ئىمكا-
نىيەت بىلەن بىرلەشكەن ھالدا مەي ۋە ساز خۇمارىنى، قىز ـ ئا-
ياللاردىكى يېپىلغاقلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتە قاراماي ئۇيغۇرلىرى
كەچلىرى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ھەر خىل قورۇمىنى تەي-
يارلاپ سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشنى ياكى رېستورانلاردا كۆڭۈل ئې-
چىشنى ياخشى كۆرىدۇ. گەرچە بۇ ئەھۋال دىيارىمىزنىڭ باشقا
رايونلىرىدا ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملىشىشى، زىچلىقى
ۋە سۈپىتى قاراماينىڭكىگە يەتمەيدۇ. ئۇلار سورۇندىكى باياشاتلىق
ۋە ئاۋادان كۆرۈنۈشتىن لەززەت ئالىدۇ. بىر قېتىملىق قاراماي
سەپىرىمدە قاراماينىڭ مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانىسىنى زىيارەت
قىلىپ كۆرگەنىدىم. قىرائەتخانىدا كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان
بىرەر ئادەمنى كۆرمىدىم، مۇلازىم قىز زېرىككەن قىياپەتتە ئول-
تۇراتتى. ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئەھۋالنىڭ ئاساسەن
شۇنداقلىقىنى ئېيتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كىتابخۇمار ئادەملە-
رىگە بۇنداق شارائىت يوق، لېكىن پاكىز، ياسىداق قىرائەتخانا بىر
خىل چۆلدەرەش ئىچىدە ئۆز سەلتەنىتىنى يوقاتقانىدى. مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام «مەسچىتلەرنىڭ زىنىنىتى جامائەتتە» دېگەنىكەن، بۇ
سۆزنى كۇتۇپخانا ۋە باشقا مەدەنىيەتخانىلارغا تەتبىقلاپ ئېيتساقمۇ
بولىدۇ.

قاراماي ئاھالىسى ئىشچىلار تەبىقىسىز بولۇش سۈپىتى بىلەن
دېھقانلىرىمىزغا نىسبەتەن ئىلغار ھەم ئىنتىلىشچان كەيپىياتنى
نامايان قىلىشى كېرەك. ئىشچىلىقتىن ئىبارەت بۇ سالاھىيەت
خىزمەت مەشغۇلاتىدىلا ئەكس ئېتىپ قالماي، بەلكى مەدەنىيەت
ساپاسىدىمۇ ئەكس ئېتىشى ۋە بۇ ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ
زامانىۋى تىپىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى لازىم ئىدى. دەۋر بۈگۈنكى
قاراماي خەلقىنى ھېلىھەم شۇنداق قىلىشقا چاقىرماقتا.

مەن قاراماي كىشىلىرىدىكى قىزغىنلىقنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن.
قاراماي يىگىتلىرى شوخ، ئەركىن، سېخىي كېلىدۇ. ئۇلار دوستلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن پۇل، ئاشقازان ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. مۇگداشقاق ھەم سىرداشقاق قاراماي يىگىتلىرى دوستلۇقنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيدۇ. جەمئىيەتتىكى چوڭ ـ كىچىك مەسىلىلەر ھەققىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە، كەسىپ ۋە ئىقتىم ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىش كەيپىياتى قاراماي ياشلىرىدا يېقىندىن بېرى قانات يېيىشقا باشلىدى. قاراماي قىزلىرى گۈزەل، سىپتە، خۇشخۇي كېلىدۇ، ئۇلار كۆلگەندە ئۆزىنى قويۇۋېتىپ تولۇق كۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۇمران يۈز مۇسكۇللىرىدا ھاياتتا بولغان روھلۇق ئىنتىلىش ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلاردا كىرىزىس تۇيغۇسى كەمچىل، ئۇلاردا بىرەر نەرسىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ئالڭ يوقتەكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇلاردا تىراگېدىيەلىك روھىي ھالەت، تەشۋىش ۋە تەخىرسىزلىك ئۆزىنى ئالدىراپ كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلار مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدە ئازادە پاراڭلىشىشنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ. قارامايدا ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت تارىخىنى ئۇيلانمايلا سېتىۋەتكەن ياشلار بولدى. مەن يېقىنقى ئىككى يىلدىن بېرى قاراماي قىزلىرىدىن بىر ئاز جىددىيلىكنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇلار كۈلسىمۇ، زىننىقى تولۇق چىقمايدىغان بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. مانا بۇ، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە خىرىسنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

ھازىر جەمئىيەت ئۆزگەرمەكتە، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ سۈرئىتى ھەتتا ئادەمنىڭ قىياسىدىنمۇ تېز بولماقتا. بىز بىر خىل ئۆزگىرىشكە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ بولغۇچە، يەنە بىر خىل ئۆزگىرىشنىڭ دولقۇنى يېتىپ كەلمەكتە. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ئۆزىمىزنىڭ گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقىنى روشەن سەزمەكتىمىز. جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنىڭ شەپىسى. جۇڭگو خەلقئارادىكى بىلىم، تېخنىكا، ئىقتىساد رىقابىتىنىڭ لىنىيەسىگە ھەقىقىي كىرىشكە

باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇتنىڭ ئاپتوماتلىشىشى، كارخانا باشقۇرۇشنىڭ سەرخىللىشىشى جۇڭگودا زور بىر ئىشسىزلىق دول-قۇنىنى پەيدا قىلىدۇ. قاراماي ئىشچىلىرى هازىرقى سەۋىيە بىلەن قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالامدۇ - يوق، نۆۋەت-تىكى رىقابەتتە بىر كىشىلىك جېنىنى باقالامدۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلە ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن تەقدىرگە قادالغان مەسىلىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە قاراماي ئۇيغۇرلىرى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇنداق ئىككى مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ: بىرى، تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ مېڭىش. بۇنىڭ ئۈچۈن تىل مائارىپىغا ھەم ئۇچۇر مۇھىتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىز، ئانا تىلىمىز ۋە نېگىزلىك قىممەت قارىشىمىزنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ماسلىشىش ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي گىددىنس «زامانىۋىلىق ۋە ئۆزلۈك سالاھىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «زامانىۋىلىقنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يامراشچانلىق بىلەن مەقسەتچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپنىڭ ئۆزئارا ئۆزئارا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئۆزئارا ئالمىشىش بازىسىدا تۇرىدۇ. بىرى، يەر شارىلىشىشنىڭ تەسىرى، يەنە بىرى، خۇسۇسىي ساپانىڭ ئۆزگىرىشى». بىز تەرەققىي قىلىشىمىز كېرەك، لېكىن تارىخ سەھنىسىدىن يوقاپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئۆز مەۋجۇتلۇ-قىمىزدىن ئايرىلغان تەرەققىياتنىڭ نېمە مەنىسى بار!؟

قاراماي لىقلار ئۈچۈن نۆۋەتتىكى مۇشكۈل ئىش پەرزەنتلىرىنى مىللىي روھ تەلىپى بويىچە تەربىيەلەش. چۈنكى قاراماي مىللىي مە-دەنىيەت مۇھىتى ئەڭ سۇس شەھەرنىڭ بىرى. شياڭگاڭ ئۇنىۋېرسى-تېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ چىڭخۇي «ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە مائارىپى» («فىلولوگىيە مائارىپى») دېگەن ماقالىسىدە: «پەن - تېخنىكىنىڭ ئۆزىدە قىممەت قارىشى بولمايدۇ» دەپ كېلىپ، مەدەنىيەت بىلىملە-

رى بويىچە تەربىيەنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن. مىللىي ئەخلاق ۋە مىللىي مەدەنىيەت ساپاسى قارامايىنىڭ بوگونكى ياش ئاتا ـ ئانىلىرىدا ھەل بولدىمۇ ـ يوق؟ بۇ، جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان مەسىلە. ئەگەر قاراماي كىشىلىرى بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى ھېس قىلىپ چۈچۈمەيدىكەن، پات ئارىدا تارىخىي شاللاشنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا دىلكەش كۆڭلۈم بىلەن قارامايلىقلاردىن شۇنداق سورىغۇم كېلىدۇ: سىلەر 21 ـ ئەسىردىمۇ بەھۇزۇر كۆلەلەمسىلەر!؟

# «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە مەنۋىيىتىمىز

— بۇ ماقالەم ئارقىلىق بارلىق خەلقچىل مۇھەررىرلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 300 ـ سانغا ئاياغ بېسىپتۇ. ھەربىر مېھنەتنىڭ تالاي پېشۋالىرى قىسمەتكە سىرداش ئىكەنلىكىنى ئۇيلىغىنىمىزدا، بۇ 300 سان ژۇرنالنىڭ قانچىلىغان مۇشەققەت، ئىزتىراپ، تەشۋىش داۋنىمىدىن، قانچىلىغان ئېھتىيات ۋە تەۋەككۇل ھاڭمىدىن ئۆتۈپ، بۇگۈنگە ئۇلاشقانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئوقۇرمەننىڭ كۆزىگە تۇنجى رەت چۈشكەن مۇقاۋا ژۇرنالىست بىلەن سەنئەتكار (لايىھەچى)نىڭ ئىنچىكە باش قاتۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى. ئوقۇرمەن ئۆرۈۋاتقان ھەربىر بەت بىر قېتىملىق قىيىن تاللاش بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن مۇنازىرە، چۈشەندۈرۈش، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، ئۇرۇنۇش، غەم ئارقا كۆرۈنۈشى بار. مەسئۇلىيەتچان ژۇرنالىست ژۇرنالدىكى ھەربىر مەزمۇننى گويا تەقدىر ۋە نېسىۋىسىنى گۆرۈگە قويۇپ تۇرۇپ تاللايدۇ. ئۇنىڭ بىر سان ژۇرنالنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاپ بېكىتىش جەريانى خۇددى «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارقاندىن ئۆتۈشكە ئوخشاش خەتەر ۋە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇ چاغدىكى روھىي بەدەلنى پەقەت مۇھەررىرنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. ياخشى چىققان بىر سان ژۇرنال بەزىدە تىك قىيالارغا قوندۇرۇپ قويۇلغان بىر ـ ئىككى تال ياغاچقا ئوخشاپ قالىدۇ. مەنزىل ئىزدەۋاتقان يولۇچى ئاشۇنىڭغا تايىنىپ كىرىزىستىن ئۆتۈۋالىدۇ. ياخشى چىققان بىر سان ژۇرنال بەزىدە دەھشەتلىك ئېقىننىڭ توغرىسىغا تارتىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارغامچا كەبى كىشىلەرنى ساھىلغا بىخەتەر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ھال-قىلىق پەيتتە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالىغان كىتاب تو-مانلىق كېچىدە غۇۋا كۆرۈنگەن ماياكقا ئوخشاش كىشىلەرنى بالايى-ئاپەتكە شېرىك خاتا يۆنىلىشتىن ساقىت قىلىپ قويىدۇ. ئىمام غەززالىي نەقىل كەلتۈرگەن «ئالىملارنىڭ سىياھ قاچىسى (سى-ياھدان)دىكى سىياھ شېھىتلەرنىڭ قېنىغا ئوخشاش» دېگەن مەنى-دىكى ئەرەب ماقالى دەل خەلقنىڭ غېمىنى زىممىسىگە ئالغان جا-سارەتلىك ئىلىم ئەھلىنىڭ مېھنىتىگە بىلدۈرگەن ھۆرمەتتۇر. جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئىسسىق قان ئالىمنىڭ تەپەككۇرىنى جانلان-دۇرمىغاندا، سىياھ پەقەت سىياھدۇر. سىياھنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرا ئەقىدە ئۈچۈن ئۇرغۇغان قاننى شەرت قىلىدۇ.

ئويلاپ باقسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن بولغان سىرداشلىقىم ئالىي مەكتەپ يىللىرىمدىن باشلانغاندەك قىلىدۇ. بەلكىم، 1986 ـ يىلىنىڭ بېشى بولسا كېرەك، «ئەركە» ناملىق ئىككى كۇپلېتلىق شېئىرىم مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغانىدى. شۇ مەزگىللەردە سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە شىڭگىل ھېكايە (مىكرو ھېكايە) تازا مودا بولۇۋاتاتتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بىر قىسمى ھە دېسىلا ياپونىيە يازغۇچىسى شىڭ شىنىينىڭ شىڭگىل ھېكايىلىرىنىڭ زوقىغا غەرق ئىدى. بەزىلىرىنىڭ قولىدىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر يازغۇچىلىرىنىڭ شىڭگىل ھېكايىلىرىدىن تۈزۈل-گەن «ئاجايىپ سەرگۈزەشتە» ناملىق توپلام چۈشمەيتتى. ئەنۋەر توختى دەپ بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى (ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولغاي)، بىر مەزگىل شىڭگىل ھېكايىلەرنى مەشىق قىلىپ يۈردى. بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق چىققان ھېكايىسىدىن بىرنى ئاقتا كۆچۈرۈپ ماڭا كۆرسەتتى، مەن پىكىر بەردىم. تۈزىتىپ بې-كىتىلگەن نۇسخىسىنى مەسلىھەتلىشىپ يۈرۈپ «شىنجاڭ مەدەنىيە-تى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا يوللىدۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ھېكا-يە 100 سۆزدىن ئاشمىسا كېرەك. ھېكايە ژۇرنالنىڭ 1986 ـ يىلى

2 ـ ساندا بېسىلىپ چىقتى. شۇ يىلى ئەتىيازدا بىز پەيزاۋات ناھىيەسىدە ئوقۇتۇش پىراكتىكىسى قىلىۋاتقاندا، ئەنۋەر توختى ئاشۇ شىڭگىل ھېكايىسىنىڭ قەلەم ھەققىنى ئالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قەلەم ھەققى بولۇپ، ھاياجانلىنىشقا تامامەن ئەرزىيتتى. يەنە بىر ساۋاقدىشىم ئەنۋەر ئەيىنىددىن بىلەن ئىككىمىز ئۇنى مۇبارەكلىدۇق. ئۇ قەلەم ھەققى بىلەن مېھمان قىلماقچى بولدى. شۇ قېتىملىق قەلەم ھەققىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېسىمدە ئېنىق قالماپتۇ ( بەلكىم بەش يۈەن ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن). قانداقلا بولمىسۇن، بۇ پۇل ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن پۇللاردىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادچانلىق غۇرۇرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە تېكىستى ئارقىلىق نۇرغۇن ئوقۇرمەن قېرىندىشى بىلەن غايىبانە سىرلىشىپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئىككى ئەنۋەر (ھەر ئىككىسى توقسۇلۇق) ۋە مەن شۇ قېتىملىق قەلەم ھەققى بىلەن پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا تۆگۈرىدە مېھمان بولدۇق. مانا بۇ، مېنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى ئەسلىمەم بولۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە 24 يىل بولاي دەپ قاپتۇ. بۇ دەل نەۋقىران بىر يىگىتنىڭ ئۆمرى ئەمەسمۇ. بۇ ئەسلىمە مېنىڭچە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى سەپەرداش ۋە قۇرداش قىلغان بارلىق ئادەمنىڭ ئاددىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ يىغىندىسىغا نىسبەتەن بىر كەسمە يۈز ياكى بىر ئەۋرىشكە بولالىسا كېرەك. بەزىدە بىراۋنىڭ ئادەبىياتنىڭ يارامىلىقلىرىدىن بولۇپ قېلىشى ئەنە شۇنداق ئاددىي ھېكايە بىلەن باشلىنىدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن تۆھپىنىڭ ھەيۋەتلىك چۈمبەردىسىنى قايرىۋەتكەندە، ئۇنىڭ كىچىك ھادىسىلەر قاتلىمىدىكى ھېكمىتىنىڭ ھەشەمەتتىن خالىي رەۋىشتە تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

شۇنىڭدىن بېرى ئىزچىل تۈردە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن ئوقۇرمىنى بولۇپ كەلدىم. بۇ ژۇرنالنىڭ ئىزچىل

uyghurkitap.com


ئاپتورىغا ئايلىنىشىم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوت-
تۇرىلىرىدىن باشلاندى دېسەم بولىدۇ. مەن باشقا ژۇرناللار ئارقىلىق
مائارىپ ۋە ئەدەبىيات (شېئىرىيەت) ساھەسىدىكى كەسىپداشلى-
رىمنىڭ سىردىشىغا ئايلانغان بولسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇر-
نىلى ئارقىلىق زىيالىيلار تەبىقىسىنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ، ھۈنەر-
ۋەن ـ كاسىپلارنىڭ، ئىستۇدېنتلارنىڭ، باققال ۋە ناۋايلارنىڭ
سىردىشىغا ئايلاندىم. مەن بۇ ژۇرنالنى دىيارىمىزدىن ئىلىم تەھ-
سىل قىلىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە بارغان ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇھا-
جىرلارنىڭ قوللىرىدا كۆرگەن. دىيارىمىزدىكى قايسىبىر يۇرتقا
بارماي، بەزى ئاددىي ئانا، ئائىلە ئايالىنىڭ مېنى ئۇچرىتىپ قالسا،
ئاتايىتەن كۆرۈشۈپ ماڭا رەھمەت بىلدۈرۈشكە مۇشەررەپ بولى-
مەن. بەزى پېشقەدەم مائارىپچىلار، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر،
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مېنى كۆرگەن ھامان ساھىبخانى-
لىق بىلدۈرۈشتى. كۈنلىرىنى تورمىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر قىسىم
ياشلارمۇ ماڭا خەت يېزىپ، تەشەككۈر ئىزھار قىلىشتى. بەزى كە-
سىپداشلىرىم مەندىن يىرىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى تەلەپ قىلىش-
تى. مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق قېرىنداشلارچە دالالەتلىرىدىن شۇنچە
سۆيۈندۈمكى، ئىچىمدە ئىلىم ۋە بۇرچقا بولغان قەرزدارلىقىنىڭ
ئاچچىق تۈتەكلىرى ياندى. ئەمما، جەمئىيەتتىكى ئىلىمگە شەيدا،
ئۇچۇرغا تەشنا، يېڭىلىققا ئاشنا ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۈمىد -
تىلەكلىرى مېنى ئامىباب، ھازىر جاۋاب پوبلىستىك ماقالىلەر-
نى يېزىشقا تەبىئىي ھالدا سۆرەپ كېتەتتى. مېنىڭ ئىككى -
ئۈچ بارچە كىتاب بولغۇدەك يازمىلىرىم گەزمال دۇكانلىرىدا، سە-
پەر ئەسنالىرىدا ئوقۇشقا سېزىك بولغان ئاددىي كىشىلەرنى، يېزى-
دىن ئاتايىتەن شەھەرگە كىرىپ بۇ ژۇرنالنى سېتىۋالىدىغان دېھقان
ياشلارنى، ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ، يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن ئور-
تاقلىشىدىغان پېنسىيونېرلارنى، قىرائەتخانىلاردا كۆرۈپ، ياتاقلى-
رىدا غۇلغۇلا قىلىشىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئويلاپ

يېزىلغانىدى. ھە دېسىلا زامانداش ئوقۇرمەنلەرنىڭ رازىمەنلىكلە-رىنى ئىزدەپ قەلەم تەۋرىتىش بىر ئاپتورنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيە-تىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولمىسا كېرەك. بىراق، زامانداش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۈمىدىدىن چىقىش بىر ئاپتورنىڭ ئەقەللىي بۇر-چى بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتكە جىددىي قارايدىغان ئاپتورلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

بىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق ئەل ئىچى زىيالىيلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى. ئۇلار ئۆزلىرى پۈتكۈزگەن مەكتەپ-لىرىنىڭ شاھادەتناملىرىگە ئېرىشكەندە بەلگىلىك ئىلمىي سە-ۋىيەنىڭ ھامىيلىرىغا ئايلانغان بولسا، مەتبۇئات ئۇلارنى بىر خەلق-نىڭ قەلبىدىكى قەلەم ئەزىمەتلىرىگە ئايلاندۇردى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ژۇرنال بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىن قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ مەرىپەت ۋە پىكىر تارقىتىدىغان قەلەم ساھىبلىرى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، ھەر خىل قورام كىشىلىرىنىڭ مۇئەللىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇئەللىملەرنىڭ تەسىر كۆلىمى ئۇنىۋېرسىتېت مۇنبەرلىرى بىلەن چەكلەنگەن پىروفېسسورلاردىن كۆپ ئارتۇق.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئويغى-نىشىدىكى ئورنىنى مۆلچەرلىگىنىمىزدە، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ساياھەتنامىسىنى ئېسىمىزگە ئالماي تۇرالمايمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي لاياقىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاددىي قاتلىمى-دىكى كىشىلەرنى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشنىڭ قىزغىن غۇلغۇلىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ غۇلغۇلا قانچىلىك ساددا، يۈزەكى ۋە تەرتىپسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋام ئۆزىنى بىلىش مۇ-ھاكىمىسىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى. سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېزىلغان بىر پارچە ئىلمىي ئەسەر گەرچە ئەقىل - پارا-ستىمىزنىڭ سۈپەتلىك سەمەرىسى سۈپىتىدە مۇتەخەسسىسلەر ئا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



رىسىدا ئېتىبارغا سازاۋەر بولىسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلىمى بولۇپ سانىلىدىغان ئاددىي تەبىقە كىشىلىرىگە ئۇ قەدەر بىۋاسىتە تەسىر بېرەلمەيتتى. ئۇيغۇر مەنئۇيىتىنىڭ ئويغىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا شېئىرىيەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولسا، 90 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تەپەككۇر ئويغىنىشى (ساددا ھالدا بولسىمۇ)غا قەدەم قويدى. بۇ قەدەم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئەسەد سۇلايمان، يالقۇن روزى، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي، زۇلپىقار بارات ئۆزباش، دىلمۇرات مەھمۇد قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىماتلىق قەلەملىرى ئارقىلىق ئاۋامىي بىر يۈرۈشكە ئايلاندى.

جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلمىي نەتىجىلەرگە باققاندا، مۇكەممەل ئىلمىي مېتودقا ئاساسلانغان تەتقىقات خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى ماقالىلەر ئاددىي بىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ماقالىلەردىكى ئىجتىمائىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۇنىۋان تەقەززاسىدا يول مېڭىپ ياكى پۇل تۆلەپ ئېلان قىلىنغان ئاتالمىش ئىلمىي ماقالىلەردىن جىق ئۈستۈن تۇرىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئالىي مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيە ئورۇنلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى خىزمەت باھالاشلىرىدا ياكى ئىلمىي، كەسپىي ئۇنىۋان باھالاشلىرىدا قاتارغا ئۆتمەي قالىدۇ. مەكتەپ ئىلمىي ھەيئەتلىرى بىر پارچە ماقالىنىڭ قىممىتىنى ئىچكىرىدىكى قايسىدۇر بىر ئىلمىي ئورگان تۇراقلاشتۇرۇپ بەرگەن «يادرولۇق ژۇرنال»دا ئېلان قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىغا قاراپ باھالىشىدۇ. بۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزگەن مەھمۇد كاشغەرىي بۇگۈنكى شارائىتتا نېمە كۈنگە قالار ـ ھە؟! ھازىر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىكى ئالىي تەربىيە كۆرگەن بىلىم ئادەملىرىمىز ئۆز خىزمەت مۇھىتىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن «يادرولۇق ژۇرنال» لاردا ئەسەر ئېلان قىلىش مەجبۇرىيىتىگە بەند بول-

دى. ئىلىم ساھەسىدىكى چېرىكلىك ئىقتىسادىي چېرىكلىكتىن ئۇستۇن تۇرسا تۇرىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس. ياخشى تەلىم ئالغان بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئەقلىي كۈچىنى سېتىپ ياشايدىغان ئىلىم مەدىكارىغا ئايلىنىپ قېلىشى GDP ئۈچۈن ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشتەك زامانىۋى جاھىلىيەتنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

ئادەتتە، بىز كۈندىلىك ئالاقىلىرىمىزدە تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن دېگەن ئاتالغۇلارنى تىلغا ئېلىپ تۇرىمىز. تەبىئىي پەندىلەر ماددىلار ۋە ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، قانۇنىيەتلىك بىلىش سىستېمىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قائىدىلەر، فورمۇلا ۋە تېئورېمىلار تۇراقلىق بولۇپ، دەۋر، مىللەت ۋە تۈزۈملەرگە قاراپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، تەبىئىي پەن بىلىملىرى تەبىئەت ھەققىدىكى ئوبيېكتىپ بىلىشلەرنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ كىملەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراپ، ئىجابىي ياكى سەلبىي قىممەت يارىتىدۇ. لېكىن پەن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەتبىقلىنىش بىلەن بىللە، ئادەملەرنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلىنىدىغانمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەر كېلىپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ ئىجتىمائىي پەن تولۇق «پەن»لىك پەللىسىگە بارالمايدۇ. پەقەت تەبىئىي پەنلەر قادىر بولالمايدىغان ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى شەرھلەيدۇ ياكى ھەل قىلىدۇ. بىر مىللەتتە ھەر ئىككى پەننىڭ يېتۈك ئالىملىرى تەڭ يېتىشمىگەندە، ئۇ ھامان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار: بىر دۆلەت، بىر مىللەت ياكى بىر جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي پەنلىرى بولمىسا، ئۇ بىر پەشۋا بىلەنلا غۇلايدۇ. ئۇنىڭ ئادىمىيەت پەنلىرى (ئىجتىمائىي پەنلەرمۇ بار) بولمىسا، تەپسەككۇرمۇ ئۆزلۈكىدىن غۇلايدۇ. دېمەك، مەنىۋىيەت ئالىملىرى بولمىغان خەلق ئەڭ ئاجىزدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



هازىرقى بىر مەسىلە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆتكۈر پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرىدىكى ئالىملىرىمىز بار بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەقىل مېۋىسى ئۇلارغا مەبلەغ سالغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېۋىتىنى تولدۇردى. ئاۋام پەقەت ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ئورنى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتىكى ئورنىدىن سىمۋوللۇق مەنپەئەت ئالدى. بۇنى تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىزنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتى قۇرۇق ئارزۇ ـ تىلەك بىلەن ئەمەس، ئىلغار ۋە ئەۋزەل تەتقىقات مۇھىتى بىلەن يۈرۈشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن مەبلەغ ئىگىلىرىنىڭ رايىغا باقىدۇ. بىر ھېسابتا ئەقىلگە مەبلەغ سېلىپ، ئەقىلنى ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىققا ئايلاندۇرىدىغان بۇرژۇئازىيە سىنىپ بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئاسانلا مۇساپىر بولۇپ قالىدۇ. شارائىت ۋە مەسئۇلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز يۇقىرى ساپالىق پەن ئالىملىرىمىز مۇنداق ئىككى يولنى بىللە مېڭىشى كېرەك: بىرى، ئۆتكۈر پەنلەر ساھەلىرى بويىچە مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق سەۋىيە بويىچە ئۆرلەپ، چوڭ ئەقىل ـ پاراسەت كۆرىكىدە جەۋلان قىلىش؛ يەنە بىرى، ئىلغار سەۋىيەدىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ روھىنى ئۆز خەلقىگە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ھەسسە قوشۇش؛ مىللىي تىل ـ يېزىقىدىكى ئاممىۋى ئىدىيەلەرنى زامانىۋى ئىلىم روھى بىلەن سۇغىرىش. مۇشۇنداق قىلغاندا مۇتەخەسسىسلىكتىن زىيالىيلىققا ئۆتۈپ، بىر پۈتۈن كامالەت ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھازىرغا قەدەر ئىجتىمائىيەت ساھەلىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ دەۋەتخانىسى بولۇپ كەلدى. ئەگەر بۇنىڭغا ئۆتكۈر پەن ـ تېخنىكا ساھەلىرى بويىچە يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىلىرى، ئىلمىي تەۋسىيەلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى. ئۆيۈمدە سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «ئېيىنشتېي-

يىن ئەسەرلىرى» بار. مەن بۇ كىتابلارنى پات ـ پات ۋاراقلاپ قو ـ يىمەن. بۇ كىتابتا ئالبېرت ئېيىنىشتېيىن (Albert Eiystein) نىڭ تار ۋە كەڭ دائىرىلىك نىسپىيلىك نەزەرىيەسىگە دائىر ماقالىلەر، ماتېماتىكا ۋە فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماقالىلەر بولۇش بىلەن بىللە، دۇنيا قاراش، پەلسەپە، مائارىپ، سەنئەت، كىشىلىك ھو ـ قۇق، پەلەستىن ۋە يەھۇدىي مەسىلىلىرىگە دائىر ماقالىلەرمۇ بار. شۇڭا مەن ئېيىنىشتېيىننى پەننى كىملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ـ رۇشنى ئوبدان ھەل قىلغان ئالىم ھەم زىيالىي دەپ چۈشىنىمەن. ئۇ تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەت قىلغانىدى. ئەنگلىيەنىڭ ماتېماتىكا ئالىمى ۋە پەيلاسوپى بېرتراند رۇسسېل (Bertrand Arthur William Russell) ماتېماتىكا ۋە بىلىش نەزەرىيەسىگە دائىر يىرىك كىتابلارنى يېزىش بىلەن بىللە، نىكاھ، جەمئىيەت، ھوقۇق، بەخت مەسىلىلىرىگە دائىر نۇرغۇن كىتاب يازغان؛ پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى، دوكتور مۇھەممەد ئابدۇسالاممۇ تەجرىبىخانىدىن چىقمايدىغان ئالىم ئە ـ مەس. ئۇ، چەت ئەللەردە يۈرۈش بىلەن بىللە، پاكىستان مائارىپى ئۈچۈن كۆپ ئىزدەنگەن. جۈملىدىن ئۇنىڭ «ئەرەب بىلەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى روشەن. مەن مىسال كەلتۈرگەن بۇ ئۈچ ئالىمنىڭ ھەممىسى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار ھەم مىللەتنىڭ، ھەم ئىنسانىيەتنىڭ باي ـ لىقلىرى.

ئامېرىكىلىق قانۇنشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس رىچارد پوسنېر (Richard · Posner) «ئاممىۋى زىيالىي» (公共知识分子) دېگەن ئۇقۇم ئۈستىدە توختىلىپ، زىيالىي، مۇتەخەسسىس، ئالىم دېگەن ئۇقۇملارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، «زى ـ يالىي» دېگەن ئۇقۇم «ئەقلىي كۈچى قالتىس» دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. گەرچە زىيالىيلار ئەقلىي كۈچ جەھەتتە زور بولسىمۇ،

ئەمما ئەقلىي كۈچى يۇكسەك بولغان نۇرغۇن ئادەم زىيالىي ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئىدىيەگە قىزىقمايدۇ. پوسنېر ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.[1]

ئامېرىكىلىق يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس ۋرايت. س. مىللىس (Wthgir.C.Mills) ئاممىۋى زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا يۇكسەك باھا بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇقۇمىدا ئاممىۋى زىيالىيلار بىلىم ۋە ئىدىيەگە ئىگە، سىياسىيغا ۋە جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل روھىنىڭ يىلتىزى مەزمۇت بولىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە جەمئىيەتكە ئارىلىشىدۇ. ئۇلار زور سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەس- ئۇلىيەت بىلەن قول تىقىپ، ئادىل باھا بېرىدۇ. ئۇلار سۆز قىلىش هوقۇقى ۋە ئىمكانىيىتى يوق كىشىلەر ئۈچۈن ھەققانىي سۆزلەي- دۇ، ئاجىزلار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ. مىللىس ئالىي مەكتەپ ئو- قۇتقۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك ناباب ھالى- تىدىن ئەندىشە قىلغان. ئۇلار ئەسلىدە زېرەك، ھاياتىي كۈچى مول، تەسەۋۋۇرغا باي زىيالىيلارغا ئايلىنىشى كېرەك بولسىمۇ، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە مۇھىتىغا مەھكۇم بولۇپ، ئوقۇتۇش ۋە تەتقى- قاتنى جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىپ، ئاقىۋەتتە چاكىنا، سوغۇق، قى- زىل كۆز، كۆرەڭ كىشىلەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.[2]

ئىلىم - پەن، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە قائىدىلىرى بىلەن تول- غان غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىلىم ساھىبلىرى زىيالىيلار توغرىسى- دىكى تەنقىدىي روھقا باي پىكىرلەرنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ كەلدى. پوسنېر ۋە مىللىس قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەسىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ھەرى- كەت قىلسا، نوپۇس كۆپىيىپ، ئادەم ئازىيىپ كېتىشتەك ئاقىۋەت شەكىللىنىدۇ. ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى بىلەنلا بولۇپ كەتسە، بىلىملىكلەر كۆپىيىپ، زىيالىيلار ئازىيىپ كېتىش-

تەك قاباھەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئىلىم ئىنساننى ھۆر قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىراۋ ئالىم بولۇپ تۇرۇقلۇق ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئايرىغۇچىلاردىن بولمىسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئاقىل دېگىلى بولمايدۇ. ئىنسانىي مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەملەرنى مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، قەلبى ۋە ۋۇجۇدى ماددىي دۇنياغا بەند بولغان كىشىلەر. بۇنداق كىشىلەردە ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئېڭى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەتتا كاتتا بىلىمدار بولغاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى سادىر قىلغان سەپسەتىلىرى تۇپەيلى ئىزا تارتمايدۇ، ئۆزىنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەيدۇ. ئەكسىچە، قىلمىشلىرىدىن ئىجابىي خۇلاسە چىقىرىپ ياشاۋېرىدۇ.

ئىككىنچى، قەلبى ماددىي دۇنياغا باغلانغان بولسىمۇ، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسىدىن تامامەن مەھرۇم بولمىغان كىشىلەر. بۇنداقلار ئۆز مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ناھەقچىلىككە قارشى گەپ قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەيىبلىيەلەيدۇ. مۇئەييەن ئەھۋالدا، ئۆز قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىشنى بىلىدۇ.

ئۈچىنچى، گەرچە ئۆزى ماددىي دۇنيادا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، قەلبى ماددىي مەنپەئەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ قالمىغان سەگەك كىشىلەر. ئۇلار ماددىي مەئىشەتنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە رىشتە باغلاپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار زۇرۇر تېپىلسا ناھەقچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئىدراكىي يوسۇندا ئۆزىنى ئاتالايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆز قوۋمىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىدۇر.

ئالىملار تۈپى يۇقىرىقى ئۈچ روھىيەت تىپىنىڭ بىرەرسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر پايدىلىق بىلىم قانداق بولىدۇ دەپ سورالسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



روشەنكى، ئۇچىنچى تىپتىكى كىشىلەرنىڭ بىلىمى ئىنسانلارغا پايدىلىقتۇر.

مەن ھازىرغىچە جەمئىيىتىمىزدىكى ئوخشىمىغان ساھە ئىلىمدارلىرىنىڭ ئورتاق بىر مەسىلە ۋە غايىنىڭ قايغۇسىدا قىرىنداشلارچە بىرلىككە كەلگەنلىك مەنزىرىسىنى كۆرەلمىدىم. فىزىك بىلەن، مەنسەپدار بىلەن، ئەدەبىياتچى ئەدەبىياتچى بىلەن توركۆملىشىپ يۈرىدۇ. مەنپەئەت ھەركىمنى ئۆزلىرى بىلىدىغان تورلۇك كوچىغا باشلاپ كېتىپ، بىرى يەنە بىرىنى كۆرمەي قالىدۇ ياكى كۆرۈشكە ھالى يوق. نەتىجىدە، ئوخشىمىغان كەسىپ ۋە ساھەنىڭ بىلىملىرى ئۆزئارا ئۆتۈشمەي، ئادەملەر تەسەۋۋۇر ۋە پىكىردە گادايلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاخىر ئىككىنچى بىر جەمئىيەت توركۆملىرى تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايدۇ.

بىر مىللەت تەپەككۇرىنىڭ يۈكسىلىشى بىرلا ژۇرنال بىلەن ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئالىملاردا ئورتاق بىر غايە ۋە مەنپەئەت ئۇيۇشىدىغان ھەمكارلىق مېخانىزمى بولمىسا، تالاي دوكتورنىڭ چىقىشىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. بۇ يەردە بىر ژۇنالىست ياكى بىر مۇھەررىرنىڭ تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

بىر ژۇرنال بىر ئۇنىۋېرسىتېت، مۇھەررىر بولسا مۇدىر.

نەقىل مەنبەلىرى

① «زىيالىيلار ھەققىدە 20 لېكسىيە»، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② «سوٗمۇرغ ئازنىسى» 2009 - يىلى خەنزۇچە نەشرى. 25 - سان.

2009 - يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# «مىراس»ژۇرنىلى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى

بۈگۈنكى كۈندە مۇتلەق مەنىدىكى ساپ مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەكسىچە، كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى بارغانسېرى ئۆزگىرىپ بارماقتا. بۇ ئەھۋال 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە نىسبەتەن گەۋدىلىك بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى تۇ ـ زۇم ۋە ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بەردى. نەتىجىدە، كۆپلىگەن يەرلىك مەدە ـ نىيەت تىپلىرىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، سۇمۇرۇپ كەلگەن ئانگ ـ لو ـ ساكسونلارنىڭ «غەربچە» مەدەنىيىتى زامانىۋىلىقنى بەلگە قىلغان ھالدا بىر قۇتۇپلۇق مەدەنىيەت كېڭىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر، جۈملىدىن ئامېرىكا نۆۋەتتىكى سىيا ـ سىي، ئىقتىسادىي دۇنيانىڭ يەككە قەھرىمانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىلىرىنى، سودا ـ سانائەت سىستېمىلىرىنى ۋە مەدەنىيەت، تەشۋىقات سىستېمىلىرىنى دۇنيا مىقياسىدا كېڭەيتىشكە، شۇ ئارقىلىق كىرىپتستى مەدەنىيىتىنى يەر شارى دائىرىسىدىن ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىشقا ھەرىكەت باشلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى غەرب نەزەرد ـ يەچىلىرى تەرىپىدىن كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ غەلىبىسى دەپ مۇ ـ ئەييەنلەشتۈرۈلدى. خەلقئارادا سورس فوندى جەمئىيىتى تورىنى قۇرۇپ چىققان ئامېرىكىلىق كاپىتالىست جورجى سورس ئۆزىنىڭ «ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز كاپىتالىزمنى دۇنيا مىقياسىدا غەلىبە قىلدى دېسەك بولىدۇ، لې ـ

www.uyghurkitap.com



كىن دېموكراتىيەنى غەلىبە قىلدى دېيەلمەيمىز.» ئۇ يەنە مەزكۇر كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «پۇل مۇئامىلە كاپىتالى كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە، چۈنكى كاپىتال باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قارىغاندا تارقىلىشچانلىققا ئىگە. پۇل مۇئامىلە كاپىتالى تېخىمۇ شۇنداق. ھازىرقى شارائىتتا غەربچە (ئامېرىكىچە) ئىقتىسادىي سىستېمىلار يەر شارىلاشقان ئومۇمىي ۋەزىيەتتە ئاساسەن شەكىللىنىپ بولدى، بۇ نۇرغۇن ئەلنىڭ ئەسلىدىكى ئېگىلىكىگە غىدىقلاش ۋە شاللاش ئېلىپ كەلدى. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ۋە يوسۇنلىرى مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەبىئىي ھالدا بىر ئەلنىڭ مەدەنىيەت تەركىبلىرىگە روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشى بىلەن قوشكېزەكتۇر. بۇنداق ئىككى خىل يەر شارىلىشىشنىڭ ئاقىۋىتىدە شەرقتىكى نۇرغۇن مىللەت ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئوق سىزىقىدىن ئاجراپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

زامانىۋىلىق خاھىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئىسلاھات شاۋقۇنلىرىنى كۆپەيتتى، بۇ ياتلىشىش ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق ئەھۋال تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە ھەممىدىن ئاۋۋال كۆرۈلدى. مىسالەن، «فۇندىمېنتالىزم» ئۇقۇمى ھەممىدىن بۇرۇن غەربتە شەكىللەنگەنىدى. «fundamentalism» سۆزى ئۇيغۇرچە «ئەسلىيەتچىلىك» دەپ قوبۇل قىلىنىدى. زامانىۋىلىشىش دولقۇنى مودېرنىزملىق ئاڭ مەھسۇلاتلىرىنى پەيدا قىلدى. مودېرنىزم مەسلەكلىرى ئۆزىدىن بۇرۇنقى قىممەت قاراشلىرى ۋە نەزەرىيەۋى سىستېمىلارنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن مەيدانغا كەلدى. «ئىنجىل»نى مەركەز قىلغان خىرىستىيان ئەقىدىلىرى مودېرنىستلارنىڭ تەنقىدىگە، ھەتتا مەسخىرىسىگە ئۇچرىدى. جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن قېپقالغان دىندارلار تەبىقىسى مودېرنىزمغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن «ئىنجىل»نى ئاقلاپ، يېڭى دەۋر

ئەقىدىلىرىگە رىقابەت ئېلان قىلالايدىغان نەزەرىيەنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلار ھەممە ئىشتا «ئىنجىل» ئەقىدىلىرىنى قەتئىي ساقلاپ قېلىش كېرەك، دېدى. قانداقلا بولمىسۇن «فوندىمېنتالىزم» ئۇقۇمى يەنىلا غەرب جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇقۇم بارا ـ بارا شەرق جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلاندى. جەمئىيەتشۇناس، مەدەنىيەتشۇناس ۋە سىياسىيغا ياتىدىغان نۇرغۇن ئۇقۇم ئەسلىدە غەرب «تەجرىبىخانىلىرى»دا يېتىلگەن بولۇپ، كېيىنچە شەرقنىڭ زاكىسىدا چوڭ بولدى.

غەربنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان شەرق زىيالىيلىرى ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلغان ھالدا، تەبىئىي ھالدا غەربتىن كەلگەن ئۇقۇملارنى قوللاندى ھەم ئۇلارنى ئۆلچەم قىلغان ئاساستا ئۆز مەدەنىيىتىگە باھا بەردى. بۇ باھالار كۆپ ھالدا شەپقەتسىز تەنقىد بىلەن خاتىرىلەندى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى چەت ئەل جەمئىيەتلىرىنىڭ تەتقىقات سەھەلىرىدىكى ئاتالغۇلارنى ئەكىرگەندە ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنتىقلىق ئىجاد كۈچىنى ناھايىتى ئاز ئىشقا سېلىپ، تىرانسكرىپسىيەلىك ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى بولدى قىلدى. نەتىجىدە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق ئوبرازىدىن ناھايىتى تېز ياتلىشىشقا باشلىدى. بۇنى تىل تەرەققىياتىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە دەپ قارايلى دېسەك، بۇ سۆزىمىز نورمال دائىرىگە ۋەكىللىك قىلالماس بولۇپ كەتتى.

بازار ئىقتىسادىنىڭ رايونىمىزغا يامراپ كىرىشى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىدا جىددىي ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن شەھەرلەردە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. ھازىر شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا يېڭىچە بىر تۇرمۇش ئۇسۇلى، يېڭىچە سەنئەت، يېڭىچە ئائىلە تۈزۈمى، يېڭىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دى. بۇ «يېڭى»لىقتا كۆپرەك باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئالامەتلىرى بار بولۇپ، روشەن شالغۇتلۇققا ئىگە. بۇنداق كەشپىيات يېزا بازارلىرىغا قاراپ تېز ئومۇملاشماقتا. قاتناشنىڭ بىرقەدەر راۋانلىششى مەدەنىيەتنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ياشلارنىڭ شەھەرگە كېلىپ، غىدىقلىما تەسىرىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى كۆپەيتتى. ئۇلار ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇش، تىجارەت قىلىش سەۋەبلىرى بىلەن ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەردە بىر مەزگىل تۇرىدۇ، ئاندىن غەلىتە مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلغان ھالدا ئۆز يۇرتلىرىغا توشۇيدۇ. مانا بۇ ئالامەتلەر ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىدە ناھايىتى تېز ئايلىنىش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئايلىنىش ئەھۋاللىرى تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىشقا توغرا كەلسە، يىرىك ئەسەر پۈتۈپ چىقىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بىزدە تەتقىقات بار دېيىلسە، بۇرۇنقى كونا ئۇقۇملارنى تەكرار ئىزاھلاش كۆپ يۈز بەردى. فولكلور تەتقىقاتىمىز ساۋات خاراكتېرلىك بىلىملەرنى تارقىتىش بىلەنلا چەكلەندى. دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ مازار تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان كىتابى رېئال مەسىلىلەرگە قارىتىلغان تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ قالدى، بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دوكتور ئەسەد سۇلايماننىڭ ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى توتېم ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن بىرقەدەر كەڭ ئىلمىي نەزەر ئاغدۇرۇش بولدى. ۋاھالەنكى، بىزدە بۇنداق سەمەرىلىك ئەمگەكلەر بەش بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈدەكلا. ئىلىم خادىملىرىمىز كۈتۈپخانىلاردىكى قېلىن كىتابلارنى ۋاراقلاپ، ئۆزىگە تېگىشلىك لوقمىلارنى ئىزدەپ تېپىپ بولغۇچە، مىللىي ھاياتىمىزدىكى نۇرغۇن خاس ئېلېمېنت يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. يوقىتىش بىر مەسىلە، يوقىتىشقا نىسبەتەن تۈزۈك ئىنكاسنىڭ بولماسلىقى يەنە بىر مەسىلە. ئىلىم خادىملىرىمىزنىڭ ئۆزگە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزىنى چاقنىتىدىغان زامانىۋى جىلۋىسى-

گە مەست بولۇپ ئۇنى شەرھلەش، تونۇشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كې-تىپ، ئۆزىمىزدىكى مەدەنىيەت يوقىلىشلىرىنى مۇھاكىمىسىز قال-دۇرۇشى ئىلىم نادانلىقىغا ئائىت بىر كۆرۈنۈش. ئۇلار بۇرۇنقىلار قالدۇرغان مىراسلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، ري-ئاللىقىمىزغا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەك. تۇرمۇشتىكى مىللىيەتنىڭ سۇسلىششى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ دىق-قىتىنى تارتىشى كېرەك ئىدى.

«مىراس» ژۇرنىلى ئېغىز ئەدەبىياتىمىز سەھەسىدىكى بىردىن-بىر ژۇنال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاغزاكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئې-سىل بايلىقلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش جەھەتتىكى مۇھىم خىزمەت-لەرنى ئىشلىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ ھازىرغا قەدەر بولغان فۇنكسىيە-سىنى توپلاش ۋە رەتلەش رەۋىشىدە نامايان قىلدى. نۆۋەتتىكى خىزمەت بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنسە بولمايدۇ، ژۇرنال مۇھاكىمە كۇ-چى بار ئاپتورلارنى ئۆزىگە كۆپرەك جەلپ قىلىشى، بۇ ئارقىلىق مىللىي فولكلور تەتقىقاتىنى نەزەرىيەۋى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئۇ-چۇن تۈرتكىلىك رول ئوينىشى لازىم.

رايونىمىزدا غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيەسى تەكىتلەنمەكتە. بۇ ئەلۋەتتە، يەر بايلىقىنى ئېچىشلا ئەمەس، ھەممىدىن مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئەقىل بايلىقىنى ئېچىشتىن ئىبارەت. «غەربنى ئې-چىش» دېگەن سۆزنىڭ ئىچىدە «يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن گەپمۇ بار. يېڭىلىق يارىتىش جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلى-رىنى يېڭى بەلگە، يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەھسۇلاتلار بىلەن بېيىتىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەدەنىيەتتە ئەسلىدە بار بولغان گېپ يوقاپ كەتسە تەرەققىيات ئىستىقبالى بولمايدۇ. بىر مىللەت، بىر رايون-نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مەدەنىيەتتىكى گېپنىڭ يوشۇرۇن رول ئوينىشىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ. دېمەك، زامانىۋى تەرەققىياتتا مەدەنىيەتتىكى ئىممۇنىتېت بەلگىلەش ئورنىدا تۇرغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر ژۇرنال ــــ بىر دەريا، ئۇنىڭدا تالاي مۇساپىلىك ۋە تالاي دەۋرلىك لاتقىلار ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇئەييەن ئېكولوگىيەلىك قىممەت يارىتىدۇ. نۆۋەتتىكى «مىراس» ژۇرنىلى 21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىدە ئەھمىيەتلىك قەدەملەرنى ئېلىشى، بۇ جەھەتتە پىلانلىق، ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك بولىدۇ.

2001 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەركەك سۇنى كۆپرەك ئىچەيلى

ــ ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ «بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل؟» ۋە ھۆرنىسا مامۇتنىڭ «ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە؟» ناملىق ماقالىلىرى («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 ـ يىلى 6 ـ سانىغا بېسىلغان)غا ئىلاۋە

ئەگەر ئەمگەك بىلەنلا بېيىشقا مۇمكىن بولىدىغان بولسا، دېھقانلار بېيىپ كەتسە بولاتتى، چۈنكى دېھقان ئۆز ئەمگىكىنى كۈن بىلەن ئۆلچەيدۇ، كۈننى بولسا قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلار ھەتتا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپمۇ ئىشلەيدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئەمگەك نورمىسى. بىراق، ئۇلار بەردىبىر نامرات، نامرات ئەمەسلىرىمۇ باي ئەمەس. قارىغاندا، نېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئىشلەشنى بىلىشنىڭ ئۆزىلا كۆپايە قىلمايدۇ. ئادەم ھەسەل ھەرىسى ئەمەس، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل ئىشلىشى ئۇنىڭ ياشاش تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىرەر سىنىپ ياكى ئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ تامغىسىنى باسقىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەسەل ئىشلەشتە مەلۇم بىر نەرسىگە قارشى خىتابنامىسى يوق، ئۇلار تەبىئەت پىرىنسىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىل سۈپىتىدە ئەنە شۇنداق ياشىشىدۇ. ئۇلارغا: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ھەسەل ئىشلەيسىلەر؟» دەپ سوئال قويۇلسا، مەڭگۈ جاۋاب بەرمەيدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا نېمىدېگەن كاتتا جاۋاب ـ ھە!؟

دېھقانلار ئادەمدۇر، ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ مەقسىتى، كېلىپ چىقىشى، كۆلىمى، ساپاسى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلىشى كېرەك. بەلكىم ئۇلار بۇ ھەقتە ئاز ـ تولا بىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بىلگەن-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



لىرى ئۆزلىرىنى باغلاپ تۇرغان يەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ چۈشمەيدۇ. ئەمما، يەرنىڭ ئۆزى بولسا بەك كۆپ نەرسىگە باغلانغان. دېھقانلارنىڭ مېڭىسى ئاخىرقى ھېسابتا بەك كۆپ نەرسىگە باغلىنىۋېتىلگەچكە، ئۇلاردا زامانغا لايىق جانلىق تەپەككۇرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرى ئۆزلىرى پائالىيەت قىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمىدىن كۆپ كىچىك بولۇپ چىقىدۇ، بارا – بارا ئۆزىنىڭ چورۇقىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي نامراتلىق. ئەمگەك كۈچىنىڭ مەنىسى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ سەۋىيەسىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئەمگەك كۈچى ياكى ئەمگەك مىقدارى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دەپ قاراش، كىشىلەردىن بىلىم ۋە ساپا تەلەپ قىلىدىغان بۈگۈنكى دەۋردە ئاقماس بولۇپ قالدى. دېھقان بىلەن ئېشەكنى ئالايلى، ئېشەك دېھقانغا قارىغاندا ئېغىر ئىشلارنى قىلىدۇ، بىراق ئۇ غوجايىنىدىن جىق گادايدۇ — ئۇنىڭ ئۆز كۈچىدىن باشقا بىرەر مۈلكى يوق. مەلۇمكى، ئەمگەك ئەقىل بىلەن ئوبدان تاناسىپ بولمىسا، يەنى ئەقىل بىلەن خاراكتېرلەنمىسە، ئۇ، ئەمگەك قىلغۇچى ئۈچۈن ئاھانەتلىك ئىش بولۇپ چىقىدۇ.

شەھەرلەردە ھەممە نەرسە بازارغا يۈزلەنگەن. ئىنساننىڭ ھاجىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ھەرقانداق بىر شەيئىي مۇمكىنلا بولىدىغان دائىرىدە تاۋارغا ئايلانغاندا. مىسالەن، سالام بېرىش، تەبەسسۇم قىلىش، ناماز چۈشۈرۈش، باغچىدىكى ياۋا ئوت (بۇلار ھېچبولمىغاندا ئاشىق – مەشۇقلار ئۈچۈن پاناھلىق بېرەلەيدۇ)، ناخشا، سۆيۈپ قويۇش، كۈلۈپ قويۇش قاتارلىقلار بولسا ھاجەتلەرگە يېتىشتە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. بىر ئادەمدە قانچىلىك ئالاھىدىلىك بولسا، مەيلى ئۇ جىسمانىي ئالاھىدىلىك، ئەقلىي ئالاھىدىلىك بولسۇن جان بېقىش ياكى يول تېپىشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندى. ئاياللار شەھەر ھاياتىدىكى كۆزنى ئەڭ چاقنىتىدىغان ھەم ئەڭ كارغا كېلىدىغان ۋاستە بولدى. ئاياللار شۇنداق يارىتىلغانىكەنكى، ئۇلار بىر قارىساڭ

ئەمگەك كۆچى، بىر قارىساڭ زېمىنغا ئوخشاش ھوسۇل بەرگۈچى، بىر قارىساڭ كۆلۈپ بەرگۈچى، بىر قارىساڭ، لاۋا... ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزۇل ـ كېسىل قۇربان بەرگۈچى. ئىشلاردا ناقابىل ئەرلەر ئاياللاردىكى ئېلاستىكلىق ۋە مول ئىچكى دۇنيانى كوزىر قىلىپ، مەست ـ مۇستەغرەق بولۇپ ياشىماقتا.

شەھەرلەردە ئىشقىۋازلىق تولا، مۇھەببەت ئاز، مۇھەببەت تاقەتسىز پۇل ۋەسۋەسىسى ۋە تاۋار تۇيغۇسى ئىچىدە يىگىلەپ كەتكەن. ئەرلەر گۈزەل ئاياللار ئارىسىدا تورۇپ ۋاپا تەشۋىشىدە، ئاياللار قاۋۇل ئەرلەر ئالدىدا تورۇپ باياۋان چاڭقاقلىقىدا. مانا بۇ شەھەر ھاياتى. كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن تەسەللى ئىزدەيدۇ، ئەمما تەسەللى بېرىشتىكى ئىنسانچىلىق زەئىپلەشكەن. قارىغاندا، ئەنگلىيە شائىرى S.T ئېلىئوت كۈيلىگەن «باياۋان» بىزگىمۇ يېتىپ كەلگەندەك تۇرىدۇ.

«ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى نېمىدە؟» دېگەن ماقالە قىزلاردىكى ئىپپەت ۋە ھاياغا غەرب ۋە شەرقتىن چىقىۋاتقان ئۇششۇك شاماللار ھەدەپ تېگىۋاتقان شارائىتتا چىققان ئاجىز بىر نىدا. تومۇرلىرى زامانىۋى ئىلىمگە دېگەندەك تولۇپ كېتەلمىگەن بۇنداق ئاۋازنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزىدىن چىقىشى ناھايىتى يوللۇق. ئاياللاردا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنىڭ قىممىتى ۋە ئۆز گۈزەللىكىنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ئەخلاق بولۇشى شەرت. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ بىر خىل ئەخلاق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھوقۇقتۇر.

ئاياللاردىكى سۈزۈكلۈك ئەسلىدىكى مول ئىچكى دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدۇر. ئۇلاردىكى نازاكەت، سۇلكەت، رومانتىكىنىڭ باي تۇيغۇ ئۆزگىرىشلىرى ئەرلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئاخىرلاشماس تېپىشماق سۈپىتىدە ھاياتنىڭ مەھلىيالىق بەلباغلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. تارىخنى ۋاراقلىغاندا، ئاياللاردىن مۇتەپەككۇرلار ناھايىتى ئاز چىققان، لېكىن ئۇلار مۇتەپەككۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى. ئاياللار ئۆزلىرى بىۋاسىتە كىتاب يازمىغاندىمۇ، ئەرلەرنى كىتاب يېزىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەجبۇر قىلالايدۇ. ئاياللارنىڭ نازۇك جىمجىتلىقى ھەرقانداق ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئۈستۈن ھالدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە. تۇرمۇشتا شۇنداق چاغلارمۇ بولىدۇ: ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە ئۆزگەرمىگەن تومتۇۋاق يىگىتلەر ئاياللارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن قايتىدىن ئادەم بولىدۇ. شېئىر ئوقۇپ تىترىمىگەن يۈرەكلەر قىزلارنى كۆرسە شام بولۇپ ئېرىيدۇ. روشەنكى، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى شەرت قىلمىغان ئىجادىيەت ئاز ئۇچرايدۇ، تارىخنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنىڭ يوشۇرۇن ئىگىسى ئاياللاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەپسۇس، ئاياللاردىكى بۇنداق كاتتا ھوقۇق ئۆلمەكتە، شۇڭلاشقا ئۇلار ئەرلەرنىڭ ئالدىدا پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئەرلەرنى تۇتۇپ تۇرىدىغان قۇدرەتنى يۇزەكى ئىشرەت ئۈچۈن تاۋاقاغا تاشلاپ، بىر ـ بىرلەپ ئۇتتۇرۇشماقتا. ئەرلەر قىلچە خىجىل بولمىغان ھالدا مۇشۇنداق تىراگېدىيەلىك باسقۇچنىڭ شاھىتى بولۇشماقتا. ئەرلەر ئۆزىدىكى ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ماددىي بايلىقنىڭ ھالاك سەرپىياتى ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى ـ ھۆرمىتىنى قوغدىشى لازىم. بولمىسا، ئاخىر بېرىپ ئۆزلىرىمۇ چۈشكۈنلىشىدۇ.

ئەرلەردىكى قاتتىق قوللۇق دېۋەڭلىك ۋە جاھىللىقتىن ئىبارەت بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى ئۇ سوغۇققان ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋە يىراقنى كۆرەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. مۇۋاپىق شارائىتتا قاتتىق قول بولالمىغان ئەرلەر ئۆز ئاياللىرىغا ماھىيەتلىك ھالدا مېھرىبان بولالمايدۇ. قاتتىق قوللۇق ھەرگىزمۇ ئاياللارغا يۈرگۈزۈلگەن دىكتاتورا ئەمەس، بەلكى تېگى ئالتۇن تاغ بولۇشى لازىم. تاغ سوغۇق ۋە سۈرلۈك بولىدۇ، بىراق باغلارنىڭ شېرىن مېۋىلىرى ئاشۇ تاغدىن كېلىدىغان ھاۋا ۋە سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ.

بىر مىللەتنىڭ چۈشكۈنلۈكى ئاياللاردىكى ساياقلىقتا روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ يەنە ئەرلەردىكى قەيسەرلىكنىڭ بەربات بولغانلىقى-

نى چۈشەندۈرىدۇ.

ئايالىلار ھەققىدە قولىغا قەلەم ئېلىشقا جۈرئەت قىلىغان ئاپتور بىر ئاز قورۇنۇپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، «مېھرابتىن چايان» رومانىدىكى رەنا، «لېيىغان بۇلاق» رومانىدىكى نەفىسەگە ئوخشاش تىپىك ئوتتۇرا ئاسىياچە لاتاپەتنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىدىن كەلگەن كىرىزىسلىك تۇيغۇ مەلۇم مەنىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

شەھەر ئاساسەن دېگۈدەك ئىشخانىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قۇ-رۇلمىسى. ئۇ يەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇئەييەن سەۋىيەدە ماشىنى-لىشىشى ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ جىنسىي پەرقىنى ئازايىتتى ياكى يوقاتتى. بۇ، ئاياللارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى-نى ياراتتى. كىشىلەر شەھەر مەئىشەتلىرىگە ياتىدىغان بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى بىلىش-لەردە توختاپ قالدى - دە، ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلى-لەرگە جاۋاب بېرىشتىن قىسىلدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خاراكتېر پۇچەكلىكى ئەر ۋە ئايالا ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىمىنى توغرا يېشىشتىن مەھرۇم قىلدى. ئاخىر مىللىي ئەخلاق قارىشى-مىزغا زىت ھالەتلەر ئوتتۇرىغا چىققاندا، قاقشاش، تاپا قىلىش، دۆشكەلەش، گاڭگىراشتىن باشقا ئىنكاسلار بولمىدى.

شەھەرلەردە تىجارەت، سەھرالاردا قىيامەت؛ شەھەرلەردە زىننە-پەت، سەھرالاردا قانائەت... بۇ ھال خەلقىمىزدە گويا ئىككى تەبى-قىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يېزا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئەقىدىنىڭ ئاجىز مىراسخورى، شەھەر رەڭدار ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ ئەسە-بىي ئىخلاسمەنى؛ يېزىدا يارىتىش، شەھەردە خورىتىش... ۋەھا-كازالار.

خۇددى فىرانسۇز جەمئىيەتشۇناسى ئېمىل دۇركېيم (Emile Durkhem) ئېيتقاندەك: «شەرت - شارائىت ئۆزگەرسە، ئەخلاقمۇ ئۆزگىرىدۇ». ئىقتىسادقا يۈرۈش قىلىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي يۈرۈش قىلىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئېقىن ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋادىلىرى يېڭى دەل ـ دەرەخلەرنى ئاپىرىدە قىلىپ، ئەخلاق گۈل-لىرىنى قويۇق سايىلەرگە كۆمۈپ تاشلىدى. ئەخلاق مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشلەر بىۋاستە ئىقتىسادىي نەپ ئەكەلمىگەچكە، ھەرقايسى گۇرۇھ ۋە ئورگانلارنىڭ دىققەت سىرتىدا قالدى. ئۇ پەقەت مەكتەپلەرنىڭ تار ئۆيلىرىدىكى ئېھتىياتچان پېداگوكلارنىڭ يۇرەكنى تىلىدىغان تېمىسى بولۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، ئەخلاقمۇ ئىقتىساد مەسىلىلىرىگە ياتىدىغان مۇھىم ئامىل. ئىقتىساد ھەققىدە نەچچە پارچە يىرىك ئەسەر يازغان ئادام سىمىت يەنە ئەخلاق مەسىلىلىرى ۋە كىشىلەردىكى سەنئەت ھەم تۇرمۇشقا ياتىدىغان نازۇك ھېسسىياتلار ھەققىدىمۇ باش قاتۇرغان. جەمئىيەت ئەزالىرى جەمئىيەتتىن ئىبارەت شاھمات تاختىسىدا ئەركىن يۆت-كىلەلەيدىغان ۋە قائىدە تەلىپى بويىچە رول ئوينىيالايدىغان ئورۇق-چە بولالىغاندا، ئەقلىي مەسئۇلىيەت ئۈستىدە مۇستەقىل ئويلى-نىشنىڭ شارائىتى ھازىرلانغان بولىدۇ. شۇ چاغدا ئەخلاق ماددىي تەرەققىياتنىڭ يۈنىلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەسلىدە ئەخلا-قىي ۋە ئەقلىي ساپا ماددىي تەرەققىياتتىن كۆپ ئىلگىرى مېڭىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ماددىي تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئالدىنئالا دىياگنوز قويالايدۇ ۋە كىشىلەرگە ئاگاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. «ئىجتى-مائىي پەن»نى ناۋادا پەن دەپ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ، ماددىي تەرەققىياتنىڭ ئۆز مەنتىقىسىنى بەلگىلەنگەن كەمتۈكلۈك ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، مۇناسىپ فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇ-رۇشى كېرەك بولىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە قارىماققا ئىجتىما-ئىي پەن خادىملىرى كۆپتەك تۇرسىمۇ، ئىجتىمائىي پەنگە ئالاقىدار كىتاب ـ ژۇرناللار كۆپتەك قىلسىمۇ، رېئاللىقنىڭ تەلىپى نۇق-تىسىدىن ئېيتقاندا، ماھىيەتلىك كۆچكە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۇ-چۇن ئۇنىڭ ئىناۋىتىمۇ زور ئەمەس. ئىجتىمائىي پەننىڭ ئىناۋىتى چىنلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ساھەسىگە قايتىپ كېلىشتە.

بىزدە ئۆزىنىڭ تورمۇش ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتقان، كۈندىلىك ئەقلىي مەشغۇلاتى جان بېقىش چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتەلمەيۋاتقان زىيالىيلار تالاي. ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى رولىدىن خوتۇن بىلەن بالىلىرىمۇ رازى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىدارىدىكى رولىدىن قول ئاستىدىكى خادىملارمۇ رازى ئەمەس. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۇلاردىن چوڭ ئىجتىمائىي كىرىزىسلەرنى ھەل قىلىشنى كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تەلەپ قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.

جەمئىيەتتىكى ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان بالىلار ۋە نامراتلىق تۈپەيلى يىراق سەھرالاردىن كېلىپ بالا باققۇچى («باۋمۇ») بولۇۋاتقان نارەسىدە قىزلار ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يوقىرىقىدەك چوڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ قۇربانلىرى.

بالىلارنى مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇش كەلگۈسىدىكى جىنايەتكە ئۇل سېلىشتۇرۇش. بالىلارنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇش غۇرۇرلۇق بەختىنىڭ سەكراتقا چۈشۈشىدۇر. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، تەربىيە ھەرگىزمۇ مەكتەپ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. كىشىلەردىكى ئىنساب، دىيانەت، خەير ـ ساخاۋەت، جاسارەت، مۇھەببەت قاتارلىق مەنىۋى كۆرۈنۈشلەر دەل بالىلارنىڭ خاراكتېرىگە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدىغان تىرىك مەكتەپلەردۇر.

نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا كارل ماركس مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى: «ھۆكۈمالار دۇنيانى ھەر خىل چۈشەندۈرۈپ كەلدى، گەپ قانداق ئۆزگەرتىشتە.»

ئۇلتۇرۇۋېلىپ پىكىر قىلىدىغانلار مېڭىپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغانلاردىن زىيادە كۆپىيىپ كەتتى.

2006 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# خۇراپاتقا بىر سوئال

— ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىلى 2 - سانىغا بېسىلغان) گە ئىلاۋە

«خۇراپات» دېگەن سۆز زامانىمىز كىشىلىرى تەرىپىدىن كۆپ ئىشلىتىلىسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئىلمىي ياكى پەلسەپەۋى مەنىدە ئىزاھات بېرىلمەي كەلدى. تەپەككۇر قىلىشقا كەلگەندە ئىنتايىن ھورۇن ئادەملىرىمىز ئۆزىگە ياقمىغان ياكى ئۆز نەپسىنىڭ بەھۇزۇر قانات يېيىشىغا پۇتلاشقان ھەرقانداق يوسۇن، قەدىمىيلىك تۇسىغا ئىگە بۇيۇملانى يەڭگىللىك بىلەن «خۇراپاتلىق» دەپ ئاتاشتى، شۇنداقلا ئۇلاردىن ۋاز كېچىشكە شۇنچە ئالدىراشتى، بالىلىق دەۋرىمىزدىكى بەزى خاتىرىلەردىن ئايانكى، كىشىلەر تۇگمەن ئۇنى ئىشلىتىشنى، ئاغچا يوغۇچتا قازان يۇيۇشنى، «سوغا تۇكۇرمە»، «يەرنى ئۇرما» دېگەنگە ئوخشاش نەسىھەتلەرنى خۇراپاتلىق، دەپ ئەيىبلەشەتتى. يىللار ئۆتۈپ ئۇنداق ئالامەتلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى يوقاشقا باشلىدى. بىز ئۇلارنى يوقىتىش ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشتۇق؟ ئەجدادلار تۇگمەن ئىجاد قىلغاندىكەن، بىز ئۇلارنى يوقىتىش بەدىلىگە تەييارتاپلىق ۋە تەقلىدىي ئىستېمالچىلىقنى پەيدا قىلدۇق. چېلەكنى خالىغان چاغدا، خالىغان ۋاقىتتا چۆكۈرۈۋېلىپ ئىچسە بولىدىغان ئويناق سۇلار شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىلا قالدى.

تۇرمۇشىمىزدىكى ھەربىر شەيئى ئۇزاق تارىخنىڭ سىرلىق قاتلاملىرىنى ئاشكارىلايدىغان، ئەجدادلارنىڭ كەشپىيات ئۇستۇنلۇكى، ئىقلىملار ئارا مەردانە يۇرۇشلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان نازۇك

يىپ ئۈچى. ئۇنى يوقىتىش ياكى ئۈزۈپ تاشلاش تارىخنىڭ مۇستەھكەم ئۆگىلىرىنى يانجىپ تاشلىغانلىق بىلەن باراۋەر.

ئۇيغۇر تېلېۋىزىيەچىلىكىدە ئېتوت بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىخچام قۇرۇلمىسى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىكى بۇرۇقتۇرما ئىنكاسنى يۇمۇر ئىچىگە ئالدى. ئوڭۇشسىز كەچۈرمىشلىرىنى مازاق قىلىپ، لەززەت تېپىشقا ئادەتلەنگەن خەلقىمىز ئېتوت ئارقىلىق مەلھەم تېپىشقاندەك بولدى. ئەمما كۆپلىگەن ئېتوتتا مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي ئوبيېكتى قىلىندى. ئىدىيەسى قاتمال، كوناپەرەس كىشىلەرنى ساقال - بۇرۇتلۇق، تون - يەكتەك كىيىۋالغان قىلىپ كۆرسەتتۇق. ئەقلى كەمتۈك، مەتۇ كىشىلەرنى بولسا دۇخاۋا دوپپا، بادام دوپپا ياكى شاپاق بۆك، سۆسەر تۇماق كىيگۈزۈپ سەھنىگە ئاچىقتۇق. رومال چېگىدىغان، كەڭ، ئۇزۇن كۆڭلەك، تامبال كىيىدىغان ئانىلىرىمىز ئاۋات شەھەر سارايلىرىدا كىيىم مودىلىغا گەپ قىلىپ يۈرىدىغان ھاڭۋاقتى قىلىپ تەسۋىرلەندى. مەدەنىيەت بەلگىلەردىن شەكىل تاپىدۇ. دوپپىلاردىكى ھەربىر گۈل، تۇماقلاردىكى ھەربىر يىڭنە ئىزى سەگەك ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن كاتتا لۇغەتتۇر. ئۇ بىزنى ئۆتمۈشتىكى تالاي سەلتەنەتلىك سۇلالىلەرگە باشلاپ بارىدۇ. ئەجەبا، ئۇلار خۇراپاتلىق ۋە ئاسارەتنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشىمىدۇ؟ دەل ئاشۇ گۈللەر ۋە نۇسخىلار بىز ھازىر چوقۇنۇۋاتقان بېرلىنلىقلار ياكى پارىژلىقلارنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتامدۇ؟

خۇراپاتلىق ۋە قاتماللىق ئۆتمۈشنىڭ بەخشەندىسى ئەمەس. خۇراپاتلىقنىڭ ماھىيىتى دوپپا ياكى ساقال - بۇرۇتتا ئەمەس. لېكىن دوپپىلىق ياكى ساقال - بۇرۇتلۇق ئادەم ئىدارە - ئورگانلارنىڭ ئىشىك باقارلىرىدا نېمە ئۈچۈن شۇبھىلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ بەزى شەھەرلىكلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۇلار سەل - پەل بىنورمال ئادەملەر، دەپ قارىلىدۇ.

ھۇسەيىنخان تەجەللىي، ئەھمەد زىيائىيلار دەل ئاشۇ ساقال ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دوپپىلار بىلەن زېمىنىمىزدىكى قوتۇپ يولتۇزىغا ئايلانغان. ئۇلار-نىڭ تەپەككۇرغا ماھىرلىقى يۈرىكى ۋە كاللىسىدا بولۇپ، دوپپا بە-لەن ساقال ھېچنېمىگە يوتلاشمىغان. راسا قاملاشتۇرۇپ ياسالغان غەربچە چاچ پاسونلىرى يىگىت ۋە قىزلىرىمىزنى بەربىر غەربچە ئەقلىي يۈكسەكلىككە ئاچىقالمىسا كېرەك.

قارىماققا، بىز غەربچە ۋە شەرقچە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، ئۇلار-نىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۆز رەڭدارلىقىمىزدىن تەمەننا ھېس قىلىمىز، ھەتتا شۆھرەتپەرەسلىك قوندىقىغا قونۇپ، ئاشۇ تۇرمۇش ئەندىزىلىرىنى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىدىمۇ كۆز - كۆز قىلىمىز، ئەھۋال ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. بىر چاغلارغا كەلگەندە، ئۆزىمىزنىڭ يات قوۋملارنىڭ قىممەت قارىشى تەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنىپ كەت-كەنلىكىمىزنى، ئۇلارغا ھەزىم بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى بايقاشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز.

ئەقلىي رىقابەتنى ئەستىن چىقىرىپ، نەقلىي رىقابەت (بىخۇد دورامچىلىق) قايىنىمىدا چۆكۈپ، لەيلەپ يۈرۈش، بىر قىسىم تەبە-قىلەرنىڭ يالتىراپ تۇرغان ئىشرەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ «نۇرانە» مەنزىرە ماغزاپ بەخت سۈپىتىدە ئاددىي پىكىرلىك كىشىلەرنى كۆرەڭلىتىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنى باسالمىغان ھالدا بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى «تەرەققىيات» دەپ ئاتايدۇ.

تۇرمۇشىمىزدىكى بۇنداق يۈزلىنىش مېنى «خۇراپاتلىق زادى نېمىدۇ؟» دېگەن ئويغا مەجبۇرلىدى - دە، ئىلكىمدە بار قامۇسلارنى ۋاراقلاپ باقتىم. چۈنكى خۇراپات ھەققىدە ئۆزۈم بىلگەنچە بىرنېمە دېسەم، كىشىلەر ماڭا قايىل بولماسلىقى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ روھىدىكى خۇراپاتقا مايىللىق نوپۇزغا بولغان خاتىرجەم ئېھتىراە-نى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

«خۇراپات» دېگەن سۆز بىزگە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بو-لۇپ، رېئاللىق ھەم ماھىيەتكە زىت سۆز - ھەرىكەتنى كۆرسە-

تىدۇ. ئەگەر ئۇ دۇنيا قاراشقا قارىتا ئېيتىلسا، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەبىئىتىگە ماس بولمىغان مەسلەك ۋە مەزھەپنى كۆرسىتىدۇ.

بىز يەنە باشقا قامۇسلارغا قاراپ باقايلى:

«ئامېرىكا ئىنگلىزچىسى ۋەبستەر لۇغىتى» (ئىنگلىزچە) (چەت تىللار ئوقۇتۇش تەتقىقات نەشرىياتى، 1997 - يىلى بېيجىڭ نەشرى) دېگەن كىتابتا «خۇراپات» (Superstition) دېگەن سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «خۇراپاتلىق مەلۇم نەرسىگە قارىتا غەيرىي ئەقلىي ئىشىنىش». تۇرمۇشتىكى ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدىغان سېھرىي تەرەپلەردە كىشىدە ئوخشايلا سىرلىقلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىزاھاتتا، خۇراپاتنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك ھەم پسىخولوگىيەلىك سەۋەبلىرى ئىشارەتلەنگەن.

زەمزەممۇ بىز ئىچىۋاتقان سۇلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇ مۇقەددەسلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىكى مۇقەددەسلىك ئېتىقاد كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زەمزەم غەيرىي ئېتىقادتىكى ئادەم ئۈچۈن پەقەت ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، روھنى ئىخلاسقا دالالەت قىلىدىغان ئامىل سۈپىتىدە ماددىي سۇ پەتتىن ھالقىيدۇ.

رېئاللىق ئاران ماددىيلىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ماددىيلىقتىنمۇ كەڭ بىر دۇنيا بار، ئۇ بولسىمۇ روھىيەت. ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىش ئۈچۈن رېئال ئىلىملەردىن تاشقىرى ھال ئىلىملىرىمۇ كېتىدۇ. ۋاھالەنكى، ھال ئىلمى رېئال ئىلىملەردىن زىيادە قىيىندۇر.

پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرۈش ئەقىلدىن تاشقىرى بولىدۇ، ئۇ كۆپ ھالدا ياخشى كۆرگۈچىدە پەۋقۇلئاددە رومانتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، ئوبيېكتنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. شەيئىنىڭ ئۆزىدە يوق مەنە ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئاپىرىدە بولۇشقا باشلايدۇ.

1990 - يىلى سەنبېي نەشرىياتىدىن چىققان «بۈيۈك تىل قامۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سى» دا، خۇراپات (迷信) نىڭ مەنىسىنى كۆپ قاتلامدا يەشكەن:

1. خۇراپاتلىق بىلىمسىزلىك تۈپەيلى نامەلۇم ياكى سىرلىق نەرسىلەرگە قارىتا ئورۇنسىز ھالدا پەيدا بولغان ياتسىراش، بىنورمال مايىللىق؛ سېھىرگەرلىك ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش، سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە قارىتا خاتا ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققان ئېتىقاد، نۇقتىئىنەزەر، پائالىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2. تەبىئەت ياكى تەبىئەتتىن ھالقىغان ھادىسىلەرگە ياكى تەڭرىگە ئەقىلگە نامۇناسىپ ھالدىكى كەمسىنما پوزىتسىيە.

3. پەرز ۋە قائىدىلەرگە ئىشىنىش.

4. تابۇ - پەرزگە ھۆرمەت قىلىش.

يۇقىرىقى ئىزاھاتلاردا، ئىشىنىشتە ئەقىلنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

كىشىلەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي «تەرەققىيات» دەۋەردى. ۋاھالەنكى، ھەسەل ھەرىسى باقماي تۇرۇپ «ھەسەل» دەۋەرگەنگە، ئېغىز تاتلىق بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى شۇ ئېغىزنىڭ ئۆزى قۇرۇپ ھالىدىن كېتىدۇ.

روشەنكى، غەرب پەن - تېخنىكىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بۇ گۈللىنىش ياراتقان مەئىشەت بىزدە پەن ياكى غەرب خۇراپاتلىقى بىللە مەۋجۇت بولۇپ، غەربچە ئىستېمالغا مەست - مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەن كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بارا - بارا پۈچەكلەشتۇرۇپ قويماقتا.

دەرۋەقە، پەن - تېخنىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە گۈللىنىشى 20 - ئەسىرنىڭ بىر بەلگىسى. بەزىلەر ئېيتقاندەك، پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى خۇراپات تۈگىشى كېرەك ئىدى، بىراق خۇراپاتلىق ئەدەپ كەتتى. بۇرۇنقى ئادەملەر بىرەر تۈپ دەرەخنى ياكى بىرەر ئۆلىمانى مۇقەددەسلەشتۇرۇپ، ئەقلىنى لال قىلاتتى. ھازىرقى ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا كىنو چولپانلىرى ياكى

ناخشا، پۇتبول چولپانلىرىغا چوقۇنۇپ، ھوشىدىن كېتىدىغان بولدى ياكى ئېپپەت ـ نومۇسىنى دوغا تىكىدىغان بولدى.

ھوقۇق ياكى ھوقۇق ئىگىلىرى دەۋرىمىز كىشىلىرى باش ئۇ ـ رىدىغان يېڭى بۇددىساتۋاغا ئايلاندى. بۇتپەرەسلىك تالاي بۇتنى ۋە ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەندى، بۈگۈنكى ھوقۇقپەرەسلىك يېڭى بۇتلارنى ئاپىرىدە قىلدى. بۇرۇنقى بۇتلارغا ئاز ـ تولا ئىسىرىق، ھورنان ياكى مېۋە ـ چىۋە كېتەتتى، ئەمما ئۇلار بەرىبىر يېمەي قوياتتى. ھازىرقى بۇتلارنىڭ يەيدىغان نەرسە ـ لىرىنى پەرەز قىلماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پەننىڭ قۇدرىتىگە بولغان ئىشىنى ـ شى ئەقىلدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ پەقەت پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان غەيرىي ئەھلىيلەرنىڭ خۇراپاتلىقىدۇر. پەننى خۇراپاتلاشتۇرغانلار دەل غەيرىي پەن ئەھلى بولۇپ، ئۇلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىلغار قورال ـ ئەسلىھەلەرنىڭ قولايلىقىدىن سۆيۈنۈشنى بىلىدۇ. ئەمما ئىلمىي بايقاشلار جەريا ـ نىدىكى مىسلىسىز ئاچچىق تولغاقلارنى ياكى ئېغىر بەدەللەرنى بىۋاستە كۆرمىگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئالىملار پەننى ھەمـ ـ مە نەرسىنى ھەل قىلالايدىغان «خۇدا» دەپ قارىمايدۇ.

«پەن بىرنەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، قانداق بو ـ لۇشىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ» (ئېينىشتېيىن).

«پەننىي بىلىملەر كىشىلىك ھاياتنى مەقسەت بىلەن تەمىنلە ـ يەلمەيدۇ» (كارل ياسپېرس).

تېخنىكا مەسىلەكىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ ماددىي رېئاللىقنى ۋاستىلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن بىرەر مەسىلەك كەتمەيدۇ، بەلكى ئەقىلنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتـ ـ تىپاقىدىكى ئاتوم قوراللىرى بىلەن ئامېرىكىدىكى ئاتوم قوراللىرى ئوخشاش ئەقلىي پىرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەمما ئۇنىڭ ئىشـ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىتىلىشى بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى مەسىلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ مەسىلىكىنى قوروپ چىقىش ئىككى دۆلەت سىياسىيونلىرىنىڭ ئىشى. جۇڭگو، ھىندىستان، پاكىستان ئالىملىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەسىلىكتە بولسىمۇ، ئاتومغا كەلگەندە ئوخشاش ئەقلىي پرىنسىپقا رىئايە قىلىدۇ.

روشەنكى، شەيئى، ھادىسىلەر بىلەن بولغان نامۇۋاپىق ئەقلىي ئارىلىق چۈشىنىشتىكى خۇراپىيلىق تۇمانلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتى ھاۋاسى بولمىغان يەردە پەن خۇراپىيلىقى بەش كۆتۈرىدۇ. كىشىلەر نېمىدىن يىراق بولسا، نېمىدىن مەھرۇم بولسا ئۇنىڭغا ئەقىل قاتناشتۇرۇش ئىمكانىيىتى ئوبيېكتىپ تەرزدە ئىشقا ئاشمايدۇ ـ دە، سىرلىقلىشىش، خىيالىيلىشىش ئەۋج ئېلىپ، «بىلدۇق» دېيىلگەن نەرسە ئەمەلىيەتتە ئەقلىي بولماي قالىدۇ.

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي ئوتتۇرىغا قويغان زامانىۋى خۇراپاتلىق ئالامەتلىرى «زامانىۋىلىق»نى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى تەشنالىقى بىلەن قوروپ چىققان بېكىنمە خەلقنىڭ تۇرمۇش قىياپەتلىرى دېيىش كېرەك.

بۇلار خۇراپاتنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. خۇراپات ئىدىيەدە بولىدۇ. ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي ساناپ ئۆتكەن ئالامەتلەر مۇئەييەن ئىدىيە خۇراپاتلىقىنىڭ مەھسۇلى. ماددىدا خۇراپات بولمايدۇ. خۇراپات دەل ماددا ھەققىدىكى چۈشەنچىدە، ماددىنىڭ ۋە رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قارىتا پوزىتسىيە ھەم سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولىدۇ.

بىر كىنو ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: ئافرىقىدا ئۆزى ياشاۋاتقان رايوندىن چىقىپ باقمىغان بىر قەبىلە ئاق تەنلىكلەر تىك ئۇچار ئايروپىلاندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، تاشلىۋەتكەن گاز سۇيى بوتۇلكىسىنى

تېپىۋېلىپ، ئىلاھ بىزگە ئىلتىپات قىلدى، دەپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى قەبىلە باشلىقىغا تەقدىم قىلىدۇ. كىشىلەر بۇ «مۆجىزە» ئالدىدا مۇقەددەس تەسىراتلارغا كېلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان باشقا بىر قەبىلە كىشىلىرى بۇ بوتۇلكىنى تالىشىدۇ ـ دە، ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ئۇرۇش ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ، ئەزەلدىن تىنچ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلققە زور زىيان سالىدۇ. بوتۇلكىنى بالايىئاپەتنىڭ سەۋەبى، دەپ چۈشەنگەن كىشىلەر ئۇنى ئاپىرىپ چوڭقۇر بىر جىلغىغا تاشلىۋېتىدۇ ـ دە، تىنچلىق يەنە ئەسلىگە كېلىدۇ.

بىز بوتۇلكىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئۈستىدە بىرنېمە دېمەي تۇرايلى. بوتۇلكا ئافرىقا قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئادەم ياسىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي مۆجىزىگە ئايلانغان.

بىزنىڭ چەت ئەللەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەملىرىمىز ناھايىتى ئاز، بەلكى يوق ھېسابتا. ئۇلار چەت ئەللەرنى تېلېۋىزوردىن كۆرىدۇ. ۋاھالەنكى تېلېۋىزوردىكىسى چەت ئەللەرنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، بەلكى رېژىسسورنىڭ دىتى بىلەن ئىشلەنگەن سەنئەت ياكى ئاخبارات. شۇڭا، چەت ئەللەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى، يوسۇنلىرىغا قارىتا خۇراپىي ئەگىشىش كېلىپ چىققان. بىزدە زامانىۋى دۇنيا تاڭغان ئىستېمال ئادەتلىرى بارلىققا كەلدى، لېكىن زامانىۋى ئوي ـ پىكىر ۋە ئىشلەپچىقىرىش بارلىققا كەلمىدى. شۇڭا كىشىلەر «زامانىۋىلىق»نى خۇراپىيلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر خۇراپىيلىقنى ياراتتى.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىلەرنى تۇرمۇشنىڭ ھەربىر بۆلىكىگە ئېلىپ كىرگەن بولسا، بىز باشقىلار ئىجاد قىلغان نەرسىلەرنى خۇراپىيلاشتۇردۇق.

شائىر ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي «زامانىۋى خۇراپاتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە ئۆزگىچە كۆزىتىش پىسخىكىسىنى نامايان قىلغان بولۇپ، كىشىلەر تەرەققىيات، دەپ قارىغۇلارچە ئاتىۋالغان ئالۋۇنلارنى ئۇ مىللىي ئۆزلۈككە ياتىدىغان سو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غۇققان نەزەر بىلەن خۇراپىيلىق، دەپ بېكىتتى ۋە ئۇنى شەرھلىدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەممگە بىزدىن خېلى مۇقەددەم ئۆتكەن مىرزا ئابدۇقادىر بېدىل (1644 ــ 1721) نىڭ بىر رۇبائىيىسىنى تەقدىم قىلىمەن. بۇ مۇتەپەككۇر شائىر بۈگۈننىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەن-مۇ ـ قانداق؟

بۈگۈن ئۆزگىرىشكە ئۇچرىدى زامان،
ھەتتا ئاياللاردا مەردلىك نامايان.
شۇنداق كېتىۋەرسە بالا ئېمىتمەك،
ئەركەك زاتىغىمۇ بولىدۇ ئاسان.

بىر خەلق نېمىنىڭ تەرەققىيات ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ رېئال تارىخىي رولى بىلەن ئايرىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئاي-رىش ئابستراكت بولغان بىر پۈتۈن كوللېكتىپنىڭ ۋەزىپىسى دې-مىگەندىمۇ، چوقۇمكى، ئۇ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي، ئەنۋەر سەمەد غەربىي كەبى تۈيغۇن ياشلىرىمىزنىڭ تەرىدە كامال تېپىپ، كىشىنى تولۇق خۇرسەن قىلىدىغان ئەقلىي ئابىدىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

2001 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# كۆلۈپ يۈرۈپ، كۆلكىگە قېلىش تېخىمۇ كۆلكىلىك

— زورىمۇھەممەت مۇتەللىپنىڭ «قەشقەردىكى قىزىق پاراڭلار» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىلى 5- سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىگە ئىلاۋە

كۆلكە توغرىسىدا سۆزلەشتە يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنسانلاردىكى مۇرەككەپ پسىخولوگىيەلىك ھادىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل (مەدەنىيەت) ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان بولىدۇ. پەيلاسوپلار كۆلكە ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن قاتلىمى توغرىسىدا خېلى كۆپ توختالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆلكىنىڭ ماھىيىتى ئالدىدا تولۇق بولمىغان شەرھگە ئايلىنىپ قالدى.

مەن كۆلكە توغرىسىدا مۇپەسسەل گەپ قىلماقچى ئەمەس، ئىنىمىز روزىمۇھەممەت «قەشقەردىكى قىزىق پاراڭلار» دېگەن ماۋزۇدا، چاقچاقلىرىمىز توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاش غەرىزىدە بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەمال ئاۋاز قوشۇشنى لايىق تاپتىم. روزىمۇھەممەتنىڭ ماقالىسى پەقەت مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش خاراكتېرىگە ئىگە، مۇلاھىزە تۇسى ماھىيەتكە يەتكۈدەك قېنىقلىقتا ئەمەس. بەلكىم ئۇ چاقچاقلار ۋە كۆلكىلەر ھەققىدە سۆز ئېچىشنى مۇھىم، دەپ بىلگەن بولسا كېرەك.

تېلېۋىزىيەدە كۆرستىلىۋاتقان سەنئەت كېچىلىكلىرىمىزنىڭ كۆلكىسىز قېلىشىنى، سورۇن - تاۋكالىرىمىزنىڭ چاقچاقسىز قېلىشىنى خالىمايمىز. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئاددىي

پاراڭلار، بەزمە ـ مەشرەپلەر، چاي ـ ئولتۇرۇشلار قىزغىن، يۇمۇرىستىك، شادىيانە بولسا، ساھىبخانا بىلەن مېھمانلارنىڭ كۆڭلى بىردەك تەسكىن تاپىدۇ. شۇنداق، كۈلۈش ئىنسانىي تەبىئىتىمىزنىڭ بىر مەزمۇنى. ئىنسان بەختلىك ۋە بەختسىز مۇھىتتا كۈلىدۇ، لېكىن كۈلكىنىڭ مەنبەسى بىلەن مەزمۇنىدا چوڭ پەرقلەر بولىدۇ. ئومۇمەن، كۈلمەيدىغان ئىنسان يوق، نېمىگە كۈلۈشنى نورمال تەلەپتە بىلمەيدىغان ئىنسانلار بار. بۇ يەردىكى نورماللىقنىڭ قانۇنلاشقان فورمىسى ۋە ئۆلچىمى بولمايدۇ، ئۆلچەم مەيدان ۋە مۇھىتقا قاراپ كونكرېتلىشىدۇ. كۈلۈش مەلۇم بىر سۆز ياكى ئىشقا قارىتا بىۋاسىتە پوزىتسىيە بولۇپ، ئەگەر ئۇ بىنورمال تۇيغۇ بەرسە ئۈچىنچى بىر كۈلكىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ.

مەنمۇ كۆپلىگەن سورۇننىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ھەققىدە ئۆزۈمگە خاس كەچۈرمىشلەرنى توپلىدىم. تەبىئىتىمىزدىن ئېيتقاندا، ئۆزۈمگە لايىق يۇمۇرلۇق تۇيغۇلىرىم بار، بىراق ھەممە گەپكە كۈلۈپ يۈرمەيمەن. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى، قەدىر ـ قىممەتنى ئاشۇرىدىغان، ۋىجداننى پاكلايدىغان، غۇرۇرنى تاۋلايدىغان، ئىجتىمائىي جاۋابكارلىققا ئۈندەيدىغان مەنتىقلىق كۈلكىلەر، پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان يۇمۇر ۋە لەتىپىلەرنىڭ مېغىزىنى ئوبدان چاقىمەن. نەق مەيداندىكى قويۇق مىللىي تۇرمۇش، ئىرماش ـ چىرماش قېرىنداشلىق رىشتى، سۆزلەردىكى ئاھاڭ، شېۋىلەر، قىلىق ـ ھەرىكەتلەردىكى ئىپادىچانلىق، ئىنكاس تېزلىكى، مەردلىك ۋە كەڭ قورساقلىق مېنى ئىنتايىن سۆيۈندۈرىدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا، خەلقىمىزنىڭ يەرلىك پۇراقتىكى تىلىدا ئەڭ يارقىن ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى، ئۇنى باشقا بىر مىللەتنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، باشقا مىللەت كىشىلىرىگە ئۆز پېتى قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى ئىچ ـ ئىچىمدىن تونۇپ يېتىمەن. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ خۇلقى ئاخبارات تىلىدىن

كۆرە شۇ مىللەتنىڭ شېئىر ۋە يۇمۇر تىلىدا بەكرەك چاقنايدۇ.

كىشىلەر ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خۇش چاقچاقلىقىنى بىردەك تونۇيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بىرى سورۇنلاردا قەشقەرنىڭ قىزىق پاراڭلىرى مودا بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ «قەشقەرلىكنىڭ تىلىنىڭ تېگىدە تىلى بار» دېيىشكىنىچە، قەشقەرچە ئاھاڭ بىلەن لەتىپە سۆزلىشىدىغانلىقىنى تالاي كۆردۇم. سورۇن ئەھلى ئۇبدان كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، «قەشقەرلىكنىڭ گېپى سېسىق» دەپ قويۇشىدۇ. ئىلى چاقچاقلىرى بىلەن قەشقەر پاراڭلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر ساتىرىك ئورتاقلىق بولسىمۇ، نورغۇن تەرەپتە پەرققە ئىگە. ئىلى چاقچاقلىرى تىپىك سورۇن ياكى بەزمە ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇپ، كۈي - ناخشىلار، ئۇسسۇل، سۆھبەت قاتارلىق تەركىبلەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنىۋېرسال بەدىئىي قاتلامنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتىن يېنىك، خۇشخۇي، ھەمتېكىستلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىلى چاقچاقلىرى بەزمىلىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشرەپ، توي قاتارلىق تۇرمۇش بۆلەكلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ھەمدە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ تىپىك چولپانلىرىنى ياراتقان بولىدۇ.

قەشقەر پاراڭلىرى ئالاھىدە پىلانلانغان مەيدان ياكى سورۇندا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ قايسىدۇر بىر دېتالىدا، ۋاقىت ۋە ماكاننىڭ ئوخشاش بىر مۇھىتىدا تاسادىپىي ئۇچراشقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بىردىنلا سادىر بولىدۇ. بىر تەرەپ ئەندىكىپ، ھوشىنى يىغىپ، ئويلانغاندىن كېيىن ئاچچىق تەپتى ھېس قىلىشىدۇ. قەشقەر پاراڭلىرى نەق مەيداندىكى كونكرېت چوڭ - كىچىك ئامىللار بىلەن ئورگانىك باغلىنىپ كەتكەچكە، نەق مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ. ناۋادا يۇز بەرگەن شۇ كومېدىيە ئۇنۇمى يەنە بىرەيلەن باشقا بىر مۇھىتتا تەقلىدىي ھالدا قايتا بايان قىلماقچى بولسا، شېۋە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىكى ئەينەنلىككە دىققەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىلى چاقچاقلىرى بىلەن قەشقەر پاراڭلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيە-تىدىكى كومېدىيە كاتېگورىيەسىنىڭ ئىككى ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. لېكىن بىز بۇ ئىككى ئۇسلۇبنى مۇقىملاشقان تارماق سۇ-پەتىدە تونۇۋېلىپ، باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋىيىتى-دىكى يۇمۇر شەكىللىرىگە كۆز يۇمساق بولمايدۇ. ئىلى چاقچاقلىرى ۋە قەشقەر پاراڭلىرى ئۇيغۇر يۇمورىستىكىسىنىڭ ئىككى تارماق مودېلىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ جەھەتتىكى تونۇشىمىزنى پەقەت بىر خىل بايقاش دېيىش لازىم. ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قالغان بۆ-لەكلىرىگە ئىچكىرىلەپ زېھىن سالساق، ئۆزگىچە يۇمۇر شەكىللى-رىنى بايقىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان كۈلكە ئارقىلىق ئۆزى-نىڭ مەنىۋىيىتىنى تەڭشەيدۇ، كۈلكە ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەي-دۇ، كۈلكە ئارقىلىق مەدەنىيەت تەشكىل قىلىدۇ.

بايقىشىمچە، ئۇيغۇرلار روھىيىتىگە قادالغان زەربىلەرنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئۆز ئىچىدىكى ئۇلۇغلۇق ۋە ئالىيجانابلىق-نى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق يوقادىن چىقىدىغان پسىخولوگىيەلىك مەجۈنى تېپىۋالدى ۋە سۈنئىي خۇشاللىقتا سېزىك بولغانسېرى مە-جۈنى قېچىش يولىغا ئايلاندۇردى. بىر قارىسا ئۇلۇغلۇق قىسمەن مە-نىدە ساختىلاشقان، ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق مەۋھۇملاشقان، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى قائىدىلىرىدىكى كىشىلەر ئاداپ، زەھەرخەندە، مەسخىرىۋازغا ئايلىنىدۇ، ئاندىن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تىل نەشتىرىنى سانجىپ، قىساس خۇمارىنى قاندۇرىدىغان بولۇشتى. دېمەك، ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ ياكى ئۆزىدىن تۆۋەن چۈشۈ-رۈپ كۈلۈش بۈگۈنكى ئۇيغۇر يۇمۇر ھاياتىنىڭ ئاساسىي تىندىتسىيەسى بولۇپ قالدى.

باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش بەزىدە بىر تۈرلۈك كۈرەش، بەزىدە بىر تۈرلۈك تەسەللى، يەنە بەزىدە بىر تۈرلۈك ئەخمەقلىق. خاراكتېرى كۈچلۈك مىللەت ئۆزىدىكى ئىللەتلەر ئۈستىدىن رەھىمسىزلەرچە قاتتىق كۈلۈشنى بىلىدۇ. ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشتىن قورقمايدىغانلار

ئۆزىنىڭ روھىي كېسەللىنى داۋالاشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن باش تارتمىغانلاردۇر.

بىز كۆلەيلى، لېكىن مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە شاتىراقلىق بىلەن كۆلۈپ يۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي كۆلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايلى. ھوشيار بولمىساق، كۆلكە ئارقىلىق روھىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمىز تۇرغانلا گەپ.

2011 – يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە:

# قەشقەردىكى قىزىق پاراڭلار

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

قەشقەر، قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مەدەنىيەت يۇكسەكلىكىدە چاقنىغان سەلتەنەتلىك تارىخىي مىراسلىرى تاكى بۇگۈنگىچە ھۆرمەت تەختىدە نۇر – جۇلاسىنى چاقناتماقتا. قەشقەر ھەققىدە گەپ بولسا قەشقەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىللە، ئۇنىڭ كىشىلىرىدىكى باي، ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرغان يۇمۇرلۇق پاراڭلىرى ئەسكە كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ سەھنىلەشتۈرۈشىدىكى بىر يۈرۈش قەشقەر پاراڭلىرى ئەل ئىچىدە مودا بولدى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. قەشقەر پاراڭلىرى خۇددى غۇلجىنىڭ چاقچاقلىرى، تۇرپان، قومۇل پاراڭلىرىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك يارىتىپ كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى قەشقەردىن تارقالغان قىزىق پاراڭلارنى كۆپ ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق پاراڭلار يىغىلىش – سورۇنلىرىمىزدىمۇ، ئىنتېرنېت بەتلىرىمىزدىمۇ ئەڭ جەلپ قىلارلىق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئويلاپ باقسام، مەنمۇ ھازىرغىچە قەشقەر پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلاپتىمەن، شۇ پاراڭلاردىن كۆپ كۈلۈپتىمەن. ئەمما، بۇ پاراڭلارنىڭ مەتبۇئات يۈزىگە چىقمىغانلىقى، نوقۇل ھالدا ئېغىزدا تارقىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنتېرنېت بەتلىرىدىكى قەشقەر پاراڭلىرىنى ئالا قويماي ئوقۇپ چىقتىم. ئېغىزدا تارقىلىپ

يۈرگەن قەشقەر پاراڭلىرىنىمۇ ئۇنىڭ ۋەزنىگە، تېگىگە يېتىپ، چۈشىنىپ ئاڭلاشقا تىرىشتىم. بۇنداق پاراڭلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ئۇ كۈندە، ئايدا دېگۈدەك يېڭىلىنىپ تۇراتتى، بۈگۈنى ئاڭ- لىغىنىم ئەتىسىلا كونىراپ، يېڭىسى پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئىچىگە تېرەن مەزمۇنلارنى سىغدۇرغان بولۇپ، بەزد- لىرى ئاڭلىغان ۋاقىتتا ھېچقانداق ئۆزگىچە تۇيغۇ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما بىر مەزگىلدىن كېيىن چوڭقۇرراق ئويلاپ باقساڭ، گەپنىڭ تېگىدىكى گەپنىڭ قالتىسلىقى مەلۇم بولاتتى. بۇ ھەقتە بىرقانچە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق سۆزىمىزنى ئىسپاتلايلى:

قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىرى ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ بولۇپ، پۇل تۆلەۋېتىپ، «بۈگۈن قۇشخانىغا چىقماپسىلەر - ھە؟» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. غوجايىن بۇنىڭ نېمە گەپلە- كىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرى ئىزاھلاپتۇ: «ئۇلار قورۇماڭدا گۆش يوقكەن دەۋاتىدۇ» دەپتۇ. شۇند- دىلا غوجايىن ھەممە گەپنى چۈشىنىپتۇ.

قەشقەر پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانسېرى ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى، ئەقىل - پاراسىتىگە ھەيران قالدىم. چۈنكى، بۇنداق تېز ئىنكاس دېھقاندىنمۇ، شوپۇردىنمۇ، ئوقۇتقۇچىدىنمۇ، مەدىكار- دىنمۇ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا كىچىك بالىدىنمۇ چىقمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. مەشھۇر تارىخچى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق كىتابىدا قەشقەر خەلقىنى «نازۇك ۋە ئىنچىكە، ئاقىل ۋە دانا» دېگەنىدى. بەلكىم، مۇشۇ تارقالغان قىزىق پاراڭلار- مۇ ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ سۈپىتىنىڭ چاقچاق تەرىقىسىدە نامايان بو- لۇشى بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەنە شۇنداق تەگدار، مەنىلىك سۆز- لەرنى دېيىش ئۈچۈنمۇ ئەقىل - پاراسەت، دىت كېرەك. مەلۇم بىر ئىشقا بىر تالاي كاپىلدىغاندىن، قىسقىغىنا سۆز بىلەن خاتىمە بې- رىش ماھىيەتتە ئەقىللىكلىكنىڭ ئىسپاتىدۇر.

قەشقەردىن ئىككى ئادەم ئۈرۈمچىگە ساياھەت قىلىپ كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلار مەلۇم بىر ئاشخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن بۇيرۇتۇپ قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن، پۇل تۆلەش ئورنىغا كېلىپ: «تامىقىمىز نەچچە پۇل بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. پۇل يىغقۇچى قىز ھېسابلىغۇچ بىلەن جەملەپ چىققاندىن كېيىن: «420 كوي» دېگەندىكەن، قولىنى يانچۇقىغا سالغىنى ئىتتىككلا كەينىگە قارىۋېتىپ، «بۇ ئىككىمىز يېگەن تاماقنىڭ پۇلىمۇ ياكى ئاشخانىدىكى ھەممە ئادەم يېگەن تاماقنىڭ پۇلىمۇ؟» دەپتۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، خىزمىتىدە ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭمۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭمۇ ئىچىدە يۇمۇرىستىك تۇيغۇسى كۈچلۈكلىرى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم بىر مىللەتتىمۇ ئەنە شۇنداق يۇمۇرىستىكلىق، چاقچاقخۇمارلىق ئېلېمېنتلىرىنىڭ يۇقىرى بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتا، كەلگۈسىنىڭ گۈزەل بولۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىكەن. چۈنكى يۇمۇرىستىك تۇيغۇ ماھىيەتتە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچنىڭ، ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قەشقەر پاراڭلىرىنىڭ ئىچىدە ئادەمنى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلىدىغىنى، ئاجايىپ پەلسەپىۋى مەنىلەرگە ئىگە بولغىنىمۇ ئاز ئەمەس. ھەر قېتىم شۇنداق پاراڭلارنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەشقەر خەلقىنىڭ پىكىر جۇغلانمىلىرىنى، روھىي تىنىدۇرمىلىرىنى چۈشەنگەندەك بولىمەن.

بىرى شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

«بازارغا چاپان ئالغىلى چىقىپ، بىر چاپاننى ناھايىتى تەستە سودىلاشتىم. ئۆزۈم ئېيتقان باھادىن بىر سىنتمۇ ئۆرلىمىدىم. سودىگەرمۇ ئاخىر شۇ باھاغا بەردى. چاپاننى سېتىۋېلىپ، ماڭىدىغان ۋاقتىمدا ئۇ: ‹ئۇكام، سىلى خەتنىلىرىنىمۇ ئۆزلىرى قىلغانمۇ؟› دېدى. ئۇ چاغدا بۇنى ئادەتتىكى گەپ دەپ ئېرەنشىمەپتىمەن. ئەمما، ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولغاندا بۇ گەپ ئېسىمگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ گەپنىڭ ئاچچىقىدا كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم.»

قەشقەر پاراڭلىرىنىڭ ئىچىدە كىنايىگە تولغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بەلكى بۇنى ئەڭ يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىنسا، بۇ ئاچچىق سۆزلەرنىڭ نەقەدەر ھەقلىقىنى، شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا نىسبەتەن شۇنداق گەپنىڭ دورا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، قەشقەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي يۇرت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، ئېتىقاد ـ ئادەت مەسىلىلىرىگە، ئۆزىنى بىلىش، گەپنى تېپىپ قىلىشقا ناھايىتى جىددىي قارايدۇ. شۇلارغا خىلاپ بولغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئەڭ ئۆتكۈر تىلىنى ئىشقا سېلىپ رەددىيە بېرىدۇ.

قەشقەردىكى مەلۇم بىر ئاشخانىغا ئىككى ـ ئۈچ ئادەم كىرىپ، تاماق بۇيرۇتۇپتۇ ۋە تاماقنى يەپ بولۇپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلۇپتۇ. بۇ جەرياندا، بىرنەچچە مېھمان ئولتۇرغىلى ئورۇن يوق قايتىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بىر چاغدا تېلېۋىزوردا بېرىلىۋاتقان كىنو تۈگەپ، تەرجىمە قىلغۇچى، ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسمى چىقىشقا باشلىغاندا، ئاندىن ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا ئاشخانا خوجايىنى ئۇلارغا قاراپ: «غوجىلىرىم! ئاۋۇ چېكىتلەرنىمۇ ئوقۇۋېتىپ ماڭساڭلا دېيمەن!» دەپتۇ.

باشقا شەھەرلىك بىرى قەشقەرنىڭ گىلەم بازىرىنى ئارىلاۋېتىپ، بىر گىلەمنىڭ زاۋۇت گىلىمى ياكى قولدا توقۇلغان گىلەم ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ: «بۇ توقۇغان گىلەممۇ يا...» دېگەنىكەن، گىلەمچى: «ياق، قويغان گىلەم!» دەپتۇ. ھېلىقى خېرىدار دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ گىلەمنىڭ باھاسىنى سورىغانىكەن: «600 كوي» دەپتۇ. خېرىدار «300 كوي بېرەيمۇ؟» دېگەنىكەن، گىلەمچى خېرىدارنىڭ قولىدىن يېتىلەپ بىر يولنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ماۋۇ يولدىن ئازراقلا مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلسىلا بورا بازىرى بار» دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلۋەتتە، قەشقەر پاراگلىرىنىڭ ئىچىدە ئادەمنى ئوڭايسىزلان-دۇرىدىغان، بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما بۇنداق چاقچاقلارنىڭ كەينىدىمۇ مەلۇم جەھەتتە شۇنداق گەپ-نىڭ چىقىشىغا ئاساس بولىدىغان ئەمەلىيەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان-لىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك.

بىركۈنى 50 ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال قەشقەردىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كىرىپتۇ. دوختۇر كېسەل-لىك تارىخىنى يازماقچى بولۇپ ئىسىم - فامىلىسىنى يېزىپ بول-غاندىن كېيىن: «يېشىڭىزچۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، ھېلىقى ئايال: «39 ياش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دوختۇر ئۇنىڭ چىرايىغا بىرپەس قارىۋەتكەندىن كېيىن: «شەنبە، يەكشەنبە، ھېيت - بايراملارنى چىقىرىۋەتتىڭمۇ - نېمە؟» دەپتۇ.

بىرى ماشىنىسىنى ھەيدەپ قىزىل چىراغقا كەلگەندە توختاپ، تۇرۇپلا ماي تېجىگۈسى كېلىپ قېلىپ، موتورنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ. يېشىل چىراغ يېنىشىغا ئوت ئالدۇرسا، قىرىشقاندەك ئوت ئالماپ-تۇ. قىزىل، سېرىق، يېشىل چىراغلار بىرنەچچە قېتىم ئالمىشىپ-تۇ. بۇنى كۆرگەن قەشقەرلىك قاتناش ساقچىسى ماشىنىنىڭ يېنى-غا كېلىپ: «ھا... جېم! سىلىگە قانداق چىراغ بولسا ماقۇلمىكىن؟» دەپتۇ.

قەشقەرگە ساياھەتكە، خىزمەتكە، تۇغقان يوقلاشقا بارغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ھېكايىلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ ھېكايىلەرنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن، يەنە بەزىلىرى باش-قىلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىگە گۇۋاھ بولغان، كۆرگەن. قەش-قەرگە ساياھەتكە بارغان بىرەيلەن مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: قەشقەر-گە ساياھەتكە باردۇق. ھېيتگاھ ئەتراپىدىن ياتاق ئېلىپ ئورۇنلاش-قاندىن كېيىن، بىر ياتاقتا بىللە ئورۇنلاشقان خىزمەتدىشىم بىلەن ھېيتگاھ ئەتراپىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن يەسكە چۈشتۇق. بىزنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنىنىڭ شوپۇرىمۇ بى-

ىنانىڭ ئالدىدا بار ئىكەن، ئۇمۇ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچىمىز بىللە چۆرگىلەپ «خام بازىرى» دېگەن يەرگە كەپقاپتۇق. قاتىرىسىغا تىزىپ قويۇلغان يەرلىك شاپتۇلنى كۆرۈپلا ئېغىزىمىزغا سۇ يىغىلدى. شۇڭا تەڭلا تۇنجى باققالنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. باققالمۇ «كەسلە خېرىدار، كەسلە، بەشكېرەمنىڭ شاپتۇلى، بارمۇ دېسەڭ يوق دەيمەن، يارىمىسا بىكارلىق» دېيىشكە باشلىدى. «كىلوسى نەچچە پۇل؟» سورىدى شوپۇر ئاكىمىز. «ئالتە كوي غوجام، تېتىپ كۆرسىلە، يارىمىسا بىكارلىق!» شوپۇر ئاكىمىز ئىككىلەنمەيلا بىر تال شاپتۇلنى يەپ بېقىپلا، تېتىمىغان چېغى، گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككىنچى تەنزىگە كېلىپ شاپتۇلغا قارىشىغا، ھېلىقى باققال «ھا... جىم! مۇشۇنداق تېتىپ ئاشۇ باشقا چىقسىلا ئۆزلىرىنىڭلا ئەمەس، ماۋۇ شېشىدەك ئىككى خېنىمنىڭمۇ قورسىقىنى تويدۇرۇپ كېتەلەيدىلا جۇما!» دېدى قاپىقىنى سۈزۈپ. شوپۇر ئاكىمىز «نېمانداق سېسىق گەپ قىلىلا؟ تېخى باياتىن ئۆزلىرى يارىمىسا بىكارلىق دەپ توۋلاۋاتامتىلە! يارىغاننى ئالمىدىغان گەپ ـ تە!» دېگەنىدى. باققال: «غوجام! يارىغان بولسا ئۇۋۇنىمۇ يەمتىلە؟» دەپ سېۋەتتىكى خېرىدارلار يەپ دۆۋلەپ قويغان شاپتۇل شۆپۈكى ۋە ئۇچكىلىرىنى كۆرسەتتى.

نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ، شاپتۇل يېيىشتىنمۇ ۋاز كەچتۇق. شۇ ئىزا تارتقانچە مېڭىپ چوڭ يولدىن ئۆتۈپ بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قاپتۇق. بۇ يولنىڭ ئايىغى چىقامدىغان زادى، مېڭىۋاتىمىز، مېڭىۋاتىمىز، يانغا مېڭىپ باقتۇق، ئارقىمىزغا يېنىپ باقتۇق. لېكىن ئۆزىمىزگە تونۇش يەرگە بارالمىدۇق. ئاخىر شوپۇر ئاكىمىزنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مەن بىر ئادەمدىن يول سورىدىم: «تىنچلىقمۇ ئاكا؟ بۇ يولنىڭ ئاخىرى نەگە ئاپىرىدۇ؟» «قورقماي مېڭىۋېرىشسىلە، ئىشقىلىپ ئۇ دۇنياغا ئاپارمايدا...» دېدى ئۇ. ھېيتگاھ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆزىمىزمۇ بىلمەي بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، چوڭ يولغا چىقالماي يۈرىمىز» دېدىم مەن. «يېڭى كېلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


كەن ئۇخشىمامىلا بۇ يەرگە؟! — ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن شوپۇر ئاكىمىزغا بۇرۇلدى، — ئۆزلىرىمۇ شۇ سۆلەتلىرى بىلەن ئېزىپ كېتىدىغان ھاللىرىغا قىز بالىنى پىرقىرىتىمەن دېمەي ئۇخلاپ قا-سىلا بومىمامدا سىيىپ كىرىپ...» دېدى. باياتىنقى زەربىدىن ئېسىگە كېلەلمەيۋاتقان شوپۇر ئاكىمىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئۇجۇقۇپ، تىلى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى. «هوي، ئابدۇسەمەتاخۇن، كوڭۈلنى ئېپچىقىپ ماۋۇلىنى يەتكۈزۈپ قويە مەنزىلىگە.... تېز كەل جۇمۇ بالام!» دېدى ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئىش قىلىۋاتقان بىر يىگىتكە. بىز ئۇلارغا كۆپ رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ، ياتاققا كېلىۋالدۇق.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە تېخى بىز ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن قىزىق گەپلەر تالاي. بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىلىرىنىڭ چىقىپ تۇرۇشى ئېنىق. ئىشىنىمەنكى، بۇ قىزىق پاراڭلار بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى باي-لىقى سۈپىتىدە ھامان بىركۈنى رەتلىنىدۇ، ئاۋامنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۇچۇن قىزىق گەپلەرنىڭ ساپاسىنى يە-نىمۇ كۆتۈرۈشكە، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، لاۋزىلىق خاراكتېرى-دىكى «قىزىق گەپلەر»نى ئاز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ!

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىلى 5 ـ سانىدىن

# ئۇششۇك تەگكەن باغ

— پېشقەدەم شائىر رەھمەتۇللا جارىينىڭ «بىزنىڭ باغ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا ئىلاۋە

يەتمىشتىن ھالقىغان بۇ بوۋاي بىزگە تىمەن ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ مۈكچەيگەن قامىتى، قورۇق بېسىپ كەتكەن چىرايى 20 – ئەسىردىكى قالايمىقانچىلىقلارغا ئۇچرىغان بەختسىز ئەدىبلىرىمىزگە ئورتاق بولغان تالاي خورلۇق ۋە پېشكەللىكتىن ئېنىق دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ زېھنى سوزۇك بولۇپ، جاھاننىڭ يىراق – يېقىنلىرىدىكى چوڭ – كىچىك ئىشلار ئۇنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىسىدىن خالىي بولمايتتى. ئۇنىڭ دىققىتى ئۇنى كۆيدۈرگەن، سۆيدۈرگەن، ئازابلىغان تاتلىق ئارمانلارغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تارىخ ۋە بۈگۈننىڭ ۋەرەقلىرىدىن تىنىمسىز ئاختۇراتتى. ئۇ بۇ ئۇچۇرلارنى ئەقىل ئەگلىكىدە تاسقىغانسېرى ئۆرتىنەتتى، ئاھ ئۇراتتى، قاقشايتتى...

ئۇنىڭ دەرمانى قېرىغان بولسىمۇ، ئارمانى قېرىمىغانىدى. بۇ ئارمان ئۇنىڭ خۇسۇسىي تەلەپلىرىدىن ھالقىغان، خەلقىنىڭ ئارمانى بىلەن ھەمنەپەس ئارمان ئىدى، بۇ ھېچنېمىدىن رەنجىمەيدىغان، ھېچنېمىدىن نەپرەتلەنمەيدىغان، لېكىن توققۇزى تەل «ئۆسۈملۈك ئادەملەر» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر خىل بەخت. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتكە خاس مەۋجۇتلۇقىنى باشقىلارغا ئورتاق ھەسرەتلىرى ئارقىلىق كۆرۈپ يېتىدۇ.

ئۇ ئاخىر ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تىمەنلىكىدىن تايقان كۆڭۈل تەسكىنلىرىمىز يوققا چىقتى. بىز پېشقەدەم ئەدىبنى يوقلاپ بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غاندا، ئۇ پۇتلىرىنى ئالماپ ئوگدىسىغا ياتاتتى. تىۋىشلىرىمىز ئۇ-نىڭ ئىنچىكە خىيال رىشتىلىرىنى ئۈزدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ خۇ-شال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە ئىشىنىپ، بىر قى-سىم ئەۋزەل ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى، يېزىشقا تې-گىشلىك بەزى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بارلىقىنى، ساقىيىپ كې-سەلخانىدىن چىققاندىن كېيىن شۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىز ئۇنىڭ ساقايماس كېسەلدە ئاغرىغانلىقىدىن خەۋىرىمىز بولغاچقا، ئىچىمىز سىيرىلدى. بىز «ئاللا سىزگە شى-پالىق بېرەر» دېدۇق. ئۇمىد ئۇنى ئەڭ مۇشەققەتلىك يىللار-دىمۇ ھايات مەنزىلىگە يېتەكلىگەچكە، ئۇ ئاشۇ ئۇمىدتىن ۋاز كەچمىگەنىدى.

كۈندۈزنىڭ سۇس جۇلاسى دېرىزىدىن كىرىپ، ئاپپاق تاملارنىڭ چېھرىنى بىسەرەمجان كۆرسەتتەتتى. بىزگە گاھ - گاھ دېمىنى ئې-لىپ سۆزلەۋاتقان پېشقەدەم ئەدىبنىڭ قانسىز رەڭگى باشقىلار سوۋغا قىلىپ ئەكىرگەن گۈلدەستىلەر ھەمدە كىرلىك، سۇس يې-شىل رەڭدىكى چايدان، ناۋات رەڭدە سىرلانغان ئورۇندۇقلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا غەشلىك پەيدا قىلىدىغان دۇغ بوياقتا ئوخشاپ قالاتتى.

شائىر مەلۇم نەشرىياتقا سۇنغان شېئىرلار توپلىمىنىڭ تېخىچە نەشر قىلىنمىغانلىقىدىن پەرىشان بولۇپ سۆزلىدى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسلا — دېدى ھاجى قۇتلۇق قادىرىي، — خۇدايىم بۇيرۇسا، توپلاملىرىنى بىز نەشر قىلىمىز.

ھاجى قۇتلۇق قادىرىينىڭ بۇ سۆزى نوقۇل تەسەللى كۆچىدىلا دېيىلگەن بولماستىن، يەنە ئەقلىي ئەمگەكنىڭ قەدرىگە نىسبەتەن ۋىجدانىي ئىنكاسمۇ بار ئىدى. ئۇ «توپلاملىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىلا» دەپ قوشۇپ قويىدى.

شائىر ياستۇقىنىڭ تېگىدىن بىر كىتابنى چىقاردى — دە، ھاجى قۇتلۇق قادىرىيغا ئۇزاتتى ۋە «نۆۋەتتىكى كىتابىمنىڭ نەشرىدە

پايدىلىنالىسىز» دېدى. بىز خوشلاشتۇق. ياتاقتىن چىقىپ 4 — 5 قەدەم ماڭغىنىمىزغا، مېنى شائىرنىڭ كېيىنىدىكى قاراۋاتقان ئوغلى چاقىردى. كەينىمگە يېنىپ ياتاققا كىردىم. شائىر قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «نەشر قىلىنماقچى بولغان توپلىمىمغا ئىلاۋىنى سىز يازغان بولسىڭىز» دېدى. «خاتىرجەم بولسىلا» دېدىم مەن.

يول بويى شۇلارنى ئويلىدىم:

ئەدىب ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدى. ئۇ ئەرەب، پارس، رۇس، خەنزۇچە تىللاردىكى نۇرغۇن يىرىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلدى. نەۋايى، نىزارىي، ھىرقەتىي قاتارلىق كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ بىباھا ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مېھنىتى ئارقىلىق كۆڭلىمىزگە ھەممەت ياغدۇسى چاچتى. بۈيۈك مۇتەپەككۇر شەيخ سەئدىنىڭ شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى دۇنياۋى شۆھرەتلىك ئەسىرى «گۇلىستان»، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كاتتا نامايەندە شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» ناملىق مەشھۇر رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دەل مۇشۇ قەلەم ساھىبىنىڭ ئىجتىھاتى نەتىجىسىدە كىرىپ كەلدى.

شۇبھىسىزكى، «تىنچ دون» زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېسىل بىر مەكتەپكە ئايلاندى. يازغۇچىلىرىمىز تارىخىي چىنلىقنىڭ پىروزىدىكى كۈچىنى، خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىياتنى «تىنچ دون» ئارقىلىق ئەمەلىي كۆرۈپ يەتتى دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. «تىنچ دون»نىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئېستېتىك دۇنياسىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا رەھمىتۇللا جارىينىڭ ئەدىبلىك سەلتەنىتى ئۈچۈن يېتەرلىك. مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپىمەنكى، بىز تېخى ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ كاتتا ئەھمىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلمىدۇق. نادىر ئەدەبىي تەرجىمە بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ مىللەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئانا تىلىدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى دۇنياۋى پەللىگە كۆتۈ-رىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە مىللىي تىللارنىڭ دوستانىلىقى باي ئو-لىمپىك مۇسابىقىسىدۇر. مىللىي تىل مۇشۇ مۇسابىقىگە قاتنى-شىش ئارقىلىق ئۆز قۇدرىتىنى ئاشۇرىدۇ. بىز ئەدەبىي تەرجىمان-لىرىمىزنى بەدىئىي ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ دائىرىسىگە جىددىي كىرگۈزۈشىمىز كېرەك.

رەھمىتۇللا جارىي كۆپ تىللىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ شا-ھىتى ۋە پائال ئىشتىراكچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى تارىخقا ئۆلىنىشىدا چەكلىك نەچچە ئون ئەدىبىمىز قاتارى ئۇنىڭمۇ بىر كىشىلىك قان ـ تەرى بار. تالاي زامان شائىرنىڭ كىتابلىرى بىمالال نەشر قىلىنغان يەردە، ئۇنىڭ شېئىر توپلىمى ئاللىبۇرۇن نەشر قىلىنىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا، مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنى گىياھلار بېسىپ بولدى، ئۇ نەشر قىلىنغان توپلىمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. شائىر ئەرەب مۇتەپەككۇرى ئەللامە زەمەخشەرىينىڭ «نەۋابىغۇل ـ كەلەم» («جۇشقۇن سۆزلەر») ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغانىدى. مەزكۇر ئەسەردىكى مۇنداق بىر سۆز ئېسىمدىن كەچتى: «ئۆتكەن زامانلاردا ئىلىم ـ پەزىلەت ئىگىلىرى پادىشاھلاردىن ئېغىرلىقى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇنلارنى ھەدىيەت ئالاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالىملارنىڭ قە-دىر ـ قىممىتى ئازىيىپ، ئىت ـ مۇشۈكلەر ئۇلاردىن ئۈستۈن بو-لۇپ قالدى.»

رەھمىتۇللا جارىي ئەپەندى ھاجى قۇتلۇق قادىرىيغا بەرگەن ھې-لىقى كىتاب ئۆزىنىڭ «قەلب سۆزى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپ-لىمى ئىدى. ئىلاۋە يېزىش يۈزىسىدىن كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم ۋە ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىم:

شائىرنىڭ زامان زورى ۋە زۆرۈرىيىتىدىن شېئىرىيەت ۋىجدا-نىغا خىلاپ ھالدا تەۋرەتكەن قەلەملىرى خېلى بار ئىكەن، ئۇ بۇلار-

نى رەھىمسىزلىك بىلەن سىزىپ تاشلاپتۇ. خاتالىقنى تۈزىتىش بىر گەپ، ئۇنى تونۇپ يېتىشنىڭ ئۆزىمۇ باشقا گەپ. خاتالىقنى تونۇش ھالال ئەقىدىنى، تۈزىتىش بولسا جاسارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. كېسەل ئازابىدا ياتقان شائىر ئۆزىنى ھالال ئەقىدىنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى يەڭگىللىتەك قەلەم ئىزلىرىدىغا دادىل سوت ئاچالىغان. شائىر ۋە شائىرنىڭ زامانداشلىرى باشتىن كەچۈرگەن دەۋر كىشىلەرگە نېمىلەرنى دېگۈزمىدى، نېمىلەرنى يېگۈزمىدى؟ زامان بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزگە زامانغا لايىق زۇۋانسىزلىقنى تاڭدى، ئۇ گويا يېڭى بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، بىزدە مەخسۇس كالېندار ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. لېكىن تارىخ ئەخمەق ئەمەس - تە! تارىخ ئۆزىنىڭ ھەقىقەت رەمزى (سىمۋولى)نى ئاقىللارغا يوشۇرۇن ئىما بىلەن كۆرسىتىپ، بىر مەزگىللەردىن كېيىن ئاشكارىلايدۇ. نەتىجىدە، بولۇپ ئۆتكەن يۈزەكى ئىشلار ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ چىقىدۇ. ئەدىب رەھمىتۇللا جارىي باقىي دۇنيانىڭ بوسۇغىسىغا يېقىن كەلگەندە، ئۆمۈر ئىزلىرىغا ئەستايىدىل سەپسىلىپ، خاتا باسقان قەدەملىرىنى ھېس قىلىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالىغان. كۆڭۈلدىكىنى ئېيتقاندا، بۇمۇ بىر ئامەت، بۇنداق ئامەتكە ھەممە ئادەم ئېرىشەلىگەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزگىچە تۇيغۇنلۇق، ھەقىقەتكە نىسبەتەن ئاشنالىق كېرەك بولىدۇ.

20 - ئەسىر ئېزىقىش ۋە تەمتىرەش كۆپ بولغان ئەسىر. ئەگەر ئازغانلارنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئەدىبلىرىمىزدە بىر - بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ تەكرار - تەكرار ئازغان، نىجاسەت ۋە سېسىقچىلىق بىلەن تولغان مۇھىتقا سىڭىپ كەتمەيدىغان چىڭ تاھارەت ئاز بولسا كېرەك. بىر چاغلاردا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ بىز ياشلارغا تەۋسىيە قىلىپ شۇنداق دېگىنى ئېسىمدە: «ساھىبى ئەلەملەرنى يەڭگىللىك بىلەن ماختىماڭلار، قەلەم ئۇلار ئۈچۈن مەھكۇم بولۇپ قالمىسۇن. بۇ خۇسۇستا مېنىڭمۇ ئاچچىق ساۋاقلىرىم بار.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توغرا سۆز ئادەمنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلىدى. سۆزلەرنى بۇلغاش، سۆزلەرنىڭ كۇرسىنى چۇشۇرۇش بىر قوۋمنى قەدىرسىزلىككە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك يول. شېئىرىي تىل تىلتۇنارنىڭ ئۇستىدە نۇر چېچىپ تۇرىدىغان گۆھەر. شائىرلار بۇ گۆھەرنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ قەستىدىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان پىدائىيلاردۇر.

شائىر رەھمىتۇللا جارىيىنىڭ «قەلب سۆزى»* ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا قارىسام، تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ يېنىغا ئاپتورنىڭ ئۆزى قىزىل قەلەم بىلەن سىزىپ، ئالاھىدە بەلگە قىلىپ قويۇپتۇ. مەن بۇ مىسرالارنى شائىرنىڭ ھەقىقىي قەلب سۆزى دەپ قارىدىم:

لېكىن بۇ ھايات بىزدە مەنەسىز،
كۇنلەر ئۆتمەكتە، ئۇپۇق زىياسىز.
بىلمەيمەن، نېچۇن زامان ۋاپاسىز،
خەلقىم بارىدۇ، ھونۇز داۋاسىز.
بۇ ۋەتەن بولمىش خەستە ئوچىقى.

شېئىر ئۆزىنى بايقاش سەنئىتى، لېكىن بۇ بايقاشنىڭ تېگىدە قانداق ئازابلار بار، بۇنى پەقەت شائىرنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ.

1998 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

* شائىرنىڭ بۇرۇنقى شېئىرلار توپلىمى.

# ئۇ نېمە ئىزدەيدۇ؟

— غەننزات غەييۇرانىنىڭ «100 رۇبائىي» ناملىق توپلىمىغا ئىلاۋە

«رۇبائىي» دېيىلگەندە، ئۆمەر ھەييام كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەدەبىيات تەتقىقاتلىرىدا «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» دېگەن نام ئاللىقاچان مۇستەقىل بىر تېرمىنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شاراب سورۇنلىرىدا ئوقۇلۇپ، بارا ـ بارا شاراب ئىلاھىنىڭ دۇرۇتلىرىدەك بولۇپ قالدى. ئۆمەر ھەييامدىن ئىبارەت بۇ شەخسنىڭ پىكىر قاتلاملىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىنى مەيخورلىرىمىز قۇرۇپ چىققان شاراب ئەسەبىيلىكى ۋە ئۆمەر ھەييام خۇراپىيلىقى ئىگىلىدى. ئۆمەر ھەييام گويا دەھشەتلىك قۇتراپ تۇرغان كىشىلىرىمىزنىڭ ھاراق خۇمارىنىڭ مەدەت بەرگۈچى توتېمى بولۇپ قالدى. بىراق، فىتنىسجىدالىد قاتارلىق غەرب ئالىملىرى كۆككە كۆتۈرگەن ئاتالمىش ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ھەققىدە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تارىخچىلىرى باشقىچە قاراشتا ئىكەن. ئۇلار مەزكۇر رۇبائىيلارنى تەقۋا ئالىم ئۆمەر ھەييامغا قىلىنغان تۆھمەت، دېيىشمەكتە.

رۇبائىي ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلاردا قەدىمىيلىككە ئىگە. بىز شاھ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نى ۋاراقلىغىنىمىزدا، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆرنەكلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر يۈرۈش رۇبائىينى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەنئەنە ئەلىشىر نەۋايى ۋە زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇرلار دەۋرىگە كەلگەندە تازا ۋايىگە يەتتى. 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېيىپجان ئېلىيېف، ئا. ت. ئۆتكۈر قاتارلىق مۇمتاز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەدىبلەر ئەل ئاغزىدا قالغان بىر قىسىم رۇبائىيىنى يېزىشتى. پە-روفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ مەخسۇس «رۇبائىيات» تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

دېمەك، رۇبائىيچىلىق تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى-نىڭ دىققەتكە چېلىقارلىق ژانىرى سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلدى.

غەنىزات ئاكا بىزنىڭ رۇبائىي قوشۇنىمىزدىكى ئۆزگە خاس ئوبرازدىكى بىر شائىر. رۇبائىي ئەسلىدە شائىرنىڭ هايات - ما-مات، كائىنات ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئوي - پىكىرلىرىنى مەنبە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان، بۇ خۇسۇسىيەتتە جالالىددىن رۇمىي پە-لەككە يەتكۈزگەنىدى. بۇ بېدىل رۇبائىيلىرىدا يارقىن ئەكس ئېتىش بىلەن بىللە، بېدىل ئۆزىنىڭ ھەجۋىي كۆزىنى جەمئىيەتنىڭ رەزىل-لىكلىرىدىن يەكۈن چىقىرىشقا تىكىپ، كېيىنچە شەرق كىلاسسىك-لىرىنىڭ رۇبائىي ئەنئەنىسىنى بېيىتتى. غەنىزات ئاكىنىڭ ساتى-رىك شېئىرلىرى ۋە رۇبائىيلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، بۇ كىشىمۇ جەمئىيەتنى كۆزىتىش جەريانىدا تالاي ئاچچىق يۇتقان كى-شى بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ ئاچچىقلارغا ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ زەھەرلىك كۆۋەجەشلىرىدە تۇنجۇقۇپ كەتمىگەن، بەلكى ئۇنى ئۆزى-نىڭ قەلىمىدىكى تەپەككۇر خۇرۇجلىرىغا ئايلاندۇرغان. شائىر ئۆ-زىنىڭ ۋىجدانىنى ئاچچىق زەردابلار ئىچىدە تاۋلايدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ رۇبائىي تېمىسىدىكى ئىزچىللىقتا مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

غەنىزات ئاكىنىڭ رۇبائىيلىرىدا ئىجتىمائىي ئىللەتلەر تەسۋىرى پات - پات كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەر بىر - ئىككى مىسرا ئارقىلىق سىزىپ چىقىلغاندىن كېيىن ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا پوزىتسىيەسى يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق رەۋىشتە كۆڭلىمىزگە ئايان بو-لىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ تەسۋىرلىرىدىكى ھەجۋىيلەر خېلىلا ئاچچىق.

تۇرمۇشتا بار ئۇنىڭغا بۇنى چاقىدىغانلار،
ئەمەل، مەنسەپ پۇتىغا لەۋنى ياقىدىغانلار.

بىرەر جايدىن ئېچىلسا نەپ تۆشۈكى ئەگەردە،
شۇ تۆشۈكتىن يۈندىدەك سىرغىپ ئاقىدىغانلار.

بىز يۇقىرىقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ پەلسەپۋى قارىشىنى بىۋاستە كۆرمەيمىز. دەرۋەقە، ئۇنىڭدا ھايات ھېكمەتلىرى ھەققىدىكى چوڭقۇر تەلقىنلەر يوق. بىراق، ئۇ ئويلانغۇچىلارغا پىكىرنىڭ يىپ ئۇچىنى بېرىدۇ. ئىنساننىڭ «نەپ» ئۈچۈن «يۈندى» بولۇپ ئېقىشى ئۇنىڭدىكى قەدرىيەت ئۆلۈمىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئۆلۈم كىشىدە ھېسداشلىق ئەمەس، نەپرەت قوزغايدۇ. ئىنساندا تەبىئىي بولۇشقا تېگىشلىك ھەق - ھوقۇق تارتىۋېلىنغان شارائىتتا، ئۇ نەپەسى ئەقلىگە مىنگەن ھالدا ھەرقانداق نومۇسسىزلىقنىڭ ھەجۋىي سۈرىتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ.

تۈزىتەلمەي ئۆزىمىزدىكى ھەر خىل ئىللەتنى،
قۇتقۇزماستىن نادانلىق سىرتمىقىدىن مىللەتنى.
ئۆتەرمىزمۇ چۈشەنمەي «يارىتىشنى ياراتتىم —
يارىلىشنى ئۆزۈڭ بىل» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى.

يارىتىش ئۇلۇغ ئىرادىدىن بولدى، يارىلىش ئىنسان ئەقلىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈستىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش جەريانى. بۇ ھەقتە ئىزدەنمىگەنلەر ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىدىن ۋاز كەچكەن ھالدا تۈرلۈك ئىللەتنىڭ گىرىۋەندىسىگە ئايلىنىدۇ.

غەنىزات ئاكىنىڭ رۇبائىيلىرىدا گۈزەللىك، ھەققانىيەت ئىزدىگەن يۈرەك ناپاك ۋە نىجاسەت بىلەن بۇلغانغان مۇھىتتا ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن سۆز قەسرىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

2004- يىلى نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تۇرسۇنبەگنىڭ كۆلكىسى

— شائىر تۇسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ «سەككىز سۈرىتىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا ئىلاۋە

ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر سورۇنى لەتىپىسىز ۋە يۇمۇرسىز بولمايدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ جىددىي سۆھبەتلەرمۇ ئىككى - ئۈچ يۇمۇرنى تېتىتقۇ قىلمىسا ئۇنىمايدۇ. بىزدە ئېھتىراسلىق مۇھەببەت ئىزھارىمۇ يۇمۇر ئارقىلىق بولىدۇ. يۇمۇر تۇرمۇشتىكى قولايسىزلىقلار، ئەپسىز كەيپىياتلار، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەپلىك قورال، بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىزدە ھېكمەت بىلەن كۈلىدىغانلارمۇ بار. ھەسرەت بىلەن كۈلىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا كۈلۈشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ تېلىقىپ قالىدىغانلارمۇ، ئەسلىدە كۈلكە خۇرۇجى يوق تۇرۇقلۇق يۇمۇرغا تەۋەككۈل قىلىپ، تېتىقسىزلىشىپ قالىدىغانلارمۇ بار. سالاۋات، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە نىسبەتەن نورمال ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر، جاھاندىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ژانىرلارغا ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ساتىرىك تۇرمۇش بولۇپ چىقىدۇ.

ساتىرىك بىر خەلقنىڭ ساتىرىك ئەدەبىياتىنىڭ بولۇشى، جۈملىدىن ساتىرىك يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى نورمال بىر ئېھتىياج. ئۇلار تىراگېدىيەلىك قىسمەتنىڭ ئاچچىقىدىن مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان كىشىلەرنى ھەجۋىي قىلىپ، تىراگېدىيەلىك قولايسىزلىقلاردىن ھالقىشنىڭ مەنىۋى يوللىرىنى كەشىپ قىلىدۇ. بۇ يوللار ئاخىر بېرىپ خەلق ھاياتىنىڭ بىر ئەينىكى بولۇپ قالىد-

دۇ. ۋاھالەنكى، يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرىك ژانىرلار ۋە سا-تىرىك قەلەم ئىگىلىرى يېتەرلىك ئەمەس. مەدەنىيىتىمىزنىڭ كو-مېدىك قاتلاملىرى ھەققىدىكى ئەقلىي ئىزدىنىشلەردىن گەپ ئې-چىش تېخىمۇ تەس.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم شېئىرىيەتنىڭ ساتىرا ژانىرىدا كۆپرەك قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىب سۈپىتىدە تۇرمۇش شەكىللىرىمىز ۋە جاما-ئىتىمىزدىكى بولۇمسىزلىقلارنى مەسخىرە ئاستىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ مەكتىتىن ئىبارەت خەلق سەنئىتىنىڭ مۇزىيىدا ياشاپ كەلدى. ئۇ مەكتىنىڭ توپا ـ چاڭلىق يەكشەنبە بازارلىرىنى ئارىلاپ، دېھقان يېگەن كاللا ـ پاقالچاقلارنى دېھقان بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ يې-يەلەيدۇ. ھاياتتىكى ئەقىدىسى، مەۋقەسى ۋە ئادىمىي سۈرۈشتىسى-نى يوقاتقان ساياق ياشلارنىڭ تاۋكاسىغا بىۋاستە داخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ لاۋزىلىقىدىكى ۋەيرانلىقنى، چاكىنا ۋە ئەرزىمەسلىكى-دىكى ئىنسانىي قەدرىيەتنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا تۇرسۇنبەگنىڭ شې-ئىرىي تىلى بىرئاز ئاچچىق. ئۇنىڭدىن پاساھەت تويۇنغان ساماۋى پىكىرلەرنى تەلەپ قىلىش خاتا، ئۇ تۇرمۇشتىكى جاراھەتلەرگە ھەرگىزمۇ ئۇسما قويالمايدۇ، ئۇ چوقۇم رەزىللىكلەرنى كۆرۈپ چۆچۈگەن، ئەندىككەن ۋە تېرىككەن ھالىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشى كېرەك. مەن تۇرسۇنبەگنىڭ كىشىلىك خاراكتې-رىدىكى ئامىللارنى تولۇق چۈشەنمەيمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلە-رىدىكى تېماتىك پاكىزلىققا جەزم قىلالايمەن. ئەگەر شائىر ئۆزد-نىڭ ياشاش لوگىكىسىنى شېئىرغا قارشى قويسا، بۇنداق ئەخلاقىي خاتالىققا ئۇنىڭ ئۆزى جاۋابكار. شائىرلار ئۆزلىرى سەزگەن ياكى سەزمىگەن ھالدا بىدئەت نەرسىلەرنى ماختاپ قويۇشتىن كۆپ ھالدا خالىي بولالمايدۇ. زامان ئۇنىڭ توغرا قىلغان ـ قىلمىغانلى-قىنى ھامان ئىسپاتلايدۇ. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئوقۇر-مەنلىرىنىڭ نەزىرىدە، رەزىللىككە قارشى مەۋقەدە قايناپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان يازغۇچى. مەۋقەدىكى ئېنىقلىق پىكرى تېرەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىكتىن مۇھىم دەپ قارىغىنىمىزدا، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى «سەككىز سۇ-رىتىم» دېگەن داستانىنى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ساتىراچىقىدىكى بىر نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ھوقۇقپەرەس-لىك، ئاچ كۆزلۈك، ھاراقكەشلىك، قالاقلىق كەبى سەككىز خىل ئىللەتنى ئايرىم - ئايرىم سۈرەتلەيدۇ، ھەربىر ئىللەتتىكى ئالاھى-دىلىك ۋە ئالامەتلەرنى ھەجۋىي رەۋىشتە ئاشكارىلايدۇ. تۇرسۇنبەگ-نىڭ ساتىرالىرىنى بىرمۇبىر ئوقۇغىنىمىزدا، ئۆزى قاۋۇل، لېكىن ھاراقكەشلىك ۋە قالاقلىقتىن خۇدىنى يوقاتقان دېۋەڭ، ئەبگار بىر ئادەمنىڭ پورترېتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئەينى دەۋردىكى پۈتى بوغۇلغان ئاياللىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

مېنىڭچە، تۇرسۇنبەگ خەلقىمىزگە يامراپ كەتكەن ئالكوگو-لىزم (ھاراقكەشلىك) كېسەللىنى ھەممىدىن بەك نەپرەت بىلەن قامچىلايدۇ.

قورال قىلىپ چوكىنى، بومبا قىلىپ شېشىنى
رومكا بىلەن ئاتىمىز.
ئاكوپ قىلىپ ئېرىقنى، تولدۇرالماي يېرىقنى
يول بويىدا ياتىمىز

— «مەيخورلار مارشى»دىن

ھاراقكەشنىڭ ھەجۋىي پورترېتى يۇقىرىقى مىسرالاردا ناھايىتى ئىخچام چىققان. ئۇنىڭدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتاكىغا ئۆتكەن ھاراقكەشتىن ئىبارەت بىر «جەڭچى»نىڭ قىياپىتى بار.

شارابنى چاي قىلىپ چىلىسام ناننى،
تويغۇزۇپ قورساقنى، قىزىتتى قاننى.

قورساقتىن ئەلاراق نېمە بار جاھاندا،
نە قىلاي ئېتىقاد، ئىنساب، ئىمانىنى؟

— «مەيخور سۆزلىرى»دىن

يۇقىرىقى مىساللاردا ھاراقكەشنىڭ مەنىۋى قىياپىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەي مەدەنىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن بىر خىل مەدەنىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يۇمشاق خاراكتېرلىك سارىسقا ئايلىنىپ كەتكەن.

«كۆلكە ئەقىل بىلەن غەيرىي ئەقىلنىڭ گىرەلەشمىسىدىكى دولقۇن» دەيدۇ جىك كىرول. ئېيتقىنىدەك، ساتىرا ھەرگىزمۇ تەلۋىلىك بىلەن زاڭلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋە ئەقىدىنى ئاساس قىلغان ئۆتكۈر تەنقىد. تۇرسۇنبەگنىڭ ساتىرالىرىدىكى رېئالىستىك روھ مەدەنىيەتشۇناسلار، فولكلورچىلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئۈچۈن خېلى زوّرۇر تېما. ئەگەر بۇ تېما يېتەرلىك نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قېزىلسا، نۇرغۇن ئەقىلگە ئېرىشىمىز.

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ساتىرىنى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى ۋە بىر قىسىم فېلىيەتونىدا ئىزچىللىققا ئىگە قىلدى. ئەمدىلىكتە ئۇنى پىروزىنىڭ يىرىك ژانىرلىرىدا سىناق قىلىپ باقسا قانداق بولار دېگەن ئۈمىدتىمىز

2004 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com



# ئەدەبىيات ۋە ماكان خاتىرىسى

—— ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ «جەرەن رىۋايىتى» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمىغا ئىلاۋە

تەرەققىيات بەزىدە ئۆزگە ئالاقىدار ئادەملەر ۋە ئىشلارنى غا- يىب قىلىۋېتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئەدەبىيات دېگەن بىر نەرسە بار، ئۇ مۇمكىنقەدەر ئاشۇ ئاددىي ئادەملەر ۋە ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك كەچۈرمىشلەرنى تېرەن تەسۋىر، نازۇك ئىپادە شەكلىدە قايتا نامايان قىلىپ، ھاياتنىڭ مەنىۋى ئارخىپ- لىرىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

قاراماي دىيارىمىزدىكى بىر سانائەت شەھىرى. ئۇ يەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەكلىماكان ۋادىلىرىدىكى جىمجىت تۇرمۇشىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تۇرمۇش بار. سىز ئۇ يەردە ۋىشكا، كا- چالكا، نېفىت، ماي چەككىلەش زاۋۇتى ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى جاپالىق تۇرمۇشىنى، كۆكۈل ئىز- تىراپلىرىنى، تۆلىگەن بەدەللىرىنى كۆرىسىز. تازا چوڭقۇرلاپ قا- رىسام، ئەجدادلارنىڭ ئىزى تېخى ئۆچمىگەن بۇ شەھەر باياۋان قەل- بىدىكى جەلپكار ناخشىدەك ھەر كىمنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، تۇرمۇشقا سادىق قەلىمى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ خاتىرىسىنى بەدىئىي تۇستە كۆلەم- لەشتۇرگەن قاراماي ئەدىبلەر قوشۇنىدىكى مۇستەقىل بىر سىما. تازا ئىنچىكە سەپسالغىنىمىزدا، قاراماي ئەدەبىياتى باشقا رايونلارغا نىسبەتەن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرالايدىغان يەرلىك پۇراقتا باي ئە- سەرلەر تۇركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەتقىقات قىممىتى بار

بولغان بىر ئەدەبىيات.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا پىروزا ساھەسىدە تىنىمسىز ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان ئاپتور بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر تۈركۈم ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجاد قىلدى. ئەگەر بىر شەھەرنىڭ تەرەققىياتىنى نوقۇل ماددىي كۆرسەتكۈچ بىلەن ئەمەس، مەنىۋى كۆرسەتكۈچ بىلەنمۇ با-ھالايدىغان ئىش بولسا، قاراماي ئەدىبلىرىنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئەم-گەكلىرىنى يۇقىرى باھالىغان بولاتتۇق. بىز ئابدۇرېھىم ئابدۇللا-نىڭ بۇ پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمىدىكى «جەرەن رىۋايىتى» نام-لىق ھېكايىسى ئارقىلىقلا پەقەت ئەدەبىياتنىڭلا قولىدىن كېلىدى-غان خاتىرە كۈچىنى ئۇچرىتالايمىز.

— ئاۋۇ نېمىنىڭ ھەيكىلى؟ — سورىدى ئارمان دۆڭ باغرىدى-كى چىمەنزارلىقنىڭ بىرقانچە يېرىگە قاتۇرۇلغان جەرەنلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى كۆرسىتىپ.

— جەرەننىڭ ھەيكىلى، بالام.

— بوۋا، نېمىشقا بۇ يەرنى جەرەنبۇلاق دەپ ئاتايدۇ؟

يۇقىرىقى دىيالوگدىن مۇنداق بىرقانچە روھىي قاتلامغا ئېرى-شىمىز: 1. جەرەننىڭ ھەيكىلى سانائەت شەھىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئانىنى سېغىنىشى. 2. قورۇلۇش داۋامىدىكى ئېكولوگىيە-لىك يوقىتىش.3. رىۋايەتكە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تەزكىرە. 4. يەر نامى ۋە تەبىئەت. ھېكايىدىكى ئاسىم بوۋاي نېفىتلىكنى بەرپا قى-لىشقا قاتناشقان كونا بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئارمان بولسا ئاشۇلارنىڭ يىلتىزىدىن كۆكلىگەن بىر نوتا. بوۋاي ئۆزىنىڭ نىمجان بىر جەرەننى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇۋېتىشى ۋە ئۇ جەرەننىڭ بوۋاينىڭ ھاياتىغا ئارا تۇرۇشى توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆز-لەپ بېرىش ئارقىلىق ئاسفالت يول، ئېگىز بىنالار قۇچىقىدىكى بىر سەبىي بالىنى بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تارىخىي كەڭ-لىكى ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بالا ئۆزى سەزمىگىنى بىلەن تارىخ-نىڭ ئىچىدە ئىدى. بوۋاينىڭ جەرەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاشۇ تارىخنىڭ كىشىلەر ئاسانلىقچە دىققەت قىلىپ كېتەلمەيدىغان كىچىككىنە بىر تەرىپىنى ئالدىمىزدا ئايان قىلىدۇ. ئىقتىساد شاۋقۇنلىرى ئىچىدە تەبىئەتكە قاتتىق تەشنا بولغان يازغۇچى جەرەننى ساپ مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. جەرەن ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ئاۋات سانائەت شەھىرىنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇلغان گۈلدەك تەسىر بېرىدۇ.

بوۋاينىڭ قەلبىدىكى دىيانەت جەرەنگە بولغان ھېسداشلىق ئارقىسىدا گەۋدىلىنىدۇ، بالىنىڭ ساپ تەبىئىتىگە جەرەنمۇ ئىزتىراپسىز ھالدا سىڭىپ كېتەلەيدۇ.

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئەسەرلىرىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، ئەخلاق قاتارلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش بىلەن بىللە، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ خېلى تەسىرلىك قىلىپ سىزىپ بەردى. بىز ئۇنىڭ بۇ تونجى قەدىمىگە ئىزچىللىق ۋە تەرەققىيات تىلەيمىز. مەزكۇر پوۋېست ــ ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ئۈچۈن يىراققا سەكرەش تاختىسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2007 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# شائىر قەلبىدە نېفىت ۋە تۇپراق

—— ئىبراھىم نىيازنىڭ «قۇم ئۇيۇقلىرى» ناملىق توپلىمىغا ئىلاۋە

ئادەم پانىي ھاياتنىڭ تىلسىم سەھنىسىگە تاشلىنىۋېتىلگەن. ئۇ ئۆزىگە نىسبەتەن يات ھەم تەھدىتلىك كۈچلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلەرمۇ شۇنداق دېيىشىدۇ. ئادەملەرنىڭ ساپ تەبىئەتنىڭ ئالدىدىمۇ تەمتىرەش دەۋرى بولغان. بۇ دەۋر تۈرلۈك تىلدىكى نۇرغۇن گۈزەل ئەپسانىنى تۇغدى. ئەپسانە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق روھىي ئالماشتۇرۇشتىن دېرەك بېرىدىغان شېئىرىي تىل ئىدى. شېئىرىيەتنىڭ رەڭدار شەپەق بىلەن جۇلالانغان دولقۇنلۇق دېڭىزى ئاشۇ ئەپسانىلەر دۇنياسىدا ھېلىھەم جۇش ئۇرۇپ، سانائەت ۋە پۇل ھاۋاسىدا ئايىنىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كىشىلەرگە ئىنسانىيەتنىڭ سەبىي بالىلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا.

ئىنسانىيەت ئۆزى ئۇچۇن سۈنئىي تەبىئەت پەيدا قىلدى، مانا بۇ ئۆزى شەھەر ۋە شەھەرلەشكەن جەمئىيەت. ئەتراپتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەقىل ۋە تەرتىپنىڭ مەھسۇلى. بۈرۈنقى كىشىلەر چېچەك ۋە نوتىلارنى تەنلىرىگە بېزەك قىلىشاتتى، مايسىلار ۋە بىخلاردىن بىر - بىرلىرىگە يېگىلىق تۇتۇشاتتى. تەبىئەتنىڭ نورۇز ئېيى سادىدا قىز - يىگىتلىرىمىزنى شائىرغا ئايلاندۇراتتى، ئۇلار ھەربىر تاش، ھەربىر گىياھنى كۆڭلىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلاندۇراتتى. ئەمدى بۈگۈنكى كىشىلەر پۇراق ۋە شەبنەمدىن خالىي يالتىراق (سولىياۋ) گۈللەرنى كۆتۈرۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇپ پاراتتىن ئۆتۈشىدۇ. بۇرۇنقى قىزلاردىن قىزلىق ھىدى پۇرايدىتى، ھازىرقى قىزلاردىن زاۋۇتلاردىن چىققان ئەرزان باھالىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، دائىم بالا پېتى ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان شائىر ئاھ ئۇرماي قالامدۇ؟ شائىر ئەسكى - تۈسكى تۆمۈر - تەرسەك دۆۋىسىدىن بويۇن سوزىغان بىر تۈپ كۆك يانتاقنى ياكى سېمونت ئۆگزىلەردە قەد كۆتۈرگەن يىرىك قومۇشنى كۆرگەندە، تەبىئەتنىڭ بۇ خىل مۆجىزىسىدىن ئىلھام ئالماي قالامدۇ؟

شائىر ئىبراھىم نىياز نېفىت لاتقىلىرىدىن پەيدا بولغان ياش بىر شەھەرنىڭ قوينىدا ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى. سېلىم بوۋاي قاپىقىنى قارامايدا بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆيى - ئۆيگە يورۇقلۇق توشۇغاندا، ئۇ كەزگەن جاڭگاللاردا مۇڭلۇق راۋاب ساداسى چاتقاللارنىڭ ئاراچىلىرىغا سىڭىپ كەتكەندى. نېفىت، تۇپراق ۋە كۆي... ئىبراھىم نىياز قەلەم ناخۇلىنى قەغەز يۈزىدىكى بىپايانلىققا ئۇرغاندا، نېفىتلىك شەھىرى قارامايدىكى ۋىشكىلار، كاچالكىلار، بۇرغىلاش سۇپىسىدىكى ئېگىز تۆمۈر مۇنارلار، يىگىت - قىزلار كىيگەن تۆمۇر قالپاقلار چۆل تورغايلىرىنىڭ سەگەك ناۋاسى بىلەن سىڭىشكەن ھالدا يىراقتىن ئاستا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان سۇ بوياق نامايان بولىدۇ. بۇ سېلىم بوۋاينىڭ قولىدىكى راۋاب ساداسىنىڭ زامانىمىزدىكى ئۆزگىچە داۋامى.

چۆچەككە ئامراق شائىر،
كىرىپ كەتتى يېرىلغان تاشقا.

شائىر ئەگەر خالىسا يېرىلغان تاشقا ئەمەس، پۈتۈن قورام تاشنىڭ قىن - قىنىغا سىڭىپ كېتەلەيدۇ. شائىر نېفىتلىك شەھىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق رەستىلىرىدە كېتىۋېتىپ، ئۆز ئەجدادىنىڭ قەدىمي ئەپسانىسىنى قاتتىق سېغىنىدۇ. شائىر «ئىزدەش» دېگەن شېئىرىدا:

ئادەملەرمۇ ئادەملىكىنى
تاپالمايدۇ بەلكىم، يىلتىزسىز.

دەيدۇ.

قاراماي شەھىرى دىيارىمىزدا سانائەت ئامىللىرى نىسبەتەن قويۇق شەھەر. ئۇ يەردە بىزنىڭ ئىشچىلار تەبىقىمىز بار. ئۇلارنىڭ بۇرنىغا نېفىت بىلەن تۇپراق تەڭ پۇراپ تۇرىدۇ. ئىبراھىمنىڭ شېئىرلىرىدا بۇنداق قوش پۇراق سېزىمىنىڭ ئالامەتلىرى خېلى ئېنىق. مەن قاراماي‌غا بارغىنىمدا ئولتۇراق بىنالارنىڭ ئالدىدىكى تونۇرلارنى كۆرگىنىمدە خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم. يولدا ئاپتوموبىللار تېز كېتىپ بارىدۇ، تونۇرنىڭ بېشىدا بولسا بېشىغا ياغلىق ئورىغان مويسىپىت ئانا ئىخلاس بىلەن تېپىرلىماقتا. بۇ نەقەدەر گۈزەل كۆرۈنۈش. مەن بۇ كۆرۈنۈشتىن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردە بار ئىكەنلىكىمنى سەزدىم. ئىبراھىم ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا ئاشۇنداق ئاشىقلىق جىلۋىسىنى كۆپلەپ كۆرسىتىدۇ.

قاراماي يېڭى گۈللەنگەن شەھەر. ئۇ يەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدىبلەر تەزكىرىسى بولۇشى كېرەك. مېھنەت بار يەردە مەدەنىيەت بولۇشى لازىم. شائىرى بولمىغان يۇرتنىڭ ھاياتى ھامان بىر ساختىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ھايات مۇھەببەت بىلەن، مۇھەببەت كۈي بىلەن ئۆزىنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. قارامايدا يېپيېڭى بىر ئەدەبىيات شەكىللەنمەكتە، ئۇنىڭ يىلتىزى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا چوڭقۇر تۇتىشىپ كەتكەن.

2001 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تەبىئەت، جەمئىيەت، شېئىرىيەت

— دولقۇن ئەلى، ئوسمان قاۋۇللارنىڭ ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن سۆھبىتى

سوئال: ئابدۇقادىر جالالىددىن، سىزدە ئەدەبىي ھەۋەسنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىللار قايسى؟ قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: بۇنىڭغا ئەقلىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئۇنى - بۇنى دېيىشىم مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ دەل جاۋاب بولالىشىغا ھۆددە قىلالمايمەن. ئاز - تولا ئەقلىمگە كەلگەندە قارىسام، كىشىلەر ھەدەپ بىر - بىرىنى ئۇرۇۋاتقان ۋە جازالاۋاتقانىكەن، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئانام ۋە ھامماملار ئازار يەۋاتقانىكەن، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتىم. ئەمما ھەممىشە مېنى يۇشۇرۇن ۋەھىمە ئورىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام مەن تۇغۇلۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئانامنىڭ ھىمايىسىدا چوڭ بولدۇم. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى تازا بېسىق بولغاندا ئۆيدە يالغۇز قالاتتىم. بۇ ئەھۋال مېنى غەمكىن، خىيالچان بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ھەممە نەرسە ماڭا پەرىشان، غەلىتە كۆرۈنەتتى. ھايات ماڭا خورسىنىۋاتقان قىياپەتتە ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن بۇنداق تۇيغۇدىن ھازىرمۇ تېخى قۇتۇلغىنىم يوق. شۇڭا، ھەر قېتىم يالغۇزلۇق ھېس قىلسام شېئىر يازغۇم كېلىدۇ. مېنىڭچە، بىر پارچە شېئىر ناھايىتى مول ئارقا كۆرۈنۈشنى يوشۇرۇپ تۇرغان تاسادىپىيلىق.

سوئال: شېئىرىيەتتىكى تىل ئامىللىرى ھەققىدە قانداق ئۆزگىچە قارىشىڭىز بار؟

جاۋاب: ھەربىر شېئىر ئايرىم بىر لۇغەت، شۇنداقلا بۇ لۇغەت تولۇقلاش، تۈزىتىلىش ئاساسىدا قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان لۇغەت. بۇ لۇغەتتىكى سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتىنى لۇغەت تۈزگۈچى ئەمەس، بەلكى لۇغەتتىن پايدىلانغۇچى ئۆزى بېرىدۇ. شېئىر بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى گوياكى تىل مەۋجۇت ئەمەس، شېئىر ئۆزى تۇغۇلۇش بىلەن بىللە، تىلىنىمۇ تۇغىدۇ. سۆزلەر يېڭى بىر تەرتىپ ئىچىدە يېڭى بىر ھاياتقا كۆز ئاچىدۇ ۋە بۇرۇنقى بىر مەنىسىنى ئۇنتۇيدۇ. شېئىردىكى سۆزلەر ئۆزىگە خاس بىر يۆنىلىش بويىچە كېڭىيىدۇ؛ بىر سۆز يەنە بىر سۆزنىڭ ھەرىكىتىگە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سوئال: «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تۇزغاق» ناملىق شېئىرىڭىز شېئىرىي ئىجادىيىتىڭىزدە سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغان، شۇنداقلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ بىرى. بۇ شېئىرنى ئىجاد قىلىش جەريانىڭىز ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بەرسىڭىز.

جاۋاب: مەن بۇ شېئىرنى 1989 ـ يىلى چاغان ئاخشىمىدا يازغانىدىم. بۇ، مەن ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ كەلگەنگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىدى. يېڭى خىزمەت ئورنۇمدا ماڭا تېخى ياتاق بېرىلمىگەچكە، قايسى دوستۇمنىڭ ياتىقىدا ياكى ئۆيىدە كۈن كەچ بولسا، شۇ يەردە قونۇپ قالاتتىم. تۇرمۇشۇم ئىنتايىن تەرتىپسىز، روھىم چۈشكۈن ئىدى. مەن ئۈرۈمچىدە ئۆزۈمنى خۇددى ئەينەك قاچا ئىچىدىكى بېلىقجاندەك ھېس قىلاتتىم. تەبىئەتتە كىشىلەرگە، جۇمىلىدىن ماڭا تەۋە نەرسىلەر مەڭگۈ يوقالغاندەك پەرىشان بولاتتىم. پوجاڭزا ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي پارتلاپ تۇرغان چاغان كېچىسىدە ئۆزۈمنى تولىمۇ يېگانە سەزدىم ۋە ئاشۇ شېئىرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شۇ كېچىدە يېزىپ تۈگەتتىم. مەن ئۆزۈمچە شۇ چاغدا شەھەر كىرىزىسى ۋە ئادەم كىرىزىسى ئىچىدە بىردىنبىر پېرسوناژ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىدىم. بۇ غايەت ئەۋرىشىم توردىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلالمىدىم. قېنىسەن سەھرا، دېدىم ۋە شامال تەگكەن توزغاقتەك چېچىلدىم.

سوئال: يېڭىچە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە سىز بەلگىلىك ئۇتۇقنا ئېرىشىپ، شېئىرىيىتىمىزدە داۋالغۇش پەيدا قىلغانلار ئارىسىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشتىڭىز. بۇ خىل ئىزدىنىش خاراكتېرلىك شېئىرلار ھەققىدە خاس چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز. چۈنكى، سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىڭىز بىرقەدەر مۇكەممەل. بىزچە بۇ ھەقتە مەيدانغا كەلگەن بەزى ئورۇنسىز چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بۇنىڭ پايدىسى بار.

جاۋاب: شېئىرىيەتتە مۇتلەق قاراش بولمايدۇ، مۇتلەقلىق پەقەتلا سىياسەتنىڭ ئاززۇسى. شۇڭا، سەنئەت ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئامىللارنىڭ بەلگىلىك يەكلەشكە ئۇچرىشى ئىنتايىن نورمال ئىش. شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھەقىقىتىنى تاڭماسلىقى، رەت قىلىشقا ئۇچرىسا ھەسرەتلەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى شېئىرىيەتمۇ بىر خىل ئىبادەت شەكلى بولۇپ، مەجبۇرلاش ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەسلىدە يېڭى شېئىرىيەت، كونا شېئىرىيەت دېگەن گەپلەر پەقەتلا نەزەرىيە ساھەسىدىكى راتسىيونالىزملىق ئۇقۇملار. مەن تارىختىكى ھەممە شېئىرنى ئوخشاشلا شېئىر دەپ قارايمەن. بىر پارچە ئەسەر شېئىر بولۇش لاياقىتىگە ئېرىشسە، ئۇ خالىغان بىر زامانغا مەنسۇپ بولالايدۇ. شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىزدەنمە شېئىرلار ئاساسەن تەپەككۇر جەھەتتىكى ئەندىزىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. شېئىرىيەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزىگە قايتۇرۇۋېلىش بەكلا زۆرۈر ئىدى. بۇ زۆرۈرىيەت ياشلارنىڭ سەزگۈسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، نەۋايى روھى قەلبلەرنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

شېئىرىيەت تەرەققىياتى شەكىل تەجرىبىسىنىڭ دەۋر قىلىشىدۇر. «گۇڭگا شېئىرلار» ئاشۇ خىل تەجرىبىنىڭ تەۋەككۇلچە روياپ-

قا چىقىشى. بۇنى رەت قىلغانلار شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىدىكى مەنتىقىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەتتىكى «سىياسىي» ئورنىنى ئاساس قىلىپ رەت قىلدى، دەپ چۈشىنىمەن. چۈشىنىلمەسلىك شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى ماھىيەت ئەمەس، ئارىلىقتىكى ماھىيەت.

سوئال: سىز «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان بىر تۈركۈم ماقالىڭىزدە مىللەتنىڭ روھىدىكى رەزىللىكلەرنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى پىسخىك ئۇسۇلدا ئېچىپ بەردىڭىز. بۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئىجادىيىتىڭىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، دەپ قارامسىز؟

جاۋاب: مەن باشتا ئەتەي ئۇنداق بەلگىلىۋالمىغان، بەزى نەرسىلەرنى يازغاندىن كېيىن، قاراپ باقسام ئۇلار ھەقىقەتەن ئىجادىيىتىمنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولامدۇ، كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. مەن مېنى قىستىغان نەرسىلەرنى يازىمەن، شۇ ئارقىلىق ئارام تاپىمەن.

سوئال: قايسى ئەسەرلىرىڭىزنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان دەپ قارايسىز؟ قايسى ئەسەرلىرىڭىز خاس ئۇسلۇبىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؟ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى سىزنى باشتىن - ئاخىر قوللاپ كەلدى، بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

جاۋاب: مەن ھازىرغىچە ئۇسلۇبنى گەۋدىلەندۇرۇشكە قىزىقمىدىم. بەزىلەر قەلەم پىشسا ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ، دەيدۇ. ئەگەر ئۇسلۇبقا تەبىر بېرىش كېرەك دېيىلسە، مەن ئۇنى ھال دەپ چۈشىنىمەن. سىز «مۇۋەپپەقىيەت» دەپ قالدىڭىز. مەن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىمنى كىشىلەرنىڭ تاۋىغا قاراپ ئۆلچىمەيمەن. ماڭا شېئىرلىرىمنىڭ تولىسى قەدىرلىك تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قويغان تەلىپىم ئاشۇنداق.

ئەدەبىيات جامائىتى ھېچقاچان ئادەمگە بىردەك تەلەپ قويغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەس، پوزىتسىيەمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بۇنى ئويلاش بىئارامىلىق كەلتۈرىدۇ. مەن ئادەم بولغاندىكىن، سەنئەتتىكى ئىش ـ ئەمەللىرىم ھامان مەنە قۇتۇپلىرىنىڭ بىرەر بۇرجىكىغا چۈشمەي قالمايدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىياتنىڭ تەربىيەۋى رولىغا قانداق قارايسىز، بولۇپمۇ ھەممە ئادەم پۇلنىڭ كويىغا چۈشكەن بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بۇ مەسىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئەدەبىياتنىڭ قاتلىمى كۆپ بولىدۇ. مەن شېئىرىيەتنى مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئېستېتىك ساپاسىنىڭ بېشارىتى، دەپ قارايمەن. ئەدەبىيات ھەقىقىي چۈشىنىلگەن ئەلدە سىياسەت ئادەملەرنى ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى سورايدۇ.

ئەدەبىيات ئوخشاي يەتكىلى بولىدىغان مەنزىل ئەمەس، ئۇنىڭ يوللىرى نۇرغۇن جەسەت ۋە بىمارلار بىلەن قاپلىنىپ كېتىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىياتىمىز چوڭ ئۆتكەلگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ ياكى ئەدەبىياتىمىز ئۆز شەيدالىرىنىڭ ئىمانىدىن ئىمتىھان ئېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغانلار ئاز بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ نەتىجىسىنى بۇ ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈپىتى بىلەن كۆرىمىز.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىمۇ ئەدەبىيات چوقۇم ئۆزىگە ئوخشىشى كېرەك. مىللەتنى تەربىيەلەش نوقۇللا ئەدەبىياتنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئەمەس، ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرىمۇ كىشىلەرنى تەربىيەلەش رولىنى ئۆتتۈپ قالماسلىقى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ گەپ بىزنىڭ سەۋىيە مۇھىتىمىزغا قارىتىلغان.

سوئال: ئاتالمىش «شېئىرىيەتنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى» دېيىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە شائىرلار زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟ شائىر بۇنداق شارائىتتا شېئىرىيەتتىن ۋاز كېچىپ ماقالە ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالامدۇ؟

جاۋاب: ھازىر شېئىرىيەتنىڭ كۇرسى چۈشۈۋاتامدۇ ياكى ئادەمنىڭ كۇرسى چۈشۈۋاتامدۇ، بۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دېيىش تەس.

ئادەم كۆپەيمەكتە، مۇھىت بۇزۇلماقتا، ياشاش ۋە قوغدىنىش بارغانسېرى جىددىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشتى، بوشلۇق ئازايدى، ئادەملەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋاسىتىلىك يوسۇندا بولدى. كىشىلەر تەبىئەتنى سېغىنىپ، سولىياۋدىن دەل - دەرەخ ۋە گۈللەرنى ياساشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىر كىشىلەر ئۆزى ھەققىدە تۇزۇك بىر ئويلىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. شېئىر بىلەن ئىجتىمائىي ئادەملەر بىر - بىرىدىن قېيمداشتى. بۇ ئەھۋال بىزدەك دېھقان مىللىتىنىڭ شائىرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتمەي قالمىدى. شائىرلىرىمىز سۈيى پەسلەپ تارىيىۋاتقان كۆلدىكى بېلىقتەك كىچىك ئويماندا تىقىلىپ ياشايدۇ، بۇ ئويمان دەل ئورۇمچى. يىراق سەھرالار ئۆزىنى ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىدىن تىڭشايدىغان بولدى. بۇنى تەھلىل قىلىپ، ماقالىلەرنى يېزىش كېرەك. لېكىن شېئىر بىلەن ماقالە بەربىر ئوخشىمايدۇ.

سوئال: سىزچە، ھازىر شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ھالقىلىق نۇقسانلار قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلۈۋاتىدۇ؟

جاۋاب: شېئىرلىرىمىز زىيادە غەمكىن، بۇ غەمكىنلىكتە ئادەمنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈپ يەتكەندىكى جەڭگىۋارلىق يوق. ئورۇش مەيدانىدىكى باھادىرلاردىمۇ غەمكىن بولۇپ قالىدىغان چاغلار بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ غەمكىن چىرايىدا مۇستەھكەم، چىڭ مۇسكۇل بار، چارە ئىزدەۋاتقان ئىرادە بار.

تولا شېئىرنىڭ رىتىمى سۈنئىي (ئىجتىمائىي) كىلاپان بىلەن سوققان يۈرەكتىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ تۇغما ياۋايى كۈچىگە ئىچكىرىلەش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، شېئىرلار تۈيغۇ جەھەتتىكى مۇستەقىللىققا تويۇنمىغان. يەنىلا شېئىرىيىتىمىزدە ئۇقۇملىشىش ھادىسىسى ئېغىر.

بىز تېخى كومپيۇتېر، توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، پويىز، زاۋۇتلارنىڭ زاپچاسلىرى ئىچىگە بەدىئىي دىت قانىتى بىلەن شۇڭغۇپ كىرەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىدۇق. مەنىۋى ھاياتىمىز سانائەت دۇنياسىنى ئىستىمال قىلىشقا ئۈلگۈرمىدى. بىز يەنىلا ئېتىمىز - ئېرىق جىلغىلىرى ئىچىدە تۇيغۇمىزنى گۈللاپ يۈردۇق. بۇ جەھەتتە مەنمۇ كىرىزىس ھېس قىلىمەن.

**سوئال:** نۆۋەتتە ئەدەبىياتىمىزدا يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك، چەت ئەللەرنىڭ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرى بولسا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن تازا ئالقىشقا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ، بۇ خىل ھادىسىگە قارىتا تونۇشىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** كىشىلەر قىتئەلەر ئارىلاپ ھەممە يەرگە ئۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ خاس غۇرۇرىغا لايىق بوشلۇقنى تېپىپ ياشىيالايدۇ. لېكىن بىزدە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن قەشقەرلىك بىر ئىستۇدېنت ئۈرۈمچىگە كەلسە، تالاي مىللىي قېرىنداشنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇساپىرلىق ھېس قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ يىغلايدۇ. بۇمۇ مېنىڭ يۇرتۇمغۇ دېيەلمەيدۇ. دېمەك، بىزدە مەھەللىۋى ئاڭ دۇنياۋى ئاڭدىن خېلىلا ئۇستۇن. بۇ بىزدىكى مەنىۋى قىياپەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەكسى. سەنئەتتىمۇ بىزنىڭ تۇيغۇمىز چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ئۆزى ھەرىكەت قىلىدىغان بوشلۇقنى دېگەندەك تاپالماي تەمتىرەپ قالىدۇ.

**سوئال:** بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز زېمىنىمىزدا تىرىشىشتىن باشقا، يەنە چەت ئەللەرنىڭ يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە ئەسەرلىرى كۆپرەك تونۇشتۇرۇلسىكەن، دەپ قارايمىز، سىز بۇ جەھەتتە خېلى ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتىسىز، بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيەڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** بىز باشقىلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش جەھەتتە ئەجدادلىرىمىزنى دورىيالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ھازىر بەكلا كېچىكىپ كەتتۇق. مەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تۇزۇك ئىش قىلغىنىم

يوق، مەندە پەقەت ئىخلاسلا بار. «نامى يوللۇق بولمىسا سۆزى ئاقماس» دەيدىغان جۇڭگوچىلىقتا توغرا تەكلىپ ۋە مەسىلىلەرنى كۆچلۈك نوپۇز بىلەن قوشۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقمىسا، ئۇنى تىڭشايدىغان ئادەم بولمايدۇ. نېمە ئۇچۇندۇر ئىش ئاقمىغان ئەلدە «ئەۋلىيا» تولا بولىدىكەن. باشقىلار تەھلىل قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنى ئىزاھلاشمۇ بەسى مۈشكۈل.

سوئال: ئەدەبىياتتىكى ئۆلۈك سىمۋوللاشتۇرۇش (مىسالەن، قاراڭغۇ تۈن — «زۇلمەت»نىڭ، بورانقۇش — «ئىنقىلاب»نىڭ، يۇلتۇز — «ئۈمىد»نىڭ دېگەندەك)نى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىنى بوغىدىغان ئامىل، شۇنداقلا شەيئىلەرگە قىلىنغان ھاقارەت، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلالماسلىقىنىڭ ئۆزى ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋال، دەپ قارىغۇچىلار بار. سىز بۇ ھەقتىكى تونۇشىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: مەن بۇ ھەقتە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانى ھەققىدىكى «تارىخنىڭ بەدىئىي سۈرىتى» ناملىق ئوبزورۇمدا ئازراق توختالغان (بۇ ئوبزور «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. — مۇھەررىردىن). مەن ئۆز كۆزقارىشىمنىڭ مۇپەسسەل ئىدىيە ئەمەس، بەلكى مەلۇم پىكىرنىڭ يىپ ئۇچى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوقۇرمەنلەر ئېرىنمىسە، ئاشۇ ماقالىگە نەزەر سالسا بولىدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىيات ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىڭىزنى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ماقالە ئارقىلىق ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتىسىز. سىز پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ سۆھبەت شەكلىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: بۇ ئالدى بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق پىكىر شەكلى بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، سوئال جاۋابقا قارىغاندا تاكتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي بولىدۇ. مەن سوئال سورىغۇچىنى جاۋاب بەرگۈچىدىن مول چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايمەن، شۇنداقلا سوئال جاۋابقا نىسبەتەن ھامان ئاكتىپ.تارىختىكى ئىدېئولوگىيە شەكىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىرىنى ئەسلىگەندە، سوقرات، ئەپلاتونلارنىڭ جاھانشۇمۇل ئىدىيەلىرى سۆھبەت شەكلى تەرىقىسىدە قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ سوقرات ئۆز ئىدىيەسىنى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويماي، ئۆزى ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىدىيەنى باشقىلارنى جاۋاب بەرگۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى زامان گىگانت ئەدىبلىرىدىن گارسىيە ماركوزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيەسى سوئالنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن.

بىزدىمۇ سوئال سوراش پېشۋالىرى كۆپلەپ بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ پەلسەپىنىڭ تومۇرىدا ئېقىپ تۇرغىنى سوئال، سوئال، يەنە سوئال.

1997 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

# رەسىملەردىن ئېرىشكىنىم ئاز ئەمەس

— ئاپتورنىڭ 2010 - يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەشكىللىگەن رەسساملار چاي سۆھبىتىدە ئېيتقانلىرى

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققىنىمغا 25 يىل ئەتراپىدا بولۇپ قاپتۇ. خىزمەتنى ئاساسەن دېگۈدەك ئۈرۈمچىدە قىلدىم. ئۈرۈمچى سەنئەتكارلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، مۇزىكانتلىرىمىز، نەزەرىيەچىلىرىمىز، زىيالىيلىرىمىز مەركەزلەشكەن بىر ماكان. مۇشۇ يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە مەن تۇنجى قېتىم مانا بۈگۈنكىدەك رەسساملار بىلەن ئەدەبىياتچىلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ سەنئەت توغرىسىدا گەپ قىلغىنىنى كۆرۈۋاتىمەن. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيىتى بۇلارنىڭ ئۇتۇقى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور كېچىكىش دەپ ئويلايمەن.

بىز شېرىيەتكە قىزىقىپ يۈرگەن مەزگىللەردە، بولۇپمۇ مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا جۇڭگوغا نىسبەتەن غەرب ئەدەبىياتىدىكى غەرب مودېرنىزم ئېقىمى، نەزەرىيەلىرى تەسىر قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. بىزمۇ ئۇنى ھەر خىل كىتابتىن كۆرگەنىدۇق. مېنىڭچە، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا سالۋادور دالى (Salwador Dali) ئۆز رەسىملىرى ئارقىلىق ھالقىما رېئالىزم نەزەرىيەسىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى. شۇ چاغلاردا بەزى نەزەرىيەۋى كىتابلارنى كۆرگەن بولساقمۇ، ئۇ يەنىلا بىزگە بىر ئاز ئابستراكتلىق تەسىر بېرەتتى. مەن سالۋادور دالىنىڭ رەسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن «ھالقىما رېئالىزم» دېگەن مۇنداق گەپ ئىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېگەن قاراشقا كەلگەنىدىم. شۇڭا، مەن مودېرنىزم جەھەتتىكى ياكى سەنئەتتىكى نۇرغۇن ئابستراكت نەزەرىيەنىڭ رولىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقان ۋاقىتتا رەسساملار ئارقىلىق بەكرەك چۈشەندىم دېسەم بولىدۇ. مىسالەن، شۇ ۋاقىتلاردا مەن فىرانسىيەلىك شائىر ژاك پىرىۋېرنىڭ «پىكاسونىڭ ئالمىسى» دېگەن بىر شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ شېئىر پىكاسونىڭ رەسىم ئۇسلۇبىنى ئەڭ ياخشى ئىپادىلەپ بېرىپتۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ چاغ 1987 - يىللار بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ شائىرنىڭ «پىكاسونىڭ ئالمىسى» دېگەن شېئىرنى يېزىشىنىڭ ئۆزىلا رەسىم بىلەن شېئىرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ، دەپ قارايمەن. بىز ئاشۇ يىللاردا ئەركىن نۇر بىلەن كىتابخانىلارنى كۆپرەك ئارىلايتتۇق. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ ۋاقتىمىز جىق، بىراق پۇلىمىز يوق ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئاجايىپ بىر مۇھەببەت، قىزىقىش بىزنى ئىختىيارسىز كىتابخانىلارغا باشلاپ باراتتى. كۆڭلىمىز ئاساسەن دېگۈدەك كىتابخانىلاردا ئۆتەتتى. بىز ماي بوياق رەسىملىرى توپلاملىرىنى خېلى جىق سېتىۋالاتتۇق. رەسىم ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغانلىرىمىزنى بىز نەزەرىيەۋى ئۇقۇملار بىلەن قىسمەن ئىپادىلەپ بېرەلىسەكمۇ، بىراق يەنىلا زور كۆپچىلىكنى ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر ئەمەسمىز، دەپ ئويلايمەن. «ئۇ بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا قانداق تەسىر قىلدى؟» ئۇنى بىز دەپ بېرەلمەيمىز. ئەمما ئۇ تەسىرنىڭ بارلىقى ئېنىق. شۇنىڭ ئۇچۇن، مېنىڭ قارىشىمچە، مەيلى تەبىئەتتىكى بىر مەنزىرە ياكى بىر كۆرۈنۈش، ياكى بىر توپ قۇرۇپ قالغان دەرەخ ۋە ياكى بىر رەڭلىك تاشقا بىز ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراۋاتقان ۋاقتىمىزدىكى تەسىرىمىز ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزدىن جىق ھالقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ كەسىپ ئەھلىلىرى بىلەن كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارنىڭ رەسىمنى چۈشىنىش دەرىجىسى ھەر خىل بولىدۇ. چۈشىنىش ئوخشىمايدۇ. لې-

كىن، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمدە چوقۇم چۈشىنىش بولىدۇ. بەلكىم 5% ياكى 30% ئۇنىڭدىن ئارتۇق چۈشىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ھېچقانداق تەربىيەگە ئىگە بولمىغان ئادەممۇ بىر رەسىمنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۆزىگە خاس بىر مەنىۋى ھادىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى تەسىر. شۇ چاغلاردا بىز پىكاسونىڭ، دالىنىڭ، مېيتىننىڭ رەسىملىرىنى ئەڭ كۆپ كۆرگەنىدۇق. بولۇپمۇ مۇنكىنىڭ «ھايات ئۇسۇلى» دېگەن بىر رەسىمى تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ يەنە «چۇقان» دېگەن رەسىممۇ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان. رەسىمدە بىر كىشىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشى، چۇقانغا ئەگىشىپ دۇنيانىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆزىمىزگە تاشلىنىدۇ. بىز شۇ ۋاقىتتا مەنىۋى دۇنيانىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇنكنىڭ رەسىملىرى ئارقىلىق كۆرگەنىدۇق. ئاشۇ بىر تۈركۈم نادىر رەسىم ئەسىرىنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان يېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدىكى رەڭ، كۆرۈنۈشتىن تارتىپ ھەممە نەرسە ئىچكى دۇنيايىمىزغا سىڭىپلا كېتەتتى - دە، ھەر قېتىم بىز بىر نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئاجىزلىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، مۇنكنىڭ (Edward Munch) ياكى بولمىسا دالىنىڭ رەسىملىرىدىكى شۇ كۆرۈنۈشلەر تەپەككۇرىمىزنى جانلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولاتتى. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز مەلۇم جەھەتتىن بىر تەرەپتىن رەسىم ئارقىلىق مەلۇم چۈشەنچە ۋە تەسىراتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى شېئىرىيەتكە، نەزەرىيەگە تەتبىقلىساق، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇچە گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردىكى ئوبزورچى، تەتقىقاتچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلىنىپ ئۆزىمىز قىزىققان غەرب ئەدەبىيات ئېقىملىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى موللاشتۇرۇشقا تىرىشاتتۇق. شۇڭا مەن بىز رەسىم ئارقىلىقمۇ ئۆزىمىزنىڭ شېئىرىيىتىگە، ئىجادىيىتىگە مۇۋاپىق تەسىر ۋە ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلدۇق، دەپ ئويلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنىمۇ رەسىمدىن ئايرىلالمىغان ئەدەبىيات دەپ قارىساق بولىدۇ. مىسالەن، بىزنىڭ دىۋان شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەممىسىدە مىنىياتورا بار. مەن ئىلگىرى مىنىياتۇرىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر تەرەپلەرنى ئانچە ئۇقمايتتىم، ئورخان پاموكنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل» دېگەن رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا يېزىلغان ئوسمانىيلار ئوردىسىدا كىتاب زىننەتلىگۈچىلەر ۋە ھەل بەرگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر بەزى تەرەپلەردىن ئورخان پاموكنىڭ رەسىم بىلەن شېئىرىيەتنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى بايانلىرىنى ئۇچراتتىم. بىز يەنە نەۋايى تويلاملىرىغا سىزىلغان مىنىياتورالارنى كۆرۈۋاتىمىز. يەنە پارس ئەدەبىياتىدىكى نىزامى ئەسەرلىرىگە سىزىلغان «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «پەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىق قىسسىلەرگە، «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا»غا، ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى، ھاپىزنىڭ شېئىرلىرىغا نىسبەتەن سىزىلغان رەسىملەردە ئۇسلۇبىي ئورتاقلىق بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاساسەن تەسەۋۋۇپ ئاساس ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلاردا گەرچە سۈژىت بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماھىيەتتە ناھايىتى مەۋھۇم بولغان بىر خىل تەپەككۇر. شۇ نەرسىنى چۈشەنىشتە مىنىياتورلارنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. شۇڭا، مىنىياتور ئەينى ۋاقىتتىكى دىۋانچىلىق، كىتابچىلىقنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنالىغان. شۇڭا ئوردىلاردا ھەرقانداق پادىشاھ ــ سۇلتان رەسساملارنى، ئەدىبلەرنى ئۆزىدىن مۇستەسنا قىلمىغان. داڭلىق رەسساملار مۇقاۋا لايىھەلىگەن، خەتتاتلار، ھەل-چىلەر، زىننەتچىلەر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھ ۋە سۇلتانلارنىڭ ئەتراپىدا بار بولغان، شۇلارنىڭ داستىخىنىغا ئىشتىراك قىلىشقان. مانا بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا رەسىم بىلەن شېئىرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى قانداشلىقنىڭ ياخشى بىر ئىسپاتى دەپ ئويلايمەن.

رەسىمگە ئازراق قىزىقىپ يۈرگەن مەزگىللىرىمدە ستون دېگەن

كىشى تەرىپىدىن رەتلەنگەن «سۆيۈملۈك تىئور» دېگەن كىتابىنىمۇ ئوقۇغان. بۇ ۋانگوك ھەققىدىكى كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋانگوكنىڭ ئېمىل زولانىڭ جىق رومانىنى ئوقۇغانلىقى، ئۇنىڭ رومانلىرىدىكى بەزى قاراش ۋە نەزەرىيەۋى قاراشلىرىدىن نۇرغۇن ئىلھام ئالغانلىقى، ۋانگوك رەسساملىق تەرەققىياتىدا ئېمىل زولانىڭ كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقى يېزىلغان. دېمەك، رەسساملار ۋە ئەدىبلەر قوشۇلۇپ كەتكەن ئەينى دەۋر پارىژدىكى شۇ ھاياتتا ۋانگوكمۇ دائىم بار ئىدى. ھېمىڭۋايمۇ ئۆزىنىڭ ھېكايىچىلىق ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن رەسساملاردىن جىقراق ئىلھام ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. فىرانسۇز يازغۇچىسى ئاندرى مارلۇننىڭ رەسىم توغرىسىدا يېزىلغان «تامسىز مۇزېي» دەيدىغان بىر كىتابىنى كۆرگەنىدىم. ئۇمۇ رەسىم توغرىسىدا ناھايىتى يۇقىرى نەزەرىيەگە ئىگە بولغان بىر ئادەم ئىكەن.

شېئىرىيەت بىلەن رەسىمنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھېچقانداق گۇمانلىنىش كەتمەيدۇ. ئاخشام بىر ماتېرىيال كۆرۈۋېتىپ ئامېرىكىلىق شائىر ۋاللىس ستىۋېنىڭ رەسىم توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ: «بىر شېئىر ياكى بىر داستاندا نۇرغۇن زامان بىللە كېلىدۇ، شېئىرىيەت مەڭگۈلۈكنى كۆپىنچە بىر دەقىقىگە ئايلاندۇرغان. رەسىم دېگەندە دەقىقىنى مەڭگۈلۈككە ئايلاندۇرىدۇ» دېگەن. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قارىشىمچە، رەسسامنىڭ بىر رەسىمنى پۈتكۈزۈشىگە شۇنچە جىق ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغىنى بىر لەھز، قالغىنى شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر. مىسالەن، بىر ئاتنىڭ چاپچىپ تۇرغاندىكى رەسىمنى ئالساقمۇ، ئۇ دەل بىر دەقىقە ئىچىدىكى سۈرەت. ئۇ، رەسسامنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئايلانغاندىن كېيىن مەڭگۈلۈككە ئايلىنىدۇ. زوقمەنلەرنىڭ تەسىراتى ئارقىلىق مەڭگۈلۈككە ئايلىنىدۇ، كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ، زامانلارنىڭ باھاسى ئارقىلىق مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئايلىنىدۇ. مەيلى شېئىر بولسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياكى رەسىم بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىدە بىر دەقىقە دېگەن ئۇقۇم بار. شېئىر دېگەن مەڭگۈلۈك نەرسە. مىسالەن، بىر شېئىرنىڭ ئۆزىدە بەلكىم ئالېكساندىر ماكېدونسكىي (ئىسكەندىر زۇلقەرنەين) دەۋرىدىكى ھازىرغىچە بولغان دەۋرنى بىر لەھزىدە بىر تەسەۋۋۇرغا ئايلاندۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، شېئىرنى رەسىمگە ئايلاندۇرۇش، رەسىمنى شېئىرغا ئايلاندۇرۇش تامامەن مۇمكىن بولغان نەرسە. ئەمما، ھازىرقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ ئۆزىدە رەسىمدىن تەسىر ئالغان شېئىرلار، شېئىردىن تەسىر ئالغان رەسىملەر قانچىلىك؟ تېخى بۇنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ باقمىدۇق، تەتقىق قىلىپ باققاندىن كېيىن بۇ ھەقتە بىرنېمە دېيىش مۇمكىن. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىزدە رەسساملار بىلەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن شالاڭ بولغانلىقى رېئاللىق. ئەسلىي بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق ئۇچرىشىش، سۆھبەتلەر بىزدە بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك ئىدى. ئىلگىرى تېيىپجان ئېلىيېف دەۋرلىرىدە مۇزىكانتلار، شائىرلار ئوتتۇرىسىدا خېلى جىق مۇلاقەت، ئىلمىي سۆھبەت بوپتىكەن. ئەمەلىيەتتە دۇنيادا ھەممىلا نەرسىنى كىتابتىن ئۆگىنىشكە ھەم شۇنداق قىلىشقا ۋاقتىمىز يەتمەيدۇ. كىتاب جىق، ئۆمرىمىز ئىنتايىن چەكلىك. بىز كىتاب ئۇچۇنلا دۇنياغا كەلمىدۇق، يەنە ياشىشىمىز كېرەك. مەن بىر كۆرگەن ماتېرىيالدا پىكاسونىڭمۇ نۇرغۇن نەزەرىيەنى بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇش، يەنە بىر تەرەپتىن كەسىپداشلىرىنىڭ سالونلىرىغا قاتنىشىش ئارقىلىق قوبۇل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، بىر رەسسامنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى بىزنىڭ رەسىملىرى ھەم مۇشۇنداق سۆھبەت، مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق چۈشەنسەك، بۇ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشى مۇمكىن. مىسالەن، بىر رەسسام نەۋايىنى سىزماقچى بولسا، ئۇ رەسسام چوقۇم نەۋايىنى چۈشىنىشى، شېئىرىيەتنى چۈشىنىشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سىزماقچى بولغان رەسساممۇ چوقۇم بۇ شائىرنىڭ ئىچكى

دۇنياسىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. دېمەك، رەسسام تا-رىختىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ شۇ زاماندىكى تىرىك بىر شائىرنى چۈشىنىپ بېقىشىغا توغرا كېلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق كىنو رېژىسسورى سېرگېي باندارچيۇك تاراس شېۋچېنكونىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن فىلىمگە رېژىسسورلۇق قىلغان چاغدا، گەرچە ئۇنىڭ رولىنى ئالىدىغان رولچى شائىر بولمىسىمۇ، بىر شائىرانە ئادەم بولۇشى توغرىسىدا گەپ قىل-غانىكەن. شۇنداق بولغاچقا، رەسساملارمۇ چوقۇم شائىرلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يەنىلا تىرىك سۆھبەتلەر ئارقىلىق بىلىدىغان گەپ. شۇ-ڭا، مۇشۇ جەھەتتىكى ئىلىم مۇناسىۋىتى، ئىلىم سۆھبىتى، ئىلىم ئالاقە - ئۇچرىشىشلىرى قانچە كۆپ بولسا، بىر - بىرىمىزگە ئۆتىدىغان مەتپەئەتمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ھەتتا بۇ مەنپەئەت مۇ-ئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدىنمۇ بەك مول بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەپ-سۇسكى، بىزدە مۇزىكانتلار بىلەن شائىر - يازغۇچىلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى ئىنتايىن شالاڭ بولۇپ كەلدى.

ئەمدى ئەدەبىيات بىلەن رەسىمنىڭ ئورنى نۇقتىسىدىن ئېيت-قاندا، رەسساملىقنىڭ بازار قىممىتى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ كەل-دى. مىسالەن، غازى ئەھمەتكام، ئابدۇكېرىم نەسىردىنكاملارنىڭ رەسىملىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە چوڭ بازار تاپتى. ماددىي قىممەتمۇ ياراتتى، مىللەتنىڭ سەنئەت ۋە ئىجادىي كۆچىنى كىشى-لەرگىمۇ تونۇتتى. چۈنكى، سەنئەت، بولۇپمۇ رەسىمدىكى تىل بۇ بىر ئورتاق تىل. خۇددى ۋاللىس ستىۋېنىس ئېيتقانغا ئوخشاش «رەسسامنىڭ شائىرلار بىلەن ئەدىبلەر ۋە مۇزىكانتلارنىڭ شەكىل ۋە رەڭلەر مەسىلىسىگە بولغان ھۆرمىتى خىزمىتىنىڭ ئوخشاشلىق بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.» شەكىللەر تەبىئەتتە بولغان نەرسىلەر بولغانلىقى، بۇ ھايات ھەممە ئادەمنىڭ تۇيغۇسىغا ئورتاق بولغانلى-قى ئۈچۈن، رەسساملارنىڭ ئىجادىيىتى ئىجتىمائىي تىل تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان توسالغۇلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئورتاق تىل بىلەن دۇنياغا نىسبەتەن بىر مىللەتنىڭ ئىستېتىك تۇيغۇلىرىنى بىمالال جاكارلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بازار جەھەتتىن ئىېتقاندىمۇ رايون چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. شېئىرىيەتچۇ، شېئىرىيەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتقىنى بىر مەسىلە، ئەمما بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشى شېئىرىيەتنىڭ گۇناھى ئەمەس. گەرچە بىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىياتىمىز يۇكسەلگەن بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيەت جەھەتتە چېكىنىۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. مەن لوندوندا تۇرۇش جەريانىدا بەزى زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشتىم. پاراڭلاشتىم. ئالدى بىلەن ئۇلاردىن «كۇتۇپخانىلارنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ يەردە ئىشقىلىپ، بىر غەيرىي ئەدەبىياتچىنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى تېپىلىدۇ. مىسالەن، مەلۇم بىر مائارىپ تەتقىقاتچىسىنىڭ ئۆيىدە ئامېرىكىلىق شائىر سىلۋىيا پىلاسىنىڭ تولۇق ئىنگلىزچە توپلىمى بارلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا «پىلاسىنىڭ شېئىرلىرىغا بەك قىزىقىمەن، ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ پارچە ئوقۇيمەن» دېدى. ئەدەبىيات ئۇ يەردە ئىنتايىن ئومۇملاشقان. كۆزىتىشىمچە، كىتابلارنىڭ ئىچىدە كەسپلەرگە ئائىت كىتابلارنىڭ باھاسى قىممەت بولىدىكەن. مىسالەن، رەسىم تارىخىغا، يەنى ئۇيغۇر مېنىياتورچىلىقىغا دائىر كىتاب بولسا، بۇنى پەقەت كەسىپ ئەھلىلىرىلا كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن قىممەت ئىكەن. بازارلىق كىتابلارنىڭ باھاسى بولسا تۆۋەن بولىدىكەن. رومانىنى ھەممە ئادەم ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈن باشقا كىتابلارغا قارىغاندا ئەرزان ئىكەن. شۇڭا، ئۇنى چىش دوختۇرىمۇ، ئادۋوكاتمۇ، مائارىپچىمۇ، پوچتىكەشمۇ ئوقۇيدىكەن. ئۇلار ئائىلىدىمۇ، ساياھەتكە چىقسىمۇ رومان ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈن ياۋروپادا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 80% تىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، ئەدەبىيات چېكىنىپ كەتتى، دېگەن بىكار گەپ. مانا قاراڭ، ئۇلاردا ئەدەبىيات

ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغىچە سىڭىپ كىر-گەن. ئەكسىچە، بىزنىڭ بۇ يەردە ئەدەبىيات ئەدەبىياتچىنىڭ، رە-سىم رەسساملىرىنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر بىنور-مالللىق. بىزدە كىتابلارنىڭ بىرىنچى نەشرى، ئىككىنچى نەشرى، ئۈچىنچى نەشرى بولسا باھاسى ئۆسۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇ يەردە نەشر كۆپەيگەنسېرى باھاسى چۈشىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىياتنىڭ، شېئىرىيەت-نىڭ بازىرىنى ئارىلاپ، جەمئىيەتتە شېئىرىيەت كاساتلاشتى، دېگەن گەپنى مەخسۇس تەكشۈرگەن ئادەممۇ يوق. مېنىڭچە، پەقەت پەرەز، تۇيغۇ، تەسىرات بىلەن دەۋاتقان ئادەملەر بار. شۇڭا، ئۇ گەپلەرمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەنگلىيە مېترولىرىدىمۇ شېئىرلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى مۇزد-كىغا كىرىشتۈرۈپ دېكلاماتسىيە قىلىپ تۇرىدىكەن، مانا بۇ شېئى-رىيەتنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈشتىكى ئۆزگىچە بىر يول، ئەلۋەتتە. شۇڭا رەسىمنىڭمۇ تەسىر دائىرىسىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق كېڭەيتكىلى بولىدۇ. مې-نىڭچە، بىر رەسساملىڭ بىر پارچە رەسىمىنى پۈتكۈزۈش تارىخى-دىن بىر رومان يازغىلى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئابدۇكېرىم نەسىرىدىن ئاكىمىزنىڭ «شاتگۈل» توغرىسىدىكى رەسىمىنىڭ پۈ-تۈپ چىقىش جەريانى، قۇرۇلمىسى توغرىسىدا بىر رومان چىقىشى مۇمكىن. گەپ، رومانچىلىقىمىز قۇرۇلمىسىنىڭ ئىنتايىن نامرات بولغانلىقىدىن، يازغۇچىلار ئىپادىلەشتە قىسىلىدۇ. يازغۇچىلىرى-مىزدا تۇرمۇش جۇغلانمىسى مول، لېكىن ئىپادىلەش جەھەتتە ئەر-كىن شەكىل مول ئەمەس. پىروزىمىز مۇشۇ شەكىلدە بەك نامرات. چۈنكى بىزدە تەرجىمىچىلىك يەنە يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا، مېنىڭ ئويلىشىمچە، بىز كۆزىتىشنى تېخىمۇ مول، ئۆتكۈر قىلىش ئۈچۈن رەسساملارنىڭ، شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ ھاياتىدا مەنىۋى ئالاقە بو-لۇشى كېرەك. بۇ مەنىۋى ئالاقىنى سۈنئىي ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولمايدۇ، ھەمىشە بىر ئورۇن ئىگە بولۇش ئارقىلىق ئىلىم سۆھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بەتلىرىنى قىلىپ تونۇشنىڭ ئۆزىمۇ مۇھىم. بىز بىر - بىرىمىز - نىڭ باغلىنىشىنى دىلىمىزدىن ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا بىر - بىرىمىزنى ئىزدىگۈمىز، تېلېفون قىلىپ تونۇغۇمىز، بىر يەردە تا - ماق يېگۈمىز كېلىدۇ. ئۆزئارا بىر - بىرىگە نەپ يەتكۈزۈش، مەنى - ۋى ۋە ماددىي مەنپەئەت بېرىش شەكلى ئارقىلىق بۇ خىل مۇناسى - ۋەتنى تېخىمۇ جانلىق، تەبىئىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولۇشى مۇم - كىن. شۇڭا، ھازىرقى چەكلىك شارائىتىمىزدا رەسىم بىلەن شې - ئىرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيە - تىنى تېخىمۇ تولۇقلاشنىڭ ئۇسۇلى كۆپرەك مۇشۇنداق پاراڭلى - شىش، كۆپرەك ئىلىم سۆھبىتى قۇرۇش، بۇنى مەتبۇئات نۇقتى - سىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بىر رەسسامنىڭ ھاياتىنىمۇ چوقۇم ئە - دەبىيات نۇقتىسىدىن يورۇتۇش كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

# سۆھبەتلەر

# كىتاب ئوقۇش ۋىجدانەن مەسئۇلىيەت

## — «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى ئۆركەش جاپپارنىڭ ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

*ئىلاۋە: مەملىكەتلىك 16 ـ نۆۋەتلىك كىتاب يەرمەنكىسى 2006 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق باشلىنىپ، 21 ـ ئىيۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.*

*ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەشرىيات ئوبرازىنى نامايان قىلىش، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئالاقە باغلاش، ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش، نەشرىيات بازىرىنى يېتىلدۈرۈش، نەشرىياتچىلىقنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ياراتقان بۇ قېتىملىق يەرمەنكە رايونىمىز خەلقىدە، جۈملىدىن زىيالىيلىرىمىزدا قانداق تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى؟ مۇخبىرلىرىمىزنىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر قىسىم ئەدىب، زىيالىيلىرىمىز بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىسىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.*

*— «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىراتى*

مەملىكەتلىك 16 ـ نۆۋەتلىك كىتاب يەرمەنكىسى ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە، يەرمەنكە نۇقتىلىرىنى تولۇق ئايلاندىم. بۇ جەرياندا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىم مەندە تۈرلۈك خىيال پەيدا قىلدى. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە كىتاب سېتىۋېلىش ۋە ئوقۇش جەھەتتە بىزگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بەرگەن ياشلىرىمىزنىڭ بىرى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

مۇخبىر: ئابدۇقادىر ئەپەندى، يازمىلىرىڭىزدىن مەلۇمكى، ئو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوغان كىتابلىرىڭىز ئاز ئەمەس، سېتىۋالغان كىتابلىرىڭىزمۇ كۆپ. كىتاب سېتىۋېلىش، ئوقۇش سىز ئۈچۈن ئەرمەكمۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: كىتاب سېتىۋېلىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل كەسپىي مەسئۇلىيەت، بەزىدە ھەقىقەتەن بىر خىل ئەرمەك، بەزىدە دەۋرنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشىنى كۆزىتىشىمدىكى بىر كۆزنەك. كەسپىي مەسئۇلىيەت دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، مەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى. شۇڭا مېنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىم كۆپرەك مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، لاياقەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنىڭ بىلىم تولۇقلاش شەرتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر. كىتاب مەيلى قىممەت ياكى ئەرزان بولسۇن، كەسپىمگە ئالاقىدارلا بولىدىكەن، ئۇنى چوقۇم سېتىۋالىمەن.

ئەرمەك دېگەندە، بەزى كىتابلار كەسپىمگە بىۋاسىتە ئالاقىدار بولمىسىمۇ، ئادەمنى ئويغا سالىدۇ، ھوزۇرلاندۇرىدۇ. مەن بۇنداق كىتابلارنىمۇ ئالىمەن. ئىچىم پۇشقاندا ياكى ۋاقتىم چىققاندا ۋە ياكى بەزى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى دېگەندەك ھېس قىلالمىغاندا كىتابخانىغا بارىمەن. يېڭى كىتابلارنى ۋاراقلاپ بىر ئاز ئايلانسام ھاردۇقۇم چىقىپ، يەڭگىللەپ قالىمەن. بىز گەرچە ھەممە كىتابنى سېتىۋالالمىساقمۇ، چىقىۋاتقان يېڭى كىتابلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق دەۋر تەرەققىياتىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ تەپەككۇر ئىنتىلىشىنىڭ قايسى يۆنىلىشتە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ تۇرالايمىز. شۇڭا مەن كىتابخانىغا كۆپ بارىمەن، ئۇرۇمچى كىتابخانىلىرىدىكى خېلى كۆپ كىتاب ساتقۇچىمېنى تونۇيدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ ياردەممۇ قىلىدۇ.

مۇخبىر: سىزچە، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىمىسە بولمايدىغان مۇشۇ زاماندا، خەلقىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا قانداق باھا بېرىش مۇمكىن؟ خەلقىنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى

كۆتۈرۈشنىڭ بىرەر چارىسى بارمۇ؟

**ئابدۇقادىر جالالىددىن:** كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر شەرت هازىرلىنىشى كېرەك، يەنى ئادەم ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتۇۋاتقان ئورنى، مەۋجۇت هالىتىگە نىسبەتەن قانائەتلەنمەسلىك تۇيغۇسىدا بولغاندا ياكى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، بىر نەرسىدىن كىرىزىس هېس قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ مەۋجۇت هالىتىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلگەندە، جەمئىيەت هەققىدە نۇرغۇن سوئال تۇغۇلغان بولسىمۇ، شۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىغاندا، ئاندىن ئۇنىڭدا تەبىئىي هالدا كىتاب ئوقۇش ئىستىكى تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

بىزدىكى بىر قىسىم ئادەمدە پۇل يوق، يېتەرلىك ماددىي شارائىت يوق. لېكىن ئۇلاردا بىر نەرسىگە ئىنتىلىدىغان روھ بار. يەنە بىر قىسىم ئادەملىرىمىزنىڭ ماددىي شەرت - شارائىتى تولۇق، لېكىن روهىي ئىنتىلىشى يېتىلمىگەن. بۇنىڭ هەر ئىككىلىسى مۇكەممەل بولمىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ماددىي شارائىتى مۇكەممەل بولغانلار ئۆزىنى مەنىۋى جەهەتتە كامالەتكە يەتكۈزۈشكە ئىنتىلسە، ماددىي شارائىتى ناچار بولغانلار ئۇنى ئۆزگەرتىشكە، ياخشىلاشقا ئىنتىلسە، ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ هالىغا يەتسە، بىر - بىرىنى چۈشەنسە، ئاندىن بۇ جەمئىيەتتە بىر - بىرىگە يار - دەم بېرىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىناقلىق پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت مۇكەممەللىشىدۇ.

كىتاب ئوقۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار هەر خىل بولىدۇ. بەزىدە رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغان ئەھۋال بولىدۇ. مىسالەن، مەن بەزىدە دەرس تەييارلىغاندا، بەزىدە ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىسى يېزىشقا تۇتۇنغاندا مەلۇم مەسىلىگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن مەقسەتلىك كىتاب ئوقۇيمەن. يەنە بەزىدە ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيمەن. سەپەر قىلغاندا ياكى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يۇمۇر، شېئىرلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



توپلاملىرىغا ئوخشاش يەككىل كىتابلارنى ئوقۇيمەن. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئوقۇغانلىرىمنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر خىل جۇغلانمىغا ئايلىنىپ، خىزمەت، تەتقىقاتىم ئۈچۈن زۆرۈر تولۇقلىما بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، مېيلى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش بولامدۇ ياكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش بولامدۇ، ھەر ئىككىلىسىنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. ھېچبولمىغاندا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ كىتاب ئوقۇيدىغان بىر خىل مەدەنىي ئادەملەر توپىنى تەربىيەلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

مۇخبىر: ئابدۇقادىر ئەپەندى، كىتابنىڭ قىممىتىگە باھا قويۇش نادانىنىڭ ئىشى. شۇنداقتىمۇ سوراپ باققۇم كېلىدۇ، سىز كىتابلىرىڭىزنى بىساتىڭىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق، دەپ قارامسىز؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: دەرۋەقە، كىتابنىڭ قىممىتى كەينىگە يېزىپ قويۇلغان باھا بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. لېكىن كىتابنى سېتىۋېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ كەينىگە يېزىلغان باھا ئۆزىنى كۆرسەتمەيمۇ قالمايدۇ. مېنىڭ نۇرغۇن ياخشى كىتابنى سېتىۋالالمىغان چاغلىرىم بار. شۇڭا بەزىدە كىتابنىڭ سېتىلىش باھاسى بىلەن شۇ كىتابنى ئوقۇشقا ئىنتىلگەن ئادەملەرنىڭ تەقەززالىقى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئارىلىق بولۇشى مۇمكىن.

مەن ئۆيۈمدىكى كىتابلىرىمنى قىممەتلىك بايلىقىم، دەپ قارايمەن. بىراق بايلىق قارىشىنى تەكىتلىگەندە، رېئال، ئەمەلىي بولمىساقمۇ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن پۇلمۇ بايلىق. بانكىدا ئېشىنچا پۇلىمىز بولسا خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالىمىز. بولسا بىرنەرسە يازىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان، جەمئىيەتكە مەسئۇلىيەت بىلەن قارايدىغان ئادەملەرنىڭ بانكىدا ئېشىنچا پۇلى بولغىنى ياخشى. شۇندا ئۇ بىر قىسىم چاكىنىلىقتىن خالىي بولالايدۇ. ھېچبولمىغاندا، نائەھلى ئادەملەرگە موھتاج بولمايدۇ. مەنىۋى توقلۇق ئىچە-

دە ياشىغان بۇنداق كىشىلەرنىڭ قەلىمىدىن تېخىمۇ غۇرۇرلۇق پەكىرلەر ئۇرغۇپ چىقىدۇ. شۇڭا كىشى يېتەرلىك ماددىي بايلىققا ئىگە بولغان ئەھۋالدا، ئۆيىدىكى كىتابلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانسا، كىتابتىكى بىلىمنى ئىككىنچى تۈرلۈك تەپەككۇر بايلىقىغا ئايلاندۇرالىسا، ئاندىن ئۇ كىتابلار قىممەتلىك بايلىق بولالايدۇ. بولمىغاندا ئۇ بەرىبىر ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بىر نەرسە. مەن كىتابلىرىمنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۇلارنى ئوقۇشۇم كېرەك، ئۇلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشىم كېرەك. بۇ تەپەككۇرنى يەنە بىر تەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇپ جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشىم ياكى خىزمەتكە تەتبىقلىشىم كېرەك. مۇشۇ تەپەككۇر جەريانى تەكرار ھەرىكەتكە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئۆيدە تۇرغان كىتابلارنىڭ قىممىتى بولىدۇ، بايلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ۋاقىت، ئىمكانىيەت، ئىقتىسادىي شارائىت، پۇرسەت دېگەنلەر تەل بولسا، ئاندىن دۆۋلىنىپ تۇرغان كىتابلار ئۆزىنىڭ بايلىقلىق قىممىتىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

**مۇخبىر:** ئابدۇقادىر ئەپەندى، كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئۆي بېزەش جەريانىدا بەزى كىشىلەر كىتاب ئىشكاپلىرىنى بالكونغا چىقىرىۋەتتى، بەزىلەر كونا نەرسىلەر قاتارىدا يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ ئەھۋاللارغا قانداق قارايسىز؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** مېنىڭچە، ئۇلاردىن رەنجىشكە ھەققىمىز يوق. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ئولتۇراق ئۆي شارائىتى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئالدى بىلەن زىيادە چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان، ئايرىم داچىلارنى سېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر قىسىم بايلىرىمىزنىڭ، ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىدە كىتاب بارمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. ئەگەر بۇ سوئالىمىز ئىنكار جاۋابقا ئېرىشسە، بايىقى كىتابلىرىنى بالكونغا تاشلاپ قويغانلاردىن رەنجىشىمىزگە قىلچىلىك ئاساس قالمايدۇ.

**مۇخبىر:** ئابدۇقادىر ئەپەندى، خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



80 ـ يىللىرىدىكى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى بىلەن هازىرقى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، دەپ قارامسىز؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** 80 ـ يىللاردىكى كىتاب ئوقۇش ئاساسەن ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇش قىزغىنلىقى بولۇپ، زوق ئېلىش، هۇزۇر ئېلىش خاراكتېرىدە ئىدى، كىتاب ئوقۇشنىڭ مەقسەتچانلىقى ئانچە ئېنىق ئەمەس ئىدى. هازىرقى كىتاب ئوقۇش بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى نىشان قىلغان كەسپىي قىزغىنلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، مەلۇم ئاڭلىقلىقتا، ئەقلىيلىككە ئىگىدۇر. يەنى بۇ خىزمەت ئېهتىياجى، تۇرمۇش ئېهتىياجى بىلەن بىرلەشكەن ئوقۇش قىزغىنلىقىدۇر. هازىر چىقىۋاتقان كىتابلارمۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ نەشر قىلىنىۋاقان كىتابلار بولۇپ، 80 ـ يىللاردا نەشر قىلىنغان هېكايە، پوۋېست، رومان، چۆچەكلەردىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ هازىرقى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى 80 ـ يىللاردىكىدىن سەل سۇسلاپ قالغان قىزغىنلىق بولسىمۇ، مەلۇم ئاڭلىقلىقتا، ئەقلىيلىككە، قاراتمىلىقتا، ئىلمىيلىككە كۆتۈرۈلگەن، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئېهتىياجى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئوقۇش قىزغىنلىقىدۇر.

# ھاياتلىق — ئەدىبنىڭ ۋەتىنىدۇر

## — ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت

*ئىلاۋە: سۆھبەت ئويۇشتۇرغۇچىلاردىن: بۇ سۆھبەتنى بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى، يەنى بىز شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فا-كۇلتېتىنى پۈتكۈزۈش ھارپىسىدا سىنىپىمىزدىكى 72 نەپەر ساۋاقداشنىڭ كوللېكتىپ ھەمكارلىقىدا ئېلىپ بارغانىدۇق. ئەينى چاغدا بۇنى مەتبۇ-ئاتلاردا ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرمەي، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كېتىپ قالغانىدۇق. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ سۆھبەتنى مەتبۇئاتقا بېرىشنى لايىق تاپتۇق. بۇ ئارقىلىق ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر جالالىددىنغا ۋە باشقا ئۇس-تازلارغا، شۇنداقلا ساۋاقداشلارغا سېغىنىپ سالام يوللايمىز.*

سوئال: سىزچە، ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇنى قانچىلىك ھەل قىلالىدى؟

جاۋاب: ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەن گەپ بىر قاتمال قاراش. بىر پارچە ئەسەر روياپقا چىقىپ بولغاندىن كې-يىن، ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ رېئاللىق بولىدۇ. رېئاللىق كەڭ ئۇقۇم، ئەدەبىياتمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان دۇنياۋى ئەدەبى-يات. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋقەسىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت يۆنى-لىشنى يىتتۈرۈپ قويدى. ئەينى دەۋرلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە نەۋايىلار بۇ مەسىلىنى ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرغا-نىدى. ھازىر بولسا ئەدەبىياتىمىز ئەنە شۇ رېئاللىققا ماسلاشقان يىلتىزنى ئىزدەشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. «گۇڭگا» شېئىرلار ھەرىكىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەنە شۇ ياتلاشقان شېئىرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئەدەبىي ھەرىكەت. مېنىڭچە، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات — رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، رېئاللىققا يېقىنلاشقان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت. پىروزىمىز رېئاللىقنىڭ تاشقى پوستىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ماھىيەتكە يۈزلىنىش كېيىنكى مەسىلە.

سوئال: ئەدەبىياتتىكى ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟ بۇ مەسىلىدە يازغۇچىنىڭ بۇرچى قانداق بولۇشى كېرەك؟

جاۋاب: ئەدەبىياتتىكى ئەنئەنىۋىلىك ۋە زامانىۋىلىق چوڭ بىر مەسىلە. ئادەملىرىمىز تېخى ئەنئەنىۋىلىك، زامانىۋىلىق ئۇقۇمىنىمۇ ئېنىق ھەل قىلالمىدى. ئەدەبىيات ئىنساننى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان ماھىيەت جەھەتتىن مەڭگۈ ئەنئەنە. بۇ نۇقتىدىن، ئەدەبىيات مەڭگۈلۈك ئەنئەنە ئاساسىغا ئىگە. زامانىۋىلىق يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى ھەم خاھىشىدا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، يازغۇچى ئىنساننىڭ تەبىئىي تەرىپىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسان چىنلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلىسىلا، ئۇنداق ئەسەر ھەم ئەنئەنىۋى، ھەم زامانىۋىلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ.

مەن ئەدىبتە بىرلا بۇرچ بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتكە تەلپۈنۈش ۋە ھەقىقەتنى تېپىش. ئەگەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىكەن، بۇنداق يازغۇچى ئېتىقادسىز يازغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بۇ بۇرچ ھەل قىلىنمىسا، باشقا بۇرچلار ئەبەدىي ھەل بولمايدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە، ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىيات تەنقىدى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئىبارەت ئۈچ پەننىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟

جاۋاب: بىزدە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى يېزىلدى. لېكىن بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە، پسىخىكىسىغا، تارىخىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن بۇ نەزەرىيەلەر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا خاس ئەمەس.

مىللىي ئەدەبىياتقا خاس بولغان نەزەرىيە بولمىغان ئەھۋالدا، مىللىي ئەدەبىيات تەنقىدىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ بۇنداق ۋاقىتتا يېزىلغان ماقالىلەر باشقىلار ئۈستىدىن قىلىنغان غەيۋەت ـ شىكايەتتىن، بىر ـ بىرىنى غاجىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆز مەۋقەسىنى تاپالمىغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بوھرانلىرى مىللىتىمىزنىڭ ئەقلىنى يىگىلەتمەكتە، ئۆزگىلەرنىڭ تېلېسكوپلىرى ئۆزىمىزنىڭ يولتۇزىنى كۆرۈشكە ئەسقاتمايدۇ. خوش، ئەدەبىيات تارىخى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىيات تەنقىدى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئالدىنقى ئىككى مەسىلە مۇكەممەل ھەل بولمىغان ئەھۋالدا، قانداقمۇ ئەدەبىيات تارىخى مۇكەممەل بولسۇن؟

سوئال: پەلسەپە ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

جاۋاب: دۇنيادا پەلسەپىسىز مىللەت بولغان ئەمەس. چۈنكى، بىر مىللەت مىللەت سۈپىتىدە ياشىغانىكەن، ئۇ مىللەتتە جەزمەن پەلسەپە بولىدۇ. لېكىن ھەممە مىللەتتە پەلسەپە بىر سىستېما سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇشى ناتايىن. دېمەك، بىر مىللەتتە پەلسەپىنى بىر سىستېما سۈپىتىگە يىغىنچاقلىيالايدىغان، ئۇنى زامان روھىغا ئايلاندۇرالايدىغان پەيلاسوپلار بولغاندىلا، ئاندىن شۇ مىللەت پەلسەپە نامراتلىقىدىن قۇتۇلالايدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، مىللەت روھىي گادايلىقتىن قۇتۇلالايدۇ، روھىي گادايلىقتىن قۇتۇلغان مىللەت ئاندىن ئۆز روھىيىتىگە، تارىخىغا، رېئاللىقىغا توغرا دىياگنوز قويالايدۇ.

سوئال: ھازىرقى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى قانداق؟ سىزنىڭچە، بۇ ساھەدە يەنە قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: خەلق ھامان ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆرۈشكە تەلپۈنىدۇ. رومان بىر مىللەت تۇرمۇشىنى مەلۇم دەۋر بويىچە كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەسەر بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرنى ئاسان جەلپ قىلالىدۇ. ئۇ يەنە ئۇنىۋېرسال ئەدەبىيات بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سوۋېتى بىلەن ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ ھەممە قابىلىيىتى ئەكس ئې-
تىدۇ. شۇڭا رومانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىر مىللەت ئەدەبى-
ياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر رو-
مانچىلىقىدا خېلى كۆپ رومان بارلىققا كەلدى. بۇ ياخشى نەتىجە.
ھازىر خەلقىمىز چەت ئەللەرنىڭ رومانلىرىنى ئوقۇشتىن ئۆز رو-
مانلىرىمىزنى ئوقۇشقا كۆچتى. ئەمدىكى گەپ، رومان يازغۇچىلى-
رىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيەلىنىشىنى كۈچەيتىشىدە. كىمدە كىم
مىللەتنىڭ رېئال ھالىتىنى، ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى، ئىلاھىيەت، تە-
بىئەت قاراشلىرىنى، ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن
ئۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ.

سوئال: سىز ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن
بىرى. سىزنىڭچە، ھازىرقى شېئىرىيەتنىڭ سەۋىيەسى 1980 ـ
يىللارغا سېلىشتۇرغاندا قانداقراق؟

جاۋاب: ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ سەۋىيەسى 1980 ـ يىللارغا
قارىغاندا تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىراق، كۆلەم جەھەتتىن
80 ـ يىللارغا قارىغاندا كەڭ ئەمەس، بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەب بار.
بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي ئاڭ شېئىرنىڭ ھاياتلىق بوشلۇقىنى
بارغانسېرى تارايتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئى-
رىيىتى مېخانىك پىكىر ۋەكىللىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ھا-
زىر شېئىرىيەتتە بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە، ئۇ
خىلۋەت جىرالاردا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك بىر ئېقىننى ئەس-
لىتىدۇ.

سوئال: بەزىلەر شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي تەرەققىيات دېگەن-
لەرنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېيتقان، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: شائىر ئۇچۇن شېئىر يېزىۋاتقان مۇھىتتا، پىكىر دېگەن
نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئۇنىڭدا بىر خىل
مەستلىك، شېرىن تۇيغۇ ۋە بېرىلىشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.
شېئىرىي پىكىر شېئىر ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش جەريانى-
دىلا ھاسىل بولىدۇ. شېئىرىي پىكىر شائىر ئۇچۇن مەۋجۇت بول-

مايدۇ. پەقەت ئوبزورچى ئۈچۈنلا مەۋجۇت. شېئىردىكى تەرەققىيات مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ شېئىردىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىكى تەرەققىياتتىنلا ئىبارەت، شېئىردىكى مەقسەت ئۆزگەرمەيدۇ. شېئىرىيەتنىڭ مەقسىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي غايىسى ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەش. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شېئىرىيەتتىكى مەقسەت تەرەققىي قىلمايدۇ.

سوئال: ئەدەبىياتىمىزدا كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك، بۇ بىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟

جاۋاب: بىر مىللەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ۋە پەلسەپىسى راۋاجلانمىغان ئەھۋالدا كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بېشارەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر بىر مىللەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەندە ئاندىن مەيدانغا كېلىدۇ.

سوئال: ئوقۇرمەنلەر رايىدىن قارىغاندا، ھازىر تارىخىي كىتابلارغا قىزىقىش بىرقەدەر يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ، بۇنى ئوقۇرمەنلەر سەۋىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: بۈگۈننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆتمۈشنى سېغىنىشقا سېزىك بولىدۇ. لېكىن بۇ سېزىكلىك كېلەچەككە بولغان ھامىلىدارلىقتىن دېرەك بېرىشى كېرەك. بىزنىڭ ھازىرقى ئوقۇرمەنلىرىمىز دۇنيانى شېئىرىي نەزىرى بىلەن كۆزىتىدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمىسىدىن ھۆكۈم ئەمەس تەمسىل، مەنتىقە ئەمەس خاھىش يېغىپ تۇرىدۇ. نۆۋەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز ئەپسانە قېنى بىلەن لوگىكا قېنىنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

سوئال: بەزىلەر ھازىر ئەدەبىياتىمىزدا پېشۋا قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغۇدەك ئادەم يوق، بۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزغا پايدىسىز ئامىل، دېيىشىۋاتىدۇ، سىزنىڭچە شۇنداقمۇ؟

جاۋاب: مەن تازا چۈشەنمىدىم. قارىشىمچە، ئادەملەرنىڭ ئۆزى ھېچنېمىنى ياخشى كۆرمىگەندە پېشۋا چىقمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سايلام ئارقىلىقمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەدەبىياتتىكى مۇھىم مەسىلە ئەمەس. تالانتلىق، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوقۇرمەن بولسىلا، پېشۋا ئۆزلۈكىدىن چىقىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى كۆپ خىللىشىپ، سەۋىيە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، پېشۋا كۆپ قۇتۇپلىشىدۇ. بىر ئادەمگە مەركەزلەشمەيدۇ.

**سوئال:** شېئىرىيىتىمىزدە دۇنيا نادىر شېئىرلىرىغا تەڭلەشكۈدەك شېئىرلار مەيدانغا كەلدىمۇ؟

**جاۋاب:** كەلدى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىز تارىختىن بېرى دۇنياۋى شېئىرىيەت بولۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەت شېئىرىيىتى بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشەلەيدۇ. بۇگۈنكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇشىدا گەپ يوق.

**سوئال:** ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ساپاسىنى دۇنيانىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟

**جاۋاب:** بىر مىللەت ئىجتىمائىي سەۋىيەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىرقى زامان ئۇقۇمىنى ئۆزىگە لايىق ماسلاشتۇرغان بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ مەزمۇنى ۋە قاتلىمى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھازىرقى قاتلىمى يالاڭ قاتلام. كۆلەم جەھەتتىن كەڭ ئەمەس، زامانىۋى ئاڭ جەھەتتىن تولغان زىيالىيلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە تۇز بولۇپ تېتىيالمايدۇ.

**سوئال:** نەزىرىڭىزدىكى ئەدەب ئەخلاقى قايسى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ؟ بىر ئەدىبنىڭ ئوبرازىدا ئۇنىڭ ئەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەخلاقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇشى كېرەكمۇ؟

**جاۋاب:** بىر ئەدىبتە ئىنساننى قەدىرلەشتىن ئىبارەت بىرلا ئارزۇ، قەدىر ـ قىممەتنى قوغداش ئۈچۈن ياناليدىغان قەلب بول-

سىلا كۆپايە. مېنىڭچە، بىر ئەدىبنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەسىرى بىر گەۋدە. ئۇنى ئايرىپ قاراش چوڭ خاتالىق. بىز ھازىرغا كەلگۈچە بۇنى ئايرىپ قاراپ كەلدۇق. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يازغۇ-چىنىڭ ئەسىرى شۇ يازغۇچىنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى.

سوئال: بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىشىڭىز ۋە ئويلىغانلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: مەن ئۆزۈمنىڭ تىزگىنىنى ھاياتىنىڭ مەنتىقىسىگە تاپ-شۇرغان بەندىمەن. تۇرمۇش مېنى نېمىگە قىستىسا شۇنى قىلى-مەن. ئادەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزۈمنى پىلان ئىچىگە قويما-مەن. مەن بەكمۇ مەھسۇلاتلىق ئەمەس، مەن يېزىقچىلىقنى بىر خىل كۆڭۈللۈك دەپ ھېس قىلغاندا بىرنەرسە يازىمەن. قانداقلا بولمى-سۇن، بىر ئىش قىلمىسام تۇرالمايمەن.

2005 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com



# مەن، سەن، ئۇ

— ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت

**غالىب مۇھەممەت قارلۇق:** ئابدۇقادىر ئاكا، ئىخلاسمەنلىك مېنى ھۇزۇرىڭىزغا باشلاپ كەلدى. بۇ سىزنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش ئەمگەكلىرىڭىزنىڭ تەسىرى. شۇڭا بىر قىسىم مەسىلىدە پىكىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن... سىز ئىجادىيىتىڭىزدە بىردىنلا «بورۇلۇش» ياساپ، پەرىشان شېئىرلارنى يېزىشتىن جەمئىيەت تەنقىدىگە مايىل مۇلاھىزىلىك ماقالىلەرنى يېزىشقا ئۆتۈپ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ زور ئىناۋەت ۋە شۆھرەت تاپتىڭىز. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېڭىچە بىر ئويلىنىشنىڭ ئوت پىلتىسىنى ياقتىڭىز. ئەينى ۋاقىتتا سىزدىكى مۇشۇ خىل «بورۇلۇش»قا تۈرتكە بولغان ئامىللار ھەققىدە سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** سىز «بورۇلۇش»نىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، سۆزىڭىزدىن قارىغاندا، ژانىرنى كۆزدە تۇتقاندەك قىلىسىز. كۆڭلۇمدىكىنى دېگەندە، ئۇ مەندىكى بورۇلۇش ئەمەس، بەلكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىدىكى بورۇلۇش. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەتراپىنى مۇھاكىمىلىك كۆز بىلەن كۆزىتىشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھالىتىنى ئەقلىي نۇقتىدىن چۈشىنىشكە ئۆتۈشنىڭ تەقەززالىرىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. كىشىلەر بەزى پىكرىي ماقالىلىرىمنى قارشى ئالدى، كىشىلەرنىڭ زوقى مېنى بەلگىلىك دەرىجىدە يېتەكلىدى، پىكرىي ئەسەرلەر ژۇرناللارنىڭمۇ قىزىق نۇقتىسى بولدى. لېكىن مەن لىرىك ھاياتىمنى داۋام قىلىۋەردىم. ناۋادا ئىجادىيىتىمدىكى شۇ ھادىسىلەرنى «بورۇلۇش» دەپ قارىسىڭىز، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبنى ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ماڭا بولغان ئىزھار زوقىنىڭ

تۇرتكىسى بىلەن باغلاپ جاۋاب بېرىمەن.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: سىز بىر قىسىم ماقالىڭىزدا بىزدە ئىجتىمائىي پەنچىلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى، تەبىئىي پەنلەر ساھەسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى، شۇڭا تەبىئىي پەنلەر ساھەسىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ جىددىي زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختالغانىدىڭىز. ئۇنداقتا، ئۆزىڭىزمۇ ئەينى چاغدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغاندا، نېمە ئۈچۈن تەبىئىي پەنلەرگە مەنسۇپ بولغان فىزىكىدا ئوقۇماي، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بولغان ئەدەبىياتتا ئوقۇدىڭىز؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مەن ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتىم ۋە سىنىپىمغا نىسبەتەن تەبىئىي پەنلەردە ياخشى ئوقۇغانىدىم. مەندە فىزىكا ساھەسىگە دائىر سادda، لېكىن بۈيۈك غايىلەر بار ئىدى. بىر قېتىملىق تەجرىبە دەرسىدە بىر ئۈسكۈنىنى تۇتۇۋىدىم، ئوقۇتقۇچى: «ئۇكام، ئۇ سىز خالىغانچە تۇتىدىغان نەرسە ئەمەس» دېۋىدى، بۇ گەپ بەك كۆڭلۈمگە كەلدى. مەكتەپنىڭ تەجرىبە شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بىرنېمىلەرنى تەجرىبە قىلىش ئۈمىدىم سۇغا چىلاشتى. ھە دېسىلا ھېسابلاش، ئىسپاتلاش دېگەنلەر دەرسىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىدى. ئىلگىرى ھەددىدىن زىيادە غايىپەرەس بولسام كېرەك، ئالىي مەكتەپنىڭ شارائىتىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەنىكەنمەن. بىراق، ئوقۇشىمىز رېئاللىق كەلگۈسىدە راۋۇرۇس ئىش قىلىش نىيىتىمنى قېقىۋەتكەندەك بولدى. شۇ ھالدا فىزىكىدا ئوقۇپ نېمە قىلارمەن، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ دەل ئۈچ ئاي بولغاندا ئەدەبىياتقا ئالمىشىپ كەتتىم. مانا ئەمدى مەن ئۇنىڭ غۇبارسىز بىر يۈرەك بولسىلا كۇپايە بولىدىغان بىر ساھە بولماستىن، پىتنە ۋە ھەسەتكە چىدايدىغان ئىممۇنىتېتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ساھە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ شۆھرىتى ماغزاپتەك جىلۋە قىلىدۇ، ئەمما ئىچىدە ھېچنېمە يوق. تۆلەيدىغان روھىي بەدەلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چېكى يوق. فىزىكىدا ئوبدان ئىش قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇش كېرەك بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا «چەت ئەلدە ئوقۇش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدۇق. ھازىر ئويلىسام، ئەدەبىياتتا ئوقۇپ توغرا قىلغاندەكمۇ تۇيغۇدا بولىمەن. خۇددى ئامېرىكا شائىرى روبېرت فىروست ئېيتقاندەك، مېڭىلمىغان يوللار ئۆزىنىڭ نامەلۇملۇقى بىلەن سېھىرلىك ۋە جەلپكار بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن تاللاش ھەسرەتلىك بولىدۇ.

تەبىئىي پەنچىلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنچىلەرنىڭ نىسبىتىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە بىزنىڭ بىر نېمە دېيىشىمىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆلكىلىك تۇيۇلىدىكەن. بىزنىڭ ئالدى بىلەن ۋۇجۇدىكىلاردىكى يېزىقلىرىمىزنىڭ سىياقى ۋە ئىملاسىنى تۈزىتىشكە ئامالىمىز بولسا بولاتتى. يوغان گەپلەرنى ھازىرچە دېمەي تۇرايلى... پەقەت جان بېقىشنىڭ كويىغا كىرىپ كەتكەن ۋە ئۆنىڭدىن نېرىسىغا ئۆۋتۈشنى ئويلىمايدىغان ئالىملار كۆپ بولسا، ئەھۋال ئوخشاش بولۇپ چىقىۋېرىدۇ.

**غالىب مۇھەممەت قارلۇق:** «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىمىزدە نېمە كەم» دېگەن ماقالىڭىزنى كۆردۈم، ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم تەرەپلەر ھەققىدە توختىلىپ باقامسىز؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** «ئەدەبىياتىمىزدىكى كەم نەرسىلەر» دېگەن گەپنىڭ ئۆزى بەكلا تومتاق. «كەم نەرسىلەر»نى مەلۇم نۇقتىدىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئەدىبنىڭ مەنىۋىيىتىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللارنىڭ ھەممىسىدە چۆلدەرەش بار. ئەدىبلىرىمىزنى بۈگۈن ئانا تىلىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قان بېرىۋاتقان پىدائىيلار دېسەك بولىدۇ.

**غالىب مۇھەممەت قارلۇق:** قايسىدۇر بىر قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىدە سىز «نەسرىي ئەسەرلەر (پىروزا) بىلەن شۇغۇللىنىش ئويىڭىز بارمۇ؟» دېگەن سوئالغا: «بۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۇرمۇش

شەكلىمنى ئۆزگەرتىپ بېقىشىم كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن-سىز. تۇرمۇش شەكلى بىلەن ئىجادىيەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يىللىرى تۈزۈلگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۇلۇغبەگ» دېگەن ئەسىرىڭىزنى بۇنىڭدىكى بىر باشلىنىش دەپ قاراشقا بولامدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: پىروزا مەن ئوچۇق شۇغۇللىنىشىم كېرەك بولغان بىر ساھە دېمەيمەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ۋۇجۇدۇمنىڭ ئىچ - ئىچىدىكى يوشۇرۇن ئىستەكلىرىم ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ ئالاھىدە ماس كېلىشى ئارقىسىدىكى ھاسىلاتلىرىم پىروزىغا ئايلىنىپ چىقسا تاڭ، ئۇنى بىلمىدىم. مەن بىر ئوقۇتقۇچى، خىزمەت ھاياتىم مەكتەپتە ئۆتىدۇ. پائالىيەت دائىرەم ناھايىتى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەزەرىيە تەتقىقاتى زېھنىمنى بەكرەك ئىگىلىگەن. ھاياتىمنىڭ ئېپىك قاتلاملىرىغا چۆككۈدەك دىت مەندە بولمىسا كېرەك. ھاياتمۇ مېنى يازىدۇ. «ئۇلۇغبەگ» دېگەن تېكىست دەرسلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن يېزىپ چىقىلغان، خالاس.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: سىزمۇ يېڭى «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىنى تۈزۈشكە قاتناشتىڭىز. بەلكىم، ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، بۇ قېتىم «ئۇيغۇر تىلى» دەرسلىكى ئىلگىرىكى مۇستەقىل كىتاب ھالىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات دەرسلىكىگە قوشۇۋېتىلدى. قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟ «تىل - ئەدەبىيات دەرسىمىزدە نېمە كەم» دېگەن ماقالىڭىزدىغۇ: «بۇنىڭ زادى قانداق ئەقىل ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم» دەپ يېزىپتىكەنسىز...

ئابدۇقادىر جالالىدىن: مۇپەسسەل ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكىنى ئاجىز ھالەتتىن خېلى كۆلەملەشكەن سىستېمىلىق دەرسلىك شەكلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنقى ئەسىردىكى نەچچە ئەۋلاد تىلشۇناسلىرىمىز مۆلچەرلىگۈسىز بەدەللەرنى تۆلىگەن. بۇنداق دەرسلىك ئانا تىلىمىزنىڭ ئىلمىي دىياگنوزى ۋە تەسۋىرى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



دەرسلىك سۈپىتىدە قىسقارتىلىشى مېنى قاتتىق قايغۇغا ۋە ئەندىشىگە سالىدۇ. بىر مىللەتنىڭ تىل قائىدىلىرى مۇنتىزىم دەرسلىكلەر ئارقىلىق مەكتەپلەردىلا ئومۇملىشالايدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەتتىن تېپىۋالغىلى بولىدىغان يىپ ـ يىڭنە قىممىتىدىكى نەرسىلەر ئەمەس.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: سىز ئۇيغۇر شېئىرىيىدە مۇئەييەن تارىخي ۋە ئېستېتىك قاتلام شەكىللەندۈرگەن يېڭىچە (گۇڭگا) شېئىر ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدىڭىز. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە سىزنىڭ بۇ ساھەدە جىمىپ كېتىشىڭىزنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: جىمىپ كەتمىدىم، يېزىۋاتىمەن. ئەمما ئازلاپ قالدى. مېنىڭمۇ زېھنىم، ۋاقتىم، تاقىتىم چەكلىك. شېئىرىيەتنىڭ پىل چىشى مۇنارىدا ئولتۇرۇپ ئاي شولىسىنى ۋە تاڭ شەبنەملىرىنى تاماشا قىلىش پەيز ئىش بولسىمۇ، قولاقنى يارىدىغان غەلىتە ئاۋازلارغا قولاق سالمايمۇ بولمىدى. بۇ ئاۋازلار قىزىقىش نۇقتامنى يۆتكەپ، تۈرلۈك مەجبۇرىيەتكە ھامىي قىلىدۇ. ئادالەتنىڭ مىزانىدا، مەن رازى بولغان ھەربىر ئۇرۇنۇشتا ئاجايىپ شېئىرىي گۈزەللىك بار.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 90ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە ۋە دولقۇن قوزغىغان يېڭىچە (گۇڭگا) شېئىرلارنىڭ تەدرىجي پەسكويغا قاراپ يۈزلىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: «گۇڭگا شېئىر» پەسكويغا چۈشمىدى، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋردىكى لەرزىنى باشقىچە بىر ئەۋلاد شەكلىدە نامايان قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. «گۇڭگا شېئىر»نىڭ گۇڭگا ئەمەسلىكى توغرىسىدا بىز ئەينى ۋاقىتتا زۆرۈر چۈشەنچىلەرنى بەرگەن. بۇ شېئىرلار بىر قىسىم ئاسپىرانتلار تەرىپىدىن تەتقىقات تېمىسى قىلىنىدى. ئەمما سوغۇققان، ئادىل تەتقىقات تېخى تۇغۇل-

مىدى. تورمەنلەر (ئىنتېرتورى ئەھلىلىرى)نىڭ پات ـ پات باھا بېرىپ تۇرۇشىدىنمۇ ئېنىق بىر نەرسىنى چۈشەنمەك قىيىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپى ھەممە نېمىگە غوتۇلدايدىكەن.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: دۇنيا شېئىرىيىتى كۆپ خىللاشقان شېئىرىيەت. شۇلاردىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەم بولۇۋاتقان تەرەپلەر قايسىلار؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر بار. پەقەت شائىرلىرىمىزنىڭ دۇنياۋى شائىرلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرالايدىغان، بىۋاستە ئىدىيە ئالماشتۇرالايدىغان شارائىتى يوق. شائىرلىرىمىز دۇنياۋى شۆھرەتتىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلىي تىلى بويىچە ئوقۇيالايدىغان تىل قابىلىيىتىنى ھازىرلىشى لازىم بولۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە ھەل بولسا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىدىكى بىر قىسىم گۆدەكلىكتىن تەدرىجىي ساقىيىپ بولۇپ كېتەلەيدۇ.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: ئۇيغۇر شېئىرىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئوبزورچىلىقىدا كەم بولۇۋاتقان تەرەپلەر قايسىلار؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: بۇ جەھەتتىكى فۇنكسىيەلىك ئورۇنلار (مىسالەن، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت، ئاكادېمىيە) ۋە بۇ ئورۇنلارنىڭ نېمىنى يەۋاتقان خادىملارنىڭ رولى بولۇشى كېرەك ئىدى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ جىددىي ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى بىلگەنلەر بولغان بىلەن، ئۇنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەمەلىي مەشغۇلاتچىلار يوق. شۇڭا بۇ ساھە تامامەن بىر ئىستىخىيەلىك ساھەگە ئايلىنىپ كەتتى.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: سىز نەسر ئىجادىيىتىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ «نازكوز ياپراقلىرى»، «كۆلدان» دېگەندەك بىر تۈركۈم ئېسىل نەسر يازدىڭىز. سىز نەسر يازغان ئاشۇ ۋاقىتلىرىڭىزدا نەسرنىڭ ئورنى شۇ ۋاقىتتىكى ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن قانداق ئىدى؟

www.uyghurkitap.com



**ئابدۇقادىر جالالىدىدىن:** نەسرنىڭ ئورنىغا ھېچكىم تۆۋەن قارىمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. نەسر بىزدە ئۇسلۇب ۋە شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىشىۋاتىدۇ. تورمەنلەرنىڭ يازمىلىرىدىن گۈزەل نەسرىي پارچىلارنى بايقاپ قالىمەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نەسر ژانىرى بۇرۇنقىدەك خاس دائىرىدىن چىقىپ، ئاۋامغا يۈزلەندى، دېيىشكە بولىدۇ.

**غالىب مۇھەممەت قارلۇق:** ئەخمەت ئىمىن ئاكىمىز بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە: «ئابدۇقادىر جالالىدىدىننىڭ پەلسەپىۋى ماقالىلىرى ئارقىلىق نەسرچىلىكىمىزدىكى قىممەت يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى» دېگەن مەزمۇندىكى گەپىنى ئىشىتكەنىدىم. بەلكىم، پەلسەپىۋى نەسرلەر، مەدەنىيەت تەھلىلچىلىكى نەسرلىرى دېگىنىمىز شۇ بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە نۇرغۇن نەسر ئىجاد قىلىندى. سىزنىڭچە، بۇ نەتىجىلەر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى قايسى كەملىكلەرنى تولدۇردى؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىدىن:** ئەسەد سۇلايماننىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، ئادىل تۇنىيازنىڭ «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر»، پېقىرنىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا»، ئۆمەرجان ئىمىننىڭ «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق كىتابلىرىمىز يىرىك ھەجىمدىكى نەسرلەردۇر. دېمەك، نەسر ھەجىم جەھەتتىكى مىكرولۇقتىن ماكرولۇققا يۈزلىنىپ، پاكىتلىق، نەق تۇرمۇش، مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنى قوينىغا ئالالايدىغان بولدى.

**غالىب مۇھەممەت قارلۇق:** ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى نەسر دېسە، بىر بولسا «ئاھ، پاھ» شەكلىدە، بىر بولسا «سادا»چە (ئەخمەت ئىمىننىڭ «سادا» ناملىق نەسرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) شەكلىدە يېزىۋاتىدۇ. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا مۇڭدىشىش تىپىدىكى قەلب مەخپىيەتلىكلىرى ئاشكارا قىلىنغان چوڭقۇر، تەسىرلىك، چىن ھېسسىياتلىق، تۇرمۇش بىلەن قانداشلىقى ئۈستۈن، ئاممىباپ شەكىلدىكى نەسرلەر كۆپ ئىكەن. سىز مۇشۇ تەرەپلەردىن ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى يېتەر-

سىزنىڭ، ئارتۇقچىلىقلارنى ھەم ئېچىشقا تېگىشلىك بوشلۇقلارنى سۆزلەپ باقامسىز؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: ئەخمەت ئىمىننىڭ گەۋدىلىك يېرى، ئۇ-نىڭ نەسر ئىجادىيىتىدە ئىزچىللىق ساقلىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى مەلۇم مەنىدە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى ئاساسىي ئې-قىمنىڭ ۋەكىلى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن تورمۇشتىكى ھاياجانلىق مۇناسىۋەتلەر ۋە تەسىراتلار پاساھەتلىك تىل بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ. بىر چاغلاردا خودابەردى ئابدۇللانىڭ «ئورۇم-چى كەچلىك گېزىتى»دە «قەشقەر چايخانىلىرى» ناملىق بىر نەسرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدا قەشقەر ساماۋارخانىلىرىدىكى سەنئەت خورۇجلىرى ھەمدە قەشقەرنىڭ يەرلىك تەرەپلىرى تەبىئىي ئىپادى-لەنگەنىدى. بىزدە يەرلىك پۇراق، تۇرمۇشىمىزدىكى سىمۋوللۇق خۇسۇسىيەتلەر، ئىنچكە خۇلق، نازۇك دېتال، كونكرېت شەيئى-لەرنىڭ رېئال قىياپىتىنى كۆرگىلى بولىدىغان نەسرلەر بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ۋاڭ مېڭنىڭ ئۇيغۇر تېمىسىدىكى نەسرلىرىنى، شېن ۋېينىڭ «قەشقەر» ناملىق خاتىرىلىرىدىن بەزى تەرەپلەرنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: كىلاسسىكلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدە قانداق يېتەرسىزلىكلەر ساقلىنىۋا-تىدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: بۇنداق سېلىشتۇرۇش ئادىل بولماسمى-كىن. بىز يەنە ھازىرقى ئەدىبلىرىمىز ئارقىلىق كىلاسسىكلارغىمۇ نەزەر سېلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. يېتەرسىزلىكلەر كۆڭۈلنىڭ تەقەززالىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا ھامان مەۋجۇت. ئۇنى كىشى-لەرنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماسلىق كېرەك.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: ئابدۇقادىر ئاكا، ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىمۇ تۆھپىڭىز زور. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



داڭلىق شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىللە، «زورو ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»، «غەربنىڭ تەپەككۇرى» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ سۇپەتلىك تەرجىمە قىلدىڭىز. سىزچە، تەرجىمىچىلىك جەھەتتە باشقا مىللەتلەرنىڭ قانداق زۆرۈ-رىي ئەسەرلىرى تېخىچە ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلمايۋاتىدۇ؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** ئىنتايىن كۆپ. ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ھەر ھالدا ئەپلەپ ـ سەپلەپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن پەلسەپە، مەدەنىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق ساھەلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا، تەرجىمىچىلىكىمىزنى ئاقساق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، دېمەي ئىلاجىمىز يوق. بۇ جەھەتتە يېتەرلىك قوشۇن بولماسلىقنىڭ ئۈستىگە، ئىدىيە ۋە پىلانىمۇ يوق. بۇ ھەقتە گەپ قىلسام قايناپ كېتىپ قالىمەن...

**غالىب مۇھەممەت قارلۇق:** بەزىلەر: «شېئىرنى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش شېئىرغا نىسبەتەن بىر ئاسىيلىق» دېيىشىدىكەن. بۇ گەپكە سىز قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، شېئىرىيەت تەرجىمىچىلىكىدە ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئىجادىي تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ؟

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** توغرا، شېئىرنى تولۇق تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇمكىن بولسا پۇشكىننى رۇس تىلىدا، لى بەينى خەنزۇ تىلىدا، بايروننى ئىنگلىز تىلىدا، ھاپىزنى پارس تىلىدا كۆرگەنگە يەتمەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىر مىللەتتە ئۇنداق ئوقۇرمەنلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغانلار بەكلا ئاز بولىدۇ. ئۇ تىللارنى بىلمەيدىغان ياشلار دۇنيا كىلاسسىكلىرىنى بىلمەي قېلىشى كېرەكمۇ؟ بىر مىللىي شائىر ئۆز نۆۋىتىدە دۇنياۋى شائىر، ئۇنى باشقا خەلقلەرمۇ بىلىشى كېرەك. بۇنداق ئارزۇ يەنىلا تەرجىمە ۋاسىتىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىدىن ئوزۇق ئالغانمەن. بىراق، بۇ ئوزۇق ئانا تىلىم ئارقىلىق يەتتى. شۇڭا رۇسچە پۇشكىن بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر-

چە، خەنزۇچە پۈشكىنمۇ بولىدۇ. تەرجىمە بەرىبىر ئەسلىي ئەسەر-نىڭ ئۆزى ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭدا ئەسلىي ئەسەرنىڭ روھى باشقا ۋارىيانتقا ئايلانغان بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ئاسىيلىق»تا ۋارىسلىق يوق دېيەلەمدۇق؟ قانداق تەرجىمە قىلىش سەۋىيە ۋە ئېھتىياجقا ئاساسەن بولىدۇ. بۇنى كونكرېت تەرجىمە ئۆزى بەلگىلىگىنى تۈزۈك.

غالىب مۇھەممەت قارلۇق: ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات پروفېسسورى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئەدەبىيات مائارىپىدا كەم بولۇۋاتقان نەرسىلەرنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىدە قانداق كەمتۈكلۈكلەر ساقلىنىۋاتىدۇ؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئادىل تۇنىياز ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن يېڭى ئادىل تۇنىيازلار چىقىۋاتامدۇ - يوق؟ نېمە ئۈچۈن؟ مەن سىزنىڭ سوئالىڭىزغا مۇشۇ سوئال ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ تۇراي.

2008 - يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئىنسانىي سۈپەت مەنزىلى

— ئەزىزنىڭ ئابدۇقادىر جالالىددىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى

**ئەزىزى:** ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇنىڭدىن 18 يىل بۇرۇن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا سەن توغرۇلۇق كىچىككىنە بىر تونۇشتۇرۇش ماقالىسى ئېلان قىلغانىدىم. خاتالاشمىسام، ئەينى چاغدا سىنىڭ بىرەر كىتابىڭمۇ نەشر قىلىنمىغانىدى. مانا ئارىدىن 18 يىل ئۆتۈپتۇ. ئېنىقكى، بۇ 18 يىل جەريانىدا سىنىڭدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. مەنىۋى جەھەتتە قەدەممۇ قەدەم پىشىپ يېتىلدىڭ، توم-توم كىتابلىرىڭ نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئالىي مەكتەپتە پىروفېسسور دېگەن ئالىي كەسپىي ئۇنۋانغا سازاۋەر بولدۇڭ. دېمەك، سەن 18 يىل جەريانىدا، ئوت يۈرەك بىر ھەۋەسكاردىن جەمئىيىتىمىز ئېتىراپ قىلغان كىشىگە ئايلاندىڭ. مانا شۇ 18 يىل جەريانىدىكى كەچمىشلىرىڭ، مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆرلەشلىرىڭ، بولۇپمۇ ھازىرقى پەللىگە يېتىشىشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەڭ قانداق؟

**ئابدۇقادىر جالالىددىن:** بۇ تاسادىپىي سوئالىڭدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئېتىراپ قىلىشىم لازىمكى، مەن بۇرۇن ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشلىرىم بىلەن ئەمەس، كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلانلىرىمدىن ئاۋۇنۇپ ياشايدىكەنمەن. قاراپ باقسام، ئاشۇ 18 يىل جەريانىدا بىرقانچە ئىجادىي ئەسەر توپلىمى، بىرقانچە پەلسەپىۋى كىتابنى تەر-

جىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا تۈزۈك ئىش قىلماپتىمەن.
يازغانلىرىمنى ئەينى ۋاقىتتىكى زۆرۈرىيەت ۋە زاكازلار تۈپەيلىدىن
يېزىلغان نەرسىلەر دېسەممۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەقىدە قىلىپ ياز-
غان بىر قىسىم ئەسىرىممۇ يوق ئەمەس. لېكىن ئاۋامنىڭ ياخشى
كۆرىدىغىنى دەل ژۇرناللارنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى يېزىلىپ قالغان
نەرسىلەر بولىدۇكى، ئىخلاس بىلەن يازغان ئەسەرلىرىم ئاز ساندى-
كى ئوقۇمۇشلۇق دوستۇمنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى بىلەنلا چەكلەن-
دى. چۈشەندىمكى، ئاۋامنىڭ ئۆز ئېھتىياجى ۋە ئىجتىمائىيەت دى-
تى بويىچە تاللاش ھوقۇقى بار. بىزنىڭ تەسىرىمىزمۇ بۇلارنى
ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا چىقىدۇ. بۇلارنى قىلچىمۇ نە-
زەرگە ئالماي قايسىدۇر بىر پەيلاسوپنىڭ پەلسەپە قەسرىگە كىرىپ
كېتىپ، ئۇنىڭ تەلىملىرى ئارىسىدا مىتە بولۇۋېلىشنىڭ ئورنى
يوقتەك بىلىنەتتى. شۇنداق قىلىپ 18 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، تازا
بېرىلىپ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىم كاللامدا پىلان پېتى تۇرۇپ-
تۇ. باش چۆكۈرۈپ ساماۋى پىكىرلەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ، دەۋر ھال-
قىغان پاراسەتلەرنى روياپقا چىقىرىش ئاسان ئەمەس. چۈنكى لايا-
قەتلىك بىر ئىنسان بولۇشنىڭ ئۆزى تولىمۇ تەس.

بىر ئادەم ھە دېسىلا تىرىكچىلىك گىردابىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ
يۈرۈشكە بەند بولۇپ كەتسە ياكى تىرىكچىلىك كوچىسىدا قېقىلىپ ـ
سوقۇلۇپ يۈرۈپ، بىلىمگە بولغان ئېھتىياجى ئۆلۈپ كەتكەن مەز-
لۇملار ئارىسىدا ئاساسىي مۇقامغا ئايلانغان مەنتىقىلەرگە مۇرەسسە
قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئۆزىنىڭ زېھنى
يۈكسەك تەپەككۇرنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىدا بارغانچە خوراپ، بىر
يەرگە بارماي قالمايدۇ. سۆيىپكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، مېنىڭ
قىزىقىش دائىرەم بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، زېھنىمنى مەلۇم بىر نۇق-
تىغا مەركەزلەشتۈرۈپ كېتەلمىدىم. ئاممۇۋى پائالىيەتمۇ خېلى
كۆپ ۋاقتىمنى ئالدى. كىشىلەرنىڭ بىراۋنىڭ ئىشىنى ئۆلچەيدىغان

تارازىسىنىڭ چېكىتلىرىمۇ ھەر خىل. بۇلارنى زىيادە نەزەرگە ئېلىپ كېتىش ئادەمگە روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. ئىشقىلىپ، ئەقىدەم يولىدا چەككەن ئىزتىراپلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. ھەسرەتكى، قانچىلىك ئۆمرۈمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، دوستلارنىڭ ئۆمىدىگە مۇناسىپ قىلىدىغان ئىشلار كۆپ.

ئەزىزى: سەن دەسلەپكى ئىجادىيەتنى شېئىرىيەتتىن باشلىغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدىڭ. ئۇنداقتا، بۇ سەن ئۈچۈن تاسادىپىي ھالقىش ھېسابلىنامدۇ ياكى شېئىرىيەت بىلەن پەلسەپە ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئۆتۈشمە مۇناسىۋەت بارمۇ؟ شېئىرىي تەپەككۇر بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىسەن؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: ئەدەبىيات تارىخىغا قارىسام، قەلەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى شېئىر بىلەن باشلايدىكەن. تەبىئەت شائىر قەلبىنىڭ خۇسۇسىي لۇغىتىگە ئايلانغاندا، ئۇ سۆز ۋادىسىدا مۇناسىپ زۇۋان ئىزدەشكە باشلايدىكەن. ھېسلىرى بۇلاق بولۇپ تېشىپ تۇرغان ياشلىقنىڭ قايسىبىرى شېئىرغا ھامىي ئەمەس. «دونكىخوت» رومانىدا «18 يېشىدا ناخشا ئېيتمىغان كىم بار» دېگەن بىر سۆز بار. مېنىڭچە، ھەر قانداق پەلسەپە شېئىردىن باشلىنىدۇ. قەدىمكى يۇنانلىقلار«پەلسەپە ھەيران قېلىشتىن باشلىنىدۇ» دېگەنىكەن. شېئىرمۇ ھەيران قېلىشقۇ ئاخىر!؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا، شېئىر بىلەن پەلسەپە قانداشلىققا ئىگە. ئادەتتە، پەيلاسوپلار شېئىردىن زوق ئالىدۇ، شائىرلار پەيلاسوپلاردىن زوق ئالىدۇ. مۇبادا شېئىرىي تەپەككۇر دېگەن بىر نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ تۇيغۇنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدۇ، پەلسەپە ئىدراكىي رەۋىشتە روياپقا چىقىدۇ. ئېمېرسون: «شېئىرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان نەرسە قاپىيە ئەمەس، بەلكى قاپىيەنى تەشكىللەيدىغان

مەزمۇن، يەنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىدىيە، ئۇ خۇددى ئۆسۈملۈكنىڭ جەۋھىرىگە ئوخشاش ئۆز ـ ئۆزىنى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن شېئىر ئالدى بىلەن چاپچىپ تۇرغان بىر خىل روھىي ھالەت، دېگەن يەكۈنگە كېلىش مۇمكىن. ۋىتگىنىستېين: «پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ئىدىيەنى لوگىكا جەھەتتىن ئېنىقلاشتۇرۇش» دېگەنىدى.

قارىغاندا، شېئىر دۇنيانى ئۇقۇمدىن خالاس قىلىپ، ئەپسانىلەشتۈرۈپ، خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. پەلسەپە قارىماققا تەرتىپسىز، ئۇچ ـ چېكى يوق دۇنيانى ئۇقۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. شېئىر بىلەن پەلسەپىنىڭ ھەر ئىككىسى ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىچە تەسۋىرى. سوقرات: «تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن تۇرمۇشنى ياشىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بىز ئەقىلنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

مەلۇم مەنىدە شېئىر بالىلارغا، پەلسەپە بوۋايغا ئوخشايدۇ. بالىلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا چۆچەكلەردىكىدەك رەڭدار ۋە ئۆزگىرىشچان، بوۋايلارنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ دۆۋىسى. شۇڭا، پىشقان بىر مىللەتنىڭ شائىرى بولۇش بىلەن بىللە، پەيلاسوپى بولىدۇ. بۇنداق مىللەت دۇنيانى سېزىدۇ، ئۇقۇملاشتۇرىدۇ ۋە ئۆز ئۇقۇمىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ، ئۆزىگە خاس سىمۋول سىستېمىسىنى يارىتىدۇ. مەن ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنىڭ پەلسەپە بىلەن شېئىرنىڭ بالاغەتلىك قوشۇلۇشىنى نامايان قىلسام دەيمەن. لېكىن بۇ ئاسان قولغا كېلىدىغان تەلەي ئەمەس.

ئەزىزى: ھېس قىلىشىمچە ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆزىتىشلىرىڭىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەربنىڭ نىچىشى، ماكىياۋېللى، مورتېمىر ئادلېر قاتارلىق گىگانت پەيلاسوپلىرىنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە سەرخىل ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردۇڭ. بۇ ئەلۋەتتە سەن ئۈچۈن تەرجىمە قىلىش ئۈچۈنلا قىلىنغان نىشانسىز ئىش بولمىسا كېرەك. يۇقىرىقى

www.uyghurkitap.com



پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلىرىگە قايسى جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسەڭ قانداق؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇش يىللىرىمدا ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تەسىرى بىلەن لۇ شۈن ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيتتىم. «شاياتۇنلارنىڭ شېئىريي قۇۋۋىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن بىر پارچە ئېپىگراف دەل نىچىشېنىڭ ئىدى. ئۇ سۆز مېنى خېلى ئويلاندۇرغانىدى. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە كەلدىم ۋە ئەدەبىيات ئەھلى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتىم. ئۇ چاغلاردىكى ھاياتىم قىزغىن ئەدەبىيات سورۇنىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ھازىر ئويلىسام، ئۇ كەبى قىزغىن ھاۋانى تاپقىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلىمەن.

مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش تەقەززاسى مېنى نىچىشي ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى ياشلىقتا بولىدىغان قانائەتسىزلىك، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى يېڭىلاشتەك ئىنتىلىشلىرىمگە مەدەت بېرىپ، سەۋدالىق ۋادىسىغا ئاپارغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تېرەن ھېكمەت بىلەن بوراندەك شائىرانە تۇيغۇلارنىڭ گىرەلەشمىسى بەئەينى چاقماق چېقىۋاتقان بۇلۇتلۇق ئۇپۇقنى ئالدىمغا يايغاندەك بولاتتى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەزمە، رايىش خاراكتېرلارنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ تازىلايدۇ دەپ ئىشەنەتتىم. «زورۇ ئاستېر شۇنداق دەيدۇ»نى ئەنە شۇنداق ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. ماكىياۋېللىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن ئەسىرىگە كەلسەك، بۇ ئەسەر غەرب سىياسىي تەپەككۇرىنىڭ زامانىۋى بىر دەۋرگە كۆچۈشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەر. مەن بۇ ئەسەرنى نەشرىياتچى دوستىمىز ئەكبەر ئېلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىقتىم (مورتېمىر ئادلېرنىڭ «غەربنىڭ تەپەككۇرى» دېگەن كىتابىنىمۇ

ئەكبەر ئېلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەرجىمە قىلغانىدىم. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەسەر تونۇيدىغان دىتىنى ۋە ئىلھامبەخش خىزمەت ئۇسۇلىنى ياقتۇرىدىغانلىقىمنى ئىزهار قىلىش بىلەن بىللە، كىشىلىرىمىزدە شۇنداق بىر روھنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەپسۇس بىلدۈرىمەن).

نىچشېنىڭ كىتابى ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە زوقمەنلىرىنىڭ شۈبھىلىك قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ماكياۋېللىنىڭ كىتابى ھوقۇق، سىياسەت، جەمئىيەت، تارىخ مەسىلىلىرىگە قىزىقىدىغان ھەر خىل تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دەرمەھەل ئىنكاسلىرىغا ئېرىشتى. ھەر ئىككى ئەسەر دۇنيانىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، تارىخ، مەدەنىيەتتىن بەلگىلىك خەۋىرى بار ھەرقانداق غەرب پۇقراسىغا ئۇ ئىككى كىتابنىڭ ئاپتورىنى تونۇش دېيىشكە بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا ئۇلارنى بىلمەيدىغان سىياسىيون، مەدەنىيەت ئەربابى يوق دېسەك مۇبالىغە ئەمەس. ھەرقانداق مۇتەپەككۇر ئۇلارنىڭ پىكرىگە يا ئۇنداق، يا مۇندىق ئىنكاسلارنى بىلدۈرمەي قالمايدۇ.

ئۇلاردىن كېيىن ياشاپ ئۆتكەن ھۆكۈمدارلار ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، دائىم يېنىدىن ئايرىشمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات ــ سەنئەت ساھەسىدىكى قاتتىق ئۈستىخان ئەربابلارمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ھەر ئىككى مۇتەپەككۇر تەلۋىلىكنى تەرغىب قىلىش بابىدا قاتتىق ئەيىبلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قاتتىق جەلپكارلىق بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن. ئۇلارنى تەنقىدلىگۈچىلەر ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز ھالدا ئۇلارنىڭ تەسىرى ئىچىدە قالغانلاردۇر. ئېتىراپ قىلىش ــ قىلماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ مودېرن (modern) دۇنيادىكى تەسىرىنىڭ ئۆزى بىر پاكىت. بۇ پاكىت بىزنىڭ خاھىشىمىزغا باقمىغان ھالدا تەپەككۇرد-

مىزنى تۇرلۇك رەۋىشتە غىدىقلاپ تۇرىدۇ. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ماكياۋېللى رەھىمسىز ئەكسىيەتچىل سىياسىي ئويۇننىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەخلاق چۈمپەردىسىگە ئالدىنىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ غاپىل مەنىۋىيىتىنى سىلكىپ ئويغاتتى، شۇنداقلا بۇ دۇنيادا ئالدامچىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى سەمىگە سالدى.

ماكياۋېللى بەزىدە «ئالۋاستى» دەپ سۈپەتلەنسىمۇ، ئۇ ياشىغان ئىتالىيە ياتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىكى تارقاق بىر ئەل ئىدى. بىرلىككە كەلگەن ئىتالىيەنى ئارزۇ قىلغان ماكياۋېللى ئىنسانىيەتنىڭ سىياسىي تەجرىبىلىرىنى ھۆكۈمدارغا تەقدىم قىلماق بولۇپ، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»نى يېزىپ چىققان. مېنىڭ بۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىشتىكى مەقسىتىم: خەلقىمىزگە ياۋۇزلۇق ۋە تەلۋىلىكنى ئىمپورت قىلىش ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تەركىبلىرىنى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا چۈشىنىپ قويۇشقا تەۋسىيە قىلىشتۇر. بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز ۋە ھۆكۈمدارلىرىمىز «قۇتادغۇبىلىك»، «سىياسەتنامە»، «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» كەبى شانلىق پاراسەت دەستۇرلىرىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىغا مۇناسىپ سىياسىي تەپەككۇر ئەندىزىلىرىنى ياراتقان. بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىنى دۇنياۋى كۆلەمگە ئىگە قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەقىل دەستۇرلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا تەكشۈرۈپ ئۇلتۇرۇش بۇ يەردە ئارتۇقچە. ئېتىقادلىق ئادەملەر ھەر خىل ئىدىيەۋى تەسىرگە قارىتا لايىقىدا ئىنكاس بىلدۈرەلەيدىغان ئىممۇنىتېت كۈچىنى ھازىرلىغان بولىدۇ، ئەقىدىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى زاماندىشلىرى ھەققىدە مەسئۇلىيەتلىك كۆيۈپ ـ پىششىق بىلەن باغلىيالايدىغان ئادەمنىڭ مۇناسىپ پىكىر سىنتېزلاش ئىقتىدارى بولىدۇ. مەن يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى بىلەي

قىلىپ تەپەككۇرۇمنى بىلىدىم ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە مەھكۇم بول-
غان ھالدا تۇرۇپ قالماي، تىنىمسىز ھالدا يول ئىزدىدىم.

ئەزىزى: مەن سىزنىڭ نىشانلىق، ئۈزۈكسىز ئىزدىنىش روھىڭىزغا قايىلمەن. ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت، ئىجادىيەت ئىشلىرىڭىزنىڭ ھۆددى-سىدىن تولۇق چىقىش بىلەن بىللە، خېلى ئۇزۇن مەزگىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەندىڭ، مۇشۇ جەھەتتىن سەن خې-لى تەلەيلىك ھېسابلانساڭ كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا ياپونىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ئەللەردە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىڭ. سې-نىڭ چەت ئەللەردە ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەت-قىقاتلىرىڭىزغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: «تەلەي» دېدىڭىزمۇ؟ ئۇ راستىنىلا سىرلىق ھەم مۇرەككەپ ئۇقۇم، ئۇنىڭ كەينىدە قانچىلىك زارىقىش ۋە ئۇ-رۇنۇش زەخمەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەك تەس. مېنىڭ ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە مۇساپىرەتلىرىدە ئېرىشكەن ھوسۇللىرىم ئاز ئەمەس، ئۆگەنگەنلىرىم پەرىزىمدىكىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنى قانداق تەرزدە كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىش باش قاتۇرىدى-غان مەسىلە بولۇپ قالدى. ئېرىشكەنلىرىمنى سىڭدۈرۈپ، پىشقان ئەقىل مەھسۇلاتلىرىغا ئايلاندۇرۇش ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان ئىش، ئوبيېكتىپ شارائىتمۇ مۇھىم. ئويلىغانلىرىمنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي تور يوق ئەھۋالدا، كۆڭلۈڭ خۇد-دى تەرىقەت ئەھلىنىڭ خىلۋەت خانىسىدىكىدەك جىمجىت تەلقىن-لەرنى تارتىپ قالىدۇ. لېكىن، بۇ جىمجىتلىق مېنىڭ قىيتىقى-نى يەيدۇ.

ئەزىزى: سىزنىڭ ئەڭ تەنقىدلەنگەن ئەسىرىڭ قايسى؟ بۇ تەنقىد-لەرگە قانداق قارايسەن؟

ئابدۇقادىر جالالىددىن: بەلكىم مېنىڭ ئەڭ تەنقىدلەنگەن ئەسىرىم «لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى» دېگەن شېئىرىم بولسا كېرەك. ئىند-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېر تورلىرىدا شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى مېنى ئەيىبلەشتى، بۇ ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىرىيەت دىتىنىڭ قاتتىق چېكىنىشىدىن دېرەك بەردى، دەپ باھالاشتى. ئۆزۈم يازغان ئاشۇ شېئىرنىڭ ئۇسلۇبىنى بۇرۇن مەنمۇ ياقتۇرمايتتىم. ئاشۇنداق شېئىرلارنى شېئىر ئەمەس، بەلكى سۆز ئۇستاتلىقى دەپ قارايتتىم. بۈگۈنكى شېئىرىيەت مۇخلىسلىرىنىڭ تەنقىدلىرىنى تامامەن چۈشەنىشكە بولىدۇ، تەنقىدلەش ئۇلارنىڭ ھەققى. ئىنتېر توردا ئۆزىنى ئىقابلاپ، ئادەم تىللاپ خۇمارىنى چىقىرىدىغان ئەسەبىيلەرگىمۇ توغرا قاراش لازىم. چۈنكى، بىز ھەرقانداق داستىخاننى چۈشىنىشىز بولسۇن دېيەلمەيمىز. مەن ئىنتېر توردىكى شېئىرىيەت مۇخلىسلىرىدىن بارچە دۇنيادىن شېئىر ئىزدەش روھىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىللە، تەنقىد ئوبيېكتىغا ھەر تەرەپلىمە نەزەر سېلىپ، ئاندىن باھا بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەن «لوندوندىكى ئۇيغۇر بالىلىرى»نى ئېلان قىلىش بىلەن بىللە، باشقا شېئىرلارنىمۇ ئېلان قىلدىم، تەنقىدتە بۇلارمۇ نەزەرگە ئېلىنسا، تەنقىدنىڭ ئىلمىيلىكى شۇنچە ئاشىدۇ، دەپ قارايمەن. مېنىڭ بۇ شېئىرىم ئەدەبىيات سىرتىدىكى مۇساپىرلارنىڭ ئەيىبلەشىگىمۇ ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن شۇنداق خۇشال بولدۇم، چۈنكى مەن بۇ شېئىرنى كىشىلەرنى ئەندىكتۈرۈش ئۈچۈن يازغانىدىم.

بۇ شېئىر لوندوندىكى 2008 ـ يىللىق يېڭى يىل ئەنجۈمەنىدە بىر قىز تەرىپىدىن ئوقۇلغاندا، بەزىلەر مەندىن نارازى بوپتۇ. ئەنگلىيەدىكى بىر دوستىمىز ماڭا يازغان ئېلخىتىدە: «ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئېغىز ئالدۇرالىغان ئىكەنسىز، ئۇنىمۇ مۇۋەپپەقىيەت دەپ قاراڭ» دەپ يازغانىكەن.

مۇۋەپپەقىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەنلا ئەمەس، تەنقىد بىلەنمۇ ئۆلچەش لازىم، چۈنكى بىر ئاپتورنىڭ مەلۇم بىر ھەقىقەتنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىپ بېرىش قۇدرىتى بولمايدۇ، لېكىن

ئۇنىڭ باشقىلارنى مەلۇم ماھىيەتلىك تەرەپ ھەققىدىكى تەلقىن-لەرگە شېرىك قىلىش رولى بولىدۇ. بۇ جەريان دەل تەنقىد ئارقى-لىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئېھتىياق كېرەككى، خۇسۇمەت ۋە زەھەر-خەندىلىكتىن خالىي ئالىيجاناب تەنقىد مەنىۋى ھاياتىمىزغا كۈچ ۋە سەلتەنەت بېغىشلايدۇ. تەنقىدلىشەيلى، بۇرادەرلەر! لېكىن تەن-قىد كىشىلىك ئىززىتىمىزنى سۇندۇرۇش بولۇپ قالمىسۇن، ئا-دىمىلىكنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن ئۇتۇقلارنىڭ ھەممىسى شەرەپسىزدۇر.

ئەزىزى: بىلىشىمچە، سەن زامانداشلىرىمىز ئىچىدە ئەڭ كىتاب-خۇمار ئادەمسەن. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارغا ئېرىشكەن-نىڭدە كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ھاياجانلىنىپ، كىتاب ۋاراقلى-رىنى ھەۋەس ۋە ئىپتىخار بىلەن سىلىغانلىرىڭنى كۆپ كۆرگەن-مەن. سېنىڭ ئەڭ سۆيۈنىدىغان، تايىنىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى مۈلكۈڭ ئاشۇ سەرخىل كىتابلىرىڭ بولسا كېرەك. شۇ نۇقتىدىن كىتاب بىلەن تۇرمۇشۇڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق ئىزاھلايسەن؟ قانداق كىتابلارنى بەكرەك ياخشى كۆرىسەن؟ ھازىرغىچە ساڭا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن كىتابلار قايسىلار؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: ھەقىقەتەن كۆپ كىتاب سېتىۋالىمەن. بەلكىم يېزىشتىن تاپقان تاپاۋەتلىرىم ئالغان كىتابلىرىمنىڭ چې-قىمىنى بويلىمىسا كېرەك. مەن مەسىلىلەرنى كىتاب ئارقىلىق ھەل قىلىش تەرەپدارى ئەمەس، ئەكسىچە ئەمەلىيەتچى ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلغۇم كېلىدۇ. لېكىن مېنىڭ كەسپىم، پىكىرانە زوقۇم ۋە ھازىرقى شارائىتىم مېنى كىتابخۇمار قىلىپ قويدى. بەزىدە ھەممە كىتابىمنى تاشلاپ بىر مەنىۋى تەۋەككۇلچى بولغۇم كېلىدۇ، لېكىن تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن دەلتە تەۋەككۇلچى بولۇش قولۇمدىن ئەسلا كەلمەيدۇ. مەن نورمال بىر ئادەملىكىمنى يوقاتسام بولمايدۇ. شۇڭا مەن كىتاب بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئازراق نەتىجە چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئەزىزى: ئەڭ زور ئارمىنىڭىز نېمە؟

ئابدۇقادىر جالالىدىن: كۆپ-كۆپ شان - شەرەپتىن ئاللىبۇرۇن بەز-گەنمەن. ئادالەت مىزانىدىكى ئىنسانىيلىق سۈپىتىمنى ۋايىغا يەت-كۈزۈش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارمىنىم.

2010 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت

*ئىلاۋە: «تەڭرىتاغ ژۇرنىلىنىڭ ئىلاۋىسى: 1989 ـ يىلى ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئويۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياش ئاپتورلاردىن بىر قىسمى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغانىدى.*

*مەزكۇر سۆھبەت گەرچە «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 2 ـ قىسمىغا ئائىت مەسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما رومانىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا كىتابخانلارغا بىرقەدەر ئەمەلىي ۋە بىۋاستە بىلىملەرنى بېرىدۇ. مەزكۇر سۆھبەت بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە يىل بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەچكە، بىر قىسىم ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە هازىرقى رېئاللىقىمىزدا بىرقەدەر كونا بولۇشى مۇمكىن. بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىجادىيىتىنى رېئال، ئەتراپلىق چۈشىنىشىگە بەلگىلىك ياردىمى بولۇشىنى كۆزلەپ، مەزكۇر سۆھبەتنىڭ يىغىنچاق خاتىرىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 ـ يىلى 2 ـ سانىدا تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.*

*ــ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىراتى*

هەرقانداق بىر ئىجتىمائىي بۇرچ تارىخىي مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقىقەت مۇقەررەر هالدا ئۆزىنىڭ رېئال كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىز تارىخىمىزنى ئاختۇرالايدىغان بولۇپ قالدۇق. بەزىبىر تارىخىي شەخسلەر بەدىئىي نەزەرنىڭ تەبىئىي بىرلىكى ئاساسىدا ياد ئېتىلىشكە باشلىدى. دېمەك، بىز دە سەنئەتلىك تارىخ مەيدانىغا كەلدى. ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەمگىكى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا سالماقلىق تۆھپە قوشقان ئۆتكۈر ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەندى «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى ئار-
قىلىق ئەدەبىياتىمىزدىكى تارىخىي رومانچىلىقنىڭ ئەنئەنىسىنى
تىكلىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قەلىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن
ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆككەن قىزىل قېنىنىڭ ئىس-تۈتەك-
لەر ئىچىدىكى سۇس داغلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۈرەتلەپ
بېرەلىدى.

ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ خەيرلىشىشى
كېرەكمۇ ياكى يىغلاپ تۇرۇپ خەيرلىشىشى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭغا
جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تارىختىن ئىبارەت ئاقىل ئۇستازنىڭ يار-
دىمىگە تايىنىش كېرەك. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچىدىكى
ۋە ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىر قىسىم ياش قەلەم ئىگىلىرى باش
مۇھەررىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا ئۆتكۈر ئە-
پەندىنى زىيارەت قىلىپ، سۆھبەت ئېلىپ باردۇق.

بىز مەزكۇر سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى ياش دوستلارغا تەقدىم
قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم:** «ئويغانغان زېمىن» رومانى ئەدەبىياتىمىز-
دىكى بىر مۇۋەپپەقىيەت. ئىنكاسلاردىن قارىغاندا، بەزى ياشلار بۇ
رومانىنىڭ يېزىلىش جەريانى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىمىغان بىر قى-
سىم تەرەپنى بىلىشكە قىزىقىدىكەن. بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەن ياش-
لىرىمىزنى مانا مۇشۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ
ۋەكىللىرى دېسەكمۇ بولىدۇ، بۇلار ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۈمىدلىك
ياشلار، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان
زاپاس قوشۇنى، بۇلارنىڭ ھازىرقى ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈنۈملۈك
بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يېتىلىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانىدا
يەنىلا پېشقەدەملەرنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىش
كېرەك. ئەدەبىياتتا بىرەر يازغۇچىنى مېنىڭ ئۇستازىم دېگىلى
بولمايدۇ. چۈنكى يازغۇچى بولىدىغان ئادەم كۆپ مەنبەلىك تەسىر-

لەرنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىدىم، دېگىلى بولمايدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدىكى سالماقلىق ئەدىبلەر ئارىمىزدىن كېتىپ قېلىشۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش مۇھىم.

ئەمەلىيەت جەريانىدا قولغا كەلگەن بىلىملەر ھەرقانداق نەزەردىيەدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، مېنىڭچە، پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت قاراشلىرىنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلىرىمىزغا تونۇشتۇرساق بۇنىڭ ياردىمى زور بولىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى: بۇ ناھايىتى ياخشى بىر باشلىنىش بوپتۇ. ئەۋلادلىرىمىزدا مۇشۇنداق ئەقىدىنىڭ بولۇشى ئۈمىدىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇنقىلارمۇ مۇشۇنداق ئەقىدە بىلەن باشلىغان بولسا، مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى ئورنىمىز كۆپ ياخشى بولاتتى.

ئەزىزى: يېقىندىن بېرى بىزدە تارىخىي تېمىلاردىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق رومانلار ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىدى. بۇ پىروزدىچىلىقىمىزدىكى ئۇنۇملۇك بىر قەدەم، سىز ئەدەبىياتىمىزدا پىشقان بىر ئەدىب بولۇش بىلەن بىللە مىللىتىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىنى خېلى پۇختا بىلىدىغان تارىخشۇناس، بۇنى كۆپچىلىك بىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، سىزنىڭ تارىخىمىزدىكى باشقا دەۋرلەرنى ئەمەس، بەلكى 30 ـ يىللاردىكى مۇرەككەپ بىر جەرياندا يۈز بەرگەن قومۇل دېھقانلار ھەرىكىتىنى رومانىڭىزغا ئاساسىي تېما قىلىپ تاللىۋېلىشىڭىزدىكى سەۋەبلەرنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟

ئۆتكۈر ئەپەندى: ماڭا بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەردىن نۇرغۇن خەت كەلدى. بۇلارغا ئايرىم جاۋاب بېرىشكە مۇمكىن بولماي قالدى. ھازىر دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇ خەتلەرگە قارىتا ئورتاق جاۋاب بولۇپ قالار.

1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى فې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىلىتارىستلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تەڭلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات ئۇچۇن نۇرغۇن قېتىم كۈرەش يۈرگۈزدى. بۇ كۈرەشلەر كەڭ ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلدى. 1931 ـ يىلى قومۇلدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ئەنە شۇ قوزغىلاڭلار-نىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، پۈتكۈل شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن ئومۇمىي خەلق قوزغىلىڭىغا ئايلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن مۇستەبىتلىكىنىڭ ۋارى-سى ۋە تېخىمۇ ئەشەددىيلەشكەن ۋەكىلى جىڭ شۇرېن ھاكىمىيى-تىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىرقەدەر خەلقچىل بولغان يې-ڭى ھاكىمىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. بۇ قوز-غىلاڭ دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپ سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. يېڭى ھاكىمىيەتمۇ سو-ۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنىڭدەك جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. كېيىنكى ئەھۋالدىن قەتئىينەزەر شىن-جاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي، مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلىرىدە نۇر-غۇن تەرەققىيات مەيدانغا كەلدى. ۋەتىنىمىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭ بۈيۈك ئارقا سەپلىك رولىنى ئوينىدى. ئەمما، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قوزغىلاڭ قوشۇ-نى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك قاتلىمى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ قوزغىلاڭ تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن داۋام قىلغان ۋە قوزغىلاڭ جەريانىدا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ھادىسىلەر-مۇ كۆرۈلگەنىدى. شۇڭا، بۇ قوزغىلاڭغا قانداق باھا بېرىش مەسى-لىسىدە ھەر خىل قاراش مەۋجۇت، ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرى بى-لەن قارىغاندا، بىرەر ساغلام پارتىيە رەھبەرلىك قىلمىغان دېھ-قانلار قوزغىلىڭى جەريانىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئېغىشلارنىڭ يۈز بېرىشى، ھەتتا قوزغىلاڭنىڭ پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىشى تەبىئىي ھالدۇر. مېنىڭ قارىشىمچە، قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىدىن

قەتئىينەزەر، ئۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭ خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي باسقۇچ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋەقە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم.

تارىخىي رومان تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى تۇرمۇش كارتىنىسىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن قايتا گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتى بولغانلىقتىن، 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەبىت مىلىتارىستلار زۇلۇمىغا قارشى تەڭلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن يۈرگۈزگەن ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىمىزغا تېما قىلىپ ئېلىنغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رومان 40 — 30 - يىللاردىكى شىنجاڭ ئىجتىمائىيىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر كارتىنىسىدۇر. ئەمما، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «تارىخنىڭ ھەرىكىتى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كۈلۈپ خوشلىشىش» ۋە «ئۆلگەن ئادەمنى قايتا تىرىلدۈرۈش — كونا كۈرەشكە تەقلىد قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، يېڭى كۈرەشنى مەدھىيەلەش ئۈچۈن» بولىدىغانلىقتىن، بۇ رومانىنى يېزىشتىكى تۈپ مۇددىئايىم بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى ئوقۇرمەنلەردە ئۆتمۈشكە قاراپ بۈگۈنكى كۈننىڭ قەدرىنى بىلىش، ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىپ، كېلەچەككە تېخىمۇ يۈكسەك قەدەم تاشلاش تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتۇر. لېنىن ئېيتقاندەك: «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ».

مۇختار مەخسۇت: تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت رېئاللىقىمىزغا نىسبەتەن ئوينايدىغان رولىغا قانداق قارايسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆتكۇر ئەپەندى: مېنىڭچە، تارىخ ھامان كونىرىغان ياكى ئۆلگەن نەرسە، بىراق تارىخ بىلەن بۈگۈنكى كۈن ئوتتۇرىسىدا ئايرىلمايدىغان قانداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. تارىخىي رومانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتالىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش گەپ. تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆنسايىن كۆپ بولۇۋاتقانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى. بۇ ھازىرنى ئازراق، ئۆتمۈشنى كۆپرەك يېزىش لازىم، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. رېئال تۇرمۇشنى مۇمكىنقەدەر تېخىمۇ كۆپ ۋە ئەتراپلىق يېزىش شەرت. تارىخىي تېمىلارغىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىشى لازىم دېمەكچىمەن. ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن بالىغا ئوخشايدۇ.

باتۇر روزى: تارىخىي رومان تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ئۈستىدە يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزگىچە تەلەپ ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. قەلەم تەۋرىتىش جەريانىدا تارىخىي رومانىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

ئۆتكۇر ئەپەندى: مېنىڭ بايقىشىمچە، تارىخىي رومانلار ئىككى خىل ئۇسۇلدا يېزىلىدىكەن. بىرى، تارىخىي پاكىت ۋە ۋەقەلەر قېلىپىنى يېرىپ چىقىپ، ئەسەرنى پۈتۈنلەي رېئال جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ، ۋەقەلىكنى فانتازىيە كۈچى بىلەن قايتا جانلاندۇرۇش؛ يەنە بىرى، تارىخىي ماتېرىيال ئاساسىدا، قىسمەن بەدىئىي توقۇلمىلار بىلەن يېزىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەر ئىككىسى بەدىئىي ئەدەبىيات قانۇنلىرىغا تولۇق ماس كېلىدۇ. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ»، پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» پوۋېستى، جورجى زەيداننىڭ ئىسلام تارىخىدىن يازغان 20 نەچچە رومانى، ۋ. گ. ياننىڭ «چىڭگىزخان»، «باتۇخان» رومانلىرى، ئايبېكنىڭ «نەۋايى» رومانى ۋە ھازىرقى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەر ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا يېزىلغان. مەنمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى تال-

لىنىۋالدىم. مەن بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدا ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. تارىخقا دائىر نۇرغۇن نەرسە ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرگەن، تەتقىق قىلغان بولسامۇ، بىر پارچە زور ھەجىملىك ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايتتى. بىرقانچە يىللىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، كىتاب، ھۆججەت قاتارلىق بولۇپ جەمئىي 300 پارچىدىن ئارتۇق ماتېرىيال توپلىدىم. قۇمۇل تاغلىرىغا چىقىپ نۇرغۇن نەرسىنى بوۋاي - مومايلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۈم. ئۇلار كىتاب ۋە ھۆججەتلەردىن ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ۋەقەلەرنى، ئەمەلىي پاكىتلارنى سۆزلەپ بەردى. مانا مۇشۇنداق باسقۇچلاردىن كېيىن يېزىشقا كىرىشتىم.

ئىلغارجان سادىق: تارىخىي تېمىلاردا ئەسەر يېزىشتا، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر ئاز قىيىنمىكىن دەپ قارايمەن. سىز بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭىز؟

ئۆتكۈر ئەپەندى: تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى يېزىشتا، مۇنۇ بىرقانچە جەھەتكە دىققەت قىلىش لازىممىكىن دەيمەن.

1. تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، مۇئەييەن دەۋرنىڭ تۇرمۇش قىياپىتى ۋە تارىخنىڭ يۈنىلىشىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتى. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا چىنلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چىنلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى دېمەكتۇر. سىنىپىي جەمئىيەتتە يازغۇچى ياكى سەنئەتكارلار ئىجتىمائىي ھاياتنى مۇئەييەن سىنىپىي مەيدان، سىنىپىي دۇنيا قاراش بويىچە تونۇيدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىسالەن: «سۇ بويىدا»دىكى 108 ئەزىمەت ياكى يۇگاچېفنىڭ ئىككى خىل ئوبرازى. يازغۇچى ياكى سەنئەتكارلارنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشى بىلەن بىردەك بولالىغاندىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇش ۋە ئىپادىلەش كۈچى بىرقەدەر يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولغاندىلا، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇيالايدۇ ھەم توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

2. تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا مۇۋاپىق دەرىجىدە بەدىئىي توقۇلمىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ. لېكىن ئاساسلىق شەخسلەر (پېرسوناژلار) ۋە مۇھىم ۋەقەلىكلەر چوقۇم تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا يېزىلىشى لازىم. پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش نېمە بولسا شۇنى يېزىش ياكى ئەسەرنى ماتېرىياللار دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ ئىچىگە كىرىش بىلەن بىللە، سەنئەتنىڭ ئورگانىك بىرىككەن گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش دېمەكتۇر.

3. ئەدەبىيات تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئىنسانشۇناسلىق بولغانلىقتىن، تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەردىمۇ ئادەمنى كونكرېت جانلىق يېزىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما تارىخىي شەخسلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تىلى، مىجەز ـ خۇلقى قاتارلىق جەھەتلەردە بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە ئوپمۇئوخشاش بولۇپلا قالماي، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، يەنى قايسى دەۋر كىشىسى بولسا ئۇنىڭدا شۇ دەۋرنىڭ روھى ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى لازىم، دەپ ئويلايمەن.

4. ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە دىققەت قىلىش. يەنى تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازغاندا ئەسەر يېزىش ئۈچۈنلا ئەسەر يېزىش ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بېرىش ئىكەنلىكىنى دائىم ئەستە تۇتۇش مۇھىم.

5. تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر يازغۇچىدىن قاتتىق چىدام بىلەن تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشنى، مول ماتېرىيال توپلاشنى، ئارخىپ ۋە جانلىق شاھىتلاردىن ئەستايىدىل پايدىلىنىشنى، قىسقىسى، ئادەتتىكى ئىجادىيەتكە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئەمگەك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەركىن ئىبراھىم: ئىجادىيىتىڭىزدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئو-

رۇندا تۇرىدۇ. ئەمدى پىروزا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز. بۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل شۇغۇللىنامسىز ـ قانداق؟

ئۆتكۈر ئەپەندى: توغرا، مەن بۇرۇن شېئىر بىلەن كۆپرەك شۇغۇللاندىم. پىروزىدىلا تۇرمۇش ئوبيېكتلىرىغا ئەتراپلىق ۋە ئىزچىل تەسىر كۆرسەتكىلى بولغاچقا، مەندە پىروزا بىلەن شۇغۇللىنىش ئويى تۇغۇلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ يېقىنقى دېيىلگەن تارىخىي جەريانلارنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن پىروزىنى ۋاستە قىلماي بولمايتتى. ئەمما، مەن پىروزىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ جاپالىق ئىزدىنىشنى باشتىن كەچۈردۈم. يولداشلار قانداق قارايدىغانلىقى، مېنىڭ نەزىرىمدە پىروزا قىيىن. مەن بىر پارچە شېئىرنى ئانچە كۆپ ئۆچمەيلا يازالايمەن. ئەدەبىياتىمىزدا پىروزىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ياشلارنىڭ بۇ جەھەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. پىروزا بىلەن شېئىرىيەت قوشكېزەك ھالدا تەڭ راۋاجلىنىپ مېڭىشى لازىم. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن بۇنىڭدىن كېيىن پىروزا بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانماقچىمەن.

پولات ھېۋزۇللا: ھازىر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا بىرخىل قاتماللىق بار. مېنىڭچە، ئەدەبىياتىمىز ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىللەتتىن قۇتۇلۇشى كېرەكتەك قىلىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ئۆتكۈر ئەپەندى: بۇ ناھايىتى چوڭ ئۆتكەل. ئەدەبىياتىمىزدا ئاخبارات تىلىنىڭ تەسىرى كۆپ. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قوللانغان تىلى ئاساسەن دېگۈدەك تەرجىمە تىلى. بىر قىسىم ئەسەردىكى ساۋاتسىز پېرسوناژلار خۇددى ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئەپەندىلەردەك گەپ قىلىدۇ. بۇنداق ھالەتنى تېزرەك تۈگىتىش كېرەك. مەن نۇرغۇن مويسىپىت بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ئىپادىلەش كۈچىگە دىققەت قىلدىم. ئۇلار شۇنچە نازۇك پىكىرلەرنىمۇ ئاممىباب سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دېمەكچى، ئەسەرلىرىمىزدە خەلق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇقادىر جالالىددىن: ھازىر زىيالىيلىرىمىز مىللىي ئەنئەنە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ. سىز ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق چۈشىنىسىز؟

ئۆتكۈر ئەپەندى: مەن بۇ ھەقتە بۇرۇن توختالغان، ھەتتا ئايرىم ماقالىمۇ يازغانىدىم. مېنىڭ ئالدى بىلەن دەيدىغىنىم، مىللىي ئىنكارچىلىققا ئىنتايىن قارشى تۇرىمەن. مىللىي ئىنكارچىلىقنى بىر خىل ئاسىيلىق دەپمۇ قارايمەن. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە بۈگۈن ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان نەرسىلەر چوقۇم بولىدۇ. مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتە بولسۇن ياكى پسىخىكا، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە بولسۇن ياخشى تەرەپلا بولىدىكەن داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئەمما مىللىتىمىزدە نۇرغۇن ئىللەتمۇ بار. بۇ، ئەخلاق جەھەتتىكى چىرىكلىكتە روشەن كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ئىللەتلەر تۈزىتىلمىگۈچە مىللەت تۈزەلمەيدۇ.

ئەدەبىياتنى ئالساق، بەزىلەر ئارۇز ۋەزنىدىكى 19 بەھرىنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولىدۇ. ھازىرقى ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇنىڭ بىرقانچە بەھرىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ بۇ بەھرىلەرنىڭ بىرقانچىسىلا ئەنئەنە بولۇپ قالدى. «گۇڭگا شېئىر» مەيدانغا كەلگەندە، بەزىلەر ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرماقچى بولدى، قاپىيە يوق نەرسىنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ، دېدى. مېنىڭچە، بىر پارچە شېئىر قاپىيە بولسىلا ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. شېئىرنىڭ جېنى پىكىر ۋە ھېسسىياتتا. ياشلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى ھەر خىل ئامال بىلەن قوللاش لازىم.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم: بىزدە بىر قىسىم ئىنكارچىلار يوق ئەمەس. ھە دېسىلا مىللىي مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلماقچى بولىدۇ. بەزى يولداشلار مەندىن بۇ ئەھۋاللارغا قانداق قارايسىز، دەپ سوراپ قالدى. مەن: مىللەت ئورۇق، ھازىرچە ئوپېراتسىيەنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن سەمرىتمەي بولمايدۇ، دېدىم.

ئۆتكۈر ئەپەندى: بۇ ناھايىتى ئوبرازلىق گەپ بوپتۇ.

ئابدۇقادىر جالالىددىن: ئەمما كېيىنكى ئادەمنىڭ سەۋرچانلىقى ناھايىتى تۆۋەن.

ئابدۇللا ئىبراھىم: بەزى ياشلار مىللىتىمىز دائىم ئېكىنمىچە- لىكتە ئۆتۈپتىكەن، دەپ خورسىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تارىخنى تولۇق بىلمەيدۇ. تارىختىكى ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە شائىرلارنى تونۇشتۇرۇش ياشلارنى تەربىيەلەشتىكى ئالاھىدە بىر تەرەپ.

ئابلىجان ھېيىت: يۇقىرىقى پاراڭلاردىن نۇرغۇن نەرسىنى ھېس قىلدىم. يازغۇچى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا يازغۇچىنىڭ كۆزى باشقىلار كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئۆتكۈر ئەپەندى: ئەلۋەتتە، ياخشى ئەسەر يازالىغان ئەدىبلەرنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا ۋە شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلىشىچە، يازغۇچى بىلىم ۋە غايىنى رەھنەما، تۇرمۇشنى مەنبە، تەپەككۇر بى- لەن تەسەۋۋۇرنى خەزىنە، سەمىمىيلىكنى ئىجادىيەت پرىنسىپى، ئەستايىدىللىقنى مەڭگۈلۈك ئادەت، تىل ماھارىتىنى قورال قىلى- شى كېرەك.

ۋاھىتجان ئوسمان: ھازىر بىزدە پەلسەپە نامراتلىقى بار. ئەسەرلىرىمىزدە پەلسەپىۋى پىكىر كەم بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنى ئويغا سالالمايۋاتىدۇ.

يۇسۇپ ئىسھاق: ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىراسلىرىمىزدا پەلسەپىۋى ئامىللارنى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئەمما ھازىرقى يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئۆگىنىشىمۇ يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارايمەن.

ئۆتكۈر ئەپەندى: پەلسەپە بىر مىللەت روھىنىڭ جەۋھىرى. ھايات بار يەردە چوقۇم پەلسەپە بولىدۇ. بىزدە ئۇيغۇر پەلسەپىسىنى سىس- تېمىلىق چۈشەندۈرىدىغان كىتابلار بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل ۋەسىقىلىرىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزدىن روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇجىمنىڭ باغقا ئەمەس، بەلكى يول بويىغا تىكى- لىشى، تۇزنىڭ ئۇلۇغلىنىشى قاتارلىقلاردا خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى مەلۇم نىسبەتتە ئەكس ئېتىدۇ.

شۇنى تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىد-چىدىن پەيلاسوپلار چوقۇم چىقىشى كېرەك.

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم:** ياشلار باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يوللاردا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. بىزدە بوشلۇقلار كۆپ. بۇنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەم ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئالىملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەدىبلەرنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشى دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىپى.

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** ئىنسانىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەنىۋى كامالەت ھەممىدىن قىممەت. بۇنداق كامالەت ئىگىلىرى چىقمايدىكەن، مەدە-نىيەتنىڭ تارىخى ئۈزۈلىدۇ.

رەتلىگۈچى: ئابدۇقادىر جالالىددىن

# تەرجىمە ئەسەرلەر

www.uyghurkitap.com



ئاندىن ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىش ماڭا تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. سەن ئۇلاردىن بىزارلىق ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا قالىسەن. بۇ رومان يېزىشقا ئوخشىمايدۇ. روماندىكى پېرسوناژلار بىلەن ئاي - يىللاپ بىللە ياشاپ ئوگايلا بىزار بولىسەن. ھېكايىلىرىمنىڭ ھەربىر پارچىسى ئون ئىككى مىڭ سۆز ئەتراپىدا بولۇپ، باش تېما ئىدىيەمنى يورۇتۇشقا يېتىدۇ، ئەمما زېرىكمەي سۆز تالLINىشىمغا توغرا كېلەتتى.

مەن ئەستايىدىللىق بىلەن ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەندە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ بەزى مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرى چېخوفنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلماقتا ئىدى. بۇ مەن ئۈچۈن بىر بەختسىزلىك ئىدى. ئەدەبىيات ساھەسى تۇراقسىز غەيرىي ئۇي - پىكىر پەيدا بولسا، ۋاقىتلىق شامال دەپ قارالماستىن، ئىنتايىن توغرا دەپ قارىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ مودا پىكىر شۇكى، ئەگەر بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ھېكايە يازىمەن دېسە، چېخوفتەدەك يېزىشى كېرەك ئىدى. بىرقانچە يازغۇچى رۇسىيەلىكلەرنىڭ ھەسرىتىنى، مىستىتىزمىنى، سۆرەلمىلىكىنى، ئۈمىدسىزلىكىنى، تەنتەكلىكىنى، ئىرادىسىزلىكىنى سارى بىلەن مىچگانغا، بروكلىن بىلەن كېراپىنغا كۆچۈرۈپ كېلىپ نام قازاندى*. راستىنى ئېيتقاندا، چېخوفنى ئۆگىنىش تەس ئەمەس. رۇسىيەلىك سەرگەردانىنىڭ چېخوفنى ناھايىتى ياخشى دورىغانلىقىنى بىلىمەن، ھەتتا مەن ئۇلارغا بەدەل تۆلىدىم. چېخوف ئىنتايىن ياخشى ھېكايىچى، لېكىن ئۇنىڭ چەكلىمىلىكى بار، بەلكىم ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى مۇشۇ چەكلىمىنىڭ ئۈستىگە قۇرغان بولۇشى مۇمكىن، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاقىلانىلىكى، ئۇ مىجەزى ئوچۇق، ئەمەلىيەتچىل بولسىمۇ، ئەمما چۈشكۈن ئىدى. شۇڭا ئۇ زوراۋانلىقنى ياكى تېتىك، شوخ ھەرىكەتلەرنى ياق-

* مېرۋىن خېلىس «يۇمۇرنىڭ ئالتە ئامىلى»، «كومېدىيە — باھار ئەپسانىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالە. جۇڭگو كومېدىيە نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى 289 - بەت.

تۇرمايتتى. ئۇنىڭ يۇمۇرلىرىمۇ شۇنچە ھەسرەتلىك ئىدى. كىشىلىك ھايات ئۇنىڭ نەزىرىدە رەڭسىز ئىدى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ روشەن ئەمەس، گويا ئۇ كىشىلەرگە ئەسلىدىنلا قىزىقمايدىغاندەك ئىدى. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ سىزنى ئۇلارنى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدۇرالىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. كىشىلىك ھاياتتىكى سىرلىقلىق ۋە مەيۈسلۈك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاشۇنداق ئۆزگىچە سۈپەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ تەقلىدچىلىرى ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى تېخى كۆرۈپ يېتەلمىدى.

مەن چېخوفقا تەقلىد قىلالامدىم – يوق، بۇنى ئۇقمايمەن. ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشنىمۇ خالىمايمەن. مەن ھېكايىنى ئىخچام يېزىشنى، بىر يولىلا قولدىن چىقىرىۋېتىشنى ئويلايمەن. مېنىڭچە، ھېكايە بىرەر ۋەقەنى، بىرەر ماددىي ياكى روھىي ۋەقەنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقەنى يورۇتۇشقا پايدىسىز بولغان تەپسىلاتلارنى پۈتۈنلەي قىسقارتىپ تاشلاش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئەسەرگە ئىزچىللىق بېغىشلىغىلى بولىدۇ. مەن ماھارەت جەھەتتىكى ئاتالمىش «مۇھىم نۇقتا» لاردىن قورقمايمەن، مېنىڭچە، پەقەت مەنتىقىي يېتەرسىزلىكلەر بولسا تەنقىدلەش كېرەك. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، مەن ھېكايەمنى قۇرۇق ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بىرلا چېكىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالايمەن، بىزدىكى نۇرغۇن يەرىك ئەسەر باش ـ ئاخىرسىز ھالدا سۆرەلمە يېزىلغان. ئەنگلىيەلىكلەر كۆلىمى چوڭ، چېچىلاڭغۇ، سەممىيەتلىك تۇيغۇسى بېرىدىغان ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتىكى تارقاقلىق، رەتسىز ھالدا ئۇدۇل كەلگەن يەردىن بايان قىلىش، باش تېما بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتتى بولمىغان غەلىتە پېرسوناژلارنىڭ خالىغاندا پەيدا بولۇپ، خالىغاندا غايىب بولۇشى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيەلىكلەرگە ئالاھىدە رېئاللىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. بىراق، فىرانسىيەلىكلەرنىڭ بىئارام بولىدىغىنى دەل مۇشۇنداق تەرەپلەر. ھېنرىي جامۇسنىڭ ئەنگلىيەلىكلەرگە ھېكايىنىڭ شەكلى ھەققىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەرگەن تەلىملىرى گەرچە ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمە-
دى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار شەكىلگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئۇلارچە
بۇنىڭدا كەيپىيات كەمچىل. بۇنداق سىقىلىش ئۇلارنىڭ غەزىپىنى
كەلتۈرىدۇ. فرانسىيە تەنقىدچىلىرى ھېكايىنىڭ باش - ئاخىرى
ۋە گەۋدىسىنىڭ بولۇشىنى، تەدرىجىي ھالدا بىر-بىر مەنتىقىي يە-
كۈنگە قاراپ يۈزلىنىشىنى ھەمدە بارلىق مۇھىم تەپسىلاتنى ئېيتىپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەلكىم موپاسساننى پىششىق بىلمىگەنلى-
كىمدىن، دىراما يېزىشتا چېنىققانلىقىمدىن ھەم خۇسۇسىي رە-
ۋىشتىكى ياخشى كۆرسىتىشىمدىن مەندە فىرانسىيەلىكلەر ياقتۇ-
رىدىغان شەكىل تۇيغۇسى يېتىلگەندۇ. قانداقلا بولمىسۇن، فىراز-
سىيەلىكلەر مېنى ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيدۇ ھەم ئەزمە ئە-
مەس، دەپ قارايدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنۇم ھەققىدە خام خىيال قىل-
مايمەن. ۋەتىنىمدە مېنىڭ ئەسىرىمگە پەقەت ئىككىلا تەنقىدچى
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. ئەمما، بىر قىسىم زېرەك ياشلار بۇ-
گۈنكى ھېكايىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، مەن ھەققىدە زادىلا ئويلى-
نىپ باقمىدى. مەن رەنجىمەيمەن، چۈنكى بۇ تەبىئىي ئەھۋال. مەن
نوقۇل تەشۋىقاتچى ئەمەس. ئۆتكەنكى ئوتتۇز يىل ئىچىدە ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ سانى زور مىقداردا كۆپەيدى. نۇرغۇن نادان ئادەم جاپا
تارتمايلا بىلىمگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئوقۇغان ھېكا-
يىلەردىكى پېرسوناژلار ھەققىدە كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا،
ئۆزلىرىنى بىر-بىر نەرسىنى ئۆگىنىۋالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. يەنە
ئاز - تولا مۇھەببەت قىستۇرۇپ قويۇلسا، پېرسوناژلار ئۇلارغا تې-
خىمۇ ياقىدۇ. ھېكايە ئىدىيە تارقىتىدىغان قولايلىق مۇنبەر دەپ
قارالدى. نۇرغۇن ھېكايىچى ئۆزلىرىنى ئىدىيەنىڭ داھىيسى دەپ
قاراشنى ياقتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى ھېكايە دېگەندىن كۆرە
ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە گېزىت ماقالىلىرى دېسەك تېخىمۇ

مۇۋاپىق. ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇلار بىر مەزگىل ئۆتـ-
كەندىن كېيىن، خۇددى ۋاقتى ئۆتكەن گېزىتلەردەك تاشلىنىپ قا-
لىدۇ. لېكىن يېقىندىن بېرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىمگە بولغان
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاممىباب تىل بىلەن يېزىلغان،
ئومۇمىيۈزلۈك قىزىقىش قوزغايدىغان كىتابلار پەيدا بولدى، بۇلار-
نىڭ ئىچىدە پەن، مائارىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا ئائىت كى-
تابلارنىڭ ھەممىسى بار. بۇ كىتابلار ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەشۋىقات ھېكايىلىرىنى چۈشەپ
قويدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆتكۈر نەزەرلىك تەنقىدچىلەر ۋە بىرقەدەر
ئەستايىدىل بولغان ئوقۇرمەنلەر ئاساسىي دىققىتىنى يېڭى ماھارەت
ئاتا قىلغان يازغۇچىلارغا قاراتتى. بۇ ئىنتايىن چۈشىنىشلىك،
چۈنكى ئۇلارنىڭ ماھارىتى كونا نەرسىلەرنى يېڭىغا ئايلاندۇرالايدۇ،
شۇڭا مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

غەلىتە بولغىنى شۇكى، كىشىلەر بۇنداق ئىشلارغا بەك ئەھمى-
يەت بېرىدىكەن. ھېنرىي جامۇس بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى ۋە ئۇنى
ئىشلىتىشنى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئۇ ھېكايىلىرىنى بىر قىسىم كۆ-
زەتكۈچىنىڭ تەسىراتى ئارقىلىق بايان قىلدى. بۇ تازا ئېپىدە بول-
غان ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى تەسىرلىك ئۇنۇمگە ئې-
رىشتۈردى. ئۇ فىرانسىيە ناتۇرالىزمىنىڭ تەسىرىنى چوڭقۇر قو-
بۇل قىلغان يازغۇچى. شۇڭا، ئەينەن قىلىپ يازالايدۇ. بۇ ئۇسۇل
ئۇنى بەزى يازغۇچىلار تېپىۋالغان ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلاپ قال-
دى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان تەجرىبە ئاڭ
ئېقىمىنى ئىشلىتىش. يازغۇچىلار ھەمىشە ھېسسىي قىممىتى بار
بولغان ھەمدە چۈشىنىش ئانچە تەس بولمىغان پەيلاسوپلارغا ئىنتى-
لىدۇ. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن شوپېنخاۋېر، نىچىشې، بېرگسونلارغا
ئىنتىلگەن. ئۇلارنىڭ دىققىتىنى روھ تەھلىلچىلىرىنىڭ قوزغى-
شىمۇ مۇقەررەر، روھ تەھلىلچىلىكى يازغۇچىلارغا نىسبەتەن كەڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىستىقبالغا ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئۇتۇقلۇق ئەسەرلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالالمىغان هالدا توقۇپ چىققان ئاشۇ پېرسوناژلىرى ئارقىلىق تەسەۋۋۇرىدىكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىقىپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىشنى ئويلايدۇ. بۇ ناهايىتى ئاقىلانە، قىزىقارلىق تەدبىر، ئەمما ئۇ پەقەت شۇنچىلىكلا بىر نەرسە. بىر ئالاهىدە مەقسەتكە، مىسالەن، ھەجۋىيلىك، دىراماتىكلىق ياكى شەرھچىلىككە بەزى - بەزىدە يېتىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئۇلارنى يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى قىلىۋالسا، تېتىقسىزلىق بولۇپ قالىدۇ. مەن مۇشۇ خىل ياكى شۇنىڭدەك ئۇسۇللار ئىچىدىكى كارغا كېلىدىغانلىرىنى ھېكايە يېزىقچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ماھارىتى سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەسەرلەر ئۇزاققا بارمايلا جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقىتىدۇ. غەلىتە تەجرىبىلەرنى ياقتۇرۇپ قالغان يازغۇچىلار بىر ئىشقا سەل قارىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يېزىلغان ھېكايىلەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ناهايىتى مەنىسىز. قارىغاندا يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىنلا قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىئارام بولۇپ، مۇشۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ پېرسوناژلارنى شۇنچە غەلىتە قىلىپ يېزىشىنىڭ ئۆزىدىلا ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى يوق، ئۇلار مۇنازىرە قىلغان مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىش دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى تېما ماتېرىياللىرى سەنئەتكارلارنى قىزىقتۇرالمىغان چاغدا، سەنئەتكار يېزىقچىلىق ماھارىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ بارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىدە بار بولغان تېما ماتېرىياللىرىنى ئويلىغىنىدا، يېزىقچىلىقتىكى بەدىئىيلىك مەسىلىلىرىنى ئويلىنىشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ. شۇڭا، 17 - ئەسىردىكى يازغۇچىلار بەدىئىي گۈللىنىش دەۋرىنىڭ

بەدىئىي ئىستەكلىرى ئالدىدا ھالسىزلىنىپ قالدى. كىشىلىك ھا-
ياتتىكى چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەندە مۇستەبىت پادى-
شاھلار ۋە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇي - پىكرىنى ئادەتتىن تاشقىرى نەپىس شەكىللەرگە ۋە
شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرگە بۇرىدى. بەلكىم، يېقىنقى يىللار-
دىن بۇيان كىشىلەرنىڭ سەنئەتتىكى تۈرلۈك شەكىلنىڭ ماھارەت
جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىگە قىزىقىشى شۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى
كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك. بۇ مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارچىلىنىۋاتقاز-
لىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 19- ئەسىردىكى مۇھىم باش تې-
مىلار جەلپ قىلىش كۈچىنى يوقاتتى، ئەمما سەنئەتكارلار مەدەنىيە-
تىمىزدىكى ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىنىڭ
ئورنىنى قايسىبىر مۇھىم مەسىلىنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ
يەتمىدى.

شۇڭا، ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ قارىشىچە، ئەسەرلىرىمنىڭ ئانچە
زور قىممىتى يوق، مەن بۇنى تەبىئىي ئىش دەپ قارايمەن. دىراما-
تورگىيە جەھەتتە، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يېزىشنى ئىنتايىن قولايلىق
ھېس قىلىمەن. بىر ھېكايىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەدىمكى
يېغى تاش قورال دەۋرىگە قايتىپ بېرىپ، غاردىكى گۈلخاننى چۆ-
رىدەپ ئولتۇرغان ھالدا ھېكايە ئېيتىشىۋاتقان كىشىلەرنى دورى-
دىم. مېنىڭ ئېيتىشقا تېگىشلىك ھېكايىلىرىم بار، مەن ئۇنى
ئېيتىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن. مېنىڭچە، ئاشۇنداق چاغدا
ھېكايىنىڭ ئۆزىلا نىشان بولالايدۇ. خېلى ئۇزاق بولدى، زىيالىيلار
ھېكايە ئېيتىشنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا مېنى
پالاكەت باستى. مەن ھېكايە يېزىقچىلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن
كىتابنى ئوقۇغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا ھېكايىدىكى تەپسىلاتلار-
نىڭ ئانچە چوڭ قىممىتى يوق دەپ قارىلىدۇ. (مەن ئۆزىچە چېچەن
بولۇۋالغان بەزى نەزەرىيەچىلەرنىڭ ھېكايە بىلەن تەپسىلات ئارى-
سىدا پەيدا قىلغان مۇنتىزىم پەرقىنى چۈشەنمىدىم. تەپسىلات پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېكايىنىڭ قۇراشتۇرۇلمىسى.)

قەدىمكى كىشىلەر تەپسىلاتنى ماھىر يازغۇچىلارغا بولغان كاشىلا، ئاۋامنىڭ ئەخمىقانە تەلپىگە يول قويۇش، دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن ھېكايە ئاڭلاشنى، دىراماتىك ئۇسۇل ۋە تەقلىدىي ئويۇنلارنى ياخشى كۆرۈش تەبىئىي ئەھۋال. رازۋېدكا ھېكايىلىرىنىڭ بازار تېپىشىدىن بۇ خىل ياخشى كۆرۈشنىڭ بۇگۇنمۇ سۇسلاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ، ھەتتا ئۇنى ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيلارمۇ كۆرىدۇ، ئۇلار ئۇنى چوڭ بىلىپ كەتمىسىمۇ كۆرىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە بىردىنبىر بولۇپ قالغان ئاشۇ پىسخىكىلىق، پېداگوگىكىلىق ۋە روھ تەھلىلچىلىكى ھېكايىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقىدىن ئەمەسمۇ؟ بىرقانچە يازغۇچى بار، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تۇرلۇك ياخشى نەرسە بار، جانلىق پېرسوناژلارنى يارىتالايدىغان ئىقتىدارىمۇ بار. بىراق، يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قانداق قىلىشنى ئۇقماي قالىدۇ. ئۇلار ھېسسىيات بىلەن ئەقىلگە لايىق ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىرالمايدۇ. بارلىق يازغۇچىغا ئوخشاش (ھەرقانداق يازغۇچى ئاز - تولا لاپ ئۇرماي قالمايدۇ) ئۇلار ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئارتۇقچىلىق دەۋالىدۇ ياكى ئۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قويىدۇ ۋە ياكى ئۇلارغا بىلىشنى ئويلاپ ئاۋارە بولماڭلار، دەپ كايىيدۇ. ئۇلار ھېكايە دېگەننىڭ ئاخىرى يوق، تەپسىلاتلار توگەللەنمىگەن، يىپ ئۇچى تاپشۇرۇلمىغان بولىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ دەل ئۆزى يېزىلغان بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەت تامامەن ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە، چۈنكى ھېچبولمىغاندا ئۆلۈممۇ ھەرقانداق ھېكايىنىڭ تامامى بولالايدۇ.

چۈنكى، ھېكايىچىلەر ئۆزىنى سەنئەتكارلار دەۋالىدۇ، لېكىن سەنئەتكار تۇرمۇشقا تەقلىد قىلمايدۇ، ئۇ تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، خۇددى رەسسام موي قەلەم ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىپ رەسىم سىزغاندەك، ھېكايىچىمۇ ھېكايە

ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشى — بەلكىم، بۇنى ئۆزى ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن — بىر قاتار ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى سەنئەتنى ئەسلەپ باقساڭ، رېئالىزمنى ئۇستۇن بىلگەن سەنئەتكارلار بەك ئاز. ئاساسىي جەھەتتىن ئۇلار تەبىئەتتىن شەكىل جەھەتتىكى زىنىنەت قاتارىدا پايدىلانغان. ئۇلار پەقەت ئۆزىنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرۇشنى ئويلىغاندىلا، تەبىئەتكە قايتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ، ئازدىن ئاز ـ تولا بىۋاستە تەقلىد قىلىدۇ. رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىقتا، كىشىلەر ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاپ شۇنداق دېسە بولىدۇ: زىيادە ئەينەنلىك مەلۇم بىر سەنئەت ئېقىمىنىڭ گۈللىنىشتىن چۈشكۈنلۈككە قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، سەنئەت پەقەت تەبىئەتكە بىرەر ئۆلچەمنى مەجبۇرىي تېڭىش ئارقىلىقلا يېڭى ھاياتى كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ.

بىراق، بىز تېمىدىن چەتنەپ كەتتۇق. ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغىغان ئاشۇ پېرسوناژلارنىڭ ۋەجىنى بىلىشنى ئويلايدۇ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال، تەپسىلات دەل مۇشۇنداق ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرىدىغان ۋاستە. ياخشى بىر ھېكايىنى توقۇپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئەمما ئاسان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىققىمۇ بولمايدۇ. بىر ھېكايىدە تېما ماتېرىياللىرىنىڭ ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان ئىزچىللىق ۋە يېتەرلىك ئىمكانىيەت بولۇشى، خاراكتېرنىڭ تەرەققىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇشى كېرەك، بۇنىڭغا زامانىمىزنىڭ ھېكايىلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھېكايىدە بىر پۈتۈنلۈك بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ پېرسوناژلار ھەققىدە سورايدىغان ھېچقانداق سوئالى قالمايدۇ. ئۇنىڭدا ئارىستوتېل ئېيتقان تىراگېدىيەلەردىكىدەك باش – ئاخىرى ۋە گەۋدە بولۇشى كېرەك. تەپسىلاتنىڭ مۇنداق بىر ئاساسلىق رولىنى كىشىلەر تېخى بايقىمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ دەل ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى يېتەكلەي-

www.uyghurkitap.com



دىغان يىپ ئۇچى. ئۇ، ھېكايىلەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى يازغۇچىلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى بىر بەت ـ بىر بەتتىن كۆرسىتىدۇ، يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزى كۈتكەن مەنزىگە مۇھىتقا باشلاپ كىرىدۇ. يازغۇچىنىڭ كوزىرىغا قوغۇشۇن كەپلەنگەن بولىدۇ. لېكىن، ئۇنى ئوقۇرمەنگە چاندۇرۇپ قويسا بولمايدۇ. ئۇ تەپسىلات جەھەتتىكى ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يازغۇچىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەن ھېكايىچىلىق ماھارەتلىرى ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، شۇڭا ھېكايىچىلەرنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تۈرلۈك ھىيلىسىنى تىزىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن بىز «كىبىر ۋە ئاداۋەت»، «ھېسسىيات تەربىيەسى» دىن ئوقۇرمەننىڭ قىزىقىشىنى ئىگىلەشنىڭ نەقەدەر ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنىڭ قانچىلىك زىيادىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن.)

# ئېلىتسىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

سۆزلەشكە بولسۇن ـ بولمىسۇن مۆھتەرەم ئەپەندىلەرنىڭ پارلاقلىق ۋە ساپلىق بابىدا سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىشىنى سورايمەن. چۈنكى بۇ ئىككى خىل ھالەتكە پۈتكۈل ھايات كائىناتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئېرىشكەن نەتىجىلىرىم مۇجەسسەملەنگەن. مەنمۇ بۇ ئىككى خىل ھالەتنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ئۆزلۈكنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن.

ئۆزىدە بار بولغان تەجرىبىلەر ۋە تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى ئىش. بولۇپمۇ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش زۆرۈر بولغان دەۋرلەردە تېخىمۇ شۇنداق.

مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم ھەرگىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان، بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىنى بىر قاراش بىلەنلا تولۇق كۆرۈپ يېتەلەيدىغان ناتۇرال كۆرۈش قۇۋۋىتى بولماستىن، بەلكى تەمسىل ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان ھەم ئۇنى بىر خىل سۈزۈك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مېتافىزىك مەنىسىدىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان قابىلىيەتتۇر.

شۇ تاپتا مەن سىكىرادىك دەۋرىدىكى ھەيكەلتىراشلارنىڭ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى ئۇسۇللىرىنى ئەسلەپ قالدىم. ئۇلار ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەنىدى. مەن يەنە ۋىزانتىيەدىكى دىنىي رەسساملارنىڭ قانداق قىلىپ پەقەت ساپ رەڭلەر بىلەنلا «ئىلاھىي» مەنىنى مۇۋەپپەقىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەتلىك ھالدا ئىپادىلىگەنلىكىنى ئەسلەپ قالدىم.

مېنىڭچە، شېئىرنىڭ بۈيۈكلۈكى مۇشۇنداق چىنلىقنى چوڭ-قۇرلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتە، ئۇ ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە راۋاجلىنالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ ھەر قېتىم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇۋېرىشى ناتايىن. بۇ بەزى روھىي توسالغۇلاردىن ياكى سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۆنى دەل ۋاقتىدا كۆرۈپ يېتىشىگە يول قويمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

گۈزەللىك ۋە پارلاقلىق بەزىدە زاماننىڭ تەلىپىگە ماسلاشمايدىغان، ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىراق، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، پەرىشتىگە يېقىنلىشىمەن دەيدىغان ئىچكى ئىنتىلىش ئالۋاستىلارنىڭ رولىنى ئالغانغا قارىغاندا كۆپ قىيىن.

بۇ يەردە ھەقىقەتەن بىر تىلسىم بار. لېكىن ئۇ پەقەت كىشىلەرنى جەلپ قىلىشتىكى كۆز بويامچىلىقلا ئەمەس.

بىز دەۋاتقان گۈزەللىك ھەتتا چاراقلاپ تۇرغان نۇرنىڭ قوينىدىمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىنى ساقلاپ قالالايدۇ، پەقەت مۇشۇ گۈزەللىكلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان نۇرانىلىككە ئىگە. گۈزەللىك بىزنى ئۆزىمىز تېخى بىلىپ يېتەلمىگەن دائىرىدە ئۆز - ئۆزىمىزدىن ھالقىش يولىغا ئېلىپ بارىدۇ. يەنى شېئىر بىزنى ئۆز - ئۆزىمىزدىن ھالقىتىدىغان سەنئەتتۇر. بۇ، شېئىرنىڭ يەنە بىر ئېنىقلىمىسىدۇر.

سان - ساناقسىز تىلسىم ئالەمنى جۇلالاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يېڭىچە بىر خىل تىل شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق تىل بىزدىن سۆزلەرنى تاللاش ئاساسىدا جۈملە تۈزۈشنى، ھەقىقەت جەننىتىگە ئېلىپ كىرەلەيدىغان پاساھەتلىك تىل يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەقىقەتنى زادى قەيەردىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ھەر كۈنى ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بالا- قازا ۋە ئۆلۈملەردىنمۇ ياكى مەڭگۈلۈك ۋە يوقالماسلىقتا بولغان تەۋەككۈل ئېتىقادىدىنمۇ؟ بۇ

ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەينى زامانلاردا كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن ئاسمان جىسىملىرى نەزەرىيەلىرى خېلى بۇرۇنلا ھەقىقەتنى خورىتىپ، ئۇنى بىمەنىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇ نەزەرىيەلەر بىر - بىرى بىلەن تىركىشىپ، ئاخىر بىر - بىرلەپ يوقىلىشتى.

ئەمما، ماھىيەت بولسا يوقالماي قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋەردى.

شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت ئەقىلچىلىك تەسلىم بولغان يەرگە بۆسۈپ كىرىپ، چەكلەنگەن رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەمەلىيەت شېئىرىيەتنىڭ خورلاشقا قارىتا ئەڭ چىداملىق ۋە تەۋرەنمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ، ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرالغۇسىنى ساداقەت بىلەن قوغداپ، ئۇنى ئادەتتىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئەسەرگە ئايلاندۇردى. ئەگەر ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بولمىغان بولسا، خۇددى دېڭىز يۈسۈنى دېڭىزنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە چۆككەندە كۆرۈنمەي قالغاندەك، بۇ تۇرالغۇلار ئاڭنىڭ قاراڭغۇسىدا غايىب بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

بىز ساپلىقنى، بىزنى ھاياتلىق دۇنياسىدا پۈت تىرەپ تۇرغۇزۇۋاتقان، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۈدۈمنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ساقلايمىز.

بۇ ئۈدۈم ھېراكلىتتىن پىلاتونغىچە، پىلاتوندىن ئىيساغىچە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىزچىل تۈردە بىزگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇنداق بىر ئۆزگەرمەس ھەقىقەتنى ناھايىتى قانائەتلىنەرلىك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى: باقىي دۇنيا پانىي دۇنيانىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئوخشاشلا پانىي دۇنيادىكى خىلمۇخىل ئامىل باقىي دۇنيانى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىدۇ. يۈكسەلمىش ناتۇرال ھاياتىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن ئىككىنچى بىر ھەقىقەت بولۇپ، بىز بۇنىڭغا ئېرىشىشكە پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق، بۇنداق ھوقۇقنا بىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمىزلا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

ئاڭ پارلاقلىق ئىچىدە روناق تاپىدۇ ۋە پاكلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئېنىقسىز تەرەپلىرى بارا - بارا كىچىكلەپ، يوقاپ كېتىدۇ، بۇنداق قالدۇق بوشلۇق (خۇددى فىزىكىلىق قانۇنلاردەك) يەنە ئەكس ئامىللار بىلەن تولۇقلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ساغلام دەۋرلەردە، گۈزەللىك بىلەن ياخشىلىق ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھالدىكى ماسلىق ئەمەس. بۇ «ھازىر» بىلەن «ھالقىش» تىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە موھتاج. ھېراكلىت تەتۈر تارتىشىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيەنى ئىسپاتلاپ چىققان ئەمەسمىدى؟

ئاپوللو بىلەن ۋېناس، ئىيسا بىلەن مەريەم ئانىلارنىڭ ئىنسانىي خاراكتېر ئېلىشى بىزنىڭ بىۋاسىتە سېزىمنى ماھىيەتلەندۇرۇشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى بىز بۇ ئارقىلىق ئەبەدىيلىككە ئېرىشتۇق. مېنىڭچە، شېئىر ھەرقايسى مەزھەپنىڭ بارلىق بەس - مۇنازىرىسىدىن ھالقىپ، بىزنى ئاشۇ ئەبەدىيلىككە يەتكۈزەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

بۇ يەردە مەن ئولىمپۇس ئىلاھلىرى بىلەن خىرىستوسنى ئوخشاش دەپ قارىغان ئۇلۇغ شائىر ھولدېرلىن[1] توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشۈم كېرەك. ئۇ، بۇ نۇقتىئىنەزەرنى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كەڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دەل ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ مۇشۇنداق كەڭ بولۇشى، بىزنى غەرق قىلىۋەتكەن رەزىللىك ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ «مەنىسىز يىللاردا شائىرنىڭ نېمە كېرىكى؟» دېگەن سۆزىنى يېزىشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

ئەپسۇسكى، زامان ئەزەلدىن ئىنسانىيەتكە باقماي كەلدى، بىراق شېئىر ئۆزىنىڭ بۇرچىغا سەل قاراپ باقمىدى. بۇ ئىككى خىل ئەمەلىيەت باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىنى چەكلەپ كەلدى ھەم تەقدىرىمىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى. بىز قۇياشقا تايىنىپ كېچە ۋە باشقا پىلانېتالارنى پەرق ئېتىشنى بىلىمىز. بىراق، بىز

يەنىلا بۇرۇنقى دانىشمەنلەرنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر قۇياش ھازىرقىدىنمۇ زور ۋە ئېغىر بولغان بولسا، ئۇ بەكلا مەغرۇرلىنىپ كەتكەن بولاتتى. خۇددى باشقا پلانېتالار قۇياش بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ كەلگەندەك، بىزمۇ ھاياتىمىزنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن سىمۋوللۇق قۇياش بىلەن مۇناسىپ ئارىلىق ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. بۇرۇن بىلىمسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن ئۇنداق قىلالمىغانىدۇق. ھازىر يەنە بىلىمنىڭ يامرىشى تۈپەيلىدىن ئۇنداق قىلالمايۋاتىمىز. لېكىن بۇ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەتنى چەكلەش كېرەك دېگەنلىكىم ئەمەس. ۋەتىنىمنىڭ قەدىمكى بىر دانىشمىنى مېنى تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئىشىنىشكە ھەم ئىلغارلىقنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا ئۆگەتكەنىدى.

ئۇنداقتا، شېئىرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئۇ جەمئىيەتتە نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە جاۋابىم مۇنداق: شېئىر ئىنسانىنىڭ كۈچىنىلا نامايان قىلىدىغان جاي، شۇڭا شىۋېتسىيە خان جەمەتى ئاكادېمىيەسىنىڭ بۇ يىل مەن ئارقىلىق بىر كىچىك دۆلەتنىڭ ئەدەبىياتىنى مۇكاپاتلاش قارارىغا كېلىشى، دەل شېئىر بىلەن ساپ سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماس مۇناسىۋەتنى شەرھلەپ بەردى.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە خۇسۇسىي ئەھۋالىم ئۈستىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆز دۆلىتىمنى كۆككە كۆتۈرۈش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس. بىراق، بەزى چاغلاردا شەيئىلەرنى مەلۇم مۇھىتقا قويۇپ كۆزىتىش ئۈچۈن بۇلارنى سۆزلەش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ، مېنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىم دەل مۇشۇنداق.

سۆيۈملۈك دوستلار، پەقەت بىرقانچە مىليون كىشى قوللىنىۋاتقان تىل بىلەنلا يېزىقچىلىق قىلىش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن. بۇ تىل ئىككى مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق يىلدىن بېرى يوقىلىپ كەتمىگەن ۋە ناھايىتى ئاز ئۆزگىرىش ياسىغان تىلدۇر. روشەنكى، ئەينى زاماندا كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىدئەت تەل-

ماتلار دۆلىتىمىزدىمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇ تىلنىڭ ماكانى بىرقە-
دەر كىچىك بولسىمۇ، زامان جەھەتتىكى ئۇلىنىشى چەكسىزدۇر.
مېنىڭ بۇنى تەكىتلىشىم ھەرگىزمۇ پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئە-
مەس. بۇ ئارقىلىق بىر شائىر ساپپو[2] ياكى پىنداروس[3] ئىشلەت-
كەن بىلەن (ئۇلارنىڭ ھازىر بۇرۇنقىدەك ئوقۇرمەنلىرى يوق، ئۇلار
بىر پۈتۈن مەدەنىيەتلىك ئىنسان بولالمىغان) ئۆزى ئەڭ قەدىرلەي-
دىغان شەيئىلەرنى تەسۋىرلىگەندە دۈچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى
چۈشەندۈرمەكچىمەن.

ئەگەر تىل پەقەت پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسىلا بولغان
بولسىدى، بىزمۇ ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ يۈرمىگەن بولاتتۇق. لې-
كىن، بەزى چاغلاردا ئۇ يەنە سېھىرگەرلىك قورالى بولۇشى كې-
رەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇئەييەن مەۋ-
جۇتلۇق شەكلىگە ئىگە بولۇپ، بىر خىل يۈكسەك نەرسىگە ئايلانغا-
نىدى. گەرچە بۇ خىل شەكىل نۇرغۇن چەكلىمىگە ئۇچرىغان بول-
سىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى مىڭ بەش يۈز يىلنىڭ ھەربىر ئەسىرىدىن
گىرېك يېزىقى بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
ھازىرقى گىرېتسىيە شېئىرىيىتى بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ
بەردى.

بۇنداق شېئىرىي ئاتموسفېرا (بۇ يەردە شۇنداق دەپ تۇراي) ئا-
دەتتىكى ئاتموسفېراغا ئوخشاشلا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ
بىر قۇتۇبى سولوموس[4]. ئۇ، ماللارمى ياۋروپا ئەدەبىيات سەھنىسى-
دە پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا ئەڭ يۇقىرى ئېنىقلىق ۋە ماسلىق ھەم-
دە بۇ ماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئومۇمىيۈزلۈك ئۇنۇم ئارقىلىق
ساپ شېئىر ھەققىدىكى كۆزقارىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا
تىكلەپ بولغانىدى. ئۇ ھېسسىياتنى ئىدراكنىڭ ئاستىغا قويۇپ،
نەپىس جۈملىلەر ۋە تىلنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بارلىق يوشۇرۇن
كۈچ ئارقىلىق مۆجىزە يارىتىشنى ئويلايدۇ، يەنە بىر قۇتۇپىدا بول-
سا كاۋافىس[5] قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇت. س. ئېلىئوت بىلەن

بىر قاتاردا تۇرۇپ، شېئىرىيەتتىكى تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال نەرسىلەرنى تازىلاپ، قۇرۇلمىسى ئاددىي، تىلى ئېنىق، مۇكەممەل بولۇشتەك مەنزىلگە يېتىپ باردى.

يۇقىرىقى ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرىگە مەلۇم جەھەتتىن ئاز - تولا يېقىن تۇرالايدىغان ئۇلۇغ شائىرلار بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە بار. مەسالەن، پالاماس[6] سىكىلىنا، كازانزا كىس ۋە سېفېرىس قاتارلىقلار.

بۇ هازىرقى گىرېتسىيە شېئىرىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئىزدەنىشنىڭ ئاددىي بىر ئىسخېمىسى.

ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان بىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىمىز شۇكى، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك تەلىماتلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى ھازىرقى ھېسسىيلىقتا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ماھارەت جەھەتتە، مۇۋاپىق بىر جۈملە تۈزۈلۈشىنى تېپىپ، ئۇنى گىرېتسىيە ئەنئەنىسىدىكى ئامىللار بىلەن بىرلەشتۇرۇشىمىز ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە دەۋرىمىزنىڭ پىسخىكىسىنى ئىسپاتلىشىمىز كېرەك.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز بۈگۈنكى ياۋروپالاشقان گىرېتسىيەنىڭ رېئاللىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى تېگىشلىك قىممەتكە ئېرىشتۇرۇشىمىز لازىم. ھازىرچە مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدا سۆزلىمەي تۇراي، چۈنكى مۇشۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر. چۈنكى ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم.

بىراق، دەۋرىمىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئىجادىيەتچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئىجادىيەت قانداق قىلىپ ئەركىن تەرەققىي قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بۆسۈپ تاشلىغىلى بولمايدىغان توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋالدا، مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى قانداقمۇ ياراتقىلى بولسۇن؟ يىگىرمە - ئوتتۇز پىرسەنت مەنىسىگە كاپالەتلىك قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆز-

ئارا بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىشىمىز، بولۇپمۇ سولوموسنىڭ ئىجتىھاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شېئىرىيەتتە مۆجىزە يارىتىمىز دېگىنىمىز تېخىمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

ياق، ئەڭ ياخشىسى سۈكۈت قىلغىنىمىز تۈزۈك، چۈنكى ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇشقا ئامالسىزمىز.

بىز بۇ دۇنيادا ئورتاق بىر تىلنىڭ يوقلۇقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز. بەلكى، بۇ كەمچىلىكنىڭ تەسىرى ئورتاق ۋەتىنىمىز بولغان ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن (مېنىڭچە، بۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس).

بىز ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بىز ئەخلاق بۇلغانغان بىر مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز تايىنىپ ياشاۋاتقان ماددىي بويۇملار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە سىستېمىلاشقان، ھەتتا ھەربىيلىشىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ زىددىيەتكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئىككى قول ياكى ئىككى پۇتىمىزنىڭ بىرى يىگىلەپ قېلىپ، يەنە بىرى بىنورمال تەرەققىي قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ماختاشقا ئەرزىيدىغان بىر خىل يۈنىلىش ياۋروپا خەلقىنى پىفاگورچە[7] ئىتتىپاقلىقنى يولغا قويۇپ، ئورتاق بىر گەۋدە سۈپىتىدە مەدەنىيىتىمىزدىكى سولغۇنلۇق ۋە نورمالسىز تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىقنى يېڭىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىراق، بىزنىڭ قىممىتىمىز ئورتاق بىر تىلنى ھاسىل قىلالمايدۇ.

شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئورتاق تىلى ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىدۇر. ئىككى شائىرنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى دۇنياسى بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا جەلپ قىلىدىغان ۋە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدىغان شەكىل تېخى ئۆزگەرمىدى. بىراق، بۇ خىل شەكىل جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى قان بىلەن بويىغان، بىزنى ھېچنېمىسى يوق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئاشۇ نەزەرىيە ۋە دى-

نى ئەقىدىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ ھېچقاچان ماجىرا ياكى توقۇنۇش پەيدا قىلىپ باقمىدى.

مەن دەۋاتقان تۇيغۇ ئۇڭايلا سېزىۋېلىشقا بولىدىغان بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قاتلامدىكى تۇيغۇ ئەمەس، بەلكى بىزنى ئۆزلۈكنىڭ چېكىگە ئاپىرىدىغان تۇيغۇنى، يەنى روھىمىزدا شەكىللەنگەن «تۇيغۇلار ئانالوگىيەسى» (تۇيغۇلار سېلىشتۇرمىسى)نى كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى، ھەرقانداق سەنئەت ئانالوگىيەگە تايىنىپ سۆز ئاچىدۇ. بىر سىزىق، مەيلى ئۇ تۈز ياكى ئەگرى بولسۇن، بىر ئاۋاز، مەيلى ئۇ يۇقىرى ياكى تۆۋەن، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن، مەلۇم ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ئارىلاشمىسىنى بىلدۈرىدۇ. بىز تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى يەكۈنلەرنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە تايىنىپ ياخشى ياكى ناچار شېئىرلارنى يېزىپ چىقىمىز. رىمبونىڭ «قۇياش ئېرىپ سىڭىدىكى دېڭىزغا» دېگەن مىسراسىنى ئوقۇساق ھومېر شېئىرلىرىدىكى دېڭىزنىڭ مەنىۋى ھالىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ يەردە رىمبونىڭ قوشۇپ قويغىنى پەقەت «مەڭگۈلۈك ئۇ» دېگەن بىرلا سۆز، ئۇچىلوكنىڭ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن خۇشبۇي شاپتۇل تونىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قىزچاق مادىننىڭ رەسىملىرىدە قايتا تىرىلدى. ئوتتۇرا دېڭىزغا خاس پاكلىنىش ئىدىيەسى بىزگە سىڭىپ كىرگەندە، تېخىمۇ نازۇكلاشتى. ئەجەبا، ۋىزانتىيە دىنىي رەسىملىرىدىكى رەسىمدە قىز بىلەن ئۇنىڭ يات دىندىكى ئاچا ـ سىڭىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق يوق دېگىلى بولارمۇ؟ بىدئەتلىك تۇرلىرىنى ئىلاھىي نۇرلارغا ئايلاندۇرۇش ياكى ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىش ئۈچۈن پەقەت بىر دەقىقە ۋاقىت بولسىلا كۇپايە. ئەنئەنىنىڭ كونا تۇيغۇسى ئوتتۇرا ئەسىردىن كەلگەن تۇيغۇ بىلەن بىرلىشىپ، خۇددى بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئەينەن ئوخشىغاندەك ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈچىنچى بىر خىل تۇيغۇنى يېتىلدۈرىدۇ. شېئىردىچۇ؟ تۇيغۇ مۇشۇنداق ئەبەدىي داۋاملىشىدىغان پاكلاش ئارقىلىق كامالەتكە يېتە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



لەمدۇ ـ يوق؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، تۇيغۇ يېڭىباشتىن ئانالوگىيەگە ئايلىنىپ، ماددىي دۇنيادىن ئورۇن ئالىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

چۈشىنى شېئىرغا ئايلاندۇرۇش ئادەتتىكىچە بىر ئىش، بىراق بۇنى نەزەرىيە بىلەن بېزەپ ئولتۇرۇشىمىز ئارتۇقچە. چۈنكى، ماددىي دۇنيا تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، پەقەت ماتېرىيالدىنلا ئىبارەت. ئىمارەتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، جەننەت ياكى دوزاخنى قانداق لايىھەلەش ئۆزىمىزگە باغلىق ئىش. بۇ جەھەتتىن شېئىرىيەت بىزگە كاپالەتلىك قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق قىيىن يىللاردا، تەقدىر بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىسا بولمايدۇ.

مەن ھەمىشە مېتافىزىك قۇياش ئۈستىدە سۆزلەيمەن، لېكىن ھازىر سەنئەتنىڭ مۇشۇ ئۇقۇمدىكى ھەرىكىتىنى تەھلىل قىلماقچى ئەمەسمەن، پەقەت مۇنۇ ئاددىيغىنە بىر ئەمەلىيەتنى تۇتقا قىلماقچىمەن: گىرېك تىلىدىن ئىبارەت بۇ سېھىرگەرلىك قورالى قۇياش بىلەن بولغان رېئال ياكى سىمۋوللۇق مۇناسىۋەتتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ يەردىكى قۇياش ھەرگىزمۇ شېئىر ئەڭ دەسلەپ نامايان قىلغان ھاياتنىڭ سىماسى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە شېئىرنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىغا سىڭىپ كىرەلەيدۇ. پەننىي ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ شېئىرنىڭ ھۆجەيرىسىنى تەشكىل قىلىدىغان يادرو بولىدۇ. بۇنداق نەزەرىيەنى نوقۇل ھالدىكى كۆزقاراشقا يېڭىباشتىن قايتىتى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، شەكىلنىڭ مەنىسى، خۇددى بىز ئۇنىڭغا غەرب ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەندەك بىر خىل تەدرىجىي جۇغلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارغا پەقەت ئۈچ ـ تۆت خىل شەكىللا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بىراق، بۇ ئۈچ ـ تۆت خىل شەكىل بىلەنلا سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان ماتېرىياللارغا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغىلى بولامدۇ؟ بۇنداق گەپ بۈگۈنكى كۈندە ئاقمايدۇ. شەخسەن مەن بۇنداق باغلىنىشنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلايدىغان

گىرېتسىيەلىكلەرنىڭ بىرى.

مەن تېمىلارنى ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلما شەكىللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا قىزىقىمەن، بۇنى ئەڭ دەسلەپتە غوۋا ھېس قىلغانىدىم، كېيىنچە ئېنىق چۈشىنىپ يەتتىم. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىبادەتخانا سالغان قەدىمكىي پېشۋالاردىن دائىم تەلىم ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت بىز ئۈچۈن ئۆي سالغان كىشىلەرنى ۋە مۇقەددەس سارايلارنى سالغان سىكرادىن كىشىلىردىنى ياد ئېتىشلا كۇپايە. چۈنكى ئۇلار ھەربىر مۇھىتقا ماس كېلىدىغان قۇرۇلۇش شەكىللىرىنى ئىزدىگەن. بۇ شەكىللەرنى ل. گوبوس كۆرسىمۇ قايىل بولماي قالمايدۇ.

مېنىڭ «ئەلۋەتتە شۇنداق» دېگەن زور ھەجىملىك ئەسىرىمنى يېزىپ چىقىشىمغا ۋۇجۇدۇمدىكى مۇشۇنداق بىر ئىقتىدار رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئەسەرلىرىمنىڭ قۇرۇلمىسىغا بىر خىل مۇۋازىنەت ۋە ئۆتكۈرلۈك سىڭدۈرمىسەم، ئۇنىڭ غايەمدىكى مۇستەھكەملىككە ئەبەدىي ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن پىنداروس ياكى ۋىزانتىيەلىك لو. مىلودو توغرۇلۇق ئىزدەندىم، چۈنكى ئۇلار ھەربىر قەسىدە ياكى شېئىر ئۈچۈن بىر خىل ئۇزۇن داۋاملىشالايدىغان يېڭى شەكىلنى يارىتالىدى. مەن ئۇلارنىڭ قاپىيەلىرىدىكى نەقراتلىق تەكرارلىنىشقا دىققەت قىلدىم ھەمدە ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىمنى كۆپ قىرلىق ۋە سىممېترىيەلىك بولۇشتەك ئاھەڭدىلىكلەرگە ئىگە قىلدىم.

بۇ ئاھەڭدىلىك شېئىرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىۋاتقان ئالەملەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە كىچىككىنە بىر قۇياشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن بۇنىڭدىن قولغا كەلتۈرگەن ماسلىقنىڭ ئۇزۇن زامان سىناقتىن ئۆتكەن مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. شۇڭا ئىشەنچىم كامىلكى، بۇ، شائىرنىڭ ئەڭ يۇكسەك غايىسى.

قۇياشنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا خۇددى مەشئەلنى ئۆتكۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەرگەندەك ئۆتكۈزۈپ بېرىش قىيىن بولسىمۇ، مېنىڭچە، ناھايىتى بەختلىك ۋەزىپە. بىز دەل مۇشۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە ئېگىمىز پارلاقلىقتىن ھالقىپ، قۇياش بىلەن بىر گەۋدە بولغاندا، ئەركىنلىك غايىسى بىلەن كىشىلىك غۇرۇر بىرلەشكەن چاغدا، ئىنسانىيەتكە پۈتلىكاشاڭ بولغان ئاشۇ دوگما ئەقىدىلەر ئۆزىنىڭ ئورنىنى ياۋاشلىق بىلەن بوشىتىپ بېرىدۇ.

ئىزاھات:

① ھوردېرلىن (1843 – 1770) گېرمانىيە شائىرى.

② ساپپو (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 415 — 306) گىرېتسىيەنىڭ ئايال شائىرى.

③ پىنداروس (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 518 – 442) گىرېك شائىرى.

④ سولوموس (1857 – 1798) گىرېتسىيە شائىرى.

⑤ كاۋافىس (1912 – 1833) گىرېتسىيە شائىرى.

⑥ پالاماس (1968 – 1912) گىرېتسىيە شائىرى.

⑦ پىفاگور – مىلادىيەدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇنقى گىرېتسىيە پەيلاسوپى.

(«قەھرىمانلار ماتەم ناخشىسى» ناملىق خەنزۇچە توپلامدىن)

# لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى

— گارسىيا ماركوزنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

ماگېللان بىلەن تۇنجى قېتىم يەر شارى سەپىرى قىلغان فىلورونسىيەلىك دېڭىزچى ئانتونىننى پىكاپېتتا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئۆتكەندە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئوقۇماققا ئۇنىڭ يازغانلىرى توقۇپ چىقىرىلغان خىيالىي خاتىرىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئۇ دۇمبىسىدە كىندىكى بار توڭگۇزلارنى، پۇتى يوق قۇشلارنى كۆرگەن. بۇ قۇشلارنىڭ چىشىلىرى تۇخۇمنى ئەركىكىنىڭ دۈمبىسىگە تۇغىدىكەن. يەنە تىلى يوق ساقىيقۇشلارمۇ بولۇپ، تۇمشۇقى بەئەينى قوشۇققا ئوخشايدىكەن. ئۇ يەنە مۇنداق بىر غەلىتە هايۋاننىمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ بېشى ۋە قۇلىقى ئېشەكنىڭكىگە، بەدىنى تۆگىنىڭكىگە، پۇتى بۇغىنىڭكىگە، ئاۋازى ئاتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە تەسۋىرلىشىچە، بىر پارچە ئەينەكنى پاتاگونىيە يايلىقىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويغاندا، بىر كۈچتۈڭگۈر ئەر ئۆز ئەكسىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ روهى چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان.

بۇ ئاددىي، ئەمما جەلپكارانە ساياھەت خاتىرىسى بۈگۈنكى پەروزىچىلىقنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بايانلىرى ئەينى دەۋر تۇرمۇشىدا ئەڭ غارايىپ ئىشلار ئەمەس ئىدى. غەربىي ھىندىچىنى تاقىم ئاراللىرىغا دائىمىي خاتىرىلەردە تارىخچىلار بىزگە تېخىمۇ كۆپ غەلىتە ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ. نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىشى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالتۇن دۆلىتىنى ئىزدىگەچكە، ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولمىغان بۇ زېمىن تالاي يىلدىن بېرى تۇرلۈك خەرىتىدە پەيدا بولدى. بۇ زېمىن خەرىتە سىزغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئورنى ۋە شەكلىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ تۇردى. رىۋايەتلەردىكى ئالۋار تونىس، كاۋسا داپپاككا ئابىھايات ئىزدەپ مېكسىكىنىڭ شىمالىدا سەككىز يىل ئېكسپېدىتسىيە قىلغان. بۇ قېتىمقى ئەسەبىي يۈرۈشتە، ئۇ باشلاپ ماڭغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىر ـ بىرىنى ئۆز ئارا قىرىشقان. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئەسلىدىكى 600 ئادەمدىن پەقەت بەشىلا ئامان قالغان. تىلسىماتلاردىن مۇنداق بىرى ھازىرغا قەدەر ئېچىلمىدى: بىر كۈنى 100 بوندىتىن ئالتۇن ئارتىلغان 11 مىڭ تۇياق قېچىر پېرۇنىڭ كۇسكو دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ، ئىنكا ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى پادشاھى ئاتاتاۋالپانى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇشقانىدى. لېكىن بۇ ئەترەت نىشانغا يېتىپ بارمايلا غايىب بولۇپ كەتكەن. كېيىن، مۇستەملىكە دەۋرىدە كولومبىيەنىڭ شىمالىدىكى كارتاگېنادا بەزىلەر لاتقىدا بېقىلغان مېكىيانلارنى ساتقان، كېيىن ئۇ مېكىيانلارنىڭ تاشلىقىدىن ئالتۇن چىققان. يېقىنقى يىللارغا قەدەر ئەتراپىمىزدا ئەنە شۇنداق ئالتۇنخۇمارلار تالاي ئىدى. 19 ـ ئەسىردە، پاناما بوغۇزىدىن ئۆتمىدىغان تۆمۈريول لايىھەسىنى تەتقىق قىلىدىغان گېرمانىيەلىك ئۆمەك ئۆز تەكشۈرۈشلىرىدىن مۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقارغان: بۇ رايوندا تۆمۈر كانلار ئاز بولۇپ، رېلىسنى ئالتۇندىن ياسىغاندىلا مەزكۇر لايىھەنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشىمىز بىزنى بۇنداق ئەسەبىي ھالەتتىن خالاس قىلالمىدى. مېكسىكىنىڭ 3 ـ قېتىملىق رەئىس جۇمھۇرى، چوڭ مۇستەبىت ئانتونىئو نو ـ دې سانتانانا گېنېرال ئۆزى «پېچىنە ـ پىرەنىك ئۇرۇشى» دەپ تەرىپلىگەن ئۇرۇشتا يوقىتىپ قويغان ئوڭ پۇتى ئۈچۈن ئىنتايىن

ھەشەمەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئېكۋاتورنى 16 يىلدىن بېرى مۇستەبىتلىك بىلەن سورىغان گابرىئېل. گا. مونرى گېنېرال ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئوردېنلار بىلەن تولغان ھەربىيچە فورمىسى بىلەن ياساندۇرۇلۇپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغان. سالۋادورنىڭ تېئوسوف دېگەن يېرىدىن چىققان ئاتالمىش «ئىلاھقا تەڭداش» مۇستەبىت ماكسىمىليانو. ئې. مارتېنىز گېنېرال بىر قېتىملىق ئەسەبىي قىرغىندا 30 مىڭ دېھقاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان. ئۇ ئۆزى كەشىپ قىلغان ماياتنىك ئارقىلىق تامىقىغا زەھەر سالغانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سىنىغان. ئۇ يەنە كوچا چىراغلىرىنى قىزىل قەغەز بىلەن ئوراشقا بۇيرۇق قىلىپ، سىكارلاتىنا بەزگىكىنىڭ تارقىلىشىنى توسماقچى بولغان. ھوندۇراسنىڭ پايتەختى تېگۇسىگالپادىكى مەركىزىي مەيدانغا تىكلەنگەن فىرانسىسكو مورازان گېنېرالنىڭ ھەيكىلى ئەمەلىيەتتە پارىژدىكى كونا مىلىچماللار دۇكىنىدىن سېتىۋېلىپ ئەكېلىنگەن فىرانسىيە مارشالى نايىنىڭ ھەيكىلىدۇر.

11 يىل بۇرۇن، زامانىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىدىن بىرى، چىلىلىق پابلو نېرۇدا مۇشۇ مۇنبەردىكى ئاجايىپ نۇتقىدا كىشىلەرگە لاتىن ئامېرىكىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپالىقلار ياخشى ياكى يامان نىيەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىندىكى مۆجىزىلەرگە دىققەت قىلدى. بۇ يەردىكى سېھىرلىك تەسەۋۋۇرلارغا باي ئەرلەر ۋە تارىخ تۇيغۇسىغا باي ئاياللارنىڭ جاھىللىقى ھەم يەكدىللىقى بەئەينى ئەپسانىدەك ئىدى. بىز تېخى ئارام تېپىپ باقمىدۇق. ھۆرمەتكە سازاۋەر پىرومىتېچە بىر رەئىس جۇمھۇر ھەتتا ئوت يالقۇنى بىلەن قاپلانغان رەئىس جۇمھۇر مەھكىمىسىدە پۈتۈن ئارمىيەسى بىلەن قارشىلىشىپ ئاخىر قازا قىلدى. كىشىنى گۇمانلاندۇرىدىغان، ئېنىقلاش تەس بولغان ئىككى قېتىملىق ھادىسىدە بىر دانا رەئىس جۇمھۇر ۋە ئۆز مىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىتىنىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن جەڭ قىلغان دېموكراتىك ئەسكەر ھايا-تىدىن ئايرىلغان. بۇ ئارىدا بەش قېتىم ئۇرۇش ۋە 16 قېتىم ھەر-بىي ئۆزگىرىش بولدى. يەنە ئالۋاستى كەبى بىر مۇستەبىت خۇدا-نىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، بوگوتىكى لاتىن ئامېرىكىسىدا بىر قېتىملىق ئىرقىي يوقىتىش ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 20 مىليون بالا ئىككى ياشقا توشمايلا قازا تاپتى. بۇ سان 1979 - يىلىدىن ئېتىبارەن ياۋروپادا تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ كۆپ. ھۆكۈمەتنىڭ سۈيىقەستى بىلەن يوقىلىپ كەت-كەنلەر 120 مىڭ بولۇپ، ئومۇئۇ شەھىرىدىكى پۈتكۈل خەلقنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن باراۋەر. ئارگېنتىنا تۈرمىلىرىدە بوشانغان نۇرغۇن ئايال ئۆزلىرى تۇغقان يۈرەك پارىلىرىنىڭ ئىز - دېرىكى ۋە سالامەتلىكىنى ئۇقمايدۇ. ھەربىي دائىرىلەرنىڭ بۇيرۇقى ئارقى-لىق بۇ بالىلار باشقىلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا ھەمدە دارىلئېيتاملارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. پۈتكۈل قورۇقلۇقتىكى 200 مىڭ ئادەم مۇشۇ خىل قىسمەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى. بۇلار-نىڭ يېرىمى ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى خالىغانچە ئادەم ئۆل-تۈرىدىغان نىكاراگۇئا، سالۋادور، گىۋاتېمالا قاتارلىق ئۈچ كىچىك دۆلەتتە ھالاك قىلىندى.

چىلى ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى بىلەن مەشھۇر. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ 1 مىليوندەك ئادىمى سىرتلاردا سەرگەردان، بۇلار پۈتكۈل دۆلەت نوپۇسىنىڭ % 1 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ قورۇقلۇقتا ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەت دەپ قارالغان. ئۇرۇگۋاينىڭ 2.5 مىليون نو-پۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى سىرتتا ئېقىپ يۈرىدۇ.

1979 - يىلىدىن بۇيان سالۋادوردا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇش ھەر 20 مىنۇتتا بىر مۇساپىر ئاۋامنى پەيدا قىلدى. ئەگەر بۇ قىت-ئەلىك بىچارە كۆچمەنلەر ۋە ئاقۇنلارنى تەشكىللەپ بىر دۆ-لەت قۇرسا، بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇسى نورۋېگىيەنىڭ نوپۇسىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

جەزم قىلالايمەنكى، شۇ ۋەتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكىنى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەدەبىياتىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئالاھىدە رېئاللىقىدۇر. بۇ رېئاللىق قەغەز يۈزىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ قەلبىمىزدە ياشايدۇ. ئۇ ھەر سائەت، ھەربىر دەقىقىدە نۇرغۇن ھالاكەتنى پەيدا قىلىپ تۇ-رىدۇ. شۇنداقلا ئۇ گۈزەللىك ۋە ھەسرەتكە تولغان ئەبەدىي خورىماس ئىجادىيەت بۇلىقىنى ئاچتى. شۇڭا، ماڭا ئوخشاش سەرسانە، يۇرت سېغىنچى بىلەن ئازابلىنىۋاتقان بىر كولومبىيەلىكنىڭ بېشىغا ئاشۇ بۇلاقنىڭ خاسىيىتىدىن ھوما قۇشى قونۇپ قالدى. بۇ بىمەنە دۇنيادا بىز مەيلى شائىر بولامدۇق ياكى قەلەندەر، مۇزىكانت بولام-دۇق ياكى مۇنەججىم، ئەسكەر ۋە ياكى لۈكچەك بولامدۇق، ھەممى-مىزگە تەسەۋۋۇرنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ زور مەسىلە كىشىلەرنى تۇرمۇش رېئاللىقىمىزغا ئىشەندۈرد-دىغان مۇۋاپىق ۋاستىگە ئېرىشەلمەسلىك. دوستلار، مانا بۇ بىزگە تەنھالىق ھېس قىلدۇرىدىغان سەۋەبنىڭ دەل ئۆزى.

ئەگەر بىز تارتىۋاتقان زۇلۇم - ستەملىرىمىزنى مۇۋاپىق ئى-پادىلەپ بېرىشكە قادىر بولالمىساق، ئۇنداقتا دۇنيانىڭ يەنە بىر يا-قىسىدا ياشاپ ئۆز مەدەنىيىتىدىن ھۇزۇرلىنىپ مەست بولۇپ كەت-كەنلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىنى چۈشەنمەسلىكىنى توغرا چۈشەن-سەك بولىدۇ. ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى ئارقىلىق بىزنى ئۆلچەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ھاياتىدا دۇچ كەلگەن كۈلپەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى، بىزدىكى باراۋەرلىك ئىزدەش جەريانىنىڭ تېخىمۇ تەس، تېخىمۇ ئوقۇبەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ناھايى-تى چۈشىنىشلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولمىغان ئەندىزە بىلەن رېئاللىقىمىزنى چۈشەندۈرۈش بىزنى تېخىمۇ چۈ-شىنىكسىز، تېخىمۇ يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئۆزاق تارىخقا ئىگە ياۋروپا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى بۈگۈنىمىز بىلەن سې-

لىشتۇرسا، ئۇلارنىڭ بىزنى چۆچۈنىش ئىقتىدارى بىرقەدەر ئۆس-
كەن بولاتتى. ئۇلار ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، لوندوننىڭ بىنا
بولۇشى ئۈچۈن 300 يىل ۋاقىت كەتكەن، بۇ يەردە بىر باش روھا-
نىينىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يەنە 300 يىل ۋاقىت كەتكەن.
رۇمدا بىر پادىشاھ تارىخىي سەلتەنەت قۇرۇشتىن بۇرۇن 2000 يىل-
لىق جاھالەتنى باشتىن كەچۈردى. تىنچ – ئەمىنلىكنى، پىشلاق ۋە
سائەتنى ياخشى كۆرۈشى بىلەن داڭ چىقارغان بۈگۈنكى شىۋېتسا-
رىيەلىكلەر 16 – ئەسىردىكى ياۋروپانى خۇددى ۋەھشىي ئەسكەر-
لەردەك قانغا غەرق قىلدى، ھەتتا ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتى
يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە شەرقىي رۇم ئىمپېرد-
يەسى ياللىۋالغان گېرمانىيەلىك 12 مىڭ ئەسكەر رۇمدا قىرغىند-
چىلىق قىلىپ، 8000 پۇقرانى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

53 يىل ئاۋۋال توماس مان ئۆز قەھرىمانى تونىيا كىروگېرنىڭ
ئارزۇ – ئارمانلىرىنى دەل مۇشۇ مۇنبەردە تەرىپلەپ ئۆتكەنىدى. ئۇ
سادda شىمال بىلەن قىزىققان جەنۇبنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس
قىلغانىدى. مەندە بۇنداق خام خىياللار يوق. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىد-
نىمەنكى، تېخىمۇ ئادالەتلىك، تېخىمۇ ئىنسانىي جەمئىيەت قۇرۇش
ئۈچۈن تىرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۆتكۈر نەزەرلىك ياۋروپا-
لىقلار بىزگە بولغان كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتسىلا، ئاندىن
ئۇلارنىڭ بىزگە ئۇنۇملۇك ياردەم بېرەلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى
بولىدۇ. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى خەلقلەر دۇنيا تارىخىدا مۇناسىپ
ئورۇن تۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر
بىزگە كونكرېت ياردەم بەرمەي، پەقەت ئارزۇلىرىمىزغا ھېسداشلىق
قىلىش بىلەنلا چەكلەنسە، بىزنىڭ غېرىبلىق تۇيغۇمىز تۈگىمەيدۇ.

لاتىن ئامېرىكىسى باشقىلارنىڭ خالىغانچە ئەخمەق قىلىشىغا
قاراپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ مۇستەقىل غوجىلىق ئورنىنى قوغداشتىن
باشقا ئەمەلىي ئارزۇسى يوق. دېڭىزچىلىق پەن – تېخنىكىسىنىڭ
تەرەققىياتى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرى ئارىسىدىكى جۇغراپى-

يەنىلا مۇساپىنى قىسقارتقان بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئارىلىقىمىز بارغانسېرى يىراقلاشتى. ئەجەبا، كىشىلەردە ئەدەبىياتىمىزدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە زوقلىنىش ۋە كەڭ قورساقلىق بولىدۇ ـ يۇ، نېمىشقا ئۇلار مۇستەقىل ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىسلاھاتلىرىمىزنى رەت قىلىدۇ؟ ئىلغار ياۋروپالىقلار ئۆز دۆلەتلىرىدە تىكلىگەن ئادالەتنى ئۆزگىچە شەكىل ۋە شەرت ـ شارائىتتا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ نىشانى قىلسا نېمىشقا بولمايدۇ؟ ياق، تارىخىمىزدىكى زوراۋانلىقلار ۋە ئازابلارنى ئۆز تارىخىمىزدىكى ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمنىڭ مەھسۇلاتى دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقا يەردىن كەلگەن سۈيىقەست ئەمەس. ئەپسۇسكى، ياۋروپادىكى نۇرغۇن رەھبەرلەر ۋە مۇتەپەككۇر بۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى تەكرارلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن باشقا ئامال يوق. دوستلار، مانا بۇ بىزنىڭ غېرىب ـ تەنھالىقىمىزنىڭ سەۋەبى.

ھەر خىل بېسىم، بۇلاڭچىلىق ۋە كەمسىتىشكە قارىتا بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز: قەتئىي تۇردە ياشاشتىن ئىبارەت! سۇ ئاپىتى، يۇقۇملۇق كېسەل، ئاچارچىلىق، توپىلاڭلار ھەتتا بىرقانچە ئەسىرلىك ئۇرۇشلار ھاياتنىڭ مامات ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدەك ئەۋزەللىكىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى. بۇ ئەۋزەللىك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئاشماقتا: دۇنيا بويىچە ھەر يىلى تۇغۇلۇۋاتقانلارنىڭ سانى ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن 74 مىليون ئارتۇق بولماقتا. بۇ سان نيۇيورك ئاھالە ئۆسۈمىنىڭ تەخمىنەن يەتتە ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى نامرات لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە تۇغۇلغان. ئەكسىچە، ئەڭ باي دۆلەتلەر بىز ئىنسانلارنى ھالاك قىلىپ تاشلايدىغان، ھەتتا بەختسىز يەر شارىمىزدا ياشاۋاتقان بارلىق جانلىقنىڭ نەسلىنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيدىغان بۇزغۇنچى كۈچنى كۈچىنىڭ بارىچە توپلىدى.

ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ۋىلىيام فولكنېر ئەينى يىللاردا دەل مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



سارايىدا: «مەن ئىنسانىيەتنىڭ قىيامىتىنى رەت قىلىمەن» دېگەنىدى. 32 يىل بۇرۇن ئۇ رەت قىلغان بۇ تىراگېدىيە بۈگۈننىڭ ئۆزىدە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى مۇمكىنلىككە ئايلاندى. ھاياتلىق تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىش كۈچىگە تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن بولدى. ئەگەر مەن بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىسەم فولكنېر تۇرغان مۇشۇ مۇنبەردە تۇرۇشقا لايىقىتىم بار دەپ قارىمايمەن. مۇشۇنداق ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى قورقۇنچلۇق رېئاللىققا دۇچ كەلگەندە تەمسىل ئىجادچىلىرى بولمىش بىز يازغۇچىلار شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىز: رېئاللىقنىڭ ئەكسى بولغان غايىۋى دۇنيانى يارىتىشنىڭ پەيتى تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى. ئۇ يەردە ھەرقانداق ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ھايات ـ ماماتىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇ يەردە مۇھەببەت ھەقىقىي رېئاللىققا، بەخت ـ سائادەت مۇمكىنلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇ يەردە 100 يىللىق غېرىبلىقنى شۈكۈر ـ قانائەت بىلەن قوبۇل قىلغان جەمەتلەر ئاخىر بۇ يەر شارىدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ يەنە بىر قېتىملىق پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

# ھەققانىيەت ئۆلمەيدۇ

## — نەجىب مەھفۇزنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

ئالدى بىلەن مەن شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسى نوبېل مۇكاپاتى كومىتېتىنىڭ پېقىرنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئەجرىگە بىلدۇرگەن ھۆرمىتىگە تەشەككۇر ئېيتىمەن. مەن سورۇن ئەھلىنىڭ ئىلتىپات بىلەن قولاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مەن سۆزلەۋاتقان تىل كۆپرەك كىشىگە ناتونۇش. لېكىن بۇ تىل ئۇشبۇ مۇكاپاتنىڭ ھەقىقىي ساھىبىدۇر. ئۇ، بۇ مەدەنىيەت بوستانىدا تۇنجى قېتىم دىلرەبا بىر تۈس بىلەن ياڭرىشى كېرەك. مەن بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا دۆلىتىمدىكى ئەدىبلەرنىڭ سىلەردەك دۇنياۋى يازغۇچىلار (غەم ـ ھەسرەتكە تولغان دۇنياغا شادلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى چاچقۇچىلار) بىلەن شەرەپلىك ھالدا بىر سەپتە تۇرۇش لاياقىتىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەلۇم بىر چەت ئەل گېزىتىنىڭ قاھىرەدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ ئىسمىم نوبېل مۇكاپاتى بىلەن باغلانغان ئۇشبۇ دەقىقىدە پۈتكۈل مەيدان جىمىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىر ـ بىرىدىن سوراپ بىلىشمەكچى بوپتۇ. مېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشۇمغا ئىنسانىي تەبىئەتكە سىغىدىغان پوزىتسىيە بىلەن رۇخسەت قىلىشىڭىزلارنى سورايمەن. مەن بولسام ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ پەرزەنتى. تارىختا بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت گۈزەل بىر قۇرۇلۇشنى رويابقا چىقاردى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرىنچىسى، 7000 يىللىق تارىخقا ئىگە پىرئەۋن مەدەنىيىتى، ئىككىنچىسى، 14000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىسلام مەدەنىيىتى. ھەرقايسىڭىزلار ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ سەرخىللىرى ۋە ئەللامىلىرى، بۇ مەدەنىيەت ھەققىدە ھەرقايسىڭىزلارغا سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. بىراق، بۇ شەرەپلىك دىدار مۇلاقەت پەيتىدە بىرقانچە كەلىمە قىستۇرما قىلسام ئەيىب بولماس.

پىرئەۋن مەدەنىيىتىدىن سۆز ئاچقاندا، پېقىر ئىستىبلالار ۋە تارىخي ئىمپېرىيەلەر ھەققىدە سۆزلەشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراب بولغان شەرەپلىك تارىختۇر. ئاللاغا شۈكرىكى، زامانىمىزنىڭ ۋىجدانى ئۇلار ھەققىدە گەپ ئېچىشنى لايىق كۆرمەيدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ بەرىكاتى بىلەن ئىنسانىيەت ۋىجدانىنىڭ سۇبھىسىنى ئاچقانلىقى ھەققىدە توختالماي، ئۇ بەكمۇ ئۇزۇن تارىخ. كۆپچىلىك پادىشاھ ئېخناتون (قەدىمكى مىسىرنىڭ 18 ـ سۇلالىسىنىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك پىرئەۋنى — مۇھەررىردىن) ھەققىدىكى قىسسىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەن ھەتتا بۇ مەدەنىيەتنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدىكى نەتىجىلىرى ھەم ئەلئېھرام، سفىنكس، كاناك ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مۆجىزىلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكچى ئەمەس. بۇ مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش تەلىيىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرمۇ بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار ۋە سۈرەتلەرنى كۆرگەن.

مەن پىرئەۋن مەدەنىيىتىنى ھېكايە تەرىقىسىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. چۈنكى مېنىڭ ھېكايىچىلىق سالاھىيىتىمنى مېنىڭ خاس ئارقا كۆرۈنۈشۈم بەلگىلىگەن. تارىختا خاتىرىلەنگەن بۇ ۋەقەگە سەمە بولۇڭلار: قەدىمكى مىسىرنىڭ يازۇلىرىدا ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ پىرئەۋن ھەرەمدىكى بىر كېنىزىكىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ۋەزىرى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نەسلىنى قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن پىرئەۋن ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنى چاقىرتىپ، ئۆزى خەۋەر تاپقان

ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. پىرئەۋن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىغا پاكىتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تاپىلايدۇ... بۇنداق قىلىش، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشى ئەلئېھرام قوپۇرۇشىدىنمۇ ئۇلۇغدۇر. دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرقانداق بايلىق ۋە شان-شەرەپتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئىمپېرىيە يوقالدى. ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەلئېھراممۇ ھامان بىر كۈنى يوقايدۇ. لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى تەلپۈنۈپ، يۈرىكى سوقۇپلا تۇرسا، ھەقىقەت بىلەن ئادالەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە، مەن سىزلەر بىلەن يارانقۇچى ئاللانىڭ ئىقلىملىرىدىكى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مەغپىرەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىنسانىي بىر گەۋدە توغرىسىدىكى چاقىرىق خۇسۇسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرماي، شۇنداقلا ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىمۇ توختالماي، چۈنكى ئاراڭلاردىكى مۇتەپەككۇرلار مۇھەممەدنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ سان-ساناقسىز مەسچىت مۇنارىنى قوپۇرۇپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالماي، ھىندىستان ۋە جۇڭگو ئەتراپلىرىدىن تارتىپ فىرانسىيە چېگرالىرىغىچە بولغان پايانسىز زېمىندا ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىمانغا، دىيانەتكە ۋە ساخاۋەتكە چاقىرغانلىقى ھەققىدە سۆز ئاچماي؛ مەن يەنە دىن ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغان ئۆزئارا چۈشىنىش، كەچۈرۈم ئاساسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ھەققىدىمۇ گەپ ئاچماي، بىراق مېنىڭ تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولغىنىم، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان دىراماتىك بىر پەردىسىدۇر. بۇ پەردە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ يارانقۇچىلىرى ۋىزانتىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىش بەدىلىگە قەدىمكى يۇناننىڭ پەلسەپە، تېبا-

بىتى ۋە ماتېماتىكا نەمۇنىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. مانا بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشكە ئىنتىلىشتەك مەڭگۈلۈك قىممىتىنىڭ دەلىلى. گەرچە بۇ ئىنتىلگۈچىلەر ئاللانىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، يات دىندىكى مۇخلىسلارنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرىنى قەدىرلىدى.

ئەنە شۇنداق ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ باغرىدا تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ شېرىن ـ شەربەتلىرىدىن سۈمۈرۈش، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوزۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنىڭ سېھىرلىك مەدەنىيەت شاراپىدىن ھوزۇرلىنىش مېنىڭ تەقدىرىمدۇر. بۇلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىلھام مېنىڭ تەشنالىقىم بىلەن بىرلەشكەن ھالدا بەدىئىي پىكىرلىرىمنى بۇلاقتەك ئۇرغۇتتى. ئەسەرلىرىم بەختلىك ھالدا سىلەردەك مۆھتەرەم ئەدەبىيات ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى، ئەجرىم مەشھۇر نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تاجىغا نائىل بولدى. مەن ئۆز نامىمدىن، شۇنداقلا ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ بولغان قۇرغۇچىلىرى نامىدىن سىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

سىلەر ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بۇ كىشى قانداقمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئەسەر يازغاندۇ، دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. بۇنداق ئويلاش تامامەن يوللۇق. مەن قەرزنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان دۇنيادىن كەلدىم، ئەگەر بۇ قەرزنى قايتۇرۇشتىن سۆز ئېچىلسا، ئاچارچىلىق ياكى نۇرغۇن تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىمىز ئېنىق. ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى بىر قىسىم كىشى ئاسىيادا سۇ ئاپىتى بىلەن ئۆلۈۋاتىدۇ. ئافرىقىدا ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مىليونلىغان ئادەم مۇشۇ كىشىلىك ھوقۇق دەۋرىدىمۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشىماقتا، ئۇلار ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتىدۇ؛ ئىيوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە غەززە رايونىدا بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە تۇرۇپمۇ ھاياتىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن تۇپراق ئىدى. ئۇلار ئىپتىدائىي ئادەملەرمۇ

ئالالمىغاچان ئېرىشىپ بولغان ئېھتىياج ئۈچۈن كۈرەش قىلمىغاچان ئېرىشىپ بولغان ئېھتىياج ئۈچۈن كۈرەش قىلمىۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئېتىراپ قىلىنغان مۇناسىپ ئورنىغا ئېرىشىشنى ئويلىمىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ باتۇرلارچە ئالىيجاناب ھەرىكىتىگە نىسبەتەن (بۇ ھەرىكەتتە ئەرلەر، ئاياللار، ئۆسمۈرلەرمۇ بار) ئېرىشكەن جاۋاب تاياق - توقماق، قىرغىنچىلىق، ئۆي - جايلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، تۈرمە ۋە يېغىۋېلىش ئورۇنلىرىدا قىيىن - قىستاققا قېلىش بولدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئازاب ۋە غەزەپ بىلەن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان 150 مىليون ئەرەب بار. ئەگەر بۇ ۋەزىيەتنى ھەققانىيەت ۋە مۇكەممەل تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر پاراسەت بىلەن ئۆزگەرتمىسە، بۇ رايون بالايىئاپەتلەرنىڭ تەھدىتىگە يولۇققۇسى.

شۇنداق، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بۇ ئادەم قانداقمۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ ئەسەر يازدىكىن؟ ياخشى يېرى شۇكى، سەنئەت مەرد بولۇش بىلەن بىللە، ھېسداشلىققا باي. سەنئەت بەختلىك ئادەملەرنى قويىنغا ئېلىش بىلەن بىللە، بەختسىز ئادەملەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ. سەنئەت جەلپكار ۋاستىلەر ئارقىلىق يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئادەمنى قەلب ئىزھار قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە، ئىنسانىيەتنىڭ ئازابى شەك - شۈبھىسىز ئاخىرلاشتى، دېگەن گەپ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانىيەت پىشىپ يېتىلدى، دەۋرىمىز دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەپلىشىش ئىستىقبالىدىن دېرەك بەردى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيەسى ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق ئامىللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يۈزلەندى. خۇددى ئالىملار سانائەتنىڭ مۇھىتتىكى بۇلغاشلىرىنى كۆچىنىڭ بارىچە تازىلاشقا تۇتۇنغاندەك، زىيالىيلارمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي بۇلغىنىشلىرىنى پائال تازىلىشى كېرەك. بىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى ئۇلۇغ رەھبەرلەردىن، ئىقتىسادشۇناسلاردىن ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىپ دەۋر ۋىجدانى بولۇشقا

www.uyghurkitap.com



دالالەت قىلىش ھەققىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇرۇنقى دەۋر-
لەردە رەھبەرلەر پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش
قىلاتتى، باشقا مىللەتلەرنى بولسا دۈشمەن ياكى ئېكسپلاتاتسىيە
قىلىشقا تېگىشلىك ئەل دەپ ساناپتتى. ئۇ چاغلاردا ئۈستۈنلۈك ۋە
شەخسىي شان – شەرەپتىن باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇل-
مايتتى. دەل شۇ سەۋەبتىن ھەر خىل ئەخلاق، ئىدىيە ۋە قىممەت
قاراشلىرى كېرەك قىلىنمايتتى. شۇڭا ئەخلاققا زىت كېلىدىغان
ۋاستىلەر قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىھېساب ئادەم قەتل قىلىندى. ئۇ
دەۋرلەردە يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاسىيلىق ۋە ياۋۇزلۇق قاتار-
لىق قىلمىشلار دانالىقنىڭ پەللىسى ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ دەلىلى بول-
دى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەھۋاللار تۈپتىن ئۆزگەرتىل-
شى كېرەك... بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئۇلۇغ-
لۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم شۇكى، ئۇنىڭدا ئەتراپلىق نۇقتىئىنە-
زەر، ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كې-
رەك. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى
بىر ئائىلە بولۇشى كېرەك. ھەربىر كىشىنىڭ بۇ ئائىلىگە بولغان
مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ بىلىمى، ئەقىل – پاراسىتى ۋە مەدەنىيەت
سەۋىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى دۇنيا
ئەللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا بىزنىڭ پاجىئەلىك
تەقدىرىمىزنىڭ تاماشىبىنلىرى بولۇۋالماڭلار، دەپ جاكارلىشىمغا
توغرا كەلسە، مەسئۇلىيەت دائىرەمدىن ھالقىپ كەتكەن بولمايمەن.
لېكىن سىلەر يۇكسەك ئورنۇڭلارغا مۇناسىپ رولۇڭلارنى جارى قىل-
دۇرۇشۇڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ ئەۋزەل ئورنۇڭلارغا نىسبەتەن
ئېيتقاندا، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئېكولوگىيەسىگە كۆڭۈل بۆ-
لۈش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىدىكى
كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەلۋەتتە بار گەپ. بىز ئە-
مەلدە يوق سۆز – ئىبارىلەردىن بىزار بولدۇق، ھەرىكەتنىڭ پەيتى
يېتىپ كەلدى. ئوغرى – قاراقچىلار ۋە جازانىخورلارنى يوقىتىش

ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز رەھبەرلەر يەر شارى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك دەۋر. بىز ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدا قۇل قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنى قۇتقۇزايلى! ئافرىقىدىكى ئاچ ـ زارلارنى قۇتقۇزايلى! قىرغىنچىلىق ۋە قىيناقتا قالغان پەلەستىن خەلقىنى قۇتقۇزايلى! ئۇلۇغ مەنىۋى مىراسلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىسرائىلىيە خەلقىنى قۇتقۇزايلى! شەپقەتسىز ئىقتىسادىي قانۇننىڭ قەرزدارلىرىنى قۇتقۇزايلى! ئۇلار دىققەت قىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتى بەلكىم دەۋردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن پەننىي تېئورىيىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەكتۇ؟

ئەپۇ قىلىڭلار... بەلكىم، كۆڭۈل ئارامىڭلارغا تەسىر يەتكۈزگەندىمەن. لېكىن ئۇچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بىر كىشىدىن سىلەر نېمىنى ئۈمىد قىلىسىلەر؟ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلەردەك پەن، ئەدەبىيات ۋە يۈكسەك ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئۇلۇغ پەرۋىشچىلەر ئەھيا قىلغان مۇشۇ مەدەنىيەت بوستانىدىن باشقا يەنە قايسى بىر ئورۇن ئىنسانلارنىڭ ئازابلىق ئېڭراشلىرىغا قۇلاق سالىدۇ؟ خۇددى ئۇ (نوبېلنى كۆزدە تۇتىدۇ — مۇھەررىردىن) بايلىقلىرىنى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئارقىلىق مەغپىرەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەك، بىز ئۇچىنچى دۇنيا ئوغۇل ـ قىزلىرى ئاشۇ ئاقىللار ۋە مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنىڭ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ھەرىكىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىدىن ئۆگىنىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز.

ئەتراپىمىزدا ھەممە ئىش يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، مەن كانتقا ئوخشاش دىيانەت ئۇ دۇنيادىلا غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن. دىيانەت ھەر كۈنى غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. قاباھەت ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئاجىز. ئالدىمىزدا رەت قىلغۇسىز پاكىتلار تۇرۇپتۇ: ئەگەر غالىبىيەت دىيانەت تەرەپتە تۇرمىغان بولسا ئىنسانلار ياۋايىلىق، ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شارات، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل ئامالسىز قالدۇرغان ۋە ھەممە ۋە شەخسىيەتچىلىك ئۇستىدىن غالىب كېلەلمىگەن بولاتتى. مېنىڭچە، غالىبىيەت دىيانەت تەرەپتە تۇرمىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلۈپ قالغان بولاتتى. دۆلەت تەشكىل قىلىنمايتتى. ئىجادىيەت، كەشپىيات دېگەنلەر بولمايتتى، بىز تاشقى ئالەمگە يۈرۈش قىلالمايتتۇق. كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئېلان قىلىنمىغان بولاتتى. يەكۈن شۇكى، قاباھەت بىشەملىك بىلەن بىلجىرلايدىغان خۇمسىلا ئىنسانلار خۇشاللىقىنى ئۇنتۇپ، ئازابنى ئەستە ساقلايدۇ. ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەبۇل ئەل مەئال (973— 1058 ئاببىاسىيلار دەۋرىدىكى ئەما شائىر — مۇھەررىردىن) توغرا ئېيتقانىكەن:

تۇغۇلغاندا بولساقمۇ، خەندان،
جان بېرىش ئېغىردۇر، ئېغىردۇر چەندان.

مەن كۆپچىلىككە يەنە بىر رەت تەشەككۈر ئىزھار قىلىمەن ۋە كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورايمەن.

(«نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبلىرىنىڭ نۇتۇقلىرىدىن» ناملىق خەنزۇچە توپلامدىن)

策　　划：阿迪力·穆罕默德
责任编辑：吐尔逊买买提·哈斯莫夫
特约编辑：库尔班·马木提
责任校对：阿布都热依木·阿不力米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔
版式设计：热娜·艾头提江

新疆名家名著丛书

# 通往人文价值之路（维吾尔文）

阿不都卡德尔·加拉里丁　著

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　北京盛通印刷股份有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　14印张
2012年4月第1版　2012年4月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1293-5（民文）定价：49.00元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

خەتتات: مەممەت ئىسلام

## ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەسەرلىرى

قىشتىكى خامان

داغمۇ ياكى زىننەتمۇ

مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى

ئىنسانىي سۆيەت مەنزىلى

ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا

يۈزىمىز، ئۆزىمىز ۋە كۆزىمىز

ISBN 978-7-5466-1293-5

9 787546 612935 >

定价：49.00元